خېۋىر تۆمۈر



# بالدۇر ئويغانغان ئادەم

AltunOq

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان بارات

**بالدۇر ئويغانغان ئادەم**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش يولى 9 - قورۇ)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.75
1987 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى

ISBN7 - 5371 - 0157 - X /I - 62
كىتاب نومۇرى M10124.289
تىراژى: 5,100 —— 1

باھاسى: 3.30 يۈەن (قاتتىق مۇقاۋا)



# بالدۇر ئويغانغان ئادەم

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

قۇم تاغلىرى قۇم ئەمەستۇر ئۇنىڭ بارى غەم،
قېنى ئويلان بۇ غەم ـ قايغۇ كىمدە بولغان كەم؟
قۇم زەررىسى بوۋىلارنىڭ سۆڭەك تالقىنى،
قوشۇلغايمىز ئاڭا بېرىپ سىز بىلەن بىز ھەم.

يەتتە دەريا سۇلىرى كۆز ياشىمىزدۇر،
سايدا ياتقان قورام تاشلار ئۆز باشىمىزدۇر.
ئەجەل ـ ئۆلۈم، قايغۇ ـ ھەسرەت يولداشىمىزدۇر،
مازار تاغلار بىزدە شۇنداق بولغان مۇجەسسەم ...

— ئاپتور

## نەشرىياتتىن:

پېشقەدەم يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر 1922 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپكى ساۋاتىنى كۇچادىكى جەدىدىي مەكتەپتە چىقارغان، 1935 - يىلدىن 1939 - يىلغىچە توقسۇن ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغان، 1939 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، توقسۇن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇنىڭ خىلمۇ خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى 1944 - يىلدىن ئېتىبارەن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. يازغۇچى 1945 - يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ «بالا»، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق» ناملىق داستانلىرى بىلەن «يولۋاس ئۇخلاپ ياتاتتى» قاتارلىق ھېكايىلىرى جامائەتچىلىكتە كەڭ تەسىر قوزغىغانىدى.

بۇ پېشقەدەم يازغۇچى پارتىيە 11- قۇرۇلتاي 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ يەنە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ شۇندىن كېيىن «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە»، «ئابدۇقادىر داموللا»، «خېدىسىخان» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى، يازغۇچىنىڭ «تاڭ ئالدىدا» ناملىق پوۋېستى بىلەن «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق كىتابىنىڭ 2 - قىسمى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. يازغۇچى بىز نەشر قىلىۋاتقان بۇ «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» قىسسىسىدىن كېيىن يەنە، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى خاڭ ئىشچىلىرىنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى ھېكايە قىلىدىغان «باداۋان پاجىئەلىرى»

ناملىق پوۋېستى بىلەن «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق رومانى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە. «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق بۇ قىسسىدە ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىي هاياتى بىلەن 1933 - يىلىدىكى قۇمۇل - تۇرپان دېهقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتلىرى تېما قىلىنغان.

## يازغۇچىدىن:

سالام كىتابخان:

قولىڭىزدىكى كىتابنى يارقىن مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

1901 - يىلى تۇرپان يېڭىشەھەردە دۇنياغا كەلگەن ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان (ئۇيغۇر) بالىلىق دەۋرىدە دەسلەپ دىنىي ئوقۇشتا (مەدرىستە)، كېيىن خەنزۇچىدا ئەلا دەرىجىدە ئوقۇدى. ئۆزلۈكىدىن ئىجتىھات قىلىپ رۇسچە ۋە موڭغۇلچە تىل - يېزىق ئۆگەندى. شۇنداق قىلىپ، ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس، موڭغۇل تىل - يېزىقلىرىنى ئىگىلەپ، زامانىسىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە تەرەققىيپەرۋەر مەرىپەتپەرۋەرى بولۇپ يېتىشتى.

شائىرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى 1920 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئەپسۇسكى شائىرنىڭ ھاياتى قىسقا كېلىپ قالدى. 1933 - يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى جاللات شېڭ شىسەي پىچان، تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، مىڭلىغان بىگۇناھ پۇقرالارنى قىرغان ۋاقىتتا شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىمۇ زىيانكەشلىك قىلدى.

شائىرنىڭ قولىيازمىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغان. ھازىر كىشىلەر تەرىپىدىن يادقا ئېلىنىۋالغانلىرى رەتلىنىپ ئېلان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار پەقەت دەريادىن تامچە. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شائىر قۇربان بولۇپ ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، شائىرنىڭ ۋالىدەسى نىيازخېنىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن شائىرنىڭ دوستلىرى ئىككى خالتا قول يازمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن



AltunOq

ئەكەتكەن. ئەپسۇسكى، قول يازما كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ دوستلارنىڭ قولىدىنمۇ يوقالغان...

ھازىر ئېلان قىلىنغان شېئىرلاردىن، شائىرنىڭ ئىدىيىسى، مۇھەببىتى، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى، تالانتى شۇنداقلا شائىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى، مەرىپەتپەرۋەرلىكى، خەلقپەرۋەرلىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقى تولۇق نامايان بولىدۇ.

شائىرنىڭ قىسقىغىنا ئىجادىي ھاياتىدا يېزىپ قالدۇرغان چوڭقۇر مەناغا ئىگە كۈچلۈك شېئىرلىرى بىز ئۈچۈن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە. ئۇنىڭ ھەر خىل تېمىدا يازغان ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە شېئىرلىرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ ۋە چولپاندەك چاقناپ تۇرىدۇ. شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈكلۈكى، تەسىراتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇھەببەت - نەپرىتىنىڭ روشەنلىكى، تەپەككۇرغا بايلىقى، ئاممىباپلىقى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر يارقىن ئالاھىدىلىك.

شائىر ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن، شۇ دەۋرنىڭ تارىخىي - سىياسىي ۋەزىيىتىنى، جاھالەت، خۇراپات تەرەپلىرىنى، زۇلۇم - ئاسارەتنى، خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ۋە ئىنقىلابىيلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقى ئۈچۈن خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، خەلقنىڭ زېھنىگە چوڭقۇر ئورنىشىپ، كۆڭۈل خانىلىرىدا پۇختا ساقلانغان.

ھەممەتىڭدىن، غەيرىتىڭدىن ئۆل، لېكىن ئايرىلمىغىن!
ھەقلىقىن بىلگەن يولۇڭدىن، جاننى بەر قايرىلمىغىن!

بۇ، شائىرنىڭ خىتابى ئىدى. ئەڭ ئاخىردا شائىر ئۆزى تاللىغان يولغا ۋە ئۆز خىتابىغا ساداقەت كۆرسىتىپ قىممەت-

لىك ياش ھاياتىنى قۇربان قىلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرى يېقىنقى يىللاردا رەتلىنىپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا تولىمۇ قىزىقتىم. شائىرنىڭ تالانتى، ماھارىتى، ئۇسلۇبى، تەپەككۇر بايلىقىغا قايىل بولدۇم ۋە پەخىرلەندىم. بولۇپمۇ شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شېئىرىيەتتە ئالاھىدە يول ئاچقۇچى نادىر ئۇستاز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەندە شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتىغا قىزىقىش پەيدا بولدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولىڭىزدىكى كىتابنى يېزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. بۇ كىتاب مۇشتەرىلىرىمىزنى دېگەندەك قانائەتلەندۈرەلمىسىمۇ، لېكىن شائىرنىڭ ئىجادىي ھاياتى، تارىخىي دەۋر، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن ئۇلارنى بىر قەدەر چۈشەنچىگە ئىگە قىلىشى مۇمكىن.

كىتابخانلارنىڭ كۆپرەك پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتكەن سەئىدۇللا سەيپۇللايوۋ، سىراجىدىن زۇپەر، ئېزىز نىيازى، مەجىت نەبۇزەر قاتارلىق پېشقەدەملەرگە چىن كۆڭلۈمدىن سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

1983 - يىل ئۈرۈمچى

# بىرىنچى باب

## 1

ئانا ئۆز ئوغلىنىڭ غەلىتە مىجەزى توغرىسىدا كۆپ ئويلىناتتى:

توۋا، ئەتىگەن ئانچە - مۇنچە ناشتا قىلىپلا دالان ئۆيگە چىقىۋالغانچە تېخى چۈشكىنى يوق. ئانام بارئىدى، باللار بارئىدى، چۈشۈپ باقاي دەپمۇ قويمايدۇ. نېمانداق تۈگمەيدىغان خەت، نېمانچە تالمايدىغان بەدەن، نېمانچە هارمايدىغان كۆز ئۇ...

نىياز خېنىم بۇ سۆزلەرنى كۆڭلىدە شۇ چاغقىچە نەچچە قېتىم تەكرارلىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇ ئېرىنمەستىن دالان ئۆيگە چىقىپ شائىر ئوغلىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ بىردەم سۆزلىشىپ چۈشمەكچى بولدى - دە، ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇپ پەلەمپەي تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەستلىك زور ئايال ئىدى، ئۆزىنى ئايىغاندەك ئاسنا ۋەدەم تاشلاپ مېڭىپ پەلەمپەي ئالدىغا كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر، ىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇ: توختا، قۇرۇق قول چىققاندىن بىرەر چەينەك چاي دەملەپ چىقسام ياخشى ئەمەسمۇ، ئۇسساپمۇ قالغاندۇ! دەپ ئويلاپ دەرهال ئارقىغا ياندى. يازلىق ئوچاق ئالدىغا كېلىپ چاي دەملەشكە كىرىشتى.

«ھە راست، بۇگۈن جۈمە، ئاتىسى بىلەن بىللە جۈمەگە كەتتىمۇ - يا!؟» چاي ئۆرلەش ئارىلىقىدا ئوغلىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن گۇمان قىلغان ئانا، كىمدۇر بىرىنى ئىزدىگەندەك قىلىپ ئىككى يېنىغا قارىدى. باراڭنىڭ سىرتىدا كەنجى قىزى بۇۋىخېلىچىخان ئويناۋاتاتتى. ئانا ئۇنى چاقىردى. قىز خۇددى ئۇچقاندەك تېز يېتىپ كەلدى.

— ئاكىلىرى بارمىكىن، قاراپ چۈشسىلە قىزىم، تۇيدۇرمىسىلا جۇمۇ!

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ چۈشكەن قىز ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزدى:

— بارئىكەن، ئاستا مارىلاپ قارىدىم. خەت يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ، مېنىڭ چىققانلىقىمنى بىرئازمۇ تۇيمىدى ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دالان ئۆيدە مەشغۇلات قىلاتتى. بۇ ئۆي ئادەتتە سالقىن ھەم تىنچ بولۇپ كۆڭۈللۈك ئىش قىلغىلى بولاتتى. شەرققە قارىتىپ قويۇلغان بىر جۈپ يوغان دېرىزىدىن يورۇقلۇق يېتەرلىك چۈشۈپ تۇراتتى. دېرىزىدىن يەنە ھويلىنىڭ تەگدىن تولىسىنى چۈمكەپ تۇرغان تال قالىقىنىڭ ئاپتاپ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان يېشىل يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا جىلۋىلىنىپ زۇمرەت كۆلدەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەتە - ئاخشامدا ئۈزۈم يوپۇرماقلىرىنى سۆيۈپ ئۆتكەن سالقىن شامال ئۆي ئىچىنى ئۈزۈم پۇراقلىرى بىلەن تولدۇرۇپ دىماغلارنى خۇش قىلاتتى. دالان ئۆينىڭ يەنە بىر ئەۋزەللىكى تىنچ ۋە خالىي بولۇشى ئىدى. ئابدۇراخمان مەخسۇمغا تەۋە بۇ چوڭ ئائىلىدىكى كېلىن - كۇنا، بالا - چاقىلارنىڭ ھەممىسى I - قەۋەتتىكى ئۆيلەردە ۋە ھويلىنى پۈركەپ تۇرغان تال قالىقىنىڭ ئاستىدا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئۆي كارىنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرى پەقەت ئاڭلانمايتتى. مۇنداق تىنچ شارائىت شائىرنىڭ ئىجادىي مەشغۇلاتىغا ئوڭۇشلۇق ۋە كۆڭۈللۈك ئىمكانىيەت بېرەتتى.

شائىر ئىش ئۈستىلىنى شەرققە قارىتىلغان دېرىزىگە تاقاپ قويۇۋالغانىدى. ئۈستەل ئۈستىدە دۇۋەت - قەلەم، قەغەز، دەپتەر ۋە سىيا باسقۇچ قاتارلىقلار رەتلىك تۇراتتى. دېرىزە تەكچىسىدە ھەر خىل كىتابلار — ئەرەبى، پارسى، تۈركىي ۋە خەنزۇچە كىتابلار، دىۋانلار، بايازلار، گېزىت - مەجمۇئەلەر ① تىزىقلىق ئىدى. شائىر بۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئورنىدا كېچە-كۈندۈز كىتاب كۆرەتتى ۋە مەشق قىلىپ شېئىر يازاتتى.

ئۈنىڭ ئالدىدا يېڭىلا سىدام تۇرغان ئاق قەغەزلەر بىر پەسنىڭ ئىچىدە ئىجادىي مېھنەت بىلەن كەشتىلىنىپ، شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇ خىل چېچەكلىرىگە پۈركەلگەن قىممەتلىك قول يازمىلارغا ئايلىناتتى. بەزى ۋاراقلار رەڭگارەڭ نەپىس گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراشقان بوستان — گۈلىستانلىققا ئايلانسا، بەزى ۋاراقلار مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان قەھرىمانلار جاسارەت بىلەن ئات سېلىپ قىلىچ ئويناتقان جەڭگىۋار كۈرەش مەيدانىغا ئايلىناتتى؛ بەزى ۋاراقلار تىلەك، ئارزۇ-ئۈمىدلەر بىلەن قۇدرەت تېپىپ ئۆركەشلىگەن دېڭىز دولقۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بەزى ۋاراقلار ئۆتكۈر ھەجۋىي، كۈچلۈك مەسخىرىگە تولغان مەزمۇنلار بىلەن جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق ئۈستىدىن قاقاقلاپ كۈلەتتى؛ بەزى ۋاراقلار مۇستەبىت - زالىملارغا قارشى قوزغالغان ئىسيان، ئېتىلغان ساداق ئوقلىرىغا ئايلانسا، بەزى ۋاراقلار خەلققە - ۋەتەنگە بولغان مېھىر - مۇھەببەت ۋە سەممىي - ساداقەتلىكنىڭ جاراڭلىق خىتابلىرىغا تولاتتى ... بۇنىڭ ھەممىسى ئىجادىي مېھنەت ۋە سەئىي ئىجتىھاتنىڭ ئۈنۈملۈك مەھسۇلى ئىدى.

بۇ نېمىدېگەن قەدىرلىك مەشغۇلات-ھە! ئىجادىي مەشغۇلاتنىڭ مۇنداق كۆڭۈللۈك، مۇنداق جۇشقۇنلۇق دېڭىزىدا ئۈزۈپ ئادەتلەنگەن ۋە بۇ ئادەتتىن پۈتمەس-تۈگىمەس لەززەت تاپقان شائىر ئۆز مەش-

① شۇ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە نەشىر قىلىنىۋاتقان «شورا»، «ۋاقىت» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.



AltunOq

غۇلاتىنى قانداقمۇ بۇزغۇسى كەلسۇن! مىنۇتى بىر جىلغا تەڭ تۇرىدىغان بۇ ئېسىل ۋاقىتنى قانداقمۇ قولدىن بەرگۈسى كەلسۇن!

نىيازخېنىم بىر قولىدا چەينەك، بىر قولىدا پىيالە كۆتۈرگەن هالدا شائىرنىڭ مەشغۇلات ئۆيىگە كىرگەندە يېزىش بىلەن بەند بولغان شائىر سەزمەي قالغانىدى. ئانا، شائىرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئاستا يېقىنلاپ كېلىپ بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بىردىنلا:

— توۋا بالام، ئۇسساپ قالدىمۇ دېمەيدىكەنلا! — دېدى چەينەكنى ئۈستەلگە قويۇپ.

— ئانا، قاچانلاردا كىرىۋالدىلا؟ — دېدى شائىر چۆچۈپ قايرىلىپ، ئۆز بېشىدا يېقىملىق قاراپ تۇرغان ئانىسىغا قاراپ بالىلىق ۋاقتىدىكىدەك كۈلۈمسىرەپ، — «زور بەختلەر تەلپۈنۈپ ئىشقا بېرىلگەندىن كېلەر!» دەپتۇ ئابدۇللا توقاي، — دەپ كۈلدى ئۇ.

— توۋا، نېمە دەيدىغاندۇر. مەن كىرگىلى نە ۋاقىت، سىلى بولسىلا بىر خىياللىرىدا يوق يېزىۋاتىدىلا، سىزىۋاتىدىلا، نېمانچە تۈگىمەيدىغان خەت بۇ! قارىسام كېچىسىمۇ چىراغ ئۆچمەيدۇ! — ئانا بۇ سۆزلەرنى پىيالىگە چاي قۇيۇۋېتىپ داۋام قىلاتتى، — تۈگىمەس خەتنى يېزىۋېرىپ ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قويمىسىلا يەنە، قاراپراق ئىشلىسىلە!

— بولىدۇ، بولىدۇ ئانا، شۇنداق قىلاي!

— هە، بالام، خەت يېزىۋېرىپ زېرىككەندە، كۆزلەر تالغاندا ئانچە - مۇنچە تالا - تۈزگە چىقىپ، باغلارغا كىرىپ سەگىدەپ كىرسىلە، كوچا - كويىلارغا چىقىپ سەيلە قىلىپ ئاندىن يازسىلىمۇ بولىدۇ.

— ئاپا! — دېدى شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەسكىن ئاھاڭدا:

مەن زېرىككەندە قەلەم ئەڭ ياخشى بىر سازىم مېنىڭ،
ئېيتىڭىزچۇ ئۇشبۇ تۇرمۇش تەڭ ئەمەسمۇ خان بىلەن؟

— ۋاي خۇدايىمەي تېخى شۇنداق گەپمۇ بارمۇ، ئەمەسە ئۆزلىرىگە خانلارچە تۇرمۇش نېسىپ بولغاي! — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ.
— توختىسىلا ئايىغى بار، — شائىر شېئىرىنىڭ كېيىنكى مىسرالىرىنى ئوقۇدى:

كۈن - تۈنى ھەم ئويقۇ يوق ۋىجدان ئازابى، يەنىچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك ھەر تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.

ئانا بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ بىرئاز كۈلگەندىن كېيىن توختاپ چىرايىغا جىددىي تۈس ئالدى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش ئاھاڭىدا:
— سىلىنىڭ بۇ ئىشلىرىغا ئاتىلىرى تازا رازى ئەمەس جۇمۇ، — دېدى ئوغلىغا چاي سۇنۇپ.
— ئاتامنىڭ تازا رازى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى شائىر مىننەتدارلىق بىلەن چاينى ئېلىپ.
— بىلگەندىكىن ئازراق بولسىمۇ ئاڭلاپ قويسىلا!
— ئاتا - ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىز بالا بولغۇچىلارنىڭ پەرزى، ئەلۋەتتە ئاڭلايمىز.
— ئۇبدان بالام ئاڭلىسىلا! — دېدى ئانا خىتاب تەلەپپۇزىدا، — ئاتىلىرىنىڭ خىيالى ئانچە يامان خىيال ئەمەس. ئۇنىڭ مەقسىتى سىلىنى كۆزىمىزنىڭ تىرىكىدە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتتۇۋالسۇن دەيدۇ.
— ئاتامنىڭ خىيالىچە مەن قايسى ئىشنى قىلسام ياخشى بولار؟ — دېدى شائىر ئانىسىغا سۇئال نەزەرى بىلەن قاراپ.
— ئاتىلىرى سىلىنى يامۇلدا خەتچى ياكى تۆكچى بولۇش-

نى خالىمىسا، دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلىسىمۇ بولاتتى، دەيدۇ.
— سودىگەرچىلىك؟
— ھە، سودىگەرچىلىك.
— مەن ئۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمىسامچۇ؟
— نېمىشقا؟ ھەممە ئادەم ئەپلەشتۈرۈپ قىلىۋاتىدىغۇ.
— ھەممە ئادەم قاملاشتۇرغان ئىشنى بەلكى مەن قاملاشتۇرالماسلىقىم مۇمكىن، چۈنكى مەن ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس-دە!
— مانا قىزىق، — دېدى ئانا بىرئاز چۆچۈگەندەك قىلىپ، كېيىن يەنە كۈلدى، — بۇ قانداق گەپ؟
— جېنىم ئانا، — دېدى شائىر كەسكىن ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن، — سودىگەرچىلىك دېگەنگە ئايىغى چاققان، ئاغزى ئىتتىك ئادەم بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا پايدا تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغانچىلىقمۇ ئارىلىشىپ كېلىشى كېرەك، مەسىلەن، بىر سەرگە ئالغان مالنى ئىنساپ قىلسام بىر سەر ئىككى مىسقالغا، ئىنساپ قىلمىسام بىر يېرىم سەرگە ئالدىم دەپ يالغان ئېيتىپ سېتىشىم كېرەك. دېمەك سودىگەرچىلىكتە قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەشكە، زۆرۈر تېپىلغاندا ئوغرى قەسەمدىن بىرنەچچىنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن دەيمەن - دە!
ئوغلىنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ تىڭشىغان ئانا بىرئازدىن كېيىن كۈلكىسىنى توختىتىپ:
— ئۇنداق بولسا، قايسى ئىشنى خالايدىلا؟ — دېدى.
— ئاتام ماڭا تۆت ئاتلىق بىر ھارۋا قوۇرۇپ بەرسە، ھارۋىكەشلىك قىلاي دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق دەيلا؟
— ماۋۇ گەپنىڭ قىزىقلىقىنى كۆرۈڭ! — ئانا ئىنىقزا ئاردىلاش كۈلدى، — ئۆزلىرى ھارۋا ھەيدەشنى قاملاشتۇرامدۇ؟ ئاتىلىرى ئابدۇراخمان مەخسۇم دېسە يۇرتىنىڭ ئاغزىدا بىر كىشى، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرى ھارۋىكەشلىك قىلسىلا، خەلقى ئالەم

نېمىدەپ قالار؟

— سودىگەرچىلىك قىلغانغا قارىغاندا ھارۋىكەشلىك قىلىش ھالال ئىش. مېنىڭچە ھالال كەسىپ قىلىش ھېچقانداق ئار-نومۇسقا سەۋەب بولمىسا كېرەك.

— ئۇنداق گەپلىرىنى قويسىلا، — دېدى نىيازخېنىم ئوغلىنى سىلكىشلەپ، — بىز تېخى ئۆلمىدۇق. كۆزىمىز ئوچۇقلا بولىدىكەن، ئۆزلىرىنى ئۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز سالمايمىز.

— ياق ئانا، مەن خۇش بولاي، ئۆزلىرى ئاتامنى كۆندۈرۈپ بەرسىلە، — دېدى شائىر ئىلتىماس تەرىقىسىدە يالۋۇرۇپ، — ئاتام ماڭا تۆت ئاتلىق تۆمۈر ھارۋا قۇرۇپ بەرسۇن، ھارۋىغا قوڭغۇراق ئاساي، ئاتلارنىڭ يايلىلىرىغا قىزىل-يېشىل جۇلا پۆپۈك تاقاپ شۇنداق چىرايلىق قىلىۋېتەيكى، ھەممە ئادەم ھەيران قالسۇن! ئۆزلىرىچۇ ماڭا ماۋۇ لوڭقىنى، — شائىر تەكچىدە تۇرغان گۈل لوڭقىسىنى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — بەرسىلە، ئۇنى ھارۋىغا ياغ كوزا قىلاي. ئۇ چاغدا خەلق كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالسۇن!...

— خۇدايا تۇۋا دېسىلە، مۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى ئاغزىلىرىغا ئالغۇچى بولمىسىلا! — نىيازخېنىم نارازى بولغان تەرىزدە ئالىيىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — گۈل چىلايدىغان لوڭقىنى ھارۋىغا ياغ كوزا قىلسىلا توغرا كېلەمدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ لوڭقا نەدىن كەلگەن لوڭقا، بىلەملا؟ بۇنى ئاتىلىرى ئاق پاشا ① يىقىلماس ۋاقىتتا شەمەيگە بېرىپ ئاتايىن ئەكەلگەن، جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان لوڭقا. ھازىر مۇنداق چىرايلىق لوڭقىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئاق پاشا زامانىسىدا ياسىلىپ قالغىنى بولمىسا، ھازىر ياسىيالمايدۇ، دەيدۇ.

— ئانا، ئانا، ئۆزلىرىمۇ بۇ لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا؟ — دېدى شائىر بالىلارچە قىلىقلىنىپ.

---

① ئاق پاشا — چار پادىشاھنى دېمەكچى.

— ئاتىلىرى شەمەيدىن ئاتايىن ئەكەلگەنچە بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن.

— ئانا، ئانا، لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا ياكى مېنىمۇ؟

— نېمە دەيدۇ بۇ بالا! ئەلۋەتتە سىلىنى ياخشى كۆرىمەن، بالا دېگەن بالا، لوڭقا دېگەن لوڭقا - دە!

— ئاتامچۇ؟

— ئاتىلىرىمۇ سىلىنى ياخشى كۆرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ئىش ئايدىڭلاشتى، — دېدى شائىر گويا مۇرەككەپ - چىگىش مەسىلىنى يەشكەندەك ئېچىلىپ - كۈلۈپ، — لوڭقىنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلسام توغرا كەلمىگەن يەردە، لوڭقىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان باللىرىنى تۈڭچى ياكى سودىگەر قىلسىلا توغرا كېلەمدۇ!؟

— توۋا، توۋا! — دېدى نىيازخېنىم هەيران بولغان هالدا كۈلكىسىگە زو قىلىپ، — نېمە دەيدىغاندۇر دەپتىمەن، مەقسەت شۇمىدى!

— جېنىم ئانا، سىلىگە ئوچۇق ئېيتسام، ئاتامنىڭ مېنى تۈڭچى بولسۇن ياكى دۇكان ئېچىپ سودىگەرچىلىك قىلسۇن دېگىنى بىلەن مېنىڭ گۈل چىلايدىغان لوڭقىنى هارۋىغا ياغ كوزا قىلمەن دېگىنىم ماهىيەتتە ئوخشاش گەپ، — دېدى شائىر چىرايىغا جىددىي ۋە ئەستايىدىل تۈس بېرىپ.

— بولدى بالام بولدى، ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشلىرى دۇكان ئېچىشتىن مۇهىم بولىدىغان بولسا، مەيلى قىلىۋەرسىلە! — دېدى ئانا ئۆز بالىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ.

— ئاتامنىڭ مەقسىتىچە، مەنمۇ بىر مەخسۇم بولسام ياكى يامۇلدا تۈڭچى بولسام، بولمىغاندا، سودىگەرچىلىك قىلسام كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلغان بولاتتىم. ئەمما مەن بۇ ئىشلارنىڭ هېچقايسىسىغا قىزىقمايمەن، مەن مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەت بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا قىزىقىمەن. بۇ مېنىڭ بىردىنبىر مەقسىتىم، تەۋ-

رەنمەس ئىرادەم؛ بۇنداق قىلىشىم تېگى-تەكتى بىلەن ئېيتقاندا يەنە شۇ ئاتامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغانلىقىم بولىدۇ. مېنىڭ ئۆزلىرىدىن تىلەيدىغىنىم، ئاتامغا ئېيتىپ قىلىۋاتقان ئىشىمنى ماقۇللايدىغان قىلىپ بەرسىلە!...

شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە تاشقىرىدىن شائىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم كىرىپ كەلدى. ئۇ جۈمەدىن يانغانىدى.

ئۈچىسىغا ناۋات رەڭ شايىدىن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان، دائىم چاچ-ساقاللىرىنى قىردۇرۇپ پاكىز، سۆلەتلىك يۈرىدىغان ئابدۇراخمان مەخسۇم سالماق قەدەم تاشلاپ دالانغا چىقىپ ئۇلارنىڭ سۆزى ئۈستىدىن چۈشتى:

— ئىككىڭلار نېمىدەپ مۇڭدىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق ئەمما يېقىملىق قاراپ.

— بالىنىڭ يازغانلىرىغا قاراپ ئولتۇردۇم، — دېدى نىيازخېنىم ئاغزىغا كەلگەن گەپنى ياندۇرمايلا.

— ئۇنىڭ نېمىسىگە قارايدىلا، بۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مۇبالىغىچىلىك. شائىر دېگەن يالغانچى كېلىدۇ. كىچىككىنە شىۋاقنى كۆرسە، باغۇ بوستان، جەننەتۇل مەئۋا دەپ ماختاپ ئاغزىدا كۆپۈك قاينايدۇ. كۆزدىن ئاققان بىر تامچە ياشنى كۆرسە، دەريا-دەريا ياش ئاقتى دەيدۇ. ھەممىسىلا مۇبالىغە. بىرسىنى ماختىغۇسى كەلسە ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ئەرشىئەلاغا ئاچىقالايدۇ. يەرگە ئۇرغۇسى كەلسە، ۋەيلۇن دوزاخقا چۆكۈرۈۋېتەلەيدۇ. بۇلارنىڭ يازغان بىر نېمىلىرى ساپلا مۇشۇنداق ئىش، — ئابدۇراخمان مەخسۇم بىر تىنىقتا ئۇرغۇن سۆزلەپ نىيازخېنىمنى باشلاپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتمەكچى بولغانىدى. شائىرنىڭ سۆزى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— مېنى قەسىدىخانلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن بولساڭ شۇنداق دېيىشكە ھەقلىق! — دېدى شائىر ئۆزىگە ئىشەنگەن تەلەپپۇزدا.

— ئەمىسە سەن نېمە؟ سەنمۇ شائىرمۇ؟

— كۆرمەي تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش قانداق بولار؟ ئاۋۋال كۆرۈپ ئاندىن ...، — شائىر يېڭى يېزىلغان بىرقانچە نۇسخىلارنى ئۇزاتتى. ئابدۇراخمان مەخسۇم خوش ياقمىغان بىر كۆرۈنۈشتە قەغەزلەرنى قولىغا ئېلىپ ئۆرە تۇرغان پېتى كۆز يۈگۈرتتى.

شېئىرىيەتتىن ئاز - تولا خەۋىرى بولغان مەخسۇم قولىدىكى ئەشئارلاردىن گويا نۇقسان سەزمەكچى بولغاندەك قايتا - قايتا كۆز يۈگۈرتەتتى، ئارىلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغىمۇ قاراپ قوياتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ چىرايىدا بىر نەرسىدىن ھوزۇرلانغاندەك ئالامەتلەر كۆرۈنگەندەك بولاتتى. بەزى قەغەزلەر ئۈستىدە خۇددى بالىلارنىڭ «نۇر» ئويۇنچۇقى مۇز ئۈستىدە تېيىلغاندەك تېنىپ قالاتتى. گاھى قوشۇمىسى تۈرۈلسە، گاھى چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندەك كۈلۈمسىرەيتتى.

— يازغانلىرىڭ يۇرت ئىچىدە بار ئىشلار ئىكەن...، — دېدى مەخسۇم سەل - پەل رازى بولغان ئاھاڭدا، — لېكىن بەزى قاپىيىلەرنىڭ ۋەزنى ئېغىر ياكى يېنىك بولۇش ۋەجىدىن، ئوقۇغاندا سوۋتۇققا (ئاھاڭغا) چۈشمىگەندەك قىلىدۇ، بۇنى تۈزىتىش كېرەك.

— شېئىرىيەتتە بەزى سۆزلەرنىڭ ۋەزنى ئېغىر ياكى يېنىك بولۇش ۋەجىدىن، ئوقۇغاندا سوۋتۇق تاپماي قېلىشى مۇمكىن. لېكىن قاپىيە - سوۋتۇقنى قوغلىشىپ مەزمۇننى ئاجىزلىتىش شېئىرىيەتتە گۆھەر يوقاتقان بىلەن باراۋەر، — دېدى شائىر چۈشەنچە بېرىپ.

— ئۇنداق تەرەپلىرىنى ئۆزۈڭ چۈشەنمىسەڭ ...، — دېدى مەخسۇم بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يەنە سۆزلىدى، — يازغانلىرىڭ ھەر ھالدا ئەمەلدە بار ئىشلار ئىكەن. لېكىن بۇگەپلىرىڭنى كىم ئاڭلىماقچى! مىڭ ئېغىز كاپ - كاپتىن، بىر ئېغىز

چىپ- چاپ ياخشى ئەمەسمۇ!

— ئەگەر خاس يەپ- ئىچىش ئۈچۈنلا ياشىغان بولسا، — دېدى شائىر هازىر جاۋاب قىلىپ.

مەخسۇم ئوغلىغا گۈلمۈيۈپ نارازى بولغاندەك قاردۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزلىدى:

— سېنىڭ يازغان 100 ۋاراق خېتىڭدىن، تۈكچىنىڭ بىر ئېغىز سۆزىنى جان دەپ ئاڭلايدۇ.

— ئۇنداق ئاڭلاش رىيا. تۈكچىنىڭ سۆزىنى قورقۇنچ ئىچىدە، يالغان- ياۋىداق ئاڭلايدۇ. مېنىڭ يازغانلىرىمنى بولسا ھەقىقىي ئاڭلايدۇ. يۇرت چوڭ، جەمئىيەت كەڭ. مېنىڭ يازغانلىرىمنى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغۇچىلار تېخىمۇ كۆپ. كىم بىلىدۇ بىر كۈنلەرگە يەتكەندە ئاڭلايدىغانلار، بەلكى قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلار بۈگۈنكىدىنمۇ كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن. چوقۇم شۇنداق بولۇشىغا مەن قەتئىي ئىشىنىمەن!

شائىر بېشىنى كۆتۈرۈپ قەددىنى رۇسلاپ داۋام قىلاتتى:

—تۈكچىلىق، ئەمەلدارلىق ۋاقىتلىق نەرسە. خەنزۇچىدا «ئوتتۇز يىللىق يامۇل قالدى، ئەمەلدار قېنى① !؟» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. دەرۋەقە يامۇللار ئۆز پېتى قالىدۇ. ئەمما ئامباللار، تۈكچىلار قالمايدۇ. بەلكى زالىم ئەمەلدارلار، كۆيدۈرگۈچى تۈكچىلار ئاخىرقى ھېسابتا خەلقنىڭ لەنەت- نەپرىتى ئاستىدا ئىز- دېرەكسىز يوق بولۇپ كېتىدۇ.

— سېنىڭچە بولغاندا قەغەزلىرىڭدىكى نەرسىلەر تۈتىيا ئىكەن-دە!— مەخسۇم ھومىيىپ قاراپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ۋە غەزەپ ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. بۇنى چۈشەنگەن شائىر ھېيىقماستىن تۇغۇشلۇق جاۋاب بېرەتتى:

— بەلكى ئۇنىڭدىن ئېشىلراق!

— پاھ ... ئەتتەڭگە! — دېدى مەخسۇم، شائىرنىڭ سۆزىـ

①三十年的衙门在，官不在。

گە چۆچۈپ كەتكەندەك بولۇپ. ئۇ يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، نىيازخېنىم ئۇنىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— يۇرسىلە ئاتىسى، بىز چىقىپ كېتەيلى، بۇ بالىمىز ئۆز ئىشىنى قىلسۇن! — دېدى - دە، مەخسۇمنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار دالاندىن چۈشۈپ پەلەمپەيدە كېتىۋاتقاندا، مەخسۇمنىڭ ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ دېگەن سۆزلىرى ئاڭلىناتتى:

— ئوغلۇڭ خېلى ياخشى بىر نېمىلەرنى يېزىپتۇ، ئوبدانراق بېقىڭلار!

— ئەلۋەتتە ياخشى، شۇنداقراق دەپ تۇرسىلا!

شۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەر ئاڭلانمىدى.

2

ئەتىسى بامداتتىن يانغان شائىر تۈپتوغرا دالان ئۆيگە چىقتى - دە، ئادەت بويىچە كېچە يېزىلغان قول يازمىلارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەر بىر كوپىينى ئېرىنمەستىن قايتا - قايتا پىششىقلاپ كۆرۈپ چىقاتتى.

ئايىمخان ناشتىلىق چاي كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. شائىر ئۇنىڭ قولىدىكى چاينى كۆرۈپ ھەيران بولدى. مۇنداق بولۇشى سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەتىگەنلىك چاي، چۈشلۈك غىزالارنىڭ ھەممىسى باراڭ ئاستىدا ئاتا - بالا، جەل - جەمەت جەم بولۇپ بىرلىكتە ئىچىلەتتى. ئەجابا بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ دالان ئۆيگە چىقىرىلىشى ئەلۋەتتە ئۇنى ھەيران قالدۇرغانىدى. شائىر بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئارزۇسىدا ئايىمخانغا قادىلىپ ئۇنىڭ شەھلا كۆزىدىن جاۋاب تېپىشقا ئىنتىزار بولغانىدى. بىراق ئايىمخان ئىلتىپات قىلمىدى. تاكى يېقىنلاپ كېلىپ پەتنۇسنى شائىرنىڭ جوزىسىغا قويغاندىن كېيىنلا تەبەسسۇم ئارىلاش يالت ئېتىپ قاراپ لەپشىرىن كۆلۈمـ

سىردى. بۇ ئارىلىقتا قىسقا ئەمما كۈچلۈك ئىنتىزارلىق ئىچىدە قالغان شائىرنىڭ، ئايىمخاننىڭ سېھىرلىك كۆزىنى ئۇچرىتىش بىلەن ھاسىل بولغان يالقۇندا بەدەنلىرى لەرزان تىترىگەندەك بولدى.

چىنە چەينەكتە كۆكۈل قويۇپ دەملەنگەن قارا چاينىڭ ھىدى، تونۇردىن يېڭى سويۇلغان ئىسسىق شىرمان ناننىڭ مەزىلىك پۇرىقى دىماغلارنى غىدىقلاپ، شۇ مىنۇتتىكى ئوتلۇق ئۇچرىشىشنىڭ خۇش بۇي مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە، چىنە تەخسىدە پاكىز چايقالغان، ھېلىقىدەك ساپسېرىق پىشقان بىر ساپاق ئۈزۈم، بۇ خۇش بۇي مەنزىرىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. شائىر ئۆز ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋاتقان خۇشاللىق ھېسسىياتلارغا چۆمۈلگەن ھالدا پەتنۇستىكى مەئىشەتلەرگە يېقىملىق نەزەر تاشلاپ ھەيران بولغان قىياپەتتە:

— بۈگۈن ئىش باشقىچىغۇ!؟ — دېدى.

— ھە، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزلىرىنى ئالاھىدە كۈتىدىغان بولدۇق، — دېدى ئايىمخان قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ.

— كاتتا گەپقۇ!

— ئاتام شۇنداق ئورۇنلاشتۇردى. چۈشتىمۇ - كەچتىمۇ ئايرىم غىزا ئېتىپ بېرىدىغان بولدۇق.

— ئۇنىڭدا بولامدىكەن؟

— خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىڭ قىلماپتۇ دېگەندەك، ئاتام شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇۋېدى، باشقىلىرىمىز غىڭ قىلالمىدۇق. ئۆزلىرىمۇ ...، — ئايىمخان كۈلكىگە زورلاپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يوقىتىۋەتتى. ئەمما مەزمۇنى چۈشىنىشلىك ئىدى.

— ھە ... مەنمۇ غىڭ قىلماسلىقىم لازىمكەن-دە! بولىدۇ، بىراق ...، — دېدى شائىر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— بىراق دېيىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئىش ئاتام بىلەن ئانامنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. قالغانلىرىمىز بويسۇنسىلا بولىدۇ.


Altunoq

چاقىلاقتەك سۆزلەۋاتقان ئايىمخان چېۋەرلىك بىلەن چاي قۇيۇپ شائىرغا سۇندى. شائىر بولسا ئۇنىڭ كۆزىگە تويماستىن قارايتتى.

ئايىمخان بۇدرۇققىنا، ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈز، قارا چاچ، كەكلىك قاش، بادام قاپاق، قارا كۆز، ئوق كىرپىك، زىلۋا بوي، پاقلان ئەت، پىچىمى كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چېچەنلىك - زېرەكلىك نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. شائىر ئايىمخان بىلەن توي قىلىپ بىر ئۆيدە ئۆتكەنگە گەرچە بىرقانچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا خۇددى نىكاھ ئاخشىمى ئۇچراشقاندىكىدەك بولاتتى.

مۇنداق بولۇشىنىڭ مۇئەييەن ئاساسى بار ئىدى ...

... توي مەرىكىسى ئىدى. ئۆگزىدە ناغرا چېلىنىۋاتاتتى. چاققانغىنا سەينادىكى ئۈجمە سايىسىدە قۇرۇلغان سورۇندا ئوغۇل - قىزلار شوخ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتاتتى. شائىر بىر چەتكە قويۇلغان كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارغا قاراپ تاماشا كۆرمەكتە. سەينانىڭ تۆرىدىكى ئىشىكتە راسا بويىغا يەتكەن تۆت قىز غۇژمەكلىشىپ تاماشا كۆرمەكتە ئىدى. چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن، باشتىن - ئاياغ شايى - ئەتلەسلەر بىلەن ئورالغان، گويا بۈگۈنكى تويىنىڭ زىننىتى سۈپىتىدە مەرىكىگە كەلگەن بۇ قىزلارنىڭ غۇژمەكلىشىپ تۇرۇشلىرى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. بۇ قىزلارنىڭ ھۆسن-جامالى بىر - بىرىدىن قېلىشمايتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ جامالى ئاسماندا جەۋلان قىلىۋاتقان 15 كۈنلۈك تولۇن ئاي دەپ قىياس قىلىنسا، ئۇ چاغدا ھەرقانداق كىشى بۈگۈن ئاسماندا تۆت ئاي چىققانمۇ - نېمە؟ دەپ ئويلاپ قالاتتى. قىزغىن ھەۋەسكار يىگىتكە بۇ قىزلاردىن بىرنى تاللاش ۋەزىپە قىلىنسا، ئۇ يىگىت قىزلاردىن قايسىنى ئېلىپ، قايسىنى قالدۇرۇشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قېلىشى چوقۇم ئىدى. دەرۋەقە ئۇ قىزلارنىڭ

مەرىكىگە كېلىشى، غۇژمەكلىشىپ تۇرۇشلىرى تولۇن ئايدەك كۆرۈ-
نۈشلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ قەدەر شائىرانە ئىدىكى، نەزەر سال-
غان ھەرقانداق كىشى ئۇلارغا ئىختىيارسىز ئەسىر چۈشۈپ شې-
رىن ھېسسىياتلارغا غەرق بولاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ، بۇ
شائىرانە كۆرۈنۈشتىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى:

بىرىنچى قىزنىڭ كۆزى تولىمۇ ئىتتىك ئىدى، گويا كۆز
چانىقىدا ئەينەك ساقا ئوينىتىۋاتقاندەك كۆزىگە ئىلىنغان ھەر-
قانداق نەرسىگە كۆز ئوينىتاتتى. ھەرقانداق كىشىنى ئۆز كۆ-
زى بىلەن ئوينىتىپ سېھىر قىلىۋاتىدىغاندەك شوخلۇق قىلاتتى.
ئۇنىڭ مۇنداق ھەددىدىن زىيادە كۆز ئوينىتىشلىرىغا ئاسان
سېھىرلىنىپ قالىدىغانلار ئۇنىڭ شوخ ئويناقى كۆزلىرىگە شەيدا
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن سىنچى يىگىتلەر ئۇ قىزنى
زىيادە شوخ - شەپشەك قىز ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلەتتى.

ئىككىنچى قىز زىيادە كۈلگەك ئىدى، كۈلۈشكە تېگىشلىك
بولمىغان ئىشلارغىمۇ كۈلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن قاراپمۇ،
كەينىدىن قاراپمۇ كۈلىدىغان، ئۈجمە يوپۇرمىقى شىلدىرلاپ كەت-
سىمۇ، بىراۋنىڭ قولىدىن چۆمۈچ چۈشۈپ كەتسىمۇ كۈلىدىغان،
تولا كۈلگەنلىكىگە ئۆزىچە خىجالەت بولغاندەك ئىككى قولى بى-
لەن تۇمشۇقىنى ئېتىۋېلىپ باشقا قىزلارنىڭ دالدىسىغا يوشۇرۇنى-
ۋېلىپمۇ كۈلىدىغان، قىسقىسى بىردەممۇ ئاغزى يىغىلمايدىغان
قىز ئىدى. ئۇنىڭ كۈلگەن چاغدا سېھىرلىك كۆرۈنىدىغان سەدەپ
چىشلىرىنىڭ جۇلاسىغا قاراپ بەزىلەر ھەۋەس باغلىسىمۇ، سىنچى
يىگىتلەر ئۇ قىزغا شەيتىنى غالىب كۈلگەك قىز ئىكەن دەپ
ئات قوياتتى.

ئۈچىنچى قىزنىڭ كۈلكىسىمۇ، دومسىيىدىغان خۇيىمۇ بىللە
ئىدى. كۆزىگە ئىلىنغان نەرسىلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك ئوڭايلا
كۈلەتتى. شۇ چاغدا بىرى قاراپ قويسا ياكى كىچىككىنە غەيرىي
ھەرىكەت قىلىپ قويسا شۇ ئانىلا دومسىيىپ تۇمشۇقلىرىنى پۈرۈپ

خۇي قىلاتتى. راسا خۇي قىلىۋاتقانىدا بىرى كېلىپ ئۇنىڭغا ئازراق گەپ قىلىپ قويسا، شۇئانلا ئويغىنىپ ئاۋۋالقىدىنمۇ زىيادە ئېچىلىپ كېتەتتى. بۇ قىزنىڭ كۈلكىسى بىلەن خۇيى بەزى كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. سىنچى يىگىتلەر ئۇ قىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ تولىمۇ يېنىك - تەنتەك، خۇددى قەلەي مەشكە ئوخشاش بىر دەم قىزىپ، بىر دەم سوۋۇيدىغان، مىجەزى تۇراقسىز ئىكەن، دەپ باھا بېرەتتى.

تۆتىنچى قىز، يۇقىرىقى ئۈچ قىزدا كۆرۈلگەن خۇسۇسىيەتلەردىن خالىي ئىدى. مەرىكە جەريانىدا ئۇ قىزنىڭ بىرەر كىشىگە تىكىلىپ قارىغانلىقى، ھەجىبىپ كۈلگەنلىكى ياكى دومسىيىپ خۇيلانغانلىقى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قىز پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇسسۇلچىلارنىڭ جەۋلان قىلغان ماھارەتلىرىنى تاماشا قىلاتتى. چىرايىدا كۆرۈنگەن ئۆزگىرىشلەرگە قارىغاندا، ئۇ قىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىۋاتقانلىقى، ماھارەتلەردىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئېغىر-بېسىق، يۇزى تۆۋەن، نومۇسچان، زېرەك، سۈپەتلىك قىز ئىكەن دېيدىغان چۈشەنچە تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ناغرا چېلىنىپ بىرەر سائەت داۋام قىلغان مەرىكىدە بىرىنچى قىز ياش شائىرغا كەم دېگەندە 50 قېتىمچە قاراپ مونچاق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ بىزار قىلغان بولسا، ئىككىنچى قىز تولا كۈلۈپ زېرىكتۈرگەنىدى. ئۈچىنچى قىز 25 قېتىم كۈلۈپ 25 قېتىم دومسىيىپ ئانچە ياخشى تەسىر قالدۇرمىغان بولسا، تۆتىنچى قىز پۈتۈن مەرىكە جەريانىدا شائىرغا بىر قېتىممۇ ئىلتىپات نەزەر قىلماستىن، باشتىن - ئاياغ ئىخلاس بىلەن تاماشا كۆرۈپ، شائىردا قانداقتۇر سېھىرلىك قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى: «نېمىدېگەن تىلسىمات قىز بۇ!» شائىرغا بۇ قىز قانداقتۇر مۆجىزە ۋە خىسلەتلەر بىلەن تولغان سېھىرلىك تىلسىماتتەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. دۇنيادا تىلسىماتنى ئېچىش،

سىرلارنى كەشىپ قىلىشتەك قىزىقارلىق ۋە كۆڭۈللۈك ئىش بولامدۇ! شائىر ئۇ قىزنىڭ كۆزىنى ئۇچرىتىشقا تىرىشىپ كۆردى، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. قىز زادىلا قارىمايتتى. شائىر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالاتتىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. قۇلۇپنىڭ مۇشكۈلىنى ئېچىش، بوغجۇما ئىچىدە چىڭ ساقلانغان نەرسىنى ئېلىشقا ھېرىس بولۇش يىگىتلەردە بولىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەت. شۇڭا شائىر بۇ تىلسىمات قىزنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىكى مۆجىزە - سىرلارنى بىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ شائىرغا تىلسىمات قىزنىڭ ئوتى يامرىغانىدى. بۇ ئوت ئۇنى خېلى بىر مەزگىلگىچە بىئارام قىلدى، كېچىلىرى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇردى. ئۇ، زەرگەرنىڭ تۈلۈمىدەك ئۇزۇن - ئۇزۇن ئاھ ئۇراتتى ...

لېكىن نىيازخېنىم زېرەك ئايال بولغانلىقتىن، ئوغلىنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ داۋاسىنى ئانچە كېچىكتۈرمەيلا ھەل قىلىپ كېسەلنى ساقايتقانىدى ... بۈگۈن ئۇنىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇپ بېرىۋاتقان مەھبۇبى ئايىمخان دەل شۇ شائىرنى ئۆرتەندۈرگەن تىلسىمات قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ كۈنلەرگىچە ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنتايىن كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن ئۆگىنىۋاتقان شائىر بۇ مەھبۇبىغا قانداقمۇ تويسۇن! ...

شائىر ناشتىلىق بىر بۇردا ناننى يەپ تۈگەتمىش ئارىلىقىدا تىلسىمات قىز ئايىمخاننى باشتا قانداق ئۇچراتقاندىن تارتىپ، توي قىلىپ بىر ئۆيدە ئۆتۈۋاتقان كۆڭۈللۈك كۈنلىرىگىچە بولغان جەرياننى بىر قۇر ئەسلەپ چىققانىدى.

شائىرنىڭ ئەتىگەنلىك ناشتىدا كۆڭۈللۈك، ئازادە ئولتۇرۇپ ئايىمخاننىڭ قولىدىن چاي ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ناشتا قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرلىق سەۋەبلىرى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى.

— ئۇنداق بولسا، مۇندىن كېيىن ئۆز قوللىرى بىلەن

دەملەنگەن چايلارنى ئىچىپ، ئۆزلىرى ئەتكەن تائاملارنى يەپ ھۇزۇر قىلغۇدەكمەن، — دېدى شائىر تەسىرلىك كۈلۈمسىرەپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى ئايىمخان لەرزان كۈلۈپ.

— بۇ قىلغانلىرىنى قانداقمۇ تۆلەپ كېتەرمەن؟ — دېدى شائىر مىننەتدارلىق بىلەن.

— مېنى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىپ قويسىلا كۇپايە، — دېدى ئايىمخان تەلەپكارلىق ئاھاڭدا.

— ئۇ ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس! — تەلەپكارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان شائىر، ۋەدىنىڭ يالغان ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈرىدىغان قانداقتۇر بىر خىل قاراش بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

AltunOq

# ئىككىنچى باب

## 1

ئاۋغۇست ئايلىرى، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ بۇلۇتسىز تىنىق كۆكىدە جەۋلان قىلىۋاتقان پارلاق كۈن، بۇ ۋادىغا چەكسىز مېھ-
رى بىلەن نۇر سەپمەكتە ئىدى. گويا ئەگلەكتىن ئۆتكەن ئاق ئۇندەك نۆكۈلۈپ تۇرغان كۈن نۇرى بىز ۋادىنى نۇر دېڭىزىغا
ئايلاندۇرغانىدى.

— مۇشۇ يەردە ئىكەن-دە!

جامە تىپىدىكى قوزۇقتا باغلاقلىق تۇرغان كۈل رەڭ ئاتنى كۆرگەن ئىككى ئاتلىق كىشى تەڭلا سۆزلەپ ئاتتىن چۈشتى-
دە، ئاتلىرىنى پۇختىلاپ باغلىغاندىن كېيىن، مۇنار ئىچىدىكى ئايلانما پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرى ئۆرلىدى.

بۇ چاغدا شائىر مۇنار ئۈستىدە چەكسىز مۇھەببىتى بىلەن يىراقلارغا نەزەر سېلىۋاتاتتى.

«ئەي نۇرلۇق دىيار، شانلىق ئانا تۇرپان، سېنىڭ ئۇ-لۇغلۇقۇڭ، پۈتۈن خاسىيەتلىرىڭ ساڭا قويۇلۇپ تۇرغان ئەنە شۇ ئالتۇن نۇردا! ...، — ئۆز ئانا يۇرتى تۇرپانغا بەلكى قۇياشتىن ئارتۇق مۇھەببەت باغلىغان شائىر ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي سۆزلەۋاتاتتى، — ئەي نۇرلۇق دىيار، ئەي ئۇلۇغ تۇرپان، ئۇ-

زۇن تارىخ - قامۇسلاردا زىكرى قىلىنغان مەدەنىيەتنىڭ ئانا بۆشۈكى، قەدىناس تۇرپان! سەن تارىختا راسا گۈللىنىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپىلەر قوشقان ئالتۇن دەۋرلەرنى ئۆز بېشىڭدىن كەچۈرگەن ئەمەسمۇ!؟ ئىدىقۇت، يارغول، قاراخوجا، ئاستانە، ئاللىقانداق غايىب شەھەرلەر، ئۇۋا - تۇرلار ... سېنىڭ تارىخي ئالتۇن دەۋرلىرىڭنىڭ جانلىق شاھىدى ئەمەسمۇ!؟ ئەنە يالقۇنتاغ، بېزەكلىك مىڭئۆيلىرى تارىخى ئالتۇن دەۋرلىرىڭنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ!؟...

... ئېخ تارىخ ... گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرلەر ... بالاقازا، ئاپەتلەر يامرىغان قارا ئەسىرلەر ... نى - نى دەريالارنى قۇرۇتۇپ قۇرۇق ئېقىنغا، قاقاس چۆللەرگە ئايلاندۇرغان ئاپەتلىك يىللار ... مانا بۇ مۇنار ئالدىدىكى ئېقىندا ئۆركەشلەپ ئاققان غايەت ئۇلۇغ سۇلار بولغىيتى، ھازىر بۇ سۇلار قېنى؟ بۇ ۋادىدا ئاۋات بولغان كۆكلەم يەرلەر، باغ - ۋارانلار قېنى؟ گۈللەنگەن پايتەخت شەھەرلەر قېنى؟ ھازىر بۇ يەرلەردە ئېگىز - ئېگىز ئاق ياداڭلار، ئاللىقانداق شەھەرلەرنىڭ يېرىم غايىب ئىزلىرى قالغان ... بۇ ياداڭلىقلارنى تارىختا ئۆركەشلەپ ئاققان دەريا سۇلىرى خۇددى تەبىئەتنىڭ گىگانت ھەرىسىدەك ھەرىدەپ ھاسىل قىلمىغان بولسا، باشقا يەنە قانداق قۇدرەت بىلەن ياساپ چىققىلى بولاتتى؟ ... غايىب شەھەرلەرنى ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىقمىغان، شۇ جايلاردا دەۋران سۈرمىگەن بولسا ئۇلار قانداق پەيدا بولاتتى؟...

شۇنچە كۆپ خارابە، يەنە ئاۋات بولغان شەھەرلەر، شۇنچە كۆپ ساي - جاڭگال، يەنە كۆكلەپ تۇرغان باغ - ۋارانلار... بۇ خۇددى ئالدىنقىسى يىتىلسا، كېيىنكىسى ئىز بېسىپ ماڭغانغا ئوخشاش بىر ئىش.

بىر جاي خاراب بولسا، يەنە بىر جاينى ئاۋات قىلىپ، ھاياتنى كۆچىدىن بىر كۈنمۇ قالمىغان سۇباتلىق ئانا ماكان

سۆيۈملۈك تۇرپان سەن ئەمەسمۇ!؟
دەريالار قۇرۇپ، باغلار سولاشقان ئاپەتلىك يىللاردا يەر ئاستى سۇلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، «تەرلەڭگى» قاتلىمىنىڭ تەكتىدىكى سۇلارنى يەر يۈزىگە ئەپچىقىپ «كارىز» نى كەشىپ قىلغان مەشھۇر تۇرپان سەن ئەمەسمۇ!؟»
ئېغىر ھاسىراپ چىققان ئىككى دوست شائىرنىڭ دىققىتىنى بۇزغانىدى:
— ئەجەب قىيىندا تاپتۇق، — دېدى لېتىپ ئەپەندى شائىرنى تېپىۋالغىنىغا خۇش بولۇپ، — ئاتنى كۆرمىگەن بولساق تاپالماس ئىكەنمىز.
— يالغۇزدىن يالغۇز مۇنارغا چىقىۋالغىنىڭىز نېمىسى!؟ — دېدى ئەكبەرخان دېمىنى راسلاۋېتىپ.
— كېلىڭلار دوستلار، مانا ئەمدى يالغۇز ئەمەسمەن، — دېدى شائىر ئۇلار بىلەن سەمىمىي كۆرۈشۈپ، — قاراڭلار، ئانا يۇرتىمىز تۇرپان، گويا بىر نۇر دېڭىزى. ئەنە بوغدا تاغلىرى بىزگە ھامىي بولۇپ تۇرماقتا. قاراڭلار ئەنە، يالقۇنتاغ قىزىل ئالتۇندەك تاۋلىنىپ يالقۇنجىماقتا، چۆل تەرەپچۇ، چەكسىز مۇنبەت زېمىن، پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق. قاراڭلار كارىزلارغا، ئۇنى بىر سىقىم توپا، بىلەكتەك سۇ دەپ قارىماسلىق كېرەك. ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتى، دانىشمەنلىكى...
لېتىپ ئەپەندى بىلەن ئەكبەرخان ئۆزئارا كۆز ئۇچرىشىتۇرۇپ شائىرنىڭ سۆزلىرىدىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ئىپادىلىشىۋالغاندىن كېيىن، يېڭى ھېسسىيات بويىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاشتى. بۇ ئانا يۇرت ئۇلارنىڭ كۆزىگىمۇ كۆپكۆك دەل - دەرەخ ۋە ياپيېشىل زىرائەت مايسىلىرى بىلەن كەشتىلەنگەن گۈلىستانغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ساي بويلاپ قاتار - قاتار تىزىلغان كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەجدادلارنىڭ قاۋۇللۇقى، تىرىشچانلىقى نامايان بولاتتى...

— نۇر دېڭىزىغا ئەگەر ئىلىم - مەرىپەت نۇرلىرى قۇ-
شۇلسا، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىقلارنىڭ ئورنىغا ئىلىم
چىراغلىرى يېقىلسا، ئۇ چاغدا بۇ ماكان شۇنداق ئاجايىپ ما-
كانغا ئايلىنىدۇكى، بۇنى ئىپادىلەپ كۆرسىتىشكە تىلىمىز
ئاجىزدۇر...

ئۈچەيلەن تۇرپان مۇنارى ئۈستىدىن ئانا يۇرتىنىڭ گۈزەل
مەنزىرىسىگە چوڭقۇر مۇھەببەت قويۇپ ئۇزۇن - ئۇزۇن قاراپ
تۇرۇشتى. ئۇلار زادىلا تويمايتتى. قارىغانسېرى بۇ ئانا ماكان
تارىخىي ھاياتىي كۈچى بىلەن ئۇلارنى تەسىرلەندۈرەتتى.

ئۆڭى ئاق سېرىققا مايىل، ياپىلاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي
كەلگەن لېتىپ ئەپەندى تۇنجى قېتىم ئاستانىدە ئېچىلغان يېڭى-
چە مەكتەپتە ئوقۇغان زىيالىي ئىدى.

ياش تۇرۇپلا يۈز - كۆزىنى قويۇق ساقال باسقان ئەك-
بەرخانمۇ ئوقۇمۇشلۇق بولۇپ، تۆرەخان ئىسىملىك ئۆزبېك ئا-
ئىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن زىيالىي ئىدى. بۈگۈن دەل شۇ ئەك-
بەرخان يارغولىدىكى باغ ھويلىسىغا چاقىرغان مېھماندارچىلىققا
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

بىرئازدىن كېيىن ئۈچەيلەن مۇناردىن چۈشۈپ ئاتلاندى.
بۇلار پىژغىرىدىن ئاپپاق قارىماي يول بويلاپ تەبىئىي مەنزىرى-
لەرنى، مەھەللە ئۆيلىرىنى، ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنى تاماشا قى-
لىپ ئاستا مېڭىشتى. ئۇلار قىزىق پاراڭلار بىلەن سېپىل تۈۋى-
گە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغانىدى.

تۇرپان كونىشەھەر سېپىلى ئەسلىدە ئېگىز سېپىل ئىدى. ئۇنىڭ
چۆرىسىدە چوڭقۇر خەندەك بولغانلىقتىن، بۇ سېپىل تېخىمۇ
ئېگىز كۆرۈنەتتى. خەندەكنىڭ چۆرىسى ياغاچ تاغاق بىلەن
ئېھاتە قىلىنغان بولۇپ، ئىچى ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرۋە تاش-
لاندۇق سۆڭەكلەر بىلەن تولۇپ ياتاتتى. ئاتلىقلار ئىككى
شەھەر ئارىلىقىدىكى توپىلاڭ يوللارنى بېسىپ كېتىۋېتىپ يول-

نىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاھالە ئۆيلىرىنى، خۇمدانلىرىنى، مېۋىلىك باغلارنى، بۇلۇتتەك ئېچىلىپ كەتكەن پاختىزارلىقلارنى بەھۇزۇر تاماشا قىلىپ يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانىدى.

يېڭىشەھەر بىر قەدەر ئاۋات بولۇپ، تۇرپاننىڭ سودا مەركىزى ھېسابلىناتتى. شەھەر ئىچىدە مەشھۇر سارايلار، گەزمال دۇكانلىرى كۆپ ئىدى. رەستە كوچىلارنىڭ ئۈستى يېپىقلىق بولۇپ ئاپتاپ چۈشمەيتتى. شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى مەشھۇر ئىككى قەۋەتلىك ئاشخانىنىڭ ئەتراپىدا باققاللار، دوغاپ - شىرنە ساتقۇچىلار كۆپ بولاتتى...

ئاتلىقلار شەرقىي دەرۋازىدىن شەھەر ئىچىگە كىرىش بىلەن تەڭ دۇكاندارلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى.

— كۆل رەڭ ئاتلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ؟ — دېدى بىر دۇكاندار قوشنا دۇكاندىكى گەزمال سودىگىرىگە قاراپ.

ئاتلىقلار يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلار قايسى دۇكاننىڭ روبىروسىغا كەلسە، شۇ يەردىكى كىشىلەر سالام بېرەتتى. ئاتلىقلارمۇ سالام قايتۇرۇپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىشىلەرگە سالام قايتۇرۇپ، قەددىنى ئەگكەندە، ئاستىدىكى ئاتنىڭ بېلى ئېگىلىپ لىڭشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇراتتى.

— راسا بەستلىك ئادەم بولغۇدەك - ھە! — دېدى ھېلىقى دۇكاندار روبىروسىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئارقا بويىدىن قاراپ.

— بۇ قېتىم خەنزۇچە ئوقۇغان 30 بالىنىڭ ئىچىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىرىنچىلىكنى ئاپتۇ دېيىشىدىغۇ، — دېدى سودىگەر ئۇنىڭ ئەلا ئوقۇغانلىقىغا مەستلىكى كەلگەندەك قىلىپ.

— مەدرىسىنە ئوقۇغان چاغدىلا ساۋاقتا ياخشى ئىكەن

دېگەن گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدۇق، — دېدى دۇكاندار سۆز نۆۋىتىنى قولدىن بەرمەي.

— ھازىر ئۇنىڭ شائىرلىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشتى، — سودىگەر ئۆزى ئىگىلىگەن بەزى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ داۋام قىلدى، — ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ماناس، گۇچۇڭ تەرەپلەردىن كەلگەن تالىپلار، سودىگەرلەر كۆچۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، دەيدۇ. ياخشى يېزىلمىغان بولسا كېلىپ كۆچۈرۈپ كېتەمدۇ؟...

ئاتلىقلار رەستىنى ئۇزۇنىغا بېسىپ، غەربىي دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىشكەنىدى.

— بۇلار ئىسسىقتا نەگە ماڭغاندۇر؟

— ئەكبەرخاننىڭ بىللە كېتىۋاتقىنىغا قارىغاندا يارغولغا چىقسا كېرەك، — دېدى سودىگەر مۆلچەر قىلىپ.

## 2

ئەكبەرخاننىڭ ئاتىسى تۆرەخان، ئەينى يىللاردا ئۆزبېكىستاندىن كېلىپ تۇرپانغا ئورۇنلاشقان، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باغ ھويلا ياسىغان. قول ئىلكىدە بار، مېھماندوست ھەم مۇئەييەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەم بولۇپ، شۇ كۈنلەردە يارغولدىكى باغ ھويلىسىدا تۇراتتى.

مېھمانلار ئازادە راسلانغان چوڭ مېھمانخانىغا باشلاندى. مېھمانخانا قىپقىزىل گىلەملەر بىلەن پۈركەلگەن، ئۇزۇن - ئۇزۇن بەقەسەم كۆرپىلەر تاشلانغانىدى. شىمالىي تامغا قويۇلغان بىر جۈپ پەنجىرىدىن باغدىكى ئالما پۇراقلىرىغا تويۇنغان سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لېتىپ ئەپەندى ئىككىسى سالقىندىغاچ تەكچىلەردىكى لوڭقىلارنى تاماشا قىلىپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغاندا، ئەكبەرخان ئۇسسۇزلۇق

چاي كۆتۈرۈپ كىردى. بۇلار چاي ئىچكەچ تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ تۇرۇشىغا ئەكبەرخاننىڭ ئاتىسى تۆرەخان كىرىپ كەلدى.

تۆرەخان خېلى كۈن بۇرۇنلا ئابدۇخالىقنىڭ زېرەكلىكى، شائىرلىقى، بولۇپمۇ بۇ قېتىم خەنزۇچىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىش ئارزۇسىغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ شائىرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا بىردەم سۆھبەتلىشىپ چىقاي دەپ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر بىردەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى. بىراق بۇ بوۋاي پۇتى ئاغرىيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ پەگاھدىلا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئولتۇردى - دە، ھەممەيلەندىن: «خوش كەلدىڭلار!» — دەپ ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ئابدۇخالىققا قاراپ:

— ھە ئوغلۇم ئابدۇخالىق، سېنى كاتتا شائىر بولدى دەپ ئاڭلىدىم، — دەپ سۆز باشلىدى بوۋاي. يېرىم يەرلىكلەشكەن ئۆزبېك تەلەپپۇزىدا، — ھەممىدىن بۇ قېتىم خەنزۇچە ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇدى دەپ ئاڭلاپ خۇرسەندە بولغىنىمدىن تەبرىك ئېيتاي دەپ كىردىم، قانداق، سىلەرگە مالاللىق يەتكۈزدۈممۇ؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى مېھمانلار تەڭلا سۆزلەپ، — بىزمۇ سىزنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىڭىزنى كۆرگىنىمىزگە خۇرسەن بولدۇق.

— ئىنشائاللا، ياخشى تۇرۇپتىمەن، — دېدى بوۋاي مىننەتدارلىق بىلەن مېھمانلارغا قاراپ. ئاندىن بىرئاز تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كېيىنكى يىللاردا پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى جاپا سالمىغان بولسا، ئۆزۈم كۆپ ياخشى ئىدىم.

— ھېلىھەم ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدى لېتىپ ئەپەندى

كۆكۆل ئېيتىپ، — يازدا 6 ـ ئاينىڭ قۇمى كۆپ شىپالىق كېلىدۇ. كۆمۈلسىڭىز پۇتىڭىز ياخشىلىنىپ كېتەر ئىدى.

— قۇمغا دەمسىز؟ بىر قانچە يىلدىن كەسپىمىز شۇ، — دېدى بوۋاي كەسكىن جاۋاب بېرىپ، — ئۇنداقمۇ دەيمىز، مۇنداقمۇ دەيمىز، خۇداغا شۈكرى، 70 قانچە يىلدىن بېرى بۇ ئىككى پۇتىمىز ئوبدان خىزمەت قىلدى. ئېغىر گەۋدەمىزنى مالال كۆرمەي قاياققا دېسەك شۇ ياققا كۆتۈرۈپ ماڭدى، قازان، پېتەرگىرادلارغا قانچە قېتىم ئاپاردى. سەمەرقەند، بۇخارا شەرىپلەرنى تاماشا قىلدۇردى. خارەزم دەشتلىرىنى كەزدۈردى. ئەڭ كېيىنكى ئۆۋەتتە تاشكەنتتىن كۆتۈرۈپ قەدىمىي ئاستانە كونا تۇرپانغا ئەكەلدى. ھېلىھەم ئاغرىمايدىغان پۇتلار ئىكەن ... خۇلاسە كالام قۇمغا كۆمسەممۇ، كۆممىسەممۇ ئاغرىغىنى ئاغرىغان. ئەگەر تىللى بولسا، 70 قانچە يىل ئېغىر گەۋدەڭنى كۆتۈردۈم، يەنە نېمە ھەققىڭ قالدى؟ دېگەن بولاتتى. خۇداغا شۈكۈر ھېلى ئۇ گەپنى قىلغىنى يوق، تىلسىز قۇلدەك يەنە مېنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ يۈرىدۇ.

بوۋاي ئۆز سۆزىدىن مەززە قىلىپ كۈلدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كۈلۈپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ بوۋاينىڭ ئەپچىل سۆزلىرىنى تەستىقلىشاتتى.

— ئەكبەردىن ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى بوۋاي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ داۋام قىلدى، — نېمە ئۈچۈن دېسەڭ، خەنزۇچە دېگەنمۇ بىر خىل تىل، تىل دېگەن ئىلىم، ئەمما ئاسانلا بىلىپ، ئۆگىنىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىلىم ئەمەس، قانداق، بۇ سۆزۈم توغرىمۇ؟

— توغرا، توغرا سۆز، — دېدى مېھمانلار بوۋاينىڭ سۆزىنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللاپ.

— بىر زامانلاردا مەن ھەم خەنزۇچىنى ئۆگەنمەكچى بولدۇم، — دېدى بوۋاي يېڭى سۆز باشلاپ، مېھمانلار دىققەت قىـ

لىشىپ ئولتۇرۇشتى، — ئۇلتۇرغىنىچە بۇ ھەم ئەڭگىمە بولۇپ قالسۇن. بىر چاغلاردا خەنزۇچە ئۆگىنەي دەپ، بىر شەنشىڭ (ئوقۇتقۇچى) تاپتىم. ئېيىغا بەش سەر كۈمۈش پۇل بەرەكچى بولۇپ، توختام تۈزگەندىن كېيىن، تەلىم ئېلىپ ئۆگىنىشكە باشلىدىم. تىلىم قاتقان چاغلار ئىكەن، ئۆگىنىشىم ئانچە راۋاج تاپماي قويدى. شۇنداق بولسا ھەم بىرقانچە ئاي ئىجتىھات قىلىپ بىر نېمىلەرنى بىلگەندەك بولدۇم. سۆزلەر بارغانچە كۆپەيدى، خەت سانى جىقلاپ باردى. بىر كۈنلەرگە يەتكەندە قارىسام، ئاۋۋال بىلگەنلىرىمنى كېيىن بىلمەيدىغان، ئاۋۋال يېزىۋاتقانلىرىمنى كېيىن ئۆزۈم تونۇپ يېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. قىزىق ئىش، بۇ خەنزۇچىدا سېتىپ بەرگەننى «مەي» دېسە، سېتىۋالغاننى ھەم «مەي» دەيدىكەن. ھەممىدىن قىزىقى، خەنزۇچىدا تۆتنى «شىگا» دېسە، ئوننى ھەم «شىگا» دەيدىكەن. تاربۇزنى ھەم «شىگا» دەر ئىكەن. بۇنداق بولغاندا قانداق ئۆگىنىپ يەتكىلى بولار دەپ بېشىم قاتتى. قىسقىسى خەنزۇچىنى بىلىش ئاسان ئىش ئەمەسكەن دەپ توختاپ قالدىم. ئەمدى مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم مۇشۇنداق مۇشكۈل ئوقۇشنى ئوغلۇم سەن قانداق بىلىپ كەتتىڭ؟ دېمەكچىمەن. ئەگەر شۇ ئوقۇشنى ئەلا ئوقۇغان بولساڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبرىكلەيمەن - دە!

بوۋاينىڭ ئەپچىل سۆزلىرىگە مېھمانلار كۈلۈشتى. بوۋاي بولسا كۈلمەستىن ئۆز سۆزىنى داۋام قىلاتتى:

— خەنزۇ دېگەنمۇ كۆپ خەلق. تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەت بايلىقى مول بولغان بىر مىللەت. خەنزۇچە تىلنى ئۆگەنمىسەك، بۇ مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، جۇغراپىيىسى ۋە باشقا ئىلىم - ھېكمەتلىرىدىن خەۋەردار بولالمايمىز. بازاردا كۆرگەنلىرىمىز مېنىڭچە كۆپايە قىلمىسا كېرەك. چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە — بىلىشكە تېگىشلىك.

بوۋاينىڭ سۆزى بۇ يەرگە كەلگەندە سۆز ئاھاڭى خىتاب خاراكتېرىدا ئاڭلاندى. ئۇ، ئۆيدىكىلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ ئاخىر بۇ ئىلىمنى ئوقۇپ چىقتىڭ. بۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتاي. سەن ئەمدى ماڭا جاۋاب بەرگىنكى: بىر ۋاقىتلاردا قۇلىقىمغا شۇنداق بىر گەپ كىرگەنىدى، بىراۋلار خەنزۇچە خەتنىڭ سانى 5000 غا يېتىدىكەن دېسە، يەنە بىراۋلار 8000 غا يېتىدىكەن، دېيىشتى. ئەمدى سەندىن ئاڭلايلى. بۇنىڭ قايسىسى راست؟

— سىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىڭىزنىڭ ئورنى بار. ھەركىم ئۆزى بىلگىنى بويىچە ئېيتقاندۇر، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاۋاب بېرىپ. ئەمما بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ سورىدى:

— قېنى سەندىن ئاڭلايلى، بۇ خەتنىڭ سانى زادى قانچە؟

— خەنزۇچە خەتنىڭ مەخسۇس لۇغەت كىتابلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىشىچە، خەتنىڭ ئومۇمىي سانى 15 مىڭغا يېقىنلاپ بارىدىكەن.

— نېمە دېدىڭ، 15 مىڭ!؟ — تەئەججۇپلىنىپ چۆچۈگەن بوۋاي ئالاڭقىراپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قارىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، - شۇنچە كۆپ خەتنى بۇ خەق بىلىپ كېتەلەرمۇ؟

— مەن بىزنى ئوقۇتقان مۇئەللىمدىن سوراپ كۆردۈم، ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ھەممىنى بىلىدىغانلىرى كەم بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چۈشەنچە بېرىپ، — بىرەر مىڭ خەت تونۇغانلىرى چالا ساۋات ھېسابلىنىدىكەن، 3000 دىن 5000 غىچە بىلگەنلىرى ئوتتۇرا بىلىملىك بولىدىكەن، 8000 دىن ئارتۇق خەت تونۇغانلىرى ئالىم ھېسابلىنىدىكەن. ئالىم بولغانلىرىمۇ قالغان 4000 - 5000 خەتنى ھەرخىل لۇغەتلەردىن پايدىلىنىپ بىلىدىكەن.


Altun0q

— مۇنداق دېگىن... بۇ قېتىم گەپ ئىكەن - ھە! بىر ئادەمنىڭ بېشىغا 15 مىڭ خەت قانداق سىغسۇن! — بوۋاي بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قارىدى، — قېنى سەندىن سوراپ كۆرەيلى. ئۆزۈڭ قانچىلىك خەت بىلىدىڭ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جاۋاب بېرىشكە ئوڭايسىزلانغان ھالدا پېشانىسىنى سىلاپ، يېنىدا ئولتۇرغانلارغا قارىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

ئۆزۈمنىڭ مۆلچەرىمچە 3000 - 4000 غا يېتەر دەۋاتىمەن.

— 3000 - 4000 ! بۇ ھەم ئاز ئەمەس، كاتتا گەپ ئىكەن، ياخشى ئوقۇپسەن. دۇنيادا كۆپ كىشىلەر مەكتەپتە ئۆزگە ئاساس قۇرىدۇ، قالغىنىنى كېيىن ئىجتىھاتىغا تايىنىپ كامالەت تاپىدۇ. سەنمۇ مۇشۇنداق قىل ئوغلۇم. ئىجتىھات قىلىپ كامالەت تاپ!

سۆز ئاخىرلاشمىغان بىر پەيتتە ھويلىغا ئىككى ئاتلىق كىرىپ مېھمانخانىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇزدى. ئەكبەرخان ھويلىغا ماڭغاندا، بوۋاي ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ھەم يۈرۈپ كېتەي، دىگەر ۋاقتى بولۇپ قالدى، — دېدى - دە، ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئىچكىرى ھويلىغا قاراپ كېتىپ قالدى.

ھايال بولماستىنلا ئەكبەرخان، يەمشى تۆمۈر شاڭيۇنىڭ ئوغلى ئابدۇسەمى باينى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ خىزمەتچىسى تاشقىرىدا قالغانىدى. چوڭ پومېشچىك، تىپىك راھەتپەرەس ھەم مەغرۇر بۇ ئادەم ئۆيگە كىرىپلا قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك بولدۇقلاپ كالتە كۈلۈپ، مېھمانلار بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ چىقتى.

— مېنى چىللىمىغان بولساڭلارمۇ، ئۆزۈم ئاڭلاپ كەلدىم. كەلگىنىم بوپتۇمۇ؟ — دەپ ھەر بىر كىشىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قاراپ خۇددى جاۋاب بەر دېگەندەك قىلاتتى ئۇ.

— كەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئۇلار، كەلگەن مېھماننى قوغلىۋېتىشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى بىلىپ.

— ئەسلىدە ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ يوق ئىش ئىدى. كەچ تەرەپتە بىرئاز خەۋەر ئاڭلاپ قالدىم - دە، كەلگۈم كەلدى. كەلمەي دېسەم كۆڭلۈم قويمىدى، — دېدى ئۇ كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا ئولتۇرۇش ئارىلىقىدا. ئولتۇرۇپ بولۇپ پاتىھە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇكام ئابدۇخالىق بايۋەچچىنى قادىر جەڭگىگە تۇڭچى① بولغىلى كۈچاغا بارغۇدەك دەپ ئاڭلاپ قالدىم. بۇ قانداق گەپ، ئۆزۈم بىلىپ كېلەي دەپلا يېتىپ كېلىشىم. ئۇكام، سەن راستتىن كۈچاغا بارامسەن؟

بۇ سۆز شۇنداق سوغۇق ئاڭلاندىكى، بۇنىڭ ئورنىغا كالتەك بىلەن ئۇرغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غىڭ قىلمىغان بولاتتى. سەكرەپ، ۋۇجۇدى تىكەنلەشكەن شائىر ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىۋېلىپ:

— ئابدۇسەمى ئاكا، — دېدى زەردە بىلەن، — جېنىڭ چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ مېنى بايۋەچچە، تۇڭچى دېمەستىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دېگىنە! مەن بۇ ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئېسىمنى ئاتىغاندا بولسىمۇ ئۇيغۇر دەپ ئادەتلەنسۇن، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلسۇن دەپ قويغان، سەن قاچانغىچە بىلمەي ئۆتمەكچىسەن! مىللەتنىڭ نېمە دېسە بىز دېگەن چەنتۇ دەپلا تۈگىشىسەن، بىز تۇغرا ئەمەس! ئۇنداق قىلما! پاقا بولاق جاڭگاللىرىنى ئىگىلىۋېلىپ، دۇنيا دېگەن شۇ دەپ، دېھقانلارنىڭ كۈچى بىلەن تاغدەك - تاغدەك پاختا، گۈنجۈت خامانلىرىنى ئېلىپ ياستۇقنى قىرلاپ ئۆتۈۋېرىمەن دەپ ئويلىما! دۇنيادا قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانداق ئۆزگىرىش، قانداق تەرەققىياتلار كېتىۋاتىدۇ، بۇنىمۇ

---

① تۇڭچى — تەرجىمان.

بىلىپ قوي!
— ھا، ھا، ھا، مەن خاتا دەپتىمەن، ھا، ھا، ھا، ...
ئابدۇسەمى باي سېغۇق كۈلكىسى بىلەن ئۆي ئىچىنى يەنە بىر دەرىجە مۇزلىتىپ ئاندىن بېسىلدى.
— خاتالىقىڭ كۆپ، سىلەردە خاتالىق كۆپ، — دېدى شائىر، ئۇنىڭ ھاماقەت گەۋدىسىگە مەسخىرە ئارىلاش قاراپ:

— مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى
بىزەشكە يوق كىشى،
قىرلىشىپ ياستۇقنى غەمسىز بىساپا
ياتقانىمىز باردۇر...

— ئابدۇسەمى ئاكا، سىلەردە خاتالىق كۆپ، سىلەر بايلىق مەستانىسى بولۇۋېلىپ، پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن خەلقنى قاقشىتىپ ياستۇقۇڭلارنى ئېگىز قىرلىماقچى بولىسىلەر! بۇ سىلەرنىڭ ھازىرقى خۇي - پەيلىڭلار!...
— ئۇكام، ئاجايىپ ئېغىر گەپ قىلىۋەتتىڭغۇ! — دېدى ئابدۇسەمى شائىرنىڭ سۆزىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، — بولدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەپ قىچقىراي.
ئۇ كالتە - كالتە كۈلۈپ قانداقتۇر بىر گەپ باشلىماقچى بولۇۋاتقاندا، ھويلىدا يەنە يېڭى مېھمانلار كېلىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۆيدىكىلەر كەلگۈچىلەرنىڭ مەخسۇتباي، ھېسامىدىن زۇپەر، مۆمىن ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىسىلا ھويلىغا چىقىشتى.
مەخسۇتباي يېشى 40 تىن ئاشقان، زور گەۋدىلىك، ئىستىتۇرا سېمىز، قوۋۇزلىرى تولۇق، يۇمىلاق يۈزلۈك، كۆزلىرى چوكچوك كەلگەن ئۆتكۈر كۆزلۈك شەخس بولۇپ، شۇ يىللاردىكى يارقىن مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ئىدى. مەدرىس ۋە

يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇغاندىن كېيىن، تىجارەت ھەم ساياھەت بىلەن روسىيىدە شەھەي، موسكۋا، لېنىنگرادقىچە بارغان، نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ ئاڭ - پىكرى ئېچىلغان، ئۆزلۈكىدىن روسچە ئۆگىنىپ مۇئەييەن بىلىم سەۋىيىگە ئىگە، زامانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى جەدىد (يېڭىلىقچى) زىيالىيلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن كىشى ئىدى. فېئودالىزم ھۆكۈمرانلىقىدا دىنىي خۇراپاتلىقلار ئەۋج ئالغان جاھالەت دەۋرىنىڭ قارا پەردىلىرىنى يىرتىپ، توسالغۇلارنى يېرىپ تەرەققىياتقا قەدەم باسقان مەخسۇت مۇھىتى خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن 1912 - يىللىرى روسىيىدىن مەرىپەتچى ھەيدەر ئەپەندى سايرانى① نى تەكلىپ قىلىپ تۇرپان ئاستانىدە تۇنجى قېتىم يېڭى نىزامچە مەكتەپ ئاچقان. كېيىنكى يىللاردا مەكتەپنىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1917 - يىلىغا يەتكەندە، موھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئاۋۇستەي②، ئېلى مۇئەللىم③، ھېسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق ئالتە نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچىنى موسكۋادىن (ئۇلار موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىدى) تەكلىپ بىلەن شىنجاڭغا ئەكىلىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن چۆچەك، گۇچۇڭ، تۇرپان — ئاستانىلەردە «مەكتەبى مەخسۇدىيە» ناملىق مەكتەپ ئېچىپ مائارىپنى ئالغا سۈرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەخسۇت مۇھىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن مۇتلەق نوپۇز ۋە ھۆرمەت ئىگىسى ئىدى.

كەلگۈچىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ئوتتۇرا بويلۇق، يۇملاق يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك پىچىمى كېلىشكەن روھلۇق ياش ھېسامىدىن

① ھەيدەر ئەپەندى سايرانى — ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ئاتىسى.

② گۈلەندەم ئاۋۇستەي — 1917- يىلى كەلگەن ئالتە ئوقۇتقۇچى ئىچىدىكى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئاۋۇستەي سۆزى تاتارچە «مۇئەللىمە» مەنىسىدە.

③ ئېلى مۇئەللىم — شىنجاڭدا 50 يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مائارىپچى، بۇ كىشى 1975 - يىلى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ داشۆدە ۋاپات بولدى.

زۇپەر بولۇپ، ئۇ شۇ يىللاردا مەشھۇر باي زۇپەرھاجىنىڭ ئىنگىلىك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، سودا - سېتىق، توختام - دوگۋور ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورناتقان زىيالىي ئىدى.

ئېگىز بويلۇق، ئۆڭى قارا، قاڭشا بۇرۇن كەلگەن مۆمىن ئەپەندى ھەم يېڭىچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ مۇئەييەن بىلىم سەۋىيىگە ئىگە بولغان قىزغىن، روھلۇق زىيالىي ئىدى.

ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا مېھمانخانىغا كىرگەن مەخسۇتباي كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەھۋال سورىشىپ:

— سىلەرنى ساقلىتىپ قويدۇق —، دەپ ئەپۇ سورىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا كەلگەندە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇزاقراق قاراپ،— نەچچە كۈندىن تونۇۋاتقان سۆزلەشكىلى بولمىدى - ھە! — دەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— راستىن شۇنداق بولدى، — دېدى لېتىپ ئەپەندى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئارمىنىنى چۈشىنىپ، — ئەمدىگىنە بىرپاراڭ باشلانسا، يېڭى مېھمان كىرىپ پاراڭنىڭ بېلىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ، شۇنداق قىلىپ كۆڭۈلدىكىدەك سۆزلەشكىلى بولمىدى.

مېھمانلار ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلىشتى. ئۆزئارا ھال سورىشىپ بىرئاز پاراڭلاشتى. ئاشخانىچە ساھىپخان داستىخان سېلىپ زىياپەت باشلىدى. قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە تىزىلدى، نانلار سۇندۇرۇلدى، چايلار قۇيۇلدى. داستىخان مول ھەم باياشات ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئارمانىدىن سۆز ئاچتى:

— نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا جۇڭگونىڭ 24 تارىخى توغرىسىدا ئەمدىلا سۆز باشلانغاندا، مېھمان كىرىپ سۆزنى ئۈزۈپ قويغانىدى. مەن بۇ 24 تارىخ توغرىسىدا موسكۋادا بىر رۇس تارىخچىسىدىن ئازراق ئاڭلاپ ناھايىتى قىزىققانىدىم. ھازىرمۇ شۇنداق قىزىقىمەن، — دېدى ئۇ داستىخاندىكىلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— بىزنىڭ تارىخنى رۇسلار قانداق بىلىدۇ؟ — دېدى ئابدۇسەمى باي تەنتەكلىك قىلىپ. ئۇ گويا ئۆز سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئالاقزادە بولدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى:

— جۇڭگونىڭ 24 تارىخى دۇنياغا مەشھۇر تارىخ. بۇ تارىخنى يالغۇز رۇسلار ئەمەس، ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار ۋە نۇرغۇن نېمىس ئالىملىرىمۇ ئالاھىدە تەتقىق قىلىدۇ.

— بىز نېمىشقا شۇنداق قىلمايمىز؟ — دېدى ئابدۇسەمى يەنە تەنتەكلىك قىلىپ.

— ئوقۇمىساڭ نېمىنى تەتقىق قىلىسەن! — دېدى مۇمىن ئەپەندى قوپاللىراق تېگىپ. مەخسۇتباي باشلىق ھەممە كىشى ئابدۇسەمىگە مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىق قاراپ قويۇۋىدى، ئۆزىنىڭ ئوقۇمىغان ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئابدۇسەمى كۆپچىلىكتىن كۆزىنى ئەپقېچىپ شاپ بۇرۇتلىرىنى سىلىغان بولۇپ باشقا تەرەپلەرگە قاراپ قۇتۇلماقچى بولدى. مەخسۇتباي پەيتنى قولدىن بەرمەي:

— سەن بىزدەك باينىڭ باللىرى بايلىقىغا ئىشىنىپ ئوقۇمايدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ باللىرى ماغدۇرى يەتمەي ئوقۇيالمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئادەم ئوقۇشسىز قالسا، ئوقۇشسىز قالغان ئەل نېمىنى بىلسۇن! بىزدىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلە مانا شۇ، —دېدى قولىدىكى پىيالىنى داستىخانغا قويۇپ، — بىزدە ئوقۇغانلار بارمۇ دېگەندە — بار. مەسىلەن، دىنىي ئوقۇش ئوقۇغانلارنى ئالساق، ئۇلار دىنىي ئىشلار ئۈچۈنلا ئوقۇيدۇ. خەنزۇچە ئوقۇغانلار بولسا، ئەمەلدار بولۇش، ھېچ بولمىغاندا تۇڭچى ياكى ئەرز خەت يازغۇچى بولۇپ كۈن ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ.ئۇنداقلارنىڭ تارىخ بىلەن كارى بولمايدۇ - دە، نەتىجىدە كۆپ نەر-

سىدىن بىخەۋەر قالدۇ. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام خەنزۇچە ئوقۇ-
مىغانلىقىم ئۈچۈن مەنمۇ كۆپ نەرسىدىن خەۋەرسىز كېلىۋاتقان-
لارنىڭ بىرى ھېسابلىنىمەن. بىراق ئاز - تولا رۇسچە ئۆگىنىپ
قويغانلىقىم ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ 24 تارىخى توغرىسىدا بىر رۇس
ئوقۇتقۇچىسىدىن ئازراق مەلۇماتلارنى ئاڭلاپ قىزىققان بولسامۇ،
ئەمما ئۆزۈم خەنزۇچىنى ئوقۇمىغانلىقىم ئۈچۈن، 24 تارىخنى
بىۋاسىتە كۆرۈپ بەھرە ئېلىشقا ئاجىز كەلدىم، — مەخسۇتباي
قىزىشىپ داۋام قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قال-
غانىدى، — بىزنىڭ ئۇكىمىز، ياش شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
خەنزۇچىنى ئەلا ئوقۇدى، 24 تارىختىنمۇ بەھرە ئالدى. شۇڭا
ئالدىنقى كۈنلەردە تارىخ سەھىپىسىدىن ئازراق سۆز باشلىۋىدى،
ئۆيگە يېڭى مېھمانلار كىرىپ گەپنىڭ بېلىگە تەپتى. شۇنداق
قىلىپ مېنى ئارماندا قويغان. ئەمدى بىز شائىرنىڭ ئاغزىغا قا-
رايلى. بىزگە يەنە بىرئاز تارىخ سۆزلەپ بەرسۇن!

— سۆزلەپ بەرسۇن، — دېيىشتى ھەممەيلەن قوشۇلۇپ.
شۇئانلا ھەممە ئادەمنىڭ كۆز گۆھىرى شائىرغا قادالدى. بۇنىڭ-
دىن بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلغان شائىر، چاپسانلا ئۆ-
زىنى توختىتىۋېلىپ، سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى:

— كېيىنكى كۈنلەردە، — دەپ سۆز باشلىدى شائىر كۆپ-
چىلىككە تەكشى نەزەر تاشلاپ، — خەنزۇچىدا بىرئاز چىشىم
ئۆتىدىغان بولۇۋېدى، بىرمۇنچە جەڭنامە كىتابلارنى كۆردۈم. مە-
سىلەن، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «ئۈچ دۆلەت قىسسى-
سى» قاتارلىقلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ قىزىقتىم. بىركۈنىسى قولۇمغا
«خەننامە» دەپ ئاتالغان بىر تارىخ چۈشتى. بۇنىڭغىمۇ قىزىقىپ
قالدىم. جۇڭگو 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمى-
كى دۆلەت بولغانلىقتىن يېزىلغان تارىخ ناھايىتى كۆپ ئىكەن.
مەسىلەن: خەن ۋۇدى دېگەن پادىشاھ زامانىسىدىن تارتىپ چىڭ
سۇلالىسى دەۋرىگىچە يېزىلغان 24 تارىخ جەمئىي بىر قانچە يۈز

جىلدلىق كىتابتىن ئىبارەت ئىكەن. مەن بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ كېتەلەيمەنمۇ؟ ئەگەر كۆرەي دېسەممۇ بۇ كىتابلار تۇرپاندا يوق. مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن «خەننامە» دېگەن كىتاب ئەنە شۇ نەچچە يۈز جىلد كىتابتىن بىرى. مەن شۇ «خەننامە»دىكى «ھونلار تەزكىرىسى» قىسمىنى زور ئىشتىياق بىلەن نەچچە ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقتىم. بۇ تارىختا يېزىلىشىچە، مىلادىدىن بىر قانچە يۈز يىللار ئىلگىرى «ھون» دەپ ئاتىلىدىغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر شىمالىي ۋە غەربىي رايونلاردا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگودىكى چىن پادىشاھلىرى بىلەن بەزىدە ئىتتىپاق بولۇپ ئىناق ئۆتكەن بولسا، بەزىدە ئۇرۇشۇپ دۈشمەنلىشىپ ئۆتكەنىكەن. ھونلار چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان بولغاچقا، ئات مىنىش، ئوۋ قىلىشقا ماھىر كەلگەن خەلق ئىكەن. ئۇلارنىڭ قۇرغان زور ئىمپېرىيەلىرى ۋە مەشھۇر پادىشاھلىرى بولغانىكەن. ئەڭ چوڭ پادىشاھىنى «تەڭرىقۇت» دەيدىكەن.

— «تەڭرىقۇت» دېگىنى بىزنىڭ «ئىدىقۇت» دېگەنگە ئوخشاش كېلىدىكەن، — دېدى بىرى سۆز ئارىلاپ. شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھونلارنىڭ تىلىدا «تەڭرى» دېگىنى ئاسمان ياكى خۇدا دېگەن ئۇقۇمدا، قۇت دېگىنى «بەخت» مەنىسىدە بولۇپ، «تەڭرىقۇت» دېگەن سۆز «خۇدا بەرگەن بەخت» دېگەن مەنىدە بولىدىكەن، ئۇلار ئۆز پادىشاھلىرىنى ئاشۇنداق ھۆرمەتلەيدىكەن...

— ياپىر. بىز ئاڭلاپ باقمىغانلا سۆزلەر ئىكەن! — دېدى ئابدۇسەمى ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي. بۇيانىقلار ئۇنىڭغا يالت ئېتىپ قاراپ «تىنچ ئولتۇر» دېگەندەك قىلىشتى. شائىر سۆزىنى داۋام قىلاتتى:

— «خەننامە»دە يېزىلغان باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تەزكىرىسى مېنى ئالاھىدە قىزىقتۇردى. باتۇر تەڭرىقۇت دېگىنى تۇمەن تەڭـ

رىقۇتىنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان ۋاقىتلاردا تۇڭغۇس دېگەن بىر خەلقنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك دۆلىتى بولغانىكەن.

— باشقىچىلا ئېتى بارئىكەن، ئۇلار قايسى خەلق؟ — دېدى ئابدۇسەمى يەنە يېنىكلىك قىلىپ.

— ئۇلار ھونلار بىلەن قوشنا بولغان، ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىقى، پادىشاھلىقى بولغان بىر خەلق، كېيىنكى موڭغۇل، مانجۇ قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادى، — دېدى شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — تۇڭغۇسلار پادىشاھى، باتۇر تەڭرىقۇت يېڭىدىن تەختكە چىققىنى، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنمىدى، تېخى ئاجىز دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتىسى تۈمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدىن قالغان داڭلىق تۇلپارنى ماڭا بەرسۇن دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. باتۇر تەڭرىقۇت ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز ۋەزىرلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرىپ، قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ سوراپتۇ، ۋەزىرلەر: «بۇ تۇلپار، تۈمەن تەڭرىقۇت ۋاقتىدىن قۇتاتقان داڭلىق تۇلپار، بۇنى قانداقمۇ بېرىۋەتكىلى بولسۇن!» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەڭرىقۇت ئۇلارغا: «ئۇ بىر ئاتقۇ! بىر قوشنا ئەل ياقتۇرغان ئاتنى نېمە ئۈچۈن بېرىشكە بولمايدىكەن!» دەپتۇ ۋە تۇلپارنى كەلگەن ئەلچىلەرگە بېرىپ قايتۇرۇپتۇ. تۇڭغۇسلارنىڭ پادىشاھى تۇلپارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، باتۇر تەڭرىقۇت مەندىن قورقىدىكەن، بولمىسا تۇلپارنى بەرمىگەن بولاتتى، دەپ ئويلاپ يەنە: «باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. خوتۇن قىلىشنى خالايمەن»، دەپ ئەلچىلەرنى ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەر كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن باتۇر تەڭرىقۇت ۋەزىرلىرىنى توپلاپ ئۇلاردىن يەنە مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەر بۇگەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا ساقاللىرىنى تىترىتىپ: «بۇ تولىمۇ يولسىز تەلەپ بوپتۇ. بۇنىڭغا قان-

داقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ دەرھال ئەسكەر
تارتىپ ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىشلىرىنى تەلەپ قى-
لىمىز!» دەپ قۇللۇق قىپتۇ. باتۇر تەگرىقۇت ۋەزىرلەرنىڭ سۆ-
زىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «بىر ئايالغۇ، قوشنا ئەلنىڭ پادىشاھى
ياقتۇرغان بىر ئايالنى نېمىشقا بەرگىلى بولمايدىكەن!» دەپتۇ -
دە، ئۆزىنىڭ ئامراق كۆرىدىغان كىچىك خوتۇنىنى بېزەشتىپ ئەل-
چىلەرگە قوشۇپ ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. توڭخۇسلارنىڭ پادىشاھى تەڭ-
رىقۇتنىڭ خوتۇن ئەۋەتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، باتۇر تەگرى-
قۇت راستىنلا بىزدىن قورقىدىكەن، بولمىسا خوتۇنىنى ماڭا ئە-
ۋەتىپ بەرمىگەن بولاتتى دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ ئەل-
چىلەرنى ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئەۋەتىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ: «چېگرا
قاراۋۇللىرىمىز تۇرغان يەرلەرنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىدە تەگرى-
قۇتقا تەۋە بىر پارچە بوز يەر بار. مەن شۇ جايلارغا ئىگە بولۇش-
نى خالايمەن. مۇندىن كېيىن ھونلار بۇ جايلارغا ئاياغ باسمى-
سۇن»، دەپتۇ. باتۇر تەگرىقۇت ۋەزىرلىرىنى توپلاپ بۇ ھەقتە
مەسلىھەت سورىغاندا، ۋەزىرلەر بىرىنچى قېتىمدا تۇلپارنى، ئىك-
كىنچى قېتىمدا خوتۇنىنى ئەۋەتىپ بەرگەن يەردە، قاغجىراپ
تۇرغان بىر پارچە سېرىق جاڭگالنى بېرىۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەس
دېگەن تونۇشقا كېلىپ: «بېرىۋېتىش كېرەك، تاشلىنىپ ياتقان
بىر پارچە جاڭگال يەرغۇ!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. باتۇر تەگرىقۇت
ۋەزىرلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: «بۇ قان-
داق مۇمكىن بولسۇن، زېمىن دېگەن دۆلەتنىڭ ئاساسى، زېمىن
بولمىسا دۆلەت بولامدۇ!» دەپتۇ - دە، — ھەممە ئادەم ئاتلانسۇن،
مېنىڭ ئېلىمدە بۇ قېتىمقى يۈرۈشتىن قېچىپ قالغۇچىلار بولسا كال-
لىسى ئېلىنسۇن!» دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن
ئەل قوزغىلىپ توڭخۇسلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، بىرلا ھۇجۇم
بىلەن توڭخۇسلارنى يېڭىپ، پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىلگىرى تو-
مەن تەگرىقۇت ۋاقتىدا قولدىن كەتكەن بىرمۇنچە زېمىنلارنىمۇ


AltunOq

قايتۇرۇۋاپتۇ.
— تەقسىر... بىز ئاڭلىمىغان ئاجايىپ ئىشلار بار ئىكەن-ھە! — دېدى ئابدۇسەمەد باي ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي. شائىرنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق يېڭى سۆزلەر چىقىدىغانلىقىغا تەقەززا بولۇپ قاراپ ئولتۇرغان مېھمانلار، ئابدۇسەمەدنىڭ سۆزىگە قىسلغانلىقىنى ياقتۇرماي نارازى بولۇپ قاراپ قويۇشتى. ئەمما شائىر دىققىتىنى بۇزماستىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— مەن بۇ تەزكىرىنى ئوقۇۋېتىپ شۇنى ھېس قىلدىمكى: باتۇر تەگىرىقۇت، دۆلەت زېمىنىنى يەنى ۋەتەننى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق راھەت - پاراغەتلىرى ۋە سەلتەنەتلىك دەۋرانلىرىدىن ئۈستۈن كۆرگەن ئالىي پەزىلەتكە ئىگە داھىي. ماڭا ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپى قاتتىق تەسىر قىلدى، — دېدى.
— ھەممىمىزگە شۇ! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى شائىرنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، — بىزگىمۇ مۇشۇ ئۇقتىسى تەسىر قىلدى. تارىختا ئۆتكەن يۈزلىگەن - مىڭلىغان پادىشاھلار ئوتتۇرىسىدا بولغان جېدەل - ماجرالار، قانلىق جەڭلەرنىڭ تولىسى قىز - مەلىكە تالىشىش، ئابروي تالىشىش، مەنمەنلىك قىلىشتەك سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇش - تالاش قىلىپ، دەريا - دەريا قان تۆكۈپ، ئەل ۋە يۇرتلىرىنى خانىۋەيران قىلىشقان. باتۇر تەگىرىقۇت بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتقان، ئۇ ئىززەت - ئابرويدىن، ھەتتا خوتۇنىدىن ۋاز كېچەلىگەن. ئەمما بىر پارچە زېمىن مەسىلىسىگە كەلگەندە، پۈتۈن ئېلىنى سەپەرۋەر قىلىپ جەڭگە ئاتلانغان. بۇ ھەرقانداق پادىشاھلاردا بولۇۋەرمەيدىغان شاھانە پەزىلەت.
مېھمانلار باش لىڭشىتىپ خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلىشاتتى. مەخسۇت مۇھىتى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— بۈگۈن مېنىڭ يەنە بىر خۇش بولغان يېرىم شۇكى، —

دېدى ئۇ قولىدىكى پىيالىنى ئورنىتىپ ئولتۇرۇپ، — ئوقۇشنى مانا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك ئوقۇش كېرەك. بۈگۈن ئۇ خەنزۇچىنى تۇڭچىلىق قىلىپ جان بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، بۇنىڭغا كىم خۇش بولمايدۇ؟ ھەممە ئادەم خۇش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۈگۈن ئۇ بىزگە جۇڭگونىڭ 24 تارىخىدىن خۇددى دەريادىن تامچە دېگەندەك كىچىككىنە بىر تەزكىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ھەممىمىزنى تەنتىرىتىۋەتتى، شۇنىڭدەك كاتتا دەرس ئۆتتى. ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا كىتابلاردا زىكرى قىلىنىپ تىللاردا داستان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بىز مۇشۇنداق تەرەپلىرىگە خۇش بولىمىز.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان مەدھىيىسىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يۈزىگە سەل - پەل قىزىللىق ئۆرلىگەنىدى.

— بىزنىڭ يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئەۋلادلىرىمىز مۇشۇ تەقلىدتە ئوقۇپ يېتىشىپ چىقسا، ئۇ چاغدا ئەھۋالىمىز قانچىلىك ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى ئەتىگەندىن قولاق سېلىپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان ھېساملىدىن زۇپەر.

— ئەگەر بىزنىڭ ئاچقان مەكتەپلىرىمىز تاقىلىپ قالماي، مۇشۇ كۆڭلەرگىچە داۋام قىلغان بولسا، كۆپلىگەن زىيالىيلار يېتىشىپ چىققان بولاتتى! ...، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئېغىر نەپەس ئېلىپ.

— چۆجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق دېگەندەك، ھەممە ئىش يەنە ئۆزىمىزدىن بولدى، — دېدى لېتىپ ئەپەندى غەزەپ بىلەن. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئارقىلىق مېھمانخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆز ئالدىغا، ئاشۇ يىللىرى مۇتەئەسسىپ موللىلارنىڭ

چۇقان كۆتۈرۈپ ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەرگە قارشى چىققانلى-
قى ئۈرۈمچى دۇدۇسى ياڭ زېڭشىنغا ئەرز - شىكايەت سۇنغان-
لىقى، قارا ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىگە ئېتىبار
بېرىپ شۇ باھانە بىلەن مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى جا-
زالاپ تارقىتىۋەتكەن ئاچچىق ئۆتمۈشلەر تىزىلىپ كەلگەنىدى.

— شۇنداق، ھەممە ئىش ئۆزىمىزنىڭ شۇمالۇقىدىن بول-
دى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، — مۇتەئەسسىپ
ئىشان - موللىلار، بىز ئاچقان مەكتەپلىرىمىز ئۈستىدىن چۇقان
كۆتۈرۈپ ئەرز قىلىشىدى، يۇرتىمىزنى جاھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۆز
ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ياڭ جياڭجۈنگە ئۇ ئىش ياغدەك
ياراشتى. بىر بۇيرۇق بىلەن مەكتەپلىرىمىزنى ياپتۇرۇۋەتتى. يىل-
لار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، خەلق نادانلىق، جاھالەت پاتقاقلىرىغا
بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. بىلگەن ئادەمگە بۇ ئېيى-
تىپ تۈگەتكۈسىز، چىداپ تۇرالمىغۇسىز ئېغىر دەرد. بۇ دەردلەر-
گە ئۆلەمدۇ كىشى — ئۆچەمدۇ كىشى! ...

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاۋۇشى تىت-
رەپ كەتتى. ئۇ قاتتىق ھاياجانلانغان ۋە غەزەپكە كەلگەنىدى.

— تاھىربەگنىڭ① سۇن جۇڭسەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن
ئىشلىرىمۇ بىر تەرەپكە قايرىلىپ قالدى، — دېدى مۆمىن ئەپەن-
دى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سۇن جۇڭسەن ئەپەندى شىنجاڭ-
دا مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇڭلار دەپ ياخشى سۆز قىلغا-
نىكەن.

— سۇن جۇڭسەن ئەپەندى دېگەن كاتتا ئادەم، شىنخەي
ئىنقىلابىنى قوزغاپ 2000 يىللىق فېئوداللىق خانلىق تۈزۈم -

① تاھىربەگ — شۇ دەۋردىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىي. 1 - قېتىملىق خەلق قۇ-
رۇلتىيىغا شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەر تەركىبىدە بېرىپ سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنى زۇڭ-
تۇڭلۇققا سايلاشقا قاتناشقان ھەمدە سۇن جۇڭسەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭ-
دا مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرغان.

نى ئاغدۇرۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا جۇمھۇرىيەت قۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، دۆلەت ئاتىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما بۇ جۇمھۇرىيەت بىزنىڭ شىنجاڭغا يېتىپ كەلگىنى يوق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى غەزەپ بىلەن.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆي ئىچى بىر مەزگىل تىنىق سۈدەك سۈكۈتكە چۆمگەندى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن چوڭقۇر خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئالامەتلەر كۆرۈنەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز قىلىپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىققا خاتىمە بەردى:

— سۇن جۇڭسەن ئەپەندى تارىخنى توغرا خۇلاسىلەپ، جۇڭگو دۆلىتى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتنىڭ ئورتاق دۆلىتى. جۇڭگو مەدەنىيىتىمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان مەدەنىيەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى كېرەك دەپ ناھايىتى توغرا قويغان. باراۋەرلىكى تەمىن ئېتىلمىگەن مىللەتلەرنىڭ ئىناق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەپسۇسكى، بۇ سۆز ئېيتقان يەردە قالدى. بۇ يەردە بولسا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەۋاتىدۇ. ياڭ جېڭشىنىڭ خەلقنى نادان قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش دېگىنى ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسىگەنلىكى. چۈنكى، خەلق ئوقۇپ ئويغانسا، تەڭسىزلىك ئاساسىدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جاھالەتلىك سىياسەتكە قارشى چىقىپ، باراۋەرلىك تەلەپ قىلىدۇ، ئىستىبداتلىققا قارشى چىقىپ، جۇمھۇرىيەت تەلەپ قىلىدۇ، دەپ قورقۇپ، مىللىي مائارىپىمىزنى بوغماقچى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ مەقسىتى مانا شۇ!...

ساھىبخان تاماق تارتتى. مېھمانلار تاماق ئۈستىدە يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەشتى. سۇن جۇڭسەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى شىنخەي ئىنقىلابى، شۇ يىللىرى ئىچكى جۇڭگودا ئەۋج ئالغان مىلىتارىستلار ئۇرۇشى، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى،

تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئىنقىلاب توغرىسىدىكى سۆز - مۇلاھىزىلەر ئۇلارغا قىزىقارلىق تېما ئىدى.

تاماقتىن كېيىن مېھمانلار تالا - تۈزگە چىقىپ پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگەچ، كەچ تەرەپتىكى ساپ ھاۋادا سەگىدىشتى. تۆرەخانىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېتىشتۈرگەن بېغىنى سەيلە قىلىپ، رەتلىك ئۆستۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنى، مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدە شېخىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن ئالما، نەشپۈت، شاپتۇللارنى تاماشا قىلىشتى، مەرۋايىتتەك پارقىراپ پىشقان ئۈزۈملەرنىڭ ساپاق - ساپاق ساڭگىلاپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ ھەيران بولۇشتى. سەيلە داۋامىدا ھەركىم خالىغان مېۋىلەرنى ئۈزۈپ يەپ ھۇزۇر قىلىشتى. كۈن ئولتۇرۇپ قاش قارايغان چاغدىلا، ئاندىن بىرلەپ - ئىككىلەپ جەم بولۇشقان مېھمانلار كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇشۇپ، شېرىن سۆھبەت بىلەن كۆڭۈل كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ سۆز سۆھبىتى مول ئىدى. سۆزنىڭ بېشى تيەنجىن - بېيجىڭدىن باشلانسا ئاخىرى موسكۋا، لېنىنگرادتىن چىقاتتى. دۇنيادىكى ھەر خىل تەرەققىياتلار ئەسلىنەتتى. تارىختىن سۆز ئېچىلسا، ئىدىقۇت، بەشبالىقتىن باشلىنىپ قاراخانىلاردىن، سەئىدىيە خانلىرىدىن چىقاتتى. بىر دەمدە قۇنتاجى، ئاپئاق خوجا توغرىلىرىدا سۆزلىشىپ ئاخىر تۆمۈر خەلپە، سويىدىن خەلپەلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى تىلغا ئالاتتى، بىر دەمدە يۇرتنىڭ جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىقلار ئۈستىدىن شىكايەت باشلىسا، بىر دەمدە ئۆز يۇرتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىپ، تۈرلۈك پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى...

ساھىبخان ئىككىنچى قېتىم داستىخان سېلىپ كەچلىك تاماق كەلتۈرۈش تەييارلىقى كۆرۈۋاتقاندا، كۆپچىلىك شائىردىن بىردىن شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتى. تەلەپكە بىنائەن شائىر يېڭى يېزىلغان بىر شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى:


AltunOq

## تۇرپان كېچىسى

نېمىدېگەن ئىسسىق، نېمىدېگەن دىمىق،
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى.
بوغۇلدى نەپەس، بۇرۇقتۇم قەپەز،
تەرلىتەر چىپ-چىپ تۇرپان كېچىسى.

سايلاردىن سوقسا ئىسسىق شاماللار،
يىغلار بۆشۈكتە تەرلەپ باللار.
ئەللەي ئېيتىدۇ بەزلەپ ئانىلار،
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى.

تۇرار جىمىرلاپ كۆكتە يۇلتۇزلار،
باغلاردا سولغۇن گۈللەر — قۇندۇزلار.
يەلپۈگۈچ قولدا زارلانغان سۆزلەر
نېمىدېگەن تىنچىق تۇرپان كېچىسى.

جۈجەلەر گويا تامچىلانغان ياش
يىغلاۋاتقاندەك يۇرتتا قىرى-ياش.
قاچان چىقاركىن قۇياش ئېتىپ قاش؟
دەھشەت قاراڭغۇ تۇرپان كېچىسى.

قاچان نۇر چېچىپ ئاتار-ئالتۇن تاڭ،
ئاتىمادىكىن دەپ بولمىغىن ھاڭ-تاڭ.
سۈبھى يورۇدى، يورۇدى بۇ تاڭ،
بەربىر ئۆتەر تۇرپان كېچىسى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ تۈڭلۈكتىن، خىزدى تۈگـ
مەننىڭ نۇرىدىن چۈشۈۋاتقان سىزدەك كۆرۈنىدىغان بىر تىلىم
شولىسى ئۆينىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ تۈن
نىسبى بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېخىچە يېزىۋاتاتتى. پەنجىرە تۈۋىگە
توختىتىلغان چوڭ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لامپا چىراق سۈت
يۈزىگە ئۇيۇغان قايماق رەڭگىدە سارغۇچ نۇر چېچىپ، شائىرنىڭ
مەشغۇلاتىغا ياردەم بېرەتتى. پەنجىرىدىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن
تاغ شامىلى، شائىرنىڭ چىراغ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان كەڭ
پېشانىسى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى سۆيۈپ، چەكسىز ھوزۇر بەخش
ئېتەتتى. مۇنداق تىنچ، مۇنداق سالقىن شارائىتتا شائىرنىڭ ئىلـ
ھامى خۇددى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان
ئەزىم دەريا سۈيىدەك شارقىراپ، ئۈنچە - مارجان چاچرىتىپ شوخ
ۋە راۋان ئاقاتتى.

ئاۋۋال ئاخشامدىن تۈن نىسبىگىچە ئىجادىي مېھنەت قىلىپ
تاۋاق - تاۋاق قەغەزلەرنى شېئىرىيەتنىڭ ئېسىل مەرۋايىتلىرى

بىلەن كەشتىلەپ، بىباھا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقارغان شائىر
بەدەن - بېشىغا ھارغىنلىق يەتكەنلىكىنى سېزىپ ئارام ئالماقچى
بولدىيۇ، ئېسىگە قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىش كەلگەندەك بولۇپ،
يەنە توختاپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا قەدىردان دوس-
نى چىراغقا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىشى كەلگەندى. شۇڭا
ئۇ دەرھال بىر ۋاراق قەغەز ئېلىپ، ئوخشاش تۆت بۇلۇڭ شەك-
لىدە پۈكلەپ چىقتى - دە، ھەر بىر بۇلۇڭغا غەزەل شەكلىدە بې-
غىشلىما يېزىشقا باشلىدى:

تۈننى كۈندۈزدەك قىلۇرلەر خۇددى گۆھەر بۇ چىراغ،
نۇرىنى ئالغان قۇياشنىڭ نۇرى جەۋھەر بۇ چىراغ.

قاپقاراڭغۇ تۈندە نۇرىنىڭ مەنبەسىدۇر بۇ چىراغ،
تۈندە ئازغان - تېنىگەننىڭ مەشئەلىدۇر بۇ چىراغ.

تۈندە بولماس ئالغىلى قەلەمنى يوق بولسا چىراغ،
قانچە يازسام شۇنچە قاينار تۈندە بۇ دەردى پىراغ.

ئابدۇخالىق كۈن - تۈنى بىدارى بولغىن ئۇيقۇدىن،
خۇددى بىر پەرۋانە بول كەتمە لېكىن نۇردىن يىراق.

غەزەلنى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، قەغەزنى پۈكلەپ،
ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى - دە، ئېھتىياتچانلىق بىلەن
لامپا شىشىسىگە كىيدۈرۈۋاتقاندا، ئايىمخاننىڭ «ئۇھ ...» دەپ
ئۇزۇن تىن تارتقانلىقى ئاڭلاندى.

ئۇ ئويغانغانىدى. بۇنى سەزگەن شائىر قەغەزنى شىشىگە
كىيدۈرۈپ بولۇپلا، بۇرۇلۇپ ئايىمخاننىڭ بۇلاقتەك يالنىراپ تۇر-
غان شەھلا كۆزىنى ئۇچراتتى.

— نېمە بولدىلا، ئويغىنىۋاپتىلاغۇ؟ — دېدى شائىر يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

— تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ. ئۆزلىرىنى قاچان بولدى قىلاركىن دەپ قاراۋاتىمەن، — دېدى ئايىمخان ئۇيقۇلۇقىدا چىقىدىغان چۈچۈك ئاۋازدا.

— تېخى ئەتىگەنغۇ؟

— ئايغا قارىسىلا، چۈش بولۇپ قاپتۇ، — دېيىشىپ ئايىمخان بۇلاقتەك چوڭ كۆزلىرىنى ئەپقاچقاندەك قىلىپ تۆۋەن قاراپ جىم يېتىۋالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەكلىك قاشلىرى ئاستىدىكى رەڭلىك بادام قاپاقلىرى تولۇق ئېچىلىپ بىر ھۆسنىگە ئون ھۆسن قوشۇلغانىدى. قەدىردان دوستىنىڭ بۇ قەدەر گۈزەل ھەم يېقىملىق جامالىدىن تەسىرلەنگەن شائىر، بىرئاز تەسەللى ئېيتماقچى بولۇپ:

— يازغانلىرىمنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ ياتاي دەۋاتاتتىم، — دېدى.

— ئۇھ ...، — ئايىمخان ئۇزۇن تىن تارتىپ شائىرغا لەرزان قاراپ قويدى.

— ھە ... يەنە نېمە ئۇھ؟

— مەنمۇ خەت بىلگەن بولسام ئارمان قىلىۋاتىمەن، — دەپ ئايىمخان كۆزىنى ئېچىپ شائىرنىڭ كۆزىگە قادالدى.

— بىلسىلە قانداق قىلماقچىدىلا؟ — شائىر قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ خۇددى قۇيمىدەك قوش ئېڭىكىنى ئەركىلىتىپ كۆتۈرۈپ قويدى.

— قانداق قىلماقچى، ئۆزلىرىگە ياردەم قىلاتتىم، — دېدى ئايىمخان مىيىقىدە كۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاپئاق چىشلىرى چىراغ نۇرىدا سەدەپتەك يالتىرايتتى.

— ئۇنىڭسىزمۇ جىق ياردەم قىلىۋاتىدىلا.

— نەدىكىنى؟ — ئايىمخان يەنە بىر قېتىم ھەسرەتلىك

ئۇھ تارتىپ قويدى.

— ئاتام مېنى قىز بالا دېگەننىڭ ئانچە - مۇنچە قۇرئان ساۋاتى چىقسىلا بولدى دەپ ئوقۇشتىن بالدۇر توختىتىۋالغان. ئەگەر شۇنداق قىلمىغان بولسا، مەنمۇ كىتاب ئوقۇپ ھۆسن خەت مەشق قىلىپ، خەت ئوقۇش - خەت يېزىشنى بىلگەن بولاتتىم. ھازىر نېمىدېگەن ئىش بۇ! ئۆزلىرى يازغان خەتلەرگە خۇددى قارىغۇ كىشىدەك قاراپلا قالىدىكەنمەن. قانچىلا خىيال قىلسام، بىزنىڭ ئۇنداق ئوقۇغانلىرىمىز ھېچنېمىگە دال بولمايدىكەن. قۇرئان ساۋاتى چىقىرىش دېگىنى بىزنى زىر - زەۋەرنىڭ سىرتىغا چىققىلى قويمايدىغان بىر ئوقۇشكەن. قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇدەك، — ئايىمخان بۇ سۆزنى قىلىۋېتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئاچچىق كۈلكىلىك بولغىنى ئۈچۈن شائىرمۇ قوشۇلۇپ كۈلگەنىدى.

دۇنيادا ئەڭ قەدىرلىك دوستى ئايىمخاننىڭ بۇكېچە ئۆيتەۋۇلۇقتا قىلغان سۆزلىرى گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، ماھىيەتتە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن، بارلىق كۈلپەتلەر، مىللەتنىڭ كۆزىنى كورھالەتتە قالدۇرغان سەۋەبلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى بولغان كونىچە ئوقۇتۇشقا قارشى شىددەتلىك ئىسيان ئوتى يالقۇنلاۋاتاتتى. بۇنى چۈشەنگەن شائىر، ئايىمخان بىلەن چوڭقۇرلاپ سۆزلەشمەكچى بولۇپ:

— ئەجەب كاتتا سۆز قىلدىلا، مەن سىلىنى بۇنچىلىك چوڭقۇر تونۇشتا بولار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن، — دېدى.

— شۇنداق، سىلىنىڭ مېنى ئۇقمايدىغانلىقلىرىنى بىلىمەن، — دېدى ئايىمخان قېيداپ.

— ياق ئۇنداق ئەمەس، مەن سىلىنى چوڭقۇر بىلىمەن. ئەمما ھازىر بىباھا قىممەتلىك سۆزلەرنى قىلىپ مېنى ھەيران قالدۇرغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇنداق قويدۇم، خاپا بولمىسىلا، جېنىم! — شائىر يالۋۇرۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى، —



AltunOq

بېشىمىزدىكى بارلىق كۈلپەتلەرنىڭ مەنبەسى ئۆزلىرى ئېيتقان زىر - زەۋەرنىڭ سىرتىغا چىقالماسلىقىمىزدا، شۇنىڭدەك ھېچ نەرسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەسلىكىمىزدە. ئۆزلىرى بۇنى ئوبدان خۇلاسىلەپ بەردىلە. مەن بۇنىڭغا تولۇق قوشۇلىمەن، — شائىر ئايىمخاننى ئۆزىگە ئاستا تارتىپ ئۇنىڭ ئالمىدەك سۈزۈك ھەم خۇش بۇي مەڭزىلىرىنى پۇراپ مېھرىبانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەنە داۋام قىلدى، — زىر - زەۋەرنىڭ سىرتىغا چىقالمىغانلىقىمىز ۋەجىدىن بىزنى نادانلىق، خۇراپاتلىق قاپلاپ كەتتى. مۇشۇ تاپتا ھەممىلا يەردە لىچەك سالغان بۇۋىلەرنىڭ «ھۇ... ئاللا»سى بىلەن ئىشان - سوپىلارنىڭ «زىكرى ساما»سى، ھەممىلا يەردە تاپقاق، بۇۋى، داخان، پېرىخۇنلارنىڭ خۇراپاتلىق ئەقىدىلىرى ئەۋج ئالدى. ئۇلار ئىشلىمەي - چىشلەيدىغانلار، بىر كىشىلىك تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈنلا، ئالدامچىلىق قىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خەلقنى بىخۇدلاشتۇرماقتا. بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق، ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاپەت. بۇ ئاپەتنىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى خەلقنى ئويغىتىش، بۇنىڭ ئۈچۈن مەرىپەت كېرەك، مەكتەپلەر ئېچىپ ئۆزلىرى تەلەپ قىلغان ئىلىم - مەرىپەت بىلەن خەلقنى زىر - زەۋەرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك. بۇ بەك مۇھىم ھەم قىيىن ئىش. مېنى ھازىر كېچىلىرى ئۇخلاتمايۋاتقان قايغۇ ئەنە شۇ. كېچىلىرى ئۇخلىماستىن دەردىمنى قەلەم ئارقىلىق چىقارماقچى بولۇۋاتقىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ مانا مۇشۇ يەردە ...

بۇ سۆزلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان ئايىمخان، ئالدىدا ئولتۇرغان شائىرنىڭ قەددى - قامىتى تەڭرى تاغلىرىدىنمۇ ئېگىز، شان - شەرەپتە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ھەققانىيەت جەڭچىلىرىنىڭ غالىب سەركەردىسىدىنمۇ ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەكتەپ ئاچسىلا، مەنمۇ ئوقۇيمەن، — دېدى قەتئىي

تەلەپ قويۇپ.

— مەكتەپ ئېچىش ياخشى ئىش، بىراق ئۇنىڭغا يول قويۇلمايدۇ - دە!

— نېمىشقا؟

— ئۇلار مەكتەپتىن قورقىدۇ. خەلقنىڭ ئويغىنىشىدىن قورقىدۇ، — دېدى شائىر ئاستا چۈشەندۈرۈپ، — خەلق ئويغانسا ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتىپ، ئۇلارنىڭ نادان قالدۇرۇش سىياسىتىگە قارشى چىقىدۇ، خەلق قوزغالسا، ئۆزلىرىنىڭ موقەددەس هوقۇقلىرىنى تونۇپ يېتىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ مۇستەبىت هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ، تەختى - بەختىنى گۇمران قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قورقىدۇ.

ئايىمخان بۇ سۆزلەرنى خۇددى دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. شائىر سالماقلىق سۆزلەپ چۈشەنچە بېرىشنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزنىڭ مەكتەپ ئېچىشىمىزغا دىنىي، خۇراپىي ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ ئەڭ خەتەرلىك هەم زەهەرلىك قارا كۈچ. بۇ قارا كۈچلەر خەلقنىڭ ئويغىنىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. چۈنكى ئۇلارغىمۇ جاهالەت پاتقاقلىرىغا پاتقان، نادانلىق ئۇيقۇسىدا ياتقان جەمئىيەت كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، ئۆزلىرىنىڭ پايدا - مەنپەئەتىنى تاپالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار هەرقانداق ئىجتىمائىي ئويغىنىش هەرىكەتلىرىگە قارشى چىقىدۇ. مەسىلەن، مەخسۇتباي تاتارىستاندىن ئىككى نۆۋەت ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئاسنانىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىر مەزگىل يولغا قويۇلۇۋېدى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر پىتنە - ئىغۋا كۆتۈرۈپ: «مەخسۇتباي جەدىدى① مەكتەپ ئاچتى، هېساب، جۇغراپىيە دەپ بىسمىللاسى يوق بىر نېمىلەرنى

① جەدىد - يېڭىلىق تەرەپدارى.

ئوقۇيدىكەن، يەرنى يۇمىلاق دەيدىكەن»، دېگەندەك پىتنە-پاساتلارنى توقۇپ، ياڭ زېڭشىنغا ئەرز-شىكايەت قىلىشتى. يېڭىچە مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇۋېتىشكە باھانە تاپالمايۋاتقان ياڭ زېڭشىن ئۇلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى كۆرۈپلا، بۇيرۇق بىلەن يېڭىچە مەكتەپلەرنى ياپتۇرۇۋەتتى، ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلىدى، ھەتتا سۈرگۈن قىلدى. بۇ 1918-يىللىرى بولغان ئىشلار. ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتكەندە، قەشقەردە يەنە بىر پەللە مەرىپەتچىلىك باشلاندى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام باشلامچىلىق قىلىپ، مەدرىسلەردىكى كونىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىلىرىدىن پۇل ئاجرىتىپ يېتىم-يېسىرلارنى پەرۋىش قىلىشنى يولغا قويدى. ئەڭ مۇھىمى چەت ئەلدىن كەلگەن دىن ئوغرىلىرىغا ① قارشى تۇردى. ئەپسۇسكى، ئابدۇقادىر داموللىنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكنى ھىمايە قىلىشىنىڭ ئورنىغا، بىر تۈركۈم بايلار بىلەن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئەڭ ئاخىردا بۇ قارا كۈچلەر سۇيىقەست قىلىپ مەرھۇم داموللىنى قەتلى قىلدى.

ئايىمخان قانداقتۇر دەھشەتلىك پاجىئەنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەندەك، ئىچىگە قاتتىق تىن تارتىپ شائىرغا قاراپ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ بويى سىرقىراپ تېنى تىترەۋاتاتتى. شائىر ئۇنى دەرھال ئۆزىگە يېقىن تارتىپ، «قورقماڭ» دېگەندەك يۈرەك بېرىش ئىپادىسى بىلەن قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنىڭ بىلەن مەرىپەت ئاسمىنىدىكى يەنە بىر چىراغ ئۆچۈپ، تەرەققىيپەرۋەرلىك ھەرىكىتى يىمىرىلگەندەك بولدى.

— ئۇنىڭدا بولامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە بولمايدۇ. خەلقنىڭ مەرىپەتكە بولغان تەلىپى ھەرگىزمۇ بېسىلىپ قالمايدۇ. بەلكى تۇسقانسېرى شۇنچە كۈچىيىدۇ. مانا ئۆزلىرىمۇ شۇ تەلەپكارلاردىن بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن

① مىسسىيونېرلارنى يەرلىك خەلق دىن ئوغرىسى دەپ ئاتايتتى.

يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئاچمايدىغان بول-
ساق، خەلقىنىڭ شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قانداقمۇ
قانائەتلەندۈرگىلى بولسۇن! بۇ يولدا ھەرقانداق تۇسالغۇلارنى
بۆسۈپ ئالغا مېڭىشىمىز كېرەك. «مانە ئىنىڭ كۆپ بولسىمۇ قورق-
ماي ئۆزۈپ ئالغا باس!» بۇ بىزنىڭ ھازىرقى شوئارىمىز...

ئايىمخان شۇ كېچىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن يەنە نۇرغۇن
سۆزلەرنى ئاڭلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى گويا دىلدىن-دىلغا كۆچ-
كەن سۆزدەك ئايىمخاننىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭگەنىدى. گويا بۇ
قۇدرەتلىك سۆزلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر كۈچ-قۇۋۋەت
پەيدا قىلىپ، قانداقتۇر جۇشقۇنلۇق غايە ۋە مۇستەھكەم ئىرادە
تىكلىگەن ئىدى.

شۇ كېچىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر
ئۈستىدە ئۇزۇن سۆزلىدى. سۆز تۈگىمىدىغان!؟ ئايىمخانمۇ شا-
ئىرنىڭ سۆزلىرىگە تويامىدىغان!؟

بىر كۈنلۈك مەشغۇلات، بىر كۈنلۈك ھەركەت... بۇنىڭدىن
كېلىدىغان مۇقەررەر ھارغىنلىق ھامان غالىب كېلەتتى. شۇڭا
بۇلار چاپلىشىپ يېتىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

# تۆتىنچى باب

## 1

«مەكتەپ ئاچىلا، مەن ئوقۇيمەن!»

بۇ تەلەپ جاندىن ئەزىز مېھرىبانى ئايىمخانىڭلا تەلىپى بولۇپ قالماستىن، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان خەلقنىڭ، ئەزىز پەرزەنتلەرنىڭ ئارزۇ ـ تىلىكى ئىدى. بۇنداق ئومۇمىي تىلەكنى قانداقمۇ ئېتىبارسىز قالدۇرغىلى بولسۇن!؟ بۇنىڭغا ئېتىبار قىلماسلىق، ياش شائىرنىڭ ۋىجدانىغا قانداقتۇر نومۇس ۋە خىجالەت تۇيغۇسى بېرەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ توغرىدا تولا ئويلاپ بىرقانچە كۈنگىچە تۈزۈك ئىش قىلالمىدى. بولۇپمۇ كېچىلىرى بۇ خىيال مېڭىسىگە كىرىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاتمايتتى. بىر كۈنى بۇ مەسىلە توغرىسىدا مەسلىھەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ تۈپ توغرا ھېسامىدىن زۇپەرنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپلا:

— ھېسامىدىن ئاكا، مەن مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، — دېدى سالام بېرىشىنىڭ ئورنىغا.

— كېلىڭ شائىر، — ھېسامىدىن زۇپەر ھېسابات دەپتىرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ شائىرغا قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن «قېنى سۆزلەڭ، ئاڭلايلى» دېگەندەك ئوچۇق ۋە قىزغىن پوزىتسىيە



AltunOq

كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەكتەپ ئاچساق دەيمەن، — دېدى شائىر ھاياجانلىنىپ.

— بۇ ياخشى گەپقۇ! مەن ماقۇللايمەن. قېنى ئويلىغانلىرىڭىز قانداق؟ ئاڭلايلى.

— ھازىرچە بىرەر سىنىپلىق ئاچساقمىكىن.

— ئورنىچۇ؟

— ئورنى بىزنىڭ ھويلا بولىدۇ.

— مەخسىيم ئاكامنىڭ خەۋىرى بارمۇ؟

— تېخى سۆزلەشمىدىم. ھەققانىي ھەرىكەتكە ئاتامىمۇ ياق دېمەس.

— قىزغىنلىقىڭىزغا بارىكاللا! — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر خۇددى كۆڭلىدىكى گەپنى تاپقان كىشىدىن مىننەتدار بولغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ، — سىزنىڭچە بولغاندا بۇ ئىشلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بار، شۇنداقمۇ؟

— دۇنيادا تولا ئىشلار جۈرئەتتىن تۇغۇلىدۇ، — دېدى شائىر ئۈمىدۋارلىق بىلەن، — يەڭنى تۈرۈپ بۆسۈپ ئىشلەپ كۆرسەك، تەۋەككۈل دەرياسىغا سالدىم كېمەمنى، يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن، دېگەندەك بىرگەپ بولماسمۇ؟

— بۇ گەپلىرىڭىز توغرا، ئەمما، — ھېسامىدىن زۇپەر بىر تىنىم قاپقارا بۇرۇتىنى سىلاپ سەل ئويلىنىۋالغاندەك بولۇپ داۋام قىلدى، — مەكتەپ ئېچىش مەسىلىسى ھازىرقى ئەھۋالدا چوڭ ھەم قىيىن ئىش. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قېرى جياڭجۈن ① نىڭ مىجەزىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ بەكراق خۇنخور ئادەم. مىللىي مائارىپنى چەكلەشنىمۇ بۇ ئادەم ئادەتتىكى كۆز قاراش بىلەن چەكلەۋاتقىنى يوق. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى خەلقنى جاھالەتتە، نادانلىقتا قالدۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جاھالەتلىك سىيا-

① قېرى جياڭجۈن — ياڭ زېڭشىننى ئادەتتە خەلق شۇنداق ئاتايتتى.

سىنىڭگە بىزنىڭ ئاكىمىز مۇتەئەسسىپ مۇللىلىرىمىز ياردەم بېرىۋا-
تىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى گەرچە سىز ياش بولسىڭىزمۇ ئەتراپلىق
چۈشىنىسىز. ماقۇل بىز تەۋەككۈل قىلىپ مەكتەپ ئاچتۇق دەيلى،
بۇ، مۇللىلارنىڭ قولىقىغا يېتىدۇ، ئۇلارنىڭ قارشى چىقىشى، بىرنى
ئىككى قىلىپ يامۇلغا ئېيتىشى، ھەتتا قېرى جىياڭجۈنگە ئەرز
قىلىشى مۇمكىن. ئەھۋال ئۇ دەرىجىگە يەتكەندە بەلكى قىسمەن
كۆڭۈل ئاغرىقلىرى تۇغۇلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەھۋال شۇن-
داق بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ تەرەپلىرىنىمۇ ئويلاش-
ماي بولماس؟

— بۇ گەپلىرىڭىز تامامەن توغرا. شۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ.
ئەمما بىز قاچانغىچە بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ كىرىپ يەدەك تولغو-
لۇپ ياتىمىز! ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دېگەن بىلەن بولماس،
شۇنىڭ ئۈچۈن...

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنىڭ
ئىككى تەرىپىنى تەڭ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك، —
دېدى ھېسامىدىن زۇپەر شائىرنىڭ سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — بىلىپ
تىش قىلغانىنىڭ بىلى ئۇشتالماس دېگەندەك، مەكتەپ ئېچىشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى قانداق چۈشەنسەك، ئۇنىڭغا بولىدىغان قارشىلىقى-
نىمۇ تولۇق مۆلچەرلىشىمىز كېرەك. سىز بىلىسىز، مەخسۇتباي
ھازىر يوق، شەمەيگە كەتتى. ئەگەر ئۇ بولغان تەقدىردىمۇ ئوتتۇ-
رىغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇنى بۇنداق ھەرىكەتلەردىن قاتتىق
چەكلىگەن. ئەگەر ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشسە، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ
قېلىشى مۇمكىن. ياڭ زېڭشىن بوش ئادەم ئەمەس، قولى قان
بىلەن بويالغان، ھەزەر قىلماي بولمايدۇ. مەنمۇ شۇنداق ئېھتى-
يات قىلىمەن. لېكىن سىزگە قەتئىي يار - يۆلەك بولىمەن. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئانچە چوڭ داغدۇغا قىلمايلا ئۆز ئىچى-
مىزدە بىلىپ، سەككىز - ئون بالا توپلاپ ئوقۇتۇپ كۆرەيلى.
ئەگەر قارشىلىق چىقمىسا، ئاستا - ئاستا كېڭەيتىۋالارمىز. داۋادا

پىتنە - پاسات قوزغىلىدىغان بولسا، يىغىشتۇرۇۋېتىپ، تۆگە كۆر-
دۈگمۇ - يوق دەپ نۇرساق قانداق بولار؟ بۇنىڭغا سىز قانداق
قارايسىزكىن؟...

## 2

شەھەر ئىچىدىكى ئۆيلەردە بىرقانچە يىلدىن بېرى پاختا ئىسكىلاتى بولۇپ كەلگەن چوڭ ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرىنى قېلىن چاڭ - توزاڭ بېسىپ كەتكەن بولغاچقا، تازىلاش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ئايىم-خان ئىككىسىنىڭ شۇ كۈنلەردىكى قىزغىنلىقى ئالدىدا بۇ ئىش ھېچقانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە تازىلاپ تۈگىتىپ، بىر چىرايلىق بولۇپ قالغان دەرسخانىغا قا-راپ ھۇزۇر قىلىشتى:

— تازىلىق قىلىش نېمىدېگەن ياخشى — ھە. مانا قاراڭ، چېچەكنى يۇيۇپ - تاراپ قويغان قىزغا ئوخشاش، دەرسخانىمىز بىر چىرايلىق بولۇپ قالدى، — دېدى شائىر خۇشلۇقىنى بېسىۋالالماي.

— شۇنداق، چاچ - ساقىلىنى قىردۇرۇپ تازىلانغان يىگىت-لەرگە ئوخشاتسامۇ بولىدۇ، — دېدى ئايىمخان كۈلكىسىگە زور قىلىپ.

ھەر ئىككىسى بىر پەللە كۈلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، دەرسخا-نىغا پارتا تىزدى. بۇ ئۆي پەيدىنپەي دەرسخانىغا ئوخشىشىپ قې-لىۋاتاتتى. ئەندى قارا تاختىلا كەم ئىدى. تاختاينى سىرلاش بىلەن بور ياساش ئىشى ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئىككىسى مەس-لىھەتلىشىپ قازناقتىكى مەش كارنايلىرىنى ئەپچىقىپ ئۇلاردىن بىر داس قۇرۇم قاقتى. شائىر بۇ جەريانىدا يۈزىگە كۈيە سۈرتۈ-ۋالغانىدى. ئايىمخان مەسخىرە قىلىپ كۈلدى. ئەمما شائىر بۇ-

نىڭدىن بىخەۋەر قايىنىتىلغان يېلىم سۇيىي بىلەن قۇرۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇقلاشتۇرغاندىن كېيىن، قېتىپ قالمىسۇن دەپ ئالدىراپ تاختايىنى سىرلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئايىمخان بۇر تەييارلاش ئۈچۈن كۆيدۈرۈلگەن سىڭىرتاشنى ئەگلەكتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا يۈزىگە ئاق گەج سۈرتۈۋالغانىدى، بۇنى كۆرگەن شائىر مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكە باشلىدى:

— مۇندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئۇپا سېتىۋالمىساقمۇ بولغۇدەك!

— مەن ئۈچۈن بولمىسىمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرئاز سېتىۋالمىسىلا بولماس! — دېدى ئايىمخانمۇ چاقچاق ئارىلاش كۈلۈپ.

— ماڭا لازىمى يوق.

— ئۇ بولمىسا يۈزلىرىدىكى قارا - قۇرۇلارنى قانداق تازىلاپ بولىمىز؟ — دېگىنىچە ئايىمخان كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

شۇندىن كېيىنلا شائىر يۈزىگە قارا سۈرتۈۋالغانلىقىنى سېزىپ، بىرئاز خىجالەت بولغاندەك بولدى. ئايىمخان ئۇنىڭ يۈزىدىكى قارىنى سۈرتۈۋەتمەكچى بولۇپ يېقىنلاپ كەلگەندە، شائىر ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاق گەجنى سۈرتۈپ تازىلىۋەتتى.

ئىككىسى بىرلىكتە تاختاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ سىنىپقا ئاسقاندا، بۇ ئىسكىلات كەم - كۈتىسىز ئوقۇش يۇرتى سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. ئايىمخان سىرتقا چىقىپ قىزرۇغان بوردىن بىرنەچچە چوكا ئەكىرگەندە، شائىر بور بىلەن قارا تاختىغا:

«مەكتەپ جەننەت
كەل داۋام ئەت»

دەپ چىرايلىق يېزىپ قويدى.

ئەتىسىدىن باشلاپ تەيىن قىلىنغان باللار كېلىشكە باش-

لىدى. ھېسامىدىن زوپەر ئەڭ كىچىك ئۆكىسى سىراجىدىننى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇشقا بەرگەنىدى. سەككىز - ئون بالا توپلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ بار ئىدى. قىزلار ئايىمخان بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيتتى. مەكتەپ خىراجىتى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا بېرىلىدىغان دەپتەر - قەلەم خىراجەتلىرىنى ھېسامىدىن زوپەر ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى.

مەكتەپنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى قۇرۇپ چىققان شائىرنىڭ كۆڭلى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا جىق ئارام تاپقانىدى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك دەرس ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالاتتى. بالىلارغا ئانا تىلى ۋە ھېساب دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىتەتتى. ئوقۇتقۇچىلىق ئەمەلىي مېھنەت ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ جاپالىق خىزمەت. شۇڭا كۈندۈزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان شائىر خېلى چارچايتتى. لېكىن كەچ چۈشسىلا ھاردىم - تالدىم دېمەستىن ئىجادىي ئەمگەكنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى. ھەر كېچىسى تۈن نىسبىگىچە چىراغ تۈۋىدە، پەنجىرىدىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن ھاۋادىن راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆركەشلىگەن ئىلھام دېڭىزلىرىدىن ئېسىل دۇر - جاۋاھىرلارنى سۈزۈۋالاتتى - دە، مەرىپەت گۈلىستانىغا نەقىش قىلىپ چېكەتتى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا پۈتۈپ چىققان، پاساھەتلىك ئىلمىي ھېكمەتلىك، ئوچۇق پىكىرلىك، ئاممىباپ، ئاددىي، ئوقۇملۇق شېئىرلار، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان مېھنەتكەشلەر ئاممىسىنىڭ كۆڭلىدىكى مەقسەت - ئارزۇسى، ئۈمىد - ئىستەكلىرىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە گويا چولپاندەك ۋە قۇتۇپ يۇلتۇزىدەك چاقناپ جۇلا چاچاتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ شېئىرلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەردە، يېزا - سەھرالاردا، مەدرىسە ھۇجرىلىرىدا، مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرىدا مۇقەررەر ئوقۇلىدىغان، قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تېگىشمەيدىغان، گويا ئەڭ ئېسىل گۆھەردەك قەدىرلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى.


AltunOq

شېئىرىيەتتىن ئاز - تولا خەۋىرى بولغان ھەرقانداق كىشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدا كېتەۋاتقان پىكىرلەردىن تولىمۇ ھۇزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى لەززەتنى شېئىرىيەت باغلىرىدا مەي باغلاپ پىشقان ھەرقانداق تاتلىق مېۋىلەردىنمۇ شېرىن ھەم لەزىز كۆرەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن رېئال تىلەكلەر ئۇرغۇيتتى، يارقىن ئۈمىدلەر ئۆركەشلەيتتى، كۈرەش نىشانلىرى ماياكتەك چاقناپ تۇراتتى. ئىلاھىي تىلەكلەردىن مۇستەسنا ھالدا، خەلقنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىپ، كۈرەش قىلىش روھى ئۇرغۇيدىغانلا بولسا، جاسارەت - غەيرەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئاتلىنىدىغانلا بولسا، مۇراد - مەقسەتكە، پارلاق ئىستىقبالغا يەتكىلى بولىدىغان جاراڭلىق خىتابنامىلەر تولىمۇ جانلىق ۋە ھەقىقىي ياڭراپ تەسىر كۆرسىتەتتى. شائىرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «ۋىجدان ئازابى»، «كۆڭۈل خاھىشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە شېئىرلىرىنىڭ كۆچۈرمىسى ھاپىزلارنىڭ يادقا ئېلىۋېلىشى ئارقىسىدا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلاتتى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان دەردمەن يۈرەكلەر بۇ شېئىرلارنىڭ شىپالىق ۋەسلىدىن دەرمان ئالاتتى. زامانىنىڭ دەردۇ بالاسىدىن ساقايماس كېسەللەرگە مۇپتىلا بولغان خەستە دىللار داۋالىنىپ ئەسلىگە كېلەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ خىل جاراڭلىق شېئىرلىرى يالغۇز تۇرپاندىلا بولماستىن، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، ماناس، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىمۇ كۈچلۈك ئېقىم ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن كۆچۈرمىلەر شەھەردىن - شەھەرگە تارقىلاتتى، ھەتتا يار - بۇرادەرلەر ئۆزئارا سوۋغا - سالام قىلىشىپ ئەۋەتەتتى.

## 3

چۈشكە يېقىن بىر چاغدا، ھويلىغا ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلاردىن ئورۇقراق، قارا كەكە ساقال كەلگىنى روزى

موللا ئىسمىلنىڭ يەرلىك كىشى بولۇپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ خەنزۇچە مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئاق يۈز-لۈك، قوش بۇرۇن، تالىپ سۈپەت كەلگەن يەنە بىرى ناتونۇش ئىدى. قارىغاندا ياقا يۇرتلۇق كۆرۈنەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرسخانىدىن چىقىپ مېھمانلارنى قارشى ئالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ...

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ... روزى مولللا! ئەھۋالىڭ قان-داق؟ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟...

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، روزى موللا ئالاق - جالاق بولۇپ، بالىلار چۇرۇقلاشقان دەرسخانا تەرەپكە دىققەت قىلدى. ناتونۇش ئادەم بولسا، ئەڭ ھۆرمەتلىك بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك قورۇنۇپ تۇراتتى.

— بۇ مېھمان قۇمۇلدىن كەلگەنىكەن، — دېدى روزى موللا يېنىدا تۇرغان مېھماننى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ، — ئاب-دۇخالىق بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم. ئۇيىنى تاپالمايۋاتقەن دەپ ئەزدەپ يۈرۈپتۇ. مەن باشلاپ كىردىم.

— ياخشى بوپتۇ، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى شائىر مېھمان-لارنى تەكلىپ قىلىپ.

— مەن چىقىپ كېتەمەن، ئىشىم ئالدىراش، — دېدى رو-زى موللا ئاندىن بۇرۇلۇپ دەرسخانا تەرەپكە قارىدى، — بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان بالىلارمۇ بارمۇ — قانداق؟!

— تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىدىن بىرنەچچىسى كەلگەنىكەن...

— ھە ... شۇنداق گەپمۇ! ياخشى گەپقۇ ... ، — روزى موللا دەرسخانىغا بېشىنى تىقىپ چۆچۈپ كەتتى، — بۇ بىر رەس-مىي مەكتەپ ئىكەنغۇ، قاراتاختا، جوزا - بەندىڭ ھەممىسى تەل، نېمىدېگەن ياخشى ...

ئۇ بالىلارغا ۋە دەرسخانا ئىچىگە چوڭقۇر سەپسې-لىپ، ئاندىن ئارقىغا ياندى. شائىر ئۇنى بىردەم

ئولتۇرۇشقا تۇتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ قايتقان شائىر، ھويلىدا كۈتۈپ تۇرغان يات مېھماننى ئۆزىنىڭ مەشغۇلات ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

ئۆي ئاددىي، ئەمما پاكىز تازىلانغانىدى. دېرىزە تۈۋىگە تۇرغۇزۇلغان ئۈستەل ئۈستىدە دۈۋەت - قەلەم ۋە قەغەز - دەپتەرلەر رەتلىك تۇراتتى. تەكچىدە يەنە بىردۈنچە كىتابلارمۇ بار ئىدى. مېھمان پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، خىجالەت بولغاندەك قىلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— قۇمۇلدىن كېلىۋېدىم، ئىسمىم ئېزىز نىيازى، ۋاقىتسىز كېلىپ مەشغۇلاتلىرىنى بۇزۇپ قويغانلىقىمغا خىجالەتمەن.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمىسۇن، دوستلار ئۈچۈن ھەرقاچان ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا تەييارمىز، ھەرگىز مالال كۆرمەيمىز، — دېدى شائىر يېقىملىق كۈلۈپ، — خۇش قېنى، قۇمۇلدىن قاچان يېتىپ كەلدىڭىز؟

— ھازىر، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا شائىرغا قاراپ، — جانابلىرىغا سالام بېرىش، دىدارلىرىنى كۆرۈپ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولۇش ئارزۇيۇم كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، نەرسە - كېرەكلەرنى سارايغا تاشلاپلا ئالدىراپ كېلىشىم.

— ناھايىتى ياخشى ... كۆڭۈل ئىزدىگەن ۋىسال، دوست، ئۈلپەت دېگەنلەر گاھىدا كىشىنى ئىختىيارسىز شۇنداق ئالدىراشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئالدىراش كېرەك، ھاياتلىقنىڭ تەبىرىمۇ، ئىستەك - ئارزۇلارغا يېتىش يولىدىكى ئالدىراش ھەرىكەتلەردىن ئىبارەت دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۈگۈن سىزمۇ بۇ سىزىقتىن چىقماي كېلىپسىز. كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولغان. سۆزلىشىمىز، ئۈلپەتلىشىمىز.

شائىر يۇمشاق سۆزلەپ ئىمكان قەدەر مېھماننىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن خىجالەت رەڭگىنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشقانىدى.

— رەھمەت، — دېدى نىيازى مىننەتدارلىق بىلەن، — ئۆتكەن يىل يارانلاردىن بىرى جانابلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن نۇسخا كۆچۈرۈپ سوغات تەرىقىسىدە پېتىرغا ئەۋەتكەنىكەن. بۇ نۇسخىلار قۇمۇلدا قولدىن - قولغا ئۆتۈپ گويا ئەگدۈشنەردەك قەدىرلەندى. قۇمۇلنىڭ راھەتباغلىرىدا، مەدرىسە ھۇجرىلىرىدا، سودا سارايلىرىدا، بەزمە - باراۋەت ئولتۇرۇشلىرىدا قىزغىن ئوقۇلدى. بۇ شېئىرلاردىن لەززەت تاپمىغان، بەدىئىي قۇۋۋىتىدىن تەسىرلەنمىگەن بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى، ھەممە ئادەم بىردەكلا بۇ شېئىرلار ناھايىتى چۈشىنىشلىك ھەم تەسىرلىك يېزىلغان دەپ جانابلىرىغا مەدھىيە ئوقۇشنى، — نىيازى بىرئاز توختۇۋېلىپ لەۋلىرىنى نەمدەۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ھەممىدىن ماڭا كۆپرەك تەسىر قىلغانىكەن، ئۆزلىرىنى غايىبانە ئۇستاز تۇتۇپ تەقلىد قىلدىم. كېچە - كۈندۈز مەشق قىلىشقا توغرا كەلدى. يارىغۇدەك بىرەر نۇسخا ئىشلەپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەسكەن. شۇنداق بولسىمۇ چېكىنمىدىم. ئىجتىھات قىلىپ بىرنەچچە نۇسخا ئىشلەپ كەلدىم. گەرچە پىشمىغان بولسىمۇ جانابلىرىغا كۆرسىتەي دەپ ئالغاچ كېلىۋېدىم، مالال كەلمىسە ...

شائىرغا ئىككى قوللاپ بىرنەچچە بەت قول يازما سۇنغان نىيازى گەردەن - قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ شېئىرلارنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇشقا باشلىدى. نىيازى ئۆز شېئىرلىرىنى كاتتا شائىرنىڭ ئاۋازىدىن ئاڭلاپ ھاياجانلانغان ھالدا شالپەردەك قىزارغانىدى. شائىر ھەممىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن نىيازغا يېقىملىق قاراپ:

— ياخشى يېزىلغان، پىكىرلەر جايىدا، — دېدى رازى بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، ئاندىن سالماقلىق سۆزلەپ پىكىر بايان قىلدى، — باشقا كىشى ئىشلىيەلىگەن ئىشنى مەن ئىشلىيەل-

مەيمەن دېمەسلىك كېرەك. تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىجتىھات قىلىنسا، باشقىلار ئىشلىگەن ھەرقانداق ئىشنى ئوخشاش ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز ئەلىشىر ناۋايى كىشىنى ھەيران قالدۇرالايدىغان ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇستاز شەيخ سەئىدى ھېكمەتلەر ئالەمدىن شۇنچە ھېكمەتلەرنى قازدى. ئۇلار تامام قېزىپ تۈگەتكىنى يوق. ئۇلاردىن كېيىنكى ئىقتىدار ئىگىلىرىگە يەنە نۇرغۇن جاۋاھىرلار، ھېكمەتلەر قالغان. بۇنى ئەۋلادلار قازدى ۋە بۇندىن كېيىن يەنە قازىدۇ. بۇنىڭ ئاچقۇچى ئىجتىھات ۋە تىرىشچانلىقتا. ئىجتىھات قىلماي ھېچقانداق مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. سىزمۇ كۆرۈپ بىلگەنسىز، بىزنىڭ كۆپلىگەن تالىپلىرىمىز ناھايىتى چاپسانلا قازان بېشىنى چۆگىلەپ قالىدۇ، ياكى قاسساپنىڭ كانارىسىغا ئولاشقان چىۋىنلاردەك مەنپەئەت داستىخانلىرىغا ئولىشىدۇ، ياكى ھاۋايى - ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ ئۆز ئىجتىھاتى ۋە تىرىشچانلىقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇھال بىزدىكى تۆلەپ تولدۇرغىلى بولمايدىغان چوڭ زىيان. مېنىڭچە ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە — ھايات بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئۇ ھەر بىر ئادەمگە پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، شۇنىڭدەك ھاياتلىقتا ھەر بىرتىنىق ۋاقىتمۇ شۇنداق قىممەتكە ئىگە. چۈنكى ھەر بىر تىنىق ۋاقىتمۇ بىرلا قېتىم كېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنىڭ قەدرىنى بىلىشى، قىممەتلىك ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىمىگەن ئادەمنى باشقىلار كېلىپ قەدىرلەپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭدەك قولدىن كەتكۈزگەن ۋاقىتنى باشقىلار كېلىپ تۆلەپمۇ بەرمەيدۇ. بۇ جەھەتتە سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى سىز قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى زايە قىلماي ئىجتىھات قىلىپ ئۇنىڭ دەسلەپكى كەشتىلىرىنى نەقىشلەپ كېلىپسىز، بۇنى داۋاملاشتۇرۇڭ، كۆپرەك مەشق قىلىڭ. كۆپرەك يېزىڭ. پىكىرلەر ئوچۇق، تىلى يېنىك


Altunoq

بولسۇن. بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزغا كىشىلەر بىر قاراش بىلەنلا پەيكىرلىرىمىزنى، مەقسەتلىرىمىزنى چۈشىنىدىغان بولسۇن.

— رەھمەت، بەرگەن تەلىملىرىڭىزگە مىڭ رەھمەت. بىراق ...، — دېدى نىيازى بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ.

— خۇش قېنى! — شائىر ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— مەن تولا ھاللاردا چېكىنىپ قالىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى نىيازى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، — يازغانلىرىم ئۆزۈمگە يارىماي قالىدۇ. يازغانلىرىمنى كۆپلەپ يىرتىپ تاشلايمەن. بەزى كۈنلەردە چېكىنىپ يازمايلا قويياي دەپ ئويلايمەن. مەندە بەزىدە مۇشۇنداق بىر خىل يامان كەيپىيات تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

— بۇ توغرا ئەمەس، — دېدى شائىر كەسكىن پىكىر قىلىپ، — ھىممەتلىك، غەيرەتلىك بولۇڭ، ھاياتقا ئۈمىدۋار بولۇڭ. ھەر گىز چېكىنمەڭ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ شائىر بولۇڭ. بىز ئىككىمىز يەنە ئازلىق قىلىمىز. يۇرتىمىزدا تېخىمۇ كۆپ شائىرلار، ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقىشى كېرەك. بىزدە بىر شائىرنىڭ ياكى بىرئەدىبنىڭ يېتىشىپ چىقىشى بىر بىغەرەزنىڭ كېمەيگەنلىكى بىلەن باراۋەر. بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك.

شائىرنىڭ ئاجايىپ پىكىرلىرىدىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن نىيازى شېئىرىيەتنىڭ يەنە بىرمۇنچە نازۇك تەرەپلىرىدىن سوئال قويۇپ، ئۆزىدە مۇجمەل بولۇپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى يورۇتتى. شائىر ئۇنىڭ ھەر بىر سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بەرگەنىدى. ئەڭ ئاخىردا نىيازى رەھمەت ئېيتىپ قايتماقچى بولغاندا، شائىر ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— توختاڭ، سىزگە بىرجۈپ ھالقا سوۋغات قىلاي! — دېدى شائىر، كېتىۋاتقان مېھماننى توختىتىپ، نىيازى ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شائىر تۆۋەندىكى غەزەلنى ئوقۇدى:

ئەي نىيازى غەيرىتىڭدىن ئۈل لېكىن ئايرىلمىغىن،
ھەقلىغىن بىلگەن يولۇڭدىن جاننى بەر قايرىلمىغىن.
مانەئىڭ كۆپ بولسىمۇ قورقماي ئۈزۈپ ئالدىڭغا باس!
تاغۇ تاش، دەريا، ئۇلۇغ سۇلارغا سەن تاڭ قالمىغىن.
ئابدۇخالىقنىڭ سۆزى دەپ ئېتىبار قىلماي قويۇپ،
ئۇشبۇ ۋىجداننى كېيىن پۈتمەس ئازابقا سالمىغىن.

## 4

سىنىپتا ئايىمخاننى ھېسابقا ئالمىغاندا 13 بالا ئوقۇيتتى. ئۇچىسى قىز، قالغانلىرى ئوغۇل ئىدى. ئوغۇللارنىڭ ئالدى 12 ياشلاردا، قىزلارنىڭ ئالدى 10 ياشلاردا بولۇپ، قىزلار ئايىمخاننى چۆرىدەپ ئوغۇللاردىن ئايرىلىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئايىمخانلا ھۆسن خەت مەشق قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلىدە قۇرئان ساۋاتى بولغانلىقتىن خەت يېزىشنى ئاسانلا ئېگىلەپ ھۆسن خەت مەشق قىلىش باسقۇچىغا كىرگەنىدى. قالغان بالىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئا، ب، س دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا ئايرىپ دەرس بېرىلەتتى.

يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ بىرىنچى بالدىقىغا قەدەم باسقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ خىزمەتتىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. ھاردىم - تالدىم دېمەستىن قىزغىن دەرس ئۆتۈپ كۆڭۈللۈك ئىشلەيتتى. قارا تاختىنىڭ يېرىمىغا ھەرپ، يېرىمىغا سۆز - جۈملە يېزىپ ئايرىم ھالدا ئۆگىتەتتى. بالىلارنى دەپتەرلىرىگە يېزىپ مەشق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇراتتى. مەشق قىلىش باشلانغاندا نازارەتنى كۈچەيتىپ، خەت يازغاندا قانداق ئولتۇرۇش، قەلەمنى قانداق تۇتۇش، قەلەمنى چىڭ بېسىۋاتماسلىق، قەلەمنى تىلغا تەگكۈزمەسلىك توغرىسىدا تىنىمسىز سۆزلەپ تەلىم بېرەتتى. قەلەم ئۇچىنى سۇندۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ قەلىمىنى ئۇشلاپ بېرەتتى. ئا-

يىمخان مەشق قىلىدىغان قومۇش قەلەمنىمۇ تەييارلاپ بېرەتتى... ئوقۇغۇچى گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىش كۆپ ئىدى. بىرىنچىدا ئۈچ-تۆت دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتقان مۇئەللىملەر دۈچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار شائىرنى خېلى تەرلىتەتتى. قارا تاختىغا تولا خەت يېزىپ، تولا ئۆچۈرۈپ قوللىرى بور توزاڭلىرى بىلەن خۇددى ئۇن خالتىسى قاققاندەك بولۇپ كېتەتتى.

لېكىن ئۇ مەمنۇن ئىدى. شائىرنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنى، سىنىپ ئىچىدە قىزىلگۈلدەك ئولتۇرغان بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇشقا تەلمۈرۈپ تۇرغان قارا كۆزلىرى، ئوقۇتقۇچىدىن مىننەتدار بولۇپ قاراشلىرى كۆتۈرۈپ كېتەتتى. شائىر ھەر بىر بالىنىڭ مىننەتدارلىق سۆيگە چىلانغان قاپقارا كۆزلىرىنى ئۇچراتقاندا، ھارغان-چارچىغانلىرى بۇلۇتتەك تۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى قان، يېڭى كۈچ-غەيرەت پەيدا بولغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەنە ئايىمخان قومۇش قەلەمنى غىچىرلىتىپ ھۆسن خەت مەشق قىلماقتا. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ-قېتىرقىنىپ مەشق قىلىۋاتقان ۋاقتىتىكى ئولتۇرۇشلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق، ئۇنىڭ ئاپئاق بۇدرۇق مانىتىدەك سۈزۈك قولىدىن يېزىلىپ چىقىۋاتقان ھۆسن خەتلەر نېمىدېگەن سەنئەتلىك! بۇ خەتلەر گويا ھەركۈن، ھەر سائەت ئۆزگىرىش ياساپ كامالەت تېپىۋاتقان زىرائەت مايسىلىرىدەك كۈندە بىر خىل ئىلگىرىلەپ كۆركەملىشەكتە، بۇ ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچى ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمى. ئوقۇتقۇچىنى خۇش قىلىدىغان، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان مەھسۇلات.

ئەنە يۇمىلاق يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك سىراجىدىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زېرەكلىك ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەرسكە قۇلاق سېلىپ ئوقۇتقۇچىغا ئىنتىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق. بۇ، كۆڭۈلنى رازى قىلىدىغان سېھىرلىك كۆرۈنۈش ئەمەسمۇ؟!...

ئەنە بۇدرۇقسىنە، سۈتتەك ئاق يۈزلۈك بۇۋىخەلچە. ئۇنىڭ

ئۇششاق ئۆرۈلگەن قارا سۇمبۇل چاچلىرى، پېشانىسىنى يېپىپ قارا قاشلىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان ماڭلاي چاچلىرى ... ئۇ بىرلىپ دەپتەرگە رەقەم يازماقتا. ئۇنىڭ بۇرۇن ئۇچلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق تەر قۇيۇلماقتا. بۇ قىزنىڭ تەرنى سۈرتۈشكىمۇ ۋاقـتى يوق. بۇ نىمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئوقۇش - هە! سىنىپتا يەـنە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان چىرايلىق باللار. گويا بىرـبىرى بىلەن بەسلەشكەندەك كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇماقتا... ئابدۇـخالىق ئۇيغۇر باللارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى ۋە تىرىشىش كەيپىياتلىرىغا قاراپ ئىچ - ئىچىدىن مەمنۇن بولاتتى. قىلـۋاتقان ئىشىنىڭ توغرىلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنەتتى. بۇنى كېڭەيـتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئويلىغانلىرى ۋۇجۇدى كۆچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېتەتتى...

شائىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم كىرىپ كەلدى. ئۇ خاپا كۆرۈنەتتى. سىنىپ ئىچىدە تۇرغان شائىر دېرىزىدىن ئاتىسىنى كۆرۈپ ئالدىغا چىقماقچى بولۇۋاتقاندا، مەخسۇم دەرسـخانىغا بېسىپ كىردى. ئۇ چېچىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنى كۆن كۆرگىلى قويىساڭلار بولمامدۇ! نىمىدېگەن كۆڭۈل ئاغرىتقى بۇ! — ئۇنىڭ ئۇزايىدىن قانداقتۇر بىر جايدا قاتتىق كۆڭۈل ئاغرىتقى تارتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بىر ئىسكەتتە چېچىلىپ سۆزلەيتتى، — چوڭ بولغاندا بىراۋلارنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش ئاسان ئىشمۇ؟ چاپسان بول. بۇ ئىشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋەت. باللارنى هازىرلا كۆزدىن يوـقات، بېشىمغا بالا تاپقۇچى بولماڭلار!...

— نىمە بولدىڭىز ئاتا، كايىپ قاپسىزغۇ! — دېدى شاـئىر، ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە هەيران بولغان تەرزدە.

— مەن دېگەندىكىن يىغىشتۇرۇۋەت! مەكتەپ ئاچىمەن، بالا ئوقۇتىمەن دەپ بېشىڭغا بالا تاپقاندىن، ئېتىزغا چىقىپ كەتمەن چاپقىنىڭ تۈزۈك. كەتمەن چاپساڭ سەن بىلەن هېچـ

كىمنىڭ كارى بولمايدۇ.

— بۇ كىچىك ئىشقۇ؟ ...، — دېدى شائىر نارازى بولغان ئاھاڭدا، — سەككىز - ئون بالا كېلىپ - كېتىپ تۇرغاندا نېمە بولماقچى؟

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئامبالنىڭ ئالدىغا تاغدەك يوغان ئىش بولۇپ بېرىپتۇ! — مەخسۇم ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ ئاغرىنىشلىق قىلغاندەك داۋاملاشتۇردى، — پۈتۈننىڭ ئۇچىغا قاراپ يۈرگەنلەر خېلى كۆپ ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئامبال نەدىن بىلسۇن؟...

— ئامبال ئاڭلاپتۇمۇ تېخى؟

— مەن شۇ تاپتا يامۇلدىن كېلىشىم، — دېدى مەخسۇم خۇددى يىرگىنچلىك بىر جايغا بېرىپ كەلگەن كىشىدەك سەسكىنىپ، — ئۆيدە ياتسام يامۇلنىڭ يايىسى بۇراندەك گۈركىرەپ كېلىپ مېنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ ماڭدى. نېمە بالا بولغاندۇر دەپ يامۇلغا يېتىپ بارغۇچە يولدا قىلمىغان خىياللىرىم قالمىدى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، يايى دېگەننىڭ ئۆزىدىن بەكرەك ھەيۋىسى يامان كېلىدىغان خەق، مېنى ئاپىرىپلا داتاڭدا ئولتۇرغۇزۇۋەتتى. بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاندىن ئامبال چىقتى. مېنى كۆرۈپلا تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ: «سىلەرنىڭ بېشىڭلار شۇنچە چوڭلاپ كەتتىمۇ، جياڭجۈننىڭ ئەمر - پەرمانىغا بويسۇنمايدىغان يەتتە بېشىڭلار بارمىدى؟ ئاڭلىسام ئوغلۇڭ ئابدۇخالىق مەكتەپ ئېچىۋاپتۇ دەيدۇ، چاپسان يوقىتىڭلار، بولمىسا ئاتا - بالا ئىككىڭلارنى ھەپسىگە ئالىمەن!...» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. مەن: «بولىدۇ، ئوغلۇم راست شۇنداق قىلغان بولسا، بېرىپ مەكتىپىنى تارقىتىۋېتەي»، دەپ ۋەدە بېرىپ قۇتۇلۇپ چىقتىم. بولدى قىل، بۈگۈنلا يىغىشتۇرۇۋېتىپ قۇلاقنى تىنچ قىل!...

AltunOq

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ سۆزلەرنى تىنچ تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما غەزەپتىن ئۆرتەنگەن ۋۇجۇدىنى قارا تەر باسقانىدى. باللار گويا ئۇركۇپ كەتكەن توشقاندەك دىر - دىر تىترىشىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى. مەخسۇم ئۇلارنى قوغلاشقا باشلىدى:

— كېتىڭلار! مۇندىن كېيىن كەلگۈچى بولماڭلار، ئەمدى بۇ ئىشنى توختىتىپ قويىمىز.

— ئاتا! — دېدى شائىر قارشىلىق كۆرسىتىپ، — تولا قورقۇۋەرمە، بۇ خەقتىن قانچىلىك قورقساڭ، بېشىڭغا شۇنچىلىك چىقىۋالىدۇ. مەن بۇ مەكتەپنى تارقاتمايمەن. مېنىڭچە بولغاندا بۇ ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس. بۇنى مەكتەپ دېگىلى بولمايدۇ، ئىشەنمىسە ئامبال ئۆزى چىقىپ تەكشۈرسۇن، تۆۋەنلىرىمىزنىڭ سەككىز - ئون بالىسى توپلاشقان كىچىككىنە ئىشنى مەكتەپ ئاچتى دەپ يوغىنىتىپ بىر نېمە دەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئامبال بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. ئەگەر ھەپسىگە ئالىمەن دېسە مەيلى، ھەپسىدە ئۆزۈم ياتىمەن. بىز قاچانغىچە قورقۇپ جىم ياتىمىز؟ توشقاندەك قورقۇپ يۈز يىل ياشىغاندىن ئارسلاندەك قورقماي بىر كۈن ياشىغان ياخشى. مەن ئەمدى قورقمايمەن!

— سەن يەنە ياشلىق قىلىۋاتىسەن ئوغلۇم! — دېدى مەخسۇم ئۇنىڭ سۆزىنى سىلكىپ، — بۇ ئىشقا سەل قارىما. قېرى جياڭجۈن ئوينىشىدىغان كىشى ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭلى قارا، پەيلى يامان، قولى قان ئادەم. ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىغا يېتىدىغان بولسا، ھەرقانداق خىزىنلىق ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. سەنمۇ كۆرگەنسەن، ئاشۇ يىللىرى مەكتەپلەرنى پېچەتلەپ ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلىغان، ھېلىقى كامال ئەپەندى دېگەننى قەپەزگە سولاپ خانغا يوللىغان جياڭجۈن مۇشۇ ئەمەسمۇ!؟

— ياق، ئاتا، مەن ئۆز ئىشىمدىن كەچمەيمەن! — دېدى

شائىر قەتئىي ۋە جاسارەتلىك تۇس ئېلىپ، — ئامال ئۆزى چىقسۇن، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، بىزگە مۇشۇنچىلىك كىچىك يولنى بەرمىگەن جاھاننىڭ زادى قانداق بولۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالمىسام ئارمىنىم چىقمايدۇ!...

ئاتا - بالا ئىككىسى جىددىي سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە تاشقىرىدىن جىسا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا مەڭلىك سوپى، ھاشىم سوپى قاتارلىق كىشىلەرمۇ كىرگەنىدى. ھويلىغا كىرىپلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ساقاللىرىنى تىترەتكەن جىسا ئۇياق - بۇياققا قاراپ ھەيۋە بىلەن:

— كۆڭۈلنىڭ تىنچ يېرىنى قويماي قانداق قىلغىنىڭلار بۇ! مەكتەپ دېگىنىڭلار قېنى، مەن بىر كۆرەي! — دېدى ۋە دەرسخانىغا كىرىپ ئولتۇرغان باللارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇركۈپ كەتتى، — سىلەر نېمە قىلىۋاتقان باللار سىلەر؟ مېڭىڭلار، كېتىڭلار، بۇ يەرگە ئىككىنچى كەلگۈچى بولماڭلار. بىر كۈن بولسىمۇ مېنى تىنچ جىسالىق قىلغىلى قويۇڭلار! — ئۇ تەرسالىق بىلەن باللارنى قوغلىدى.

مەڭلىك، ھاشىم دېگەنلەرمۇ دەرسخانا ئىچىگە كىرىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا بىر نېمىلەر دېيىشكە باشلىدى:

— يائاللا، يا كېرىم، مانا بۇ جېدىتلىق، دىندىن چىققانلىق ئەمەسمۇ!؟ — مەڭلىك سوپى بېشىنى چايقاپ داۋاملىق سۆزلەيتتى، — جوزا - بەندىڭدە ئولتۇرۇش دېگەن ئىمانسىزلارنىڭ ئىشى. بىز مۇسۇلمانلارغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دەرس ئېلىش سۈننەت. جانابىي روسۇلۇللا دەرس ئۆتكەندە 33 مىڭ ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تىڭشىغان ئەمەسمۇ!...

— مانا ماۋۇنىڭغا قارىسىلا! — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ھاشىم دەرۋىش. ئۇ پارتا ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا كۆرسىتىپ سۆزلەيتتى، —

قاراڭلار خۇدانىڭ كالامىنى يازىدىغان مۇبارەك قەغەزلەرنى يەر-
گە تاشلاپ ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە قىلىشنىڭ ئۆزى چوڭ
گۇناھ ئەمەسمۇ؟! يەنە ماۋۇ قارا تاختىغا بىر نىمىلەرنى يېزىپ
قويۇپتۇ. بۇ خەتلەردە زىر - زەۋەرمۇ يوق، بىسمىللامۇ يوق،
مۇنداق بىر نىمىلەرنى يېزىشمۇ دىنىمىزغا خىلاپ!...

ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەرنى ئاڭلاشقا كىشى تا-
قەت قىلىپ تۇرالمايتتى. شائىر شۇتاپتا ئىستىبدات، زۇلۇم،
تۆھمەت، جاھالەت - نادانلىقتىن ئىبارەت تۇمانلىق قارا قۇيۇن
ئىچىدە قالغانىدى. قارا تۆھمەتنىڭ خەنجىرى ئۇنىڭ يۈرى-
كىنى تىلىپ پارە - پارە قىلاتتى، جاھالەت - نادانلىقنىڭ چا-
يانلىرى زەھەرخەندىلىك بىلەن نەشتەر ئۇراتتى. ئۇ مۇشكۇلدە
ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئەي ئادىمىلەر، نېمە دەۋاتىسىلەر؟ نېمىدەپ جۆيلۈ-
ۋاتىسىلەر؟ سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟!...، — دەپ ۋارقىرىدى.
بۇ سۆزنى قىلغاندا شائىرنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ كۆزلىرىدىن
غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرى جىسا، دەرۋىشلەرگە خۇددى گۈم-
بەزدە ياڭاق توختىمىغاندەك قىلچە تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى.
ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار چۈشەنچە تەسىر قىلىدىغان ئادەملەردىن ئە-
مەس ئىدى. بىرلىرى ئىستىبدات سىياسەتكە قولچوماق بولغان
قارا نىيەت بولسا، بىرلىرى خۇراپىي ئېتىقادنىڭ ئاسارەت زەن-
جىرىگە باغلانغان، جاھىللىقتا كاللىسى قېتىپ گرانت تاشقا
ئايلانغانلار ئىدى...

— پارتا - ئورۇندۇقلارنى كۆتۈرۈڭلار، ئاپىرىپ مېنىڭ
ھويلامغا تاشلاپ قويۇڭلار، يېرىپ ئوتۇن قىلىمەن! — جىسا
كېرىلىپ تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى پارتا - ئورۇندۇق،
قارا تاختىلارنى ئولجا قىلغاندەك كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشمەكتە ئىدى.

دەرۋىش بىر پارتىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ جىسانىڭ

ئالدىغا كەلگەندە، ھەجىبىپ:
— تاۋۇز ساتىدىغان جوزام يوق، قىينىلىۋاتاتتىم، — دەپ چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىز كىشىلەر بىردەمنىڭ ئىچىدە جەننەتتەك ئوقۇش يۇرتىنى توڭگۇز تىلىغاندەك ۋەيران قىلىۋەتتى.
شائىر بۇ يىرتقۇچلار بىلەن ئېلىشماقچى، ئۇلارنى توسماقچى بولدى. ئەمما ئابدۇراخمان مەخسۇم ئوغلىنى تۇساپ گەپ قىلدۇرمايتتى ۋە:
— بولدى گەپ قىلما، باش ساقايسۇن! — دەيتتى.
ھېسامىدىن زۇپەر ئالدىراش كىرىپ كەلدى. ئۇ گويا بولغان ئىشلارغا پىسەنت قىلمىغاندەك قاراپمۇ قويماستىن، شائىرنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى! — دەپ باشلاپ چىقىپ كەتتى.
ئۇ ئىشىكتىن چىقىپلا شائىرغا:
— بىز بۇنداق بولۇشنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئىدۇقۇ، كېرەك يوق، — دەپ تەسەللى ئېيتتى، — بىزدە بوغدا تېغىدەك يىمىرىلمەس روھ، يالقۇنتاغدەك ئوتقا چىدامىلىق غەيرەت بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاخىرقى ھېسابتا مەقسىتىمىزگە يېتىمىز.

# بەشىنچى باب

## 1

«ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر، بىر يەرلەرگە يالغۇز كېتىۋەرمە، ئېزىپ قالىسەن!» قېيۇمبەگنىڭ ئۇزىتىش ۋاقتىدا قېرىنداشلىق سۈپىتى بىلەن قىلغان سۆزلىرى ھارۋىدا خۇددى بۆشۈكتە ياتقاندەك ئىغاڭشىپ كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلايتتى: «ئۈرۈمچىگە يەتكەن كۈنۈڭلا خەت يېزىپ پوچتىغا سېلىۋەت. ئانام غەم قىلىپ كېتىدۇ. مەن ئېيتقاندەك ئۈرۈمچىدە باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەن دېمەي خۇسەيىنباي بىلەنلا كۆرۈشكىن. ھازىر ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان چوڭ باي يوق. ئۇنىڭ يۈزى چوڭ، جياڭجۈنلەر بىلەنمۇ كۆرۈشۈۋېرىدۇ. بىرەر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىش ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەسقۇ! يۇقىرىدىن ماقۇل كەلسە، بۇ يەردىكىلەر غىڭ قىلالمايدۇ.»

تۇرپاندا بىرەر سىنىپلىق يېڭىچە مەكتەپ ئېچىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدەپ ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يول بويى خىيال بىلەن بەند ئىدى. بولۇپمۇ ئۈرۈمچىگە يەتكەندە كىملەر بىلەن كۆرۈشۈش، قانداق سۆزلىشىش، ياڭ جياڭجۈنگە تۇتىدىغان ئەرز خەتنى قانداق يېزىش... توغرىسىدا بىر



AltunOq

يۇرۇش تەييارلىق ئىشلىرىنى ئويلايتتى. تەسەۋۋۇر قىلغاندا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ئورۇنلۇق بولۇپ، ئوڭۇشلۇق ھەل بولىدىغاندەك بىلىنەتتى. بۇ ئەلۋەتتە كىشىنى خۇرسەن قىلاتتى. 1928-يىلىنىڭ ماي ئايلىرى، ھاۋانىڭ راسا تەڭشەك ۋاقتى. شۇڭا شائىرنىڭ بۇ سەپىرى ھەر جەھەتتىن كۆڭۈللۈك ئىدى.

بىراق... شائىر ئولتۇرغان ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭغان سالى ھارۋىكەشنىڭ كەم سۆزلۈكلۈكى، يەرىكرەك كۆرۈنۈشى شائىرنىڭ كۆڭلىنى بىرئاز غەش قىلاتتى. ئېگىز بويلۇق، سىم ساقال، كۆك كۆز، ئۆڭى ئاق سېرىققا مايىل، ئىككى مەڭزىدىن قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان، ياش قۇرامى داۋاندىن ئاشقان بولسىمۇ، تېتىك، ساغلام كۆرۈنىدىغان بۇ ھارۋىكەش ئىككى كۈندىن بۇيان تۈزۈك گەپ - سۆز قىلغىنى يوق، تولا ۋاقىتلاردا ياۋىلىق قىلغاندەك ھارۋىنى يانداپ پىيادە ماڭاتتى. بەزىدە ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرغان چاغلاردىمۇ ئاتلارنىڭ مېڭىشى، يولنىڭ ئېگىز - پەسلىكىگە دىققەت قىلىپ كۆڭۈل قويۇپ ھارۋا ھەيدىگەندىن باشقا، ئۈلپەتلىشىدىغان بىرەر ئالامەت كۆرسەتمەيتتى. شۇڭا شائىر ئۇنىڭ مۇنداق جىمغۇر مىجەزىگە بويسۇنغاندەك بولۇپ، ئانچە كارى بولمىدى. بەھۇزۇر خىيال سۈرۈپ، خىيال تۈگىسە، كىتاب كۆرۈپ كۆڭلىگە ئارام بېرەتتى.

ھارۋىلار كۈنى قىرچىنتال ئورمانلىقى بىلەن پۈركەلگەن داۋانچىڭ جىلغىسى (قىرچىنغول — خۇگۇلى) غا يېتىپ كەلگەنىدى.

تارىختىي يىللاردىن بۇيان جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كەلگەن داۋانچىڭ جىلغىسى ئالماستەك پارقىراپ تۇرغان گىگانت تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى ئىككى تاغقا قىسىلىپ قالغان يېشىل جىيەكتەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. جىلغىدا يەنە داۋانچىڭ سازلىقلىرىدىكى يۈزلىگەن بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان چوڭ بىر ئۆستەڭ سۇ تاش-

تىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇنلاپ ئاقاتتى.

بۈگۈن پاختا باسقان تۆت هارۋا دەل شۇ ئېقىندا قاتار كېتىۋاتاتتى. جىلغىنىڭ شەرقىي ساھىلىدە يىلان باغرى سوزۇلغان تاغ يولىدا هارۋىلارنىڭ چاقىدىن ۋە ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن تاراق - تۇرۇق ئاۋازلار بىلەن ئىچ ئاتنىڭ دۈمبىلىكلىرىدىكى ئورنىتىلغان ھەر خىل چوڭلۇقتىكى قوڭغۇراقلاردىن شۇنىڭدەك هارۋا گۇدۇڭلىرىدىن چىققان سادالار جىلغا ئىچىنى ياڭرىتىپ زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى.

هارۋىكەش بىردىنلا ناخشا باشلىدى. ئۇنىڭ گۈركىرەپ چىقىدىغان كۈچلۈك ئاۋازى تاغ ئىچىگە جان كىرگۈزگەنىدى:

ئۈستى قارلىق ئالا تاغلار،
بۇ هالىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟
دۈشمەنلەرگە ئەسىر بولۇپ،
چۈشكەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

نەزەر ئەيلەڭ كۆز ياشىمغا،
ھېچكىم كەلمەس بۇ قاشىمغا.
قاچا يېغىپ بۇ باشىمغا،
تۇرغانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

قىرىق يىگىتىم پارچە قىلىپ،
ئۆزۈمنى مەن غەمگە سېلىپ.
ئەخمەتبەگنى بىللە ئېلىپ،
چۈشكەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بەندە بولدۇم، شول ئىرادە،
قالدىم سانسىز مەن بالادە.

دۈشمەن ئاتلىق، مەن پىيادە،
يۈرگەنىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

يۇسۇپبەگ دەر سىنەم باغلاپ،
ئارمانىم كۆپ مۇندا يىغلاپ،
ئات ئالدىدا قولۇم باغلاپ
بارغىنىمنى كۆردۈڭلارمۇ!؟

— پاھ، ئادەم باللىرى دېگەن ئاجايىپ ھە!— دېدى شائىر ئۆز ھەيرانلىقىنى يېسۋالالماي.

تۇرپاندىن چىقىپ ھازىرغا قەدەر سالى ھارۋىكەشنى ناخشا بىلىدۇ ياكى مۇنداق جاراڭلىق ناخشا ئېيتىدۇ دەپ ئويلانمىغان شائىر، ئۇنىڭ بىردىنلا ناخشا ئېيتىپ تاغ ئىچىنى جاراڭلاتقىنىغا ھەيران قالغانىدى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ ياش قۇرامىنىڭ چوڭلۇقى، كەم سۆزلۈكى ۋە ئۆز ئىشىغا پۇختىلىقى قاتارلىق مىجەزلىرىگە ھۆرمەت قىلغاندىن تاشقىرى باشقا گەپ - سۆز قىلمىغان شائىر بۈگۈنكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاز مۇڭداشقۇسى كەلدى - دە، ناخشا تۈگەش بىلەنلا سۆز ئاچتى:

— سالى ئاكامدەك ئوبدان ناخشىچىنى كۆرگەندە تاغلارنىڭ ئىچىمۇ جاراڭلاپ جانلىنىپ كېتىدىكەن - ھە!

ھارۋىكەش شۇ ئانلا بۇرۇلۇپ:

— ھە ... ياش چاغلىرىمدا ئانچە - مۇنچە ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇ چاغلاردا بۈگۈنكىدەك بوغۇلۇپ قالمايتتىم،— دېدى كەمتەرلىك بىلەن.

— ھېلىمۇ جىق ياخشىكەنسىز. سىزنىڭ ياشلىقىڭىزدىن، ئۆتلۈكۈمنىڭ باشلىقى ياخشى دېگەندەك، تاغ ئىچىنى يەنىلا سىز جاراڭلاتتىڭىز.

ھارۋىكەش ئارتۇق سۆز قىلمىدى. ئۇنىڭ ئىنكاس قايتۇر-

ماي جىم بولۇپ قالغىنىغا قارىغاندا، ئۆزىگە بولغان مەدھىيىنى
ئانچە ياقتۇرمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. شائىر ئەمدى ئېچىلغان
سۆھبەت پەردىسىنىڭ يېپىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بولۇپ
سۆز ئاچتى:

— بۇ يىل قانچە ياشلارغا كەلگەنسىز؟

— 60 قا يېقىنلىشىپ قالدىم، — دېدى ھارۋىكەش بىرئاز
تۇختىۋېلىپ يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلارنى ئويلانغاندەك بولدى.
ئاندىن شائىرنىڭ كۆزىگە يېقىملىق قاراپ، — ئۇكام، مەن ئەن-
جانلىق① قاچقان ۋاقىتلاردا تۇققۇز - ئون ياشلاردا ئىدىم، ئۇ چاغ-
لاردا بىز قومۇلدا ئىدۇق. ئاتا - ئانىلارمىز بار ئىدى. ئىچكىرى-
دىن زو زۇڭتاڭ، ليۇ جىنتاڭ دېگەنلەرنىڭ ئەسكەر تارتىپ چىقق-
انلىقىنى ئوبدانلا بىلىمەن، ھازىرقىدەكلا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ.

— بۇ گەپچە تەكتىڭىز قومۇللۇق ئىكەن - دە!

— تۇرپاندا سالى قومۇللۇق دېسە، مېنى تونۇمايدىغىنى يوق.
ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— يۈسۈپ ئەھمەتنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقىنىڭىزغا قاراپ مەن-
مۇ سىزنى قومۇللۇق بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلغانىدىم. ئوي-
لىغان يەردىن چىقتىڭىز، — دېدى شائىر يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، —
بۇ تەرەپلەرگە قاچانلاردا كېلىپ قالغان، ھازىر ئۆي نەدە؟

— قوشكارىزدا②، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن
سۆزلەيمۇ - سۆزلىمەيمۇ دېگەندەك تۇرۇۋېلىپ خۇش ياقمىغاندەك بىر
قىياپەتتە، — بۇ تەرەپكە كېلىپ قالغىنىمنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ
تولا! — دېدى.

— سۆزلەڭ، بۇ ئۇزۇن يوللارنى گەپ - سۆز بىلەن بېسىپ
تۈگەتمىسەك قانداق تۈگىتىمىز؟ — دېدى شائىر ئۆتۈنگەن ئاھاڭدا.

---

① بە دۆلەتنى دېمەكچى.

② تۇرپاندىكى ھاپىز ھاجىنىڭ كارىزى،

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، — دېدى ئۇ ۋە نېمە ئۈچۈندۇر يولغا ۋە ئېگىز تاغلارغا قاراپ داۋام قىلدى، — مېنىڭ ئاسانلىقچە كونا ئىشلارنى سۆزلىمەيدىغان ئەسكى مىجەزىم بار. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىسەم كونا قاقاچ ئېچىلغانغا ئوخشاش بىئارام بولىمەن. شۇنىڭدىن قېچىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئوڭايلىقچە سۆزلىگۈم كەلمەيدۇ. خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيمەن. كۆمۈلگەن نەرسىلەر كۆمۈكلۈك پېتى تۇرۇۋەرسۇن دېگۈم كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئۆز پېتى تۇرسۇن. قېرىغاندا ئۇ ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرەك - باغىرلارنى زېدە قىلغانلىقنىڭ نېمە پايدىسى دەيمەن.

— باغرىڭىز ئاغرىيدىغان ئىشلارنى بىزدەك ياشلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىڭ، بىز كۆتۈرىمىز، — دېدى شائىر سەممىي ئۆتۈنۈش قىلىپ، — سۆزلىمەي كەتسىڭىز، بىر پارچە سەرگۈزەشتىنى بىللە ئەكەتكەن بولامسىز؟ ئۇ چاغدا بىز نەدىن بىلىمىز ۋە نېمىنى بىلىمىز؟ بىلىدىغان ئادەم قالمىسا تارىخ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. سىز جىق ئىشلارنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەندەك قىلىسىز. سىزگە ئوخشاش ئادەملەرنى تىرىك تارىخ، تىرىك كىتاب، تىرىك شاھىت دەپ تونۇيمىز. سۆزلەڭ، ئايانماي سۆزلەڭ!...

سالى ئاكا گويا سۆزلىگۈسى كەلمەيۋاتقان بىر قىياپەتتە ئاغزىدىكى ناسىنى پۈرقۇغاچ قولىدىكى قامچىنى ئوينىتىپ چەتتىكى ئاتنىڭ ساغرىسىغا يېنىك ئىككى قامچا تەگكۈزدى. ئاندىن بەردىنلا بۇرۇلۇپ شائىرغا قاراپ سۆز ئاچتى:

— مەن بۇ ئىشلارنى ئۇزۇن يىلدىن ئىچىمگە يۇتۇپ، ھېچكىمگە تىنماي كېلىۋاتقان، — دېدى ئۇ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — تىنسام كىمگە تىنىمەن؟ موللىلارغا سۆزلىسەڭ، ئۇلارغا خۇش ياقمايدۇ، قىزتالاقلارغا تەييار نان، بىكار پوشكال بولسا يەپ يېتىۋېرىدۇ. سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ دەيدىغان گەپ بار. بۇ سۆزلىرىمنى خۇش ياقىدىغان، قەدىر - قىممىتىگە يېتىدىغان ئادەملەرگە سۆزلەپ

بېرىش كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، سۆزلىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ بۈگۈن سىز تەلەپ قىلىۋاتىسىز، قارىسام بۇنىڭغا قىزىقىدىغاندەك قىلىسىز. بولىدۇ، سۆزلىسەم سۆزلەي!

هارۋىكەش ئاتلارغا ۋە يولغا بىر قۇر نەزەر تاشلىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، شائىر ئۇنىڭغا يېقىنلاپ پۈتۈن زېهنى بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى.

— زو زۇڭتاڭ چىققاندا ئوبدانلا ئېسىمنى بىلەتتىم. ئۇلارنىڭ قانداق چىققانلىقىنى خېلى ئېنىق بىلىمەن. ياش ۋاقتىدىكى ئىشلار تاشقا مۆهۈر باسقاندەك ئادەمنىڭ يادىدا تۇرىدىكەن. ئۇلار چىقىپ ئارىدىن 20 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن، قومۇلدا تورپاق يېغىلىقى بولدى. ئۇ چاغدا مەن 34 - 35 ياشلاردا ئىدىم. ئۇنىڭدىن تۆت - بەش يىل ئۆتۈپلا تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى بولدى. راسا قىرانىمغا يەتكەن چاغلىرىم ئىكەن، ئات مىنگۈم كېلىپ تۇرالماي ئاخىر ئاتلىنىپ خەلپەم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگىچە كەلدىم. شۇ چاغلاردا بىز ناخشا ئېيتىپ مۇشۇ تاغلارنى يېرىۋەتكۈدەك تىترەتكەنىدۇق. بۇ ئىشلارنىڭ يېپىدىن - يىڭنىسىگىچە بىلىمەن. شۇ يىللىرى ئىلى جياڭجۈنى بىلەن يۈەن داخۇا① ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنىمۇ بىلىمەن. بۇ ئىشلارنى نەچچە يىللاردىن ئىچىمگە سىڭلاپ يۈردۈم. ئىنسانچىلىقتا بىلگەن نەرسەڭنى باشقا بىرىگە سۆزلىۋەتمىسەڭ، ئىچىڭ بوشىمىغاندەك قاپقارا بولۇپ يۈرىدىكەنسەن. سۆزلەي دېسەڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئادەم يوق.

— زو زۇڭتاڭنىڭ چىققانلىقى تارىختا چوڭ ۋەقە. بۇنى بىز تارىخلاردىن كۆرگەن. ئەمما ئۇنىڭ قانداق چىققانلىقىنى بىلەلمەيمىز، سىز بىلگەنلىرىڭىزنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىڭ! — دېدى شائىر ئۆتۈنۈش قىلىپ.

— زو زۇڭتاڭ دېگەن قورسىقىدا پىلانى بار قېرى جياڭجۈن ئىكەن.

---

① يۈەن داخۇا — شىنخەي ئىنقىلابى يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چوڭ هەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارى بولغان ئادەم.

جەڭ دېگەننىڭ بىرى جەڭ، توقۇزى رەڭ دېگەندەك، ئۇلار قانداق چىقتى دەڭ، زو زۇڭتاڭ ھەر ئون ئەسكەرگە بىردىن ئەلەم① تۇتقۇزۇپ ئەپچىقتى. ئەسكەرلەر ياياق (پىيادە) سوزۇلۇپ مېڭىپ كېلەتتى. نەچچە كۈن ـ نەچچە كۈنلەرگىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇردى. قەيەرگىلا قارىسا ئەلەم، ئۇنىڭ جىقلىقىغا قاراپ ئەسكەرلەر شۇنداق جىق كۆرۈنۈپ كەتتىكىن، بۇنى يىراق تۇرلاردا تۇرۇپ كۆرگەن بەدۆلەتنىڭ پايلاقچىلىرى، ئىچكىرىدىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ دەپ چۈشىنىپ قالدى. بۇ بىر سەۋەب، ئىككىنچى بىر سەۋەبى، ئەنجانلىقلار ئۆز ئىچىدە بىرلىككە كېلەلمەي بىرى سوقۇش قىلىمىز دېسە، بىرى قىلمايمىز دەپ ئاخىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئاندىن بىرى دۈشمەنلىك قىلىپ بەدۆلەتكە زەھەر ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ھەققۇلى بەگ، بەگقۇلى بەگ دېگەن ئوغۇللىرى شاھلىق تالىشىپ بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەشتى ... ئىشلار مانا شۇنداق بولغان ...،

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە سالى ھارۋىكەش ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىز ھەقىقىي تارىخچى ئىكەنسىز، — دېدى شائىر سۆزىنى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، — تارىخىي ۋەقەلەرنى سىزدەك ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان، ئەتراپلىق خۇلاسە چىقىرىدىغان ئادەم كەم ئۇچرايدۇ.

— ئۇكام مەن، ئوقۇمىغان قارىتۈرۈك ئادەم، — دېدى سالى ھارۋىكەش سۆزىنى ئۇلاپ، — دېگەن بىلەن بىر ئىشنىڭ ئالدى-كەينىگە، ئۇڭ-سول تەرەپلىرىگە تەكشى سەپسالىدىغان ئەسكى مىجەزىم بار.

— ئۇنى ئەسكى مىجەز دېمەيمىز. ئاش يېگەن تاۋىقىنىلا بىلىپ باشقا ئىشلارنى بىلمەيدىغان ئىشنى ئەسكى مىجەز دەيمىز. مېنىڭچە بولغاندا، بىر ئىشلارغا ئەتراپلىق قارىيا-

① ئەلەم — بايراق.

لايدىغان سىزگە ئوخشاش ئادەم كەم تېپىلىدۇ. قېنى سۆزلەڭ، — دېدى شائىر سەمىمىي ئۆتۈنۈپ.

— زو زوڭتاڭ قېرىپ قالغان جياڭجۈن ئىكەن، ليۇ جىنتاڭ① دېگەن جياڭجۈن چىقىپ ئۈرۈمچىدە شۈنفۇ② بولدى. ئۇ كىشى بىرقانچە يىل يۇرت سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا رو يىڭچى ③ دېگەن كىشى چىقىپ شۈنفۇ بولدى. بۇ خېلى ئۇزاق يۇرت سوردى. مېنىڭ ھېسابىمدا 13 ـ 14 يىللار سورىدىمىكىن. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ليەنكۈي④ دېگىنى كەلدى. مۇشۇ ئارىلىقتا چاپسان ـ چاپسانلا بىر ـ ئىككىسى كېلىپ ـ كېتىپ يۆتكىلىپ تۇردى. بىز ئۇلارنىڭ ئېتىنى بىلىپ بولغۇچە قالماي يۈەن داخۇا ⑤ دەيدىغان بىرى شۈنفۇ بولۇپ يۇرت سوردى. تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى بولغان كۈنلەردە يۈەن داخۇا دېگىنى ئۈرۈمچىدىكى ئىشىنى ھازىرقى ياڭ جياڭجۈنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزى ئىچكىرىگە كەتتى. ياڭ جياڭجۈن دېگىنى خېلى يامان تۈلكە ئىكەن. يۇرت سورىغىلى ھازىر 15 ـ 16 يىللار بولۇپ قالدى. مېنىڭچە ھەرقانچە يامان تۈلكە بولسىمۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى تومشۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ھارۋىكەش بىردىنلا جىددىيلىشىپ ھارۋىنى توختاتتى ۋە شائىرغا قاراپ:

— داۋانغا كېلىپ قاپتىمىز! — دەپ قويدى.

---

① ليۇجىنتاڭ — 1884-يىلى شىنجاڭ ئۆلكە قىلىنغاندىن كېيىن كېلىپ ئۈرۈمچىدە شۈنفۇ بولغان گېنېرال. ئۇ 1885-يىلى مەمۇرىي باشلىق ۋە گۇاڭتاۋ بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەن.

② شۈنفۇ — ئەل قىلغۇچى، بويسۇندۇرغۇچى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەمەل نامى.

③ رو يىڭچى — ليۇجىنتاڭنىڭ ئورنىغا كەلگەن شۈنفۇ. ئۇ 1889-يىلىدىن 1902-يىلىغىچە ھاكىمىيەت بېشىدا بولغان.

④ ليەن كۈي — 1902 - يىلدىن 1906 - يىللارغىچە شۈنفۇ بولغان.

⑤ يۈەن داخۇا — 1911 - يىلى ئۆز ئىشىنى ياڭ زېڭشىنغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئىچكىرىگە كەتكەن. 1906 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋاڭشۇ، فەنشياۋسۇ دېگەنلەرمۇ شۈنفۇ بولغان. بۇلاردىن كېيىن يۈەن داخۇا شۈنفۇ بولغان.

هارۋىلار بىر-بىرلەپ توختىغاندىن كېيىن هارۋىكەشلەر يەرگە چۈشۈشتى. بەزىلىرى ياغ كوزىسىنى ئېلىپ چاق ياغلاشقا كىرىشتى. بەزىلىرى ئىسقىرتىپ ئاتلارغا سۇ سالدۇراتتى.

ئاتلار راۋۇرۇس دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە قوزغالدى. ئارىلىقتا 50 مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن يول بىردىنلا سولغا قايرىلىپ داۋانغا ئېسىلاتتى.

داۋانچىڭنىڭ داۋىنى ① قەدىمكى هارۋا يولىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە هەم ئېگىز، هەم خەتەرلىك داۋان هېسابلىناتتى. داۋاننىڭ جەنۇبىي يۈزى قۇم-شېغىل ئارىلاش، يۇمشاق توپىلىق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىرەر كىلومېتىر، يانتۇلۇقى 40 - 50 گىرادۇس كېلەتتى. ئېغىر يۈك هارۋىلىرىنى بۇ يانتۇلۇقتا هەيدەپ چىقىش ئۈچۈن بىر هارۋىغا يەنە بىر هارۋىنىڭ ئاتلىرىنى ئاشۇرۇپ قوشۇپ، يەنى هارۋىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ ئاتقا يەنە ئۈچ ئاتنى ئۇلاپ جەمئىي يەتتە ئات كۈچى بىلەن سۆرەپ چىقاتتى. ئەگەر بۇ هەم ئازلىق قىلسا يەنە ئۈچ ئات ئاشۇرۇپ ئون ئات كۈچى بىلەن هەيدەيتتى. هارۋىكەشلەر ئاتلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، هەدەپ قامچا سوقۇپ تاغ ئىچىنى جاراڭلىتىۋېتەتتى. ئاتلار قاتتىق بېسىم ئاستىدا هارۋىنى كۆچەپ تارتاتتى. لېكىن هەر 15 - 20 قەدەم ئالغا سىلجىغاندا، خۇددى مەسلىهەتلىشىۋالغاندەك شاققىدە توختاپ دېمىنى ئالاتتى. ئۇلارنىڭ خىرىلداپ هاسىراشلىرى بېسىلا - بېسىلمايلا هارۋىكەشلەر يەنە هەيدەيتتى. مانا شۇ تەقلىدتە هارۋىلارنى بىر-بىرلەپ داۋان ئۈستىگە يەتكۈزۈپ چىقاتتى. داۋاندىن چۈشۈش بولسا تېخىمۇ قىيىن هەم خەتەرلىك ئىدى.

داۋاننىڭ تەسكەي (شىمالىي يۈزى) تەرىپىنىڭ يانتۇلۇقى

① ئۇ چاغلاردا هازىرقىدەك ئېقىن ئىچىدە تاشيول يوق ئىدى. تۆگە، ئېشەكتىن باشقا قاتناش قوراللىرى (هارۋا، ماشىنا) ئاشۇ ئېگىز داۋان بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى.

تەخمىنەن 80 ـ 90 گرادۇس كېلىدىغان غىلىتالىق تاشلىق بولۇپ، تەخمىنەن 300ـ400 مېتىر كېلەتتى. داۋان ئۈستىدە تۇرۇپ قارايدىغان بولسا داۋان ئاستىدىكى ئادەملەر چىمچىلاق قولدەك كۆرۈنەتتى. مۇنداق تىككىن غىلىتالىق تاش داۋاندىن ئېغىر يۈك بېسىلغان شۇنداقلا ھېچقانداق تورمۇز قۇرۇلمىسى بولمىغان ھارۋىلارنى ئىچ ئاتنىڭ قوشقۇنغا ئولتۇرۇشىغا تايىنىپ ئېلىپ چۈشۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەگەر تەۋەككۈلچىلىك قىلىنىدىغان بولسا، ھارۋا دومىلاپ كېتىپ ئات ۋە ھارۋىكەشلەرنى نابۇت قىلاتتى، لېكىن ئەمگەكچى خەلق دانىشمەن ئىدى. ھارۋىنى داۋاندىن چۈشۈرۈشتە ئالدىدىكى ئۈچ ئاتنى چىقىرىپ، ھارۋىنىڭ كەينىگە تەتۈر قېتىپ ئاتلارنى داۋان ئۈستىگە قارىتىپ قوياتتى. بۇ چاغدا يالغۇز ئىچ ئات بىلەن قالغان ھارۋا داۋاندىن چۈشۈشكە ماڭغاندا، تەتۈر قېتىلغان ئۈچ ئات كەينىچە تېيىشىپ مېڭىپ تورمۇز رولىنى ئۆتەيتتى. ناۋادا ھارۋا يۈگۈرۈپ كېتەي دېسە، تەتۈر قېتىلغان ئۈچ ئاتنى ھارۋىكەشلەر يۇقىرىغا قارىتىپ ھەيدەيتتى، شۇ ئۇسۇل بىلەن يۈگۈرۈپ كەتمەكچى بولغان ھارۋىنى تورمۇزلاپ توختىتىۋالاتتى.

داۋانغا چىقىش ـ چۈشۈشتىكى كەسكىن جەڭلەرنى كۆرگەن شائىر، ھارۋىكەشلەرنىڭ تارتقان جەبرى ـ جاپاسىغا قايىل بولغان ھالدا ئۇلارنىڭ پەم-پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغانىدى. تۈز يولغا چىققاندا ئۆز خۇشاللىقىنى بېسىۋالالمىغان ھارۋىكەش شائىرغا قاراپ:

—ئۇكام، بۈگۈن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى راسا كۆرۈۋالدىڭىز-ھە! — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

— كۆردۈم، قانچىلىك جاپا ـ مۇشەققەتلىكلىكىنى ھەم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى شائىر ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ، — مۇشۇنداق خەتەرلىك يوللارنى ئېچىپ، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداپ ماڭغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا جىق رەھمەت ئوقۇساق،

جىق دۇئا قىلساق بولغۇدەك. قاراڭ، بۇ داۋان نېمىدېگەن تىك. ئادەمنىڭ قاراپمۇ قورققۇسى كېلىدۇ.

— ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ، دېۋىدىڭىز، بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى،— دېدى ھارۋىكەش يېڭى سۆز باشلىماقچى بولۇپ، — بىر يىلى تۇرپاندىن بىر ئەمەلدارنى كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئەپچىقتىم. ئەمەلدار دېگەن ھارۋىغا بىر چىقىۋالسا پەقەت چۈشمەيدىغان، ئەتىدىن - كەچكىچە سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلايدىغان، ئۇيقۇسى تۈگىسە ئىككى قولىغا ئىككى تال چويۇن ساقا ئېلىۋېلىپ ئوينايدىغان، ئاپناپىنىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان خەقكەن. داۋانغا كەلگەندە ھېلىقى ئەمەلدار ئاتلارنىڭ ھارۋىنى تارتالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھارۋىدىن چۈشەي دېمەيدۇ. ئاخىر ئۇنىڭغا بىر چارە قوللاندىم: خەتەرلىك، چۈشمىسەڭ بولمايدۇ، دېدىم. ئۇ، ئىلاج قىلالماي ھارۋىدىن چۈشتى. ئېگىز ئوقۇردا باققان ئۇلاغ يېرىغا يارىمايدۇ دېگەندەك، ئەمەلدار بولغانلارمۇ بىكار يەپ يېتىپ كاردىن چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئادەم ھارۋىدىن چۈشۈپ تۈزۈك يول ماڭالمىدى. ھاسىراپ تىنلىرى ساڭگىلاپ قالدى، دېمى سىقىلىپ، يۆتىلىپ ماڭدامدا بىر دېگۈدەك ئولتۇرۇۋالدى. لېكىن مەن نېمە بولساڭ بول دەپ كارىم بولماي كېتىۋەردىم. داۋان ئۈستىگە چىققاندا قارىسام ئۇمۇ بىر نېمىلەر قىلىپ مىدىرلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بىردەم قاراپ تۇردۇم. يېقىنلاپ كېلەي دېۋېدى، ھارۋىنى ھەيدەپ داۋاندىن چۈشۈپ كەتتىم. بىر ۋاقىتتا ئۇ داۋان ئۈستىگە يېتىپ كېلىپ مېنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، بىرنېمىلەر دەپ ۋارقىرىغىلى تۇردى. مەن يەنىلا كارىم بولماي ئاڭلىماسقا سېلىپ چۈشۈپ كېتىۋەردىم. ھارۋىنى داۋان تەكتىگە يەتكۈزۈپ قارىسام، ھېلىقى ئەمەلدار بىر قەدەممۇ ماڭالماستىن يېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ بىر تەرەپتىن ئاچچىقىم كەلدى، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاندىن دوملاپ كېتىپ

بېشىمغا بالا تاپمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ داۋانغا ئىككىنچى قېتىم چىقىپ ھېلىقىنى يېنەكلەپ ئېلىپ چۈشتۇم. يېنىپ چىقىشىمغا بۇ ئەمەلدار ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ داۋاندىن چۈشۈشكە كۆزى يەتمىگەنىكەن. بىلىكىمدىن تۇت دەپ ھېلىقىنى يېتىلەپ ماڭدىم. پۇتى بىرئازلا تېيىلىپ كەتسە، ئەيىۋ، ئەييا دەپ ۋارقىرايدۇ. قورقما، ھېچ گەپ يوق دېگەنلەرگە كۆنمەيدىكەن، قورقۇپ كەتكەن بۇ مەخلۇق داۋاندىن چۈشكۈچە ئىشتانلىرىغا سىيىپ تاشلاپتۇ...

سالى ھارۋىكەش سۆزىنى تۈگىتىپ قاقاقلاپ كۈلگەندە، شائىرمۇ تەڭ كۈلگەنىدى. ھارۋىلار بىرئاز مېڭىپ داۋانچىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئىقىننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يول بىلەن داۋانچىڭغا قاراپ كېتىۋاتقاندا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سازلىق يەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كونا قەلئە كۆرۈندى. سالى ئاكا شائىرغا بۇ قەلئەنى كۆرسىتىپ:

— بەدۆلەت ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغاندا، بەدۆلەتنىڭ چوڭ ئوغلى ھەققۇلى بەگ مۇشۇ قەلئەدە تۇرغان، — دېدى.

ئېگىز دۆڭلۈكتە كۆرۈنۈپ تۇرغان قەلئەنىڭ، يەر تۈزلۈشىدىن ئېلىپ قارىغاندا سىتراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇنداق مۇھىم ئورۇندا، بەدۆلەتنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ قاتناش تۈگۈنىنى ئىگىلەپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغانلىقى ئەقىلغە ئۇيغۇن ئىدى.

— بىر ئىش دېگەننىڭ باش تەرىپىگە قاراپلا ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدىكەن، ئىشنىڭ ئاخىرىغا، نەتىجىسىگە قاراش كېرەك ئىكەن، — دېدى ھارۋىكەش سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز ھارۋىكەشلەرمۇ ئات سېتىۋالساق باش - ئاخىرىغا قاراپ ئالىمىز. مەسىلەن، بەزى ئاتلارنى ئەكىلىپ ھارۋىغا قوشساق، دەسلەپتە

ھارۋا جابدۇقلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغاندەك كۈچەپ تارتىدۇ، ئەمما مەنزىلنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ھېرىپ قېلىپ تۆت پۇتىنى يۆتكەپ ماڭالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بىز ئۇنداق دېمەي كالتە، ئۇڭاي ھېرىپ قالىدىغان ئاتلارنى بىكارغا بەرسىمۇ ئالمايمىز. بەزى ئاتلار بار، ئۇلارنى ھارۋىغا قوشۇپ ھەيدىسەك باشتا ئۆزىنى ئانچە جۇۋاتمايدۇ. ئەمما يولغا چىققاندا بارغانسېرى قىزىشىپ شۇنداق ياخشى تارتىدۇكى، ھارۋىنى ئوينىتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ، ناۋادا ھارۋا پېتىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداق ئاتلار كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھارۋىنى پاتقاقتىن خۇددى چامغۇر يۇلغاندەك يۇلۇپ تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇكام، بىز شۇنداق ئاتلارنى يامبۇ خەجلەپ بولسىمۇ سېتىۋالىمىز. ئۇنداق ئاتتىن بىرى بولسىلا ھارۋا ھەرگىز يولدا قالمايدۇ.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە قامچىسىنى يېنىك ئايلاندۇرۇپ ئالدىغا قېتىلغان ئۈچ ئاتنىڭ دۈمبىسىدە ئوينىتىپ، ئاتلىرىمغا قاراپ تاماشا قىل دېگەندەك قىلدى ھارۋىكەش. ئۇنىڭ ئاتلىرى ھەقىقەتەن خىسل ئىدى. ھەممە ئات بىردەك كۈچ چىقىرىپ ھارۋىنى ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى.

ھارۋىلار داۋانچىڭغا كېلىپ قالغانىدى.

— قالغان سۆز ئەتىگە ئامانەت، — ھارۋىكەش شۇلارنى دەپلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ چۇلۇۋۇرنى ئىگىلىدى.

## 2

شائىر بۇ كېچە مۈشكۈلدە تاڭ ئاتقۇزدى. ھارۋىكەشتىن بىر پۈتۈن تەپسىلاتنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىدا، ئۇنىڭ خۇددى يېڭى سۇ ئىچكەن زىرائەتتەك ياشناپ روھى تېتىكلىشىپ كەتكەنىدى. كېچىچە تۈزۈك ئۇيقۇ تاپماي خىيال سۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ خىيالى ئەزىم دەريادەك ئۆركەشلەيتتى. لاچىندەك پەرۋاز قىلىپ

ئاللىقانداق يىراق ئۇپۇقلارغا كېتەتتى. پات - پاتلا: «ئەجەبا!»
دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. سالى ھارۋىكەشكە، ئۇنىڭ سۆزلەپ
بەرگەن تارىخىي بايانلىرىغا، ئۇنىڭ يۈرەك ئامبىرىدا ساقلىنىپ
كېلىۋاتقان تارىخىي تەپسىلاتلارغا ھەيران بولاتتى: «مۇنداقمۇ
پۇختا ئادەملەر بولامدۇ - ھە! 30 - 40 يىللىق ئىشلارنى، بۇ
دىياردا كىملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى خۇددى ئۆز ئەۋ-
لادلىرىنى سانىغاندەك ئېتىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ چىقتى. بۇ نې-
مىدېگەن ئىقتىدار، نېمىدېگەن قابىلىيەت - ھە!» دەيتتى...

ئەتىسى ئەتىگەندە داۋانچىڭدىن قوزغىلىپ سايمۇپىغا قاراپ
يول ئالغان ھارۋىلار قارىياغاچلىقلار ئارىسىدىكى قاتتىق يوللار-
دا كېتىۋاتقاندا، شائىر تولۇپ - تاشقان كەيپىيات ئىچىدە ئەت-
راپتىكى مەنزىرىلەرنى ۋە ئېتىزلارنى تاماشا قىلغاچ، تونۇگۈنكى
بايانىنى قانداق باشلىۋېلىش توغرىسىدا ئويلىناتتى.

— خانىنىڭ لەشكەرلىرى چىقتى، — دەپ سۆز باشلاپ قال-
دى ھارۋىكەش ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، — شۇنىڭدىن
كېيىن خېلى زامانغىچە ئۇرۇش بولمىدى، تىنچ ئۆتتۈق، — ئۇ
قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىرئاز توختىۋېلىپ داۋام قىلدى، — تىنچ
ئۆتتۈق دېگەن بىلەن قۇمۇل ۋاڭلىرى بەك ئەسكىرەپ كەتتى.
بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زامانىسىدا كەلگەندە قۇمۇلنىڭ تې-
رىلغۇ يەرلىرى، چارۋا ماللىرى، كۆمۈر كان، باغ، كارىزلارنىڭ
تولىسى ئوردا تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يەرلەردە ئولتۇراقلاش-
قانلار ئوردىنىڭ دېھقان قۇللىرىغا، تاغلاردا ئولتۇراقلاشقانلار
چارۋىچى قۇللىرىغا ئايلاندى. دېھقان قۇللارغا بەرگەن يەرنىڭ
بىر موسىدىن بىر دادەن ئاش تاپشۇرىدىغان تۈزۈم چىقاردى.
ئەگەر بىر مو يەردىن بىر دادەن ھوسۇل چىقمىسا كەم قالغانىنى
دېھقانلار ئۆز يېنىدىن تولدۇرۇپ بېرىشكە، چارۋا ماللار قوزىلى-
مىسا، چارۋىچىلار ئۆز قوزىسىنى سەپلەپ تولدۇرۇشقا مەجبۇرقىلىندى.
قاراڭ، دۇنيادا شۇنداقمۇ تۈزۈم بولامدۇ!؟ — سۆز بۇ يەرگە كەل-

قىنىدە، ھارۋىكەشنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن يېشىل ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ كەتتى. ئۇ يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئۆۋامەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ۋاڭلارنىڭ كۆمۈر كېنىغا ھەر بىر ئائىلىدىن بىردىن كىشى يەيدىغىنىنى ئۆزىدىن چىقىرىپ ئالتە ئاي ئىشلەپ بېرىدىغان بىر تۈزۈم چىقتى. پۇقراغا نېمە چارە؟ ئۇلارنىڭ قىل دېگىنىنى قىلماي ئامال يوق. زۇلۇم دېگەن ئېغىرلاپ كەتتى، چىداپ تۇرغۇدەك ھال قالمىدى. دېھقانلار يەر ساتاي دېسە، ئوردا رۇخسەت قىلمايتتى. ئامال قىلالمىغان دېھقان يەرلىرىنى ئەرزان باھادا ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇ ئىشلار دېگەن دېھقانىنىڭ بېشىغا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — دېدى شائىر ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — دېھقان دېگەن پىلغا ئوخشاش خېلى ئېغىرلىقلارنى كۆتۈرىدىغان خەق. شۇنداق بولسىمۇ ۋاڭ - غوجىلار ئىنساپ قىلاي دېمەيدۇ - دە!

— ئۇلار ئىنساپ قىلمايدۇ، ئۇلاردا ئىنساپ يوق، — دېدى ھارۋىكەش. بۇ سۆزنى قىلغاندا ئۇنىڭ سىم ساقاللىرى تىترەپ كەتكەندى، — مەن سىزگە ئېيتاي، ئۇلار شۇنچە ئىشنى قىلىپ يەنە قانائەت قىلماي دېھقانلارغا مودامىل (قارىغۇ- يوق، ئورۇنسىز مەنىلىرىدە) ئالۋان سالىدىغان بىر ئىشنى پەيدا قىلدى. مۇشۇ بىر ئىش سەۋەبىدىن قۇمۇلدا تورپاقلار يېغىلىقى دېگەن يېغىلىق پەيدا بولغان. بۇ يېغىلىقنى ئاڭلىغانمۇ سىز؟ سىلەر ئۇ چاغدا كىچىك بولغىيتتىڭلار. قانچە ياشقا كەلدىڭىز؟

— بۇ يىل 27 ياشقا كەلدىم، — دېدى شائىر.

— ئۇنداق بولسا بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بۇ ئىشقا 21 - 22 يىل بولدى. مەن ناھايىتى ئېنىق بىلىمەن. تورپاقلار يېغىلىقى تۈگەپ 5 - يىلى مىنگوي قۇرۇلدى. مىنگوي قۇرۇلۇپ بىرەر يىل بولمايلا تۆمۈر خەلپە قوزغالدى. سىز ئۇ چاغدا، قېنى...، — ھار-


AltunOq

ۋىكەش بىر ئاز تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى،— 27 دىن 21 نى ئېلىۋەتسەك ئالتىسى قالامدۇ، شۇنداق بولغاندا سىز ئۇ چاغدا بەش-ئالتە ياش ئىكەنسىز.

— شۇنداق،— دېدى شائىر ئۇنىڭ ھېسابىنى تەستىقلاپ،— بەزى سورۇنلاردا توپاقلار يېغىلىقى، تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى توغرىسىدا گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، ئەمما تەپسىلىي ئەمەس. بۇ ھەقتە سۆزلەپ بەرسىڭىز جان دەپ ئاڭلايتتىم.

— سۆزۈمنىڭ تۇمشۇقى دەل شۇ يەرگە كەلدى،— دېدى ھارۋىكەش كۈلۈمسىرەپ،— بىر تاغدىن ئۆتمىسەك يەنە بىر تاغقا يېتىپ بارغىلى بولمىغاندەك، بۇنى سۆزلىمىسەك، كېيىنكى ئىشلارنى سۆزلىگىلى بولمايدۇ. مەن ھازىر ۋاڭلار دېھقانلارغا قارىتقويۇق ئالۋان سالىدىغان بىر ئىشنى چىقاردى دېدىمغۇ، توپاقلار يېغىلىقى دەل شۇ ئىشتىن باشلانغان...،— ھارۋىكەش قولىغا تۈكلۈرۈپ نازىپ تۇرىدىغان قامچىسىنى ئاتلارنىڭ ئۈستىدىن بىر-ئىككى ئايلاندۇرۇپ ئوينىتىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاچچىق ئەلەم تۆكۈلگەندەك كۆرۈنەتتى،— يار تۈگمەنلىك شەرۇللا دېگەن بىر دېھقان بار ئىدى. بەش-ئالتە ئۇششاق بالىلىرى بار، كەمبەغەل، ياۋاش ئادەم ئىدى. شۇ يىلى ۋاڭ ئوردىسى ئۇنىڭغا بەش دادەن ئاشلىق ئالۋان قويۇپتۇ. بۇ ئادەم بۇنچە جىق ئاشلىقنى قانداق تۆلەپ كېتەلىسۇن!؟ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ ئانچە كۆپ يېرى يوق ئىدى. بولسا ئەككىز-ئون مو يېرى بار بولغىيتتى... ئۇنچىلىك يەردىن چىققان ئاش بالىلىرىنىڭ قورساقىغىمۇ يەتمەيتتى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەش دادەن ئاشنى ئۇ قانداق تۆلىيەلىسۇن!؟ بۇ يەردە بىر ئويۇن بار. بۇ قانداق ئويۇن دېسىڭىز، شەرۇللانى ئاشۇ ئازغىنا يېرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش. شۇڭا بۇ ئالۋاننى سالغان گەپ. ئالۋاننى تۆلەپ كېتەلمىسە، يەر ساتىدۇ. يەرنى

بولسا ۋاڭنىڭ جەمەتلىرى ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. شەرۇللانىڭ ئۆزىدىن ئېيتقاندا يەرنى ساتمىسا ئالۋاننى تۆلىگىلى بولمايدۇ. يەرنى سېتىپ قويسا بەش ـ ئالتە بالىنى باقىلى بولمايدۇ. ئۇ مانا شۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرغاندا، ئوردا ئادەملىرى كۈندە دېگۈدەك قامچىسىنى دېۋەيلەپ كېلىپ ئاشلىقنى قىستاپ زۇلۇم سالىدۇ. زىندانغا تاشلايمىز، نومغا پالايمىز دەپ قورقۇتىدۇ. مۇنداق تەڭلىكتە قالغان شەرۇللا بىر كۈنىسى ئۆز بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى، ۋاڭغا بولغان نارازىلىقلىرىنى بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ جىگدە شېخىغا ئېلىپ قويۇپ سىرتماق سېلىپ ئۆلۈۋالىدۇ. ئەتىسى بامداتتىن يانغان جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان خېتىنى ئوقۇپ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قاتتىق نارازى بولىدۇ. ئاڭغىچە شەرۇللانىڭ ئۆيىدىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى چىقىپ يىغا ـ زار قىلىشىدۇ. شۇ كۈندىكى نالە ـ پەريادقا ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولامىدىغان! بۇ ئەھۋالغا قاراپ ھەممە ئادەمنىڭ ۋاڭنىڭ زۇلمىغا قارشى غەزىپى ئۆرلەيدۇ. بۇ تېخى ئىشنىڭ كىچىكى. چوڭى باشقا يەردە... ئەگەر ھارمىغان بولسىڭىز ئۇلاپ سۆزلەيمەن.

— سۆزلەڭ ئاكا، سۆزلەڭ. مەن ھازىر بارغانچە قىزىقىپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى شائىر ھارۋىكەشكە ئىلتىجا بىلەن قاراپ.

— ئۇنداق بولسا مەن سۆزلەي، — دېدى ھارۋىكەش تىلى بىلەن كالپۇكلىرىنى نەمدەپ، — يەنە شۇ كۈنلەردە، ۋاڭ ئوردىسى راجى تورپاق، زىرىپ تورپاق، شاكىر تورپاق دەيدىغان ئاكا ـ ئۇكا ئۈچ كىشىگىمۇ 13 دادەن ئاشلىق ئالۋان سالغانىكەن. ئۇلارمۇ بۇ ئالۋاننى تۆلەپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ، قىپچىربۇلاق تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. بۇلار قېچىپ لاپچۇق دېگەن يەرگە بارغاندا، ۋاڭنىڭ تارانچىدىكى كۆمۈر خانىسىدا 17 ئادەمنى كۆمۈر بېسىپ ئۆلتۈرگەن بىر ۋەقەگە ئۇدۇل كېلىدۇ.

ئۇ يەرگە نەچچە يۈز ئادەم توپلىنىپ يىغا - زار قىلىشقان بولسىمۇ، ۋاڭ ئوردىسى خۇن تۆلەشنىڭ ئورنىغا يامان گەپ قىلىپ، خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. مۇشۇنداق پۇرسەتتە ئاكا - ئۇكا تورپاقلار خەلقنى قوزغاپ ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۇلار ناھايىتى چاپسانلا 300 دەك ئادەم توپلاپ قۇمۇلغا كىلىپ ئۆز تەلەپلىرىنى يېزىپ ئوردىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى گۈمبەزگە چاپلايدۇ.

— ئۇلارنىڭ قويغىنى قانداق تەلەپ؟ — دېدى شائىر تىت - تىت بولۇپ.

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ، مەن ھازىر سۆزلەپ بېرەي - ھە! — دېدى ھارۇنكەش شائىرنىڭ جىددىيلەشكەنلىكىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئاندىن بىر كۆزىنى قىسىپ ئاسمانغا قاراپ قانداقتۇر بىر نېمىنى ئويلىغاندەك قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى،

— ئۇلارنىڭ بىرىنچى تەلىپى: ۋاڭ تەۋەلىكىدىكى يەر ۋە كۆمۈر كانلار بۇندىن كېيىن دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىلسۇن. بىز ئەمدى ھەقسىز ئىشلەپ بەرمەيمىز؛ ئىككىنچىسى، ھەر ئايدا ۋاڭلىق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئالتە كۈننى قىسقارتىپ ئۈچ كۈنگە چۈشۈرسۇن؛ ئۈچىنچىسى، بۇ تەلەپلەرگە قۇمۇل تىڭ بېگى (ھاكىمى) كېپىل بولۇپ تەلەپلىرىمىزنى تاشقا ئويۇپ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇپ بەرسۇن؛ تۆتىنچىسى، يۇقىرىقى تەلەپلىرىمىز ئورۇندالسۇن. ئورۇنداپ بەرمىسە ۋاڭنى كېرەك قىلمايمىز، تىڭ بېگىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. بۇ تەلەپلەرنى خەلق تۆت قېتىم چاپلىدى. ۋاڭ ئوردىسى قەستەن كۆرمەسكە سېلىپ جىم يېتىۋالدى. ئاكا - ئۇكا تورپاقلار ئىشنى باشقىدىن قوزغاش ئۈچۈن سومقاغا، ئاستانە، توغۇچى، لاپچۇق، قارادۆۋە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ئادەم سانىنى 500 - 600 گە يەتكۈزدى. شەھەر ئەتراپىدىمۇ ئۆزخوجا خوجىنىياز، موللانازى، دۇگامەت دېگەن كىشىلەر جۈمە كۈنى خەلققە: «كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، ھەممىمىز ئوخشاش ئادەم ئىكەنمىز، ئۇنداق بولغاندا ۋاڭلار نېمىشقا ئەۋلادتىن - ئەۋ-

لادقا بېشىمىزغا چىقىۋالىدۇ؟ نېمىشقا بىز ئۇلارغا قۇل بولىمىز! بىزمۇ ئوخشاش كۈن كۆرىمىز دېسەك، ۋاڭلارنى يوق قىلىشىمىز كېرەك!» دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن راھەتباغ، قاراتال، بۇغانا، دۆۋىجىن، پالۋانتۇر دېگەن يەرلەردىن 500 ـ 600 ئادەم توپلىشىپ كېلىپ تورپاقلارغا قوشۇلىدۇ. ئادەم سانى 1000 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئۆيلەرمۇ شەھەرگە يېقىن. يېشىم 30 دىن ئاشقان بولۇپ، بەزى چېلىشلاردا باش ئالىدىغان چاغلىرىم ئىدى. پۈتۈن يۇرت قوزغىلىپ كېتىۋاتقان يەردە مەن قاراپ تۇرالايمەنمۇ!... قولۇمغا بىر توقماقنى ئېلىپ ئەلگە قوشۇلۇپ ماڭدىم. 1000 دىن ئارتۇق ئادەم قوللىرىغا تاياق ـ توقماق، پالتا ـ كەتمەن ئېلىپ توپلىشىپ شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭدۇق. «ۋاڭلىقنى ئالمايمىز، ئۇلارغا قۇل بولمايمىز» دەپ سۈرەن سالدۇق (شۇئار توۋلىدۇق دېمەكچى) جىق ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ سۈرلۈك بولىدىكەن. شەھەر سېپىللىرى، ئۆيلەرنىڭ تاملىرى تىترەپ كەتكەندەك بولدى. بىزنىڭ مۇنداق ھەيۋەتلىك ئاۋازلىرىمىزنى ئاڭلىغان شا مەخسۇت كۆسۈتكەندەك تۆشۈكتىن بېشىنىمۇ چىقىرالمىدى. ئەمما زەھەر سانجىشقا تەييارلىق كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن يارىدەم سوراپ ئۈرۈمچىگە ئادەم ماڭدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوردا ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن مىخلىتىپ ئۈرۈمچىدىن ياردەم كەلگۈچە ساقلاپ ياتماقچى بوپتۇ. بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرىدىمىزمۇ، بىزمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ ئوردىنى قاپسىۋالدۇق. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ تېشىغا خام كېسەكتە تام قىرلاپ ئۇلارنى تاشقىرى چىقالمايدىغان قىلىۋەتتۇق، ھېچكىم ئۆيىگە يانمىدى. كېچىسى شەھەر ئەتراپىدىكى دەرەخلىكلەردە ياتتى. ئاش ـ غىزالىرىنىمۇ شۇ يەردە ئېتىپ يېدى. بىر كېچىسى سېپىلغا شوتا قويۇپ چىقماقچى بولدۇق. پىلان قىلىپ، تاڭغا يېقىن سېپىلغا ئۈچ يەردىن شوتا قويدۇق. ئادەملەر مەن چىقىمەن دېسە مەن، چىقىمەن دەپ ئۆزىنى ئۇرۇپ تالىشىپ تۇردى. شۇ كېچىدىكى خەلقنىڭ قىزغىنلىقىنى سۆز-

لەپ بېرىشكە ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇكام. شۇنداق
قىلىپ بىرمۇنچە ئادەملەر شوتىغا ئېسىلىپ سېپىلغا ياماشتۇق. لې-
كىن سېپىلغا چىقىشقا ئاز قالغاندا، ئوردا ئەسكەرلىرى تاراسلى-
تىپ ئوق چىقارغىلى تۇردى. ئۈچ يەردىكى شوتىدىن ئەڭ ئالدى-
دا ماڭغان توختى، ھوشۇر، جامال دېگەن ئۈچ ئادىمىمىزگە ئوق
تېگىپ شېھىت بولدى. قالغانلىرىمىز ساق قايتىپ چۈشتۇق. ھو-
شۇر چىققان شوتىدا چىقىۋاتقانلارنىڭ ئۈچىنچىسى مەن ئىدىم. ئال-
دىمدا قاراتالدىن كەلگەن يەنە بىر ئادەم بار ئىدى. چىقايلى دې-
سەك، ئالدىمىزدىكى ئادەمگە ئوق تېگىپ شوتىغا ئارتىلىپ قالدى.
بىز ئۇنى دەسسەپ ئۆتەلمىدۇق. ناۋادا چىقىۋالغان بولساق خېلى
ئىشلارنى قىلىۋاتقان بولاتتۇق - جۇمۇ! — ھارۋىكەش بىردەم توخ-
تاپ تىللىرىنى تامشىپ، ئاندىن داۋام قىلدى، — ئاڭغىچە تاڭ سۈ-
زۈلۈپ قالدى. ئوقلار شالاڭ ئېتىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن بىز ئوق
تەگكەنلەرنى كۆتۈرۈپ يېنىپ كەلدۇق. غەزىپىمىز تېخىمۇ ئۆرلى-
دى، چىشلىرىمىز غۇچۇرلاپ، يېڭىباشتىن تۇتۇشماقچى بولۇپ، تەي-
يارلىق قىلدۇق. شۇ كۈنلەردە ھازىرقى ياڭ جياڭجۈن دېگەن تۈل-
كە گەنسۇدىن يۆتكىلىپ، ئاقسۇغا دوتەي (ۋالىي) بولۇپ قومۇلغا
كەلگەنىكەن. ئۇنىڭغا ئۈرۈمچىدىكى شۇنفۇدىن قومۇلدىكى ئىش-
نى بىر تەرەپ قىل دەپ بۇيرۇق كەپتۇ. ياڭ زېڭشىن دېگەن
تۈلكە بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ،
شاھمەخسۇتنى دېھقانلارنىڭ تەلەپلىرىگە يالغاندىن ماقۇل كەلتۈرگەن
بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن بارىكۆلدە تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەت ئەس-
كەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ يېپ شىڭفۇ دېگەن ليەنجاڭنى 100 ئەسكىرى
بىلەن كېچىلەپ ئەكىلىپ ئوردا ئىچىگە مۆكتۈرۈپ تەييارلاپتۇ. ئە-
تىسى چۈشكە يېقىن شاھمەخسۇت خەلق يېقىن كەلسۇن، خەلقنىڭ
تەلەپلىرىگە جاۋاب بېرىمەن دەپ جار سالدۇردى. خەلق بۇ گەپ-
نى ئاڭلاپ گۈركىرەپ دەرۋازا ئالدىغا يېقىنلاپ بېرىپ، ۋاڭنىڭ
جاۋابىنى ئاڭلايمىز دەپ قاراپ تۇردۇق. دەل شۇ چاغدا بارىكۆل-

دىن كەلگەن ئەسكەرلەر بىردىنلا ئوق ياغدۇردى. شۇ يەرنىڭ ئۆـ
زىدىلا سەككىز ئادىمىمىزگە ئوق تېگىپ ئۆلدى. بىرمۇنچە ئادەم
يارىلاندى. قولىدا قورالى بولمىغان خەلق شۇنىڭ بىلەن تەرەپـ
تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئوردىنى ئۈچ ئاي قاپسىۋالغان قوزغىـ
لاڭ شۇنداق قىلىپ بىر كۈندىلا توزۇپ كەتتى. ئوردا ئەسكەرلىـ
رى بىلەن يېڭى شىڭفۇنىڭ ئەسكەرلىرى كۈچ تېپىپ قوزغىلاڭغا باشـ
چى بولغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ تۇتۇشقا باشلىدى. نەچچە
كۈن ئىچىدە 200 دەك ئادەمنى تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن
تورپاق راجى، تورپاق زېرىپ، ئۆزخوجا خوجىنىياز، موللا ناـ
زى، دۇگامەت قاتارلىق سەككىز كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ دەرۋاـ
زىغا ئاستى. تورپاق شاكىر، تورپاق توخنىياز باشلىق 40 چە ئاـ
دەمنى پىچان، تۇرپان، توقسۇنغا پالاپ (سۈرگۈن قىلىپ) تاشلىدى. قالـ
غان 150 دەك ئادەمنى نومغا ئاپىرىپ بوز يەر ئاچتۇردى...،—سۆز بۇ
يەرگە كەلگەندە سالى ھارۋىكەش چۆچۈپ ئەتراپقا قاراپ،— تۇـ
كام، گەپنى قىلىۋېرىپ سايىپىغا يېقىنلاپ قاپتىمىز،— دېدى ۋە قوـ
لى بىلەن ئايدىڭكۆل ياقىسىنى كۆرسىتىپ،— ئەنە قاراڭ، سالـ
غا تاشلىرى بار يەرگە كېلىپ قاپتۇمىز، بۇ تاشلارنى توپ ئاتار
غوجام ئۆز زامانىسىدا سالغا بىلەن ئاتقانىكەن،—دەپ ئىزاھلاپ
قويدى.

دەرۋەقە ئايدىڭكۆلگە يېقىن يەردىكى سايلىقتا تاۋۇز ياكى
چاققانىراق قازان چوڭلۇقىدا نۇرغۇن يۇمىلاق تاشلار چويۇندەك
يالتىراپ تۇراتتى.

— پاراڭ مۇشۇ يەردە توختىسۇن،— دېدى ھارۋىكەش ئالـ
دىدىكى چىغلىققا قاراپ،— ئاۋۇ كۆرۈنگەن سوقمىدىن ئۆتـ
سەكلا چىغلىققا كىرىمىز. ئۇ يەردە يول ئەسكى، پەخەس بولۇپ
ھەيدىمەي بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قالغان گەپنى يەنە ئەتىگە ئامانەت
قىلىمىزمۇ؟ — دېدى شائىر ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ.

— ئەتىمۇ يول ئۇزۇن، چىغ دەڭگە بارغۇچە قانداقلا گەپ بولسا تۈگەيدۇ، — هارۋىكەش هارۋىسىنى ئىگىلەپ هەيدەشكە كىرىشتى.

چىغلىق ئىچىدىكى كاتاڭ (لاقڧا) يوللاردا هارۋا خۇددى بۆشۈكنەك ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ باراتتى.

# ئالتىنچى باب

— كېچىچە بىر ئۇخلىغان بولسام نېمە دەي ....— دەپ سۆز ئاچتى شائىر ھارۋىلار كەڭساي يولىغا چىققاندا.

— نېمىشقا ئۇخلىمىدىڭىز؟ — سالى ھارۋىكەش ئۇنىڭغا تولغىنىپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — ياكى ئۆيدىكى قۇشناچ چۈشىڭىزگە كىرىپ قاپتۇمۇ!؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ئۇ.

— ياق، مەن كېچىچە شامەخسۇت بىلەن جەڭ قىلىپ چىقتىم، — دېدى شائىر ئۇخلىيالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، — ئويلانسام تورپاقلارنىڭ قويغان تەلەپلىرى يامان تەلەپلەر ئەمەس، خەلق ئۆز ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ بىر ئاز يېنىكلىشىنى تەلەپ قىلغان، بۇنىڭغا شامەخسۇت نېمە ئانچە قاراملىق قىلىدۇ ياكى ئۇلار قان تۆكمىسە، قان ئىچمىسە تۇرالمايدىغان خەقمۇ!؟ شۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ بىر ئۇخلىغان بولسام! ...

— دېمىدىممۇ، مېنىڭ ئېيتقىنىم راست چىقتىمۇ!؟ — ھارۋىكەش بىردىنلا جانلىنىپ كۈلۈشكە باشلىدى.

چۈنكى بىر ئادەم ئۆزى بىلگەن بىر ئىشنى ئىككىنچى بىر ئادەمگە خۇددى ئۆزى چۈشەنگەندەك ياكى ئۆزى تەسىرلەنگەندەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە، خۇشاللىق ھېس قىلىشى تەبىئىي. شۇڭا كېچە سۆزلىگەن ۋەقەلەرنىڭ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-

غا تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشەنگەن ھارۋىكەش خۇش بولۇپ، سۆزنى «مەن دېمىدىممۇ!» دىن باشلاپ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

— مېنىڭ كونا ئىشلارنى سۆزلىمەيدىغان مىجەزىم بار دېگىنىمنىڭ سەۋەبى مانا شۇ يەردە، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئۆتكەن ئىشلار كۆمۈك پېتى تۇرغىنى بىرئاز ياخشى. ئەگەر ئۇنى ئېسىڭگە ئالدىڭمۇ، بىكاردىن - بىكار يۈرىكىڭ ئاغرىپ «سېتىۋالدى كېسەل» دېگەندەك كېسەل تېپىۋېلىپ بىئارام بولىـەن ... بىر ئادەم كېسەل بولسا كېسەلنىڭ ئازابىنى ئۆزىلا تارتىشى لازىم بولغاندەك، بۇ دەردلەرنى ئۆزۈملا تارتاي دېگەنىدىم. سۆزلىمەي دېسەم ئۆزىڭىز ئۇنىمىدىڭىز. ماقۇل دەپ سۆزلەپ بېرىۋېدىم، دەردىنىڭ يېرىمى سىزگە ئۆتۈپتۇ. بىركېچە ئۇخلىماي چىقىپسىز. تەسىر قىلغانغا شۇنداق بولغىنىڭىز. ئەگەر سىزگىمۇ، باشقىلارغا ئوخشاش تەسىر قىلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا دەردىنىڭ ھەممىسى ماڭا قالغان بولاتتى. قارىسام سىز ياش بولسىڭىزمۇ خېلى غەرەز بىلىدىغان ئادەم بوپسىز. سىزگە سۆزلەپ بېرىپ خۇددى دەردىنىڭ يېرىمىنى ئۆتتۈل قىلىپ بېرىۋاتقاندەك بويۇم يېنىكلىشىپ قالدى ...، — دېدى ھارۋىكەش ئىنتايىن ھەمنۇن بولغان ھالدا ئەتراپقا، يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ.

كۈن چىقىقانىدى. غەربكە قاراپ كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئاسمان تىرەپ تۇرغان بوغدا تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى كۈن نۇرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىگە ئېلىپ ئاق نۇاۋاتتەك چاقناپ تۇراتتى. سول تەرەپتە تەگرتاغلىرىنى ھالقىپ كېتىدىغان تۇزلۇق داۋان يولى خۇددى تۇماقچىنىڭ قېلىپىقا ئارتىپ قويغان بىر تال ئاق يىپتەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. تاغ ئېتەكىدىكى ئايدىڭكۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سارغۇچ جاڭگاللارمۇ قۇياش نۇرىدا سېھىرلىك تاۋلانغانىدى. تارىختىن بۇيان سان-ساناقسىز كارۋانلار ئىز سالغان كونا ھارۋا يولى خۇددى ئاق شورۇقتەك سوزۇلۇپ ئۇپۇققا تۇتىشاتتى.

كۈن نۇرى بارغانسېرى كېڭىيىپ ئاتلارنىڭ دۈمبىسى، هارۋا چاقىنىڭ ئۇلتاڭلىرىغىچە قونغانىدى. شۇ قاتاردا سالى هارۋىكەشنىڭ سىم ساقىلىنىمۇ ئالا قويماستىن خۇددى تاشقىن سۇ ئېچىپ كەتكەن سەۋزە رەڭ يىلتىزلاردەك قىزارتقانىدى. هارۋىكەش ئىختىيارسىز هالدا ساقىلىنى سىلاپ چوڭقۇر تىنىۋېلىپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇكام مەن سىزگە راست گېپىمنى قىلسام، يېنىمىزدىكى مۇشۇ تاغنى، — ئۇ، بېشى بىلەن بوغدا تېغىنى كۆرسىتىپ داۋام قىلدى، — يۆتكىۋېتىش مۇمكىن بولمىغاندەك، زالىملارنىڭ زالىم تەبىئىتىنىمۇ ئۆزگىتىپ كەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەيمەن. نېمىشقا دېسىڭىز، مەسىلەن، تورپاقلار يېغىلىقى قوزغاپ چىقىۋېدى، قانچە ئادەملەرنىڭ بېشىنى كېسىپ باستۇرغان شامەخسۇت ئاۋۋالقىدىن بەچچە هەسسە ئەسكىرەپ خەلققە زۇلۇم سالغىلى باشلىدى. شۇنىڭغا قاراپ زالىملارنىڭ خۇي - پەيلىنى ئوڭشاپ كەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ دەيدىغان بىر تونۇشقا كېلىپ قالدىم.

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدى شائىر شۇئان هارۋىكەشنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىسىگە تۈزىتىش بەرمەكچى بولۇپ، — زالىملارنى تاغقا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئۇلار مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئۇلار زۇلۇم قىلسا خەلق قارشى چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ زۇلمى قانچە ئېغىرلاشسا، خەلقنىڭ قارشىلىقىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ، تاكى خەلق ئۇ زالىملارنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز تازىلاپ يوقاتمىغۇچە هەرگىز توختاپ قالمايدۇ.

— بۇ دېگىنىڭىزغۇ توغرا، — دېدى هارۋىكەش شائىرنىڭ بۇ سۆزىنى ئۆزى ئىسپاتلاپ بېرىشكە ئالدىراپ، — شامەخسۇت تورپاقلار قوزغىلىڭىنى باستۇردۇم دەپ زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرۋېدى، ئارىدىن بەش يىل ئۆتمەيلا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى چىقتى، بۇنىڭغا قارىغاندا، سىزنىڭ دېگەن گېپىڭىز توغرا. زالىملار

خەلقنى باسقانسېرى خەلق شۇنچىلىك قارشى چىقىدۇ. شۇڭا تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلىڭى، تورپاقلارنىڭكىدىن چوڭ ھەم كۈچلۈك بولدى. شامەخسۇتنىمۇ خېلى ئالدىراتتى ...

— سىزمۇ قاتناشقان بولغىتتىڭىز؟

— قاتناشمايدىغان ئىش بولامدۇ! — ھارۋىكەشنىڭ يۈزىدە قانداقتۇر تەبىئىي غۇرۇرلۇق تۇسى پەيدا بولدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆكرىكىنى كەرگەن قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇ چاغلاردا يېشىم 40 لارغا تولغان قىران ۋاقتىلىرىم ئىدى. يىلىك توشقان، كۈچ - ماغدۇر دېگەن تۈگمەننىڭ نورىدىن چۈشكەن سۇدەك چاقپەلەكنى ئايلاندۇرالايدىغان ۋاقتىم ئىدى. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئۆيدە تۇرۇپ - تۇرالماس، يېتىپ - ياتالماس بولۇپ قالدىم. ئاخىر ئاتلىنىپ بىر تال توقماقنى چېۋىمغا قىستۇرۇپ تۆمۈر خەلپىگە قوشۇلۇپ، ئاندىن ئارام تاپتىم ...، — ھارۋىكەش سەل توختىۋېلىپ ئورنىنى تۈزەپ راۋۇرۇس ئولتۇرغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ئەمدى بۇ ۋەقەنىمۇ سۆزلەپ بېرەي. بۇنى ئاڭلاپ يەنە بىر كېچە ئۇخلىماي چىقىسىز، مەندىن خاپا بولماڭ — ھە! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— خاپا بولىدىغان ئىش يوق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ! — دېدى شائىر جۇشقۇنلىنىپ.

— شۇ يىللاردا ...، — دېدى ھارۋىكەش قانداقتۇر بىر ئىشلارنى ئېسىگە ئېلىۋاتقاندەك قىلىپ، يىراقلارغا قاراپ ئاندىن داۋام قىلدى، — شۇ يىللاردا ئىچكىرىدە ئىنقىلاب بولۇپ خاننى يىقىتىپ مىنگۈي (جۇمھۇرىيەت) قۇرۇلۇپتۇ دەيدىغان گەپ پەيدا بولدى. ئازكۈن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىكى شۇنىڭمۇ جۇمھۇرىيەتنى قوبۇل قىلماپتۇ. ئىلىدا تۇرۇۋاتقان ياڭ مازا (ياڭ چوقۇر — ياڭ زەڭشۈي) دېگەن كىشىلەر قوزغىلىپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇپتۇ. بۇنىڭغا قوشۇلمىغان يوەن داخۇا ئەسكەر تارتىپ ئىلى تەرەپ بىلەن

سوقۇش قىلماقچى بوپتۇ دېگەن سۆزلەر تارقالدى. ئۇنىڭدىن كې-
يىن قۇمۇلدا شامەخسۇت قۇمۇل 12 تاغدىن ئەسكەر ئال-
غۇدەك، ئىككى ئوغلى بار ئادەمنىڭ بىر ئوغلى ئۆز ئېتىغا مى-
نىپ ئەسكەرلىككە كىرسۇن دەپتۇ. بۇ ئەسكەرلەر ئۇرۇمچىگە بېرىپ
ئىلى تەرەپ بىلەن سوقۇش قىلغۇدەك دەيدىغان گەپ - سۆزلەر
پەيدا بولدى. ئاز كۈن ئۆتمەي بۇ سۆزلەر راستقا ئايلاندى.
ھەرقايسى تاغلاردىن ئونلاپ - يىگىرمىلەپ ئادەملەر كېلىپ توپ-
لىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۆمۈر خەلپىمۇ بار ئىكەن.
ئاتلىقلار 200 گە توشقاندا قولىغا مىلتىق تۇتقۇزۇپ، ۋاڭنىڭ
توغۇچىدا تۇرىدىغان ئادىمى ھەجەرباقى قارىنى باش قىلىپ
ئۇرۇمچىگە ماڭدۇردى. يولدا كېتىۋاتقاندا تۆمۈر خەلپە تاغلىق-
لارغا: «بىزنى نەگە ئېلىپ ماڭغۇدەك، نەگە بارغۇدەكمىز، كىم
ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغۇدەكمىز، ئىچكىرىدە ئىنقىلاب قىلىپ خان-
نى يوقىتىپتۇ. بىزمۇ ۋاڭنى يوقاتساق ھەممە ئىش تۈزەلمەمدۇ،
ئۇرۇمچىگە بېرىپ نېمە قىلىمىز. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز
مۇشۇ يەردە!» دېگىنىكەن، ئاتا - ئانىسى، خوتۇن - بالىلىرى-
دىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن تاغلىقلارغا بۇ سۆز خۇش يېقىپ
ھەممىسى تۆمۈر خەلپىنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ
بۇلار لودۇڭغا كەلگەندە ھەجەرباقى قارى بىلەن يەنە
بىر ئادەمنىڭ قورال - ياراغنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قۇمۇل-
غا قوغلىۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۆزلىرى تۆمۈر خەلپىگە ئەگىشىپ قو-
رايغا قايتىپ كېلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شامەخسۇتنىڭ تۆت پۇتى
ئوكدىسىغىلا قالىدۇ. ئاندىن بىرئاز ئەقلىنى يىغىپ، قۇمۇلنىڭ
چوڭ ئاخۇنى سەدەنشا ئاخۇن بىلەن يەنە بىر خۇيزۇ ئاخۇننى
باش قىلىپ ھەسەنباي، ياڭ مۇجياڭ دېگەنلەرنى قورايغا ئەۋە-
تىدۇ. ئۇلار ۋەكىل بولۇپ بېرىپ: «قولۇڭلاردىكى قوراللارنى
تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. تۆمۈر خەلپە باش-
چىلىقىدىكى تاغلىقلار ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمايدۇ.

چىققانلارنىڭ ئىچىدە ياڭ مۇجياڭ دېگەن ئادەم ئوردىدا ئۇچىغا چىققان زالىم ئىدى. تاغلىقلار ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭدەك ئوت ئۇچى ئالغىلى قورايغا كەلگەن بىرنەچچە ئوردا ئادەملىرىنىمۇ ئۇرۇپ - سوقۇپ قوغلايدۇ. ئەھۋالنىڭ يامانلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن شاھەخسۇت تورپاقلار يېغىلىقىدا قان ئىچكەن يې شىڭفۇغا 2000 سەر كۈمۈش بېرىپ، تۆمۈر خەلپىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ بەرگىن، دەيدۇ. يې شىڭفۇ خۇش بولۇپ، بارىكۆلدىن ئەسكەر تارتىپ كوشۇتىغا يەتكەندە، شىڭ داتو دېگەننىڭ دېگىنىگە چۈشكۈن قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈر خەلپە ئادەملىرى بىلەن كېچىسى باستۇرۇپ كېلىپ يې شىڭفۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بىرىنىمۇ قاچۇرماي تىرىك تۇتۇۋالىدۇ. يې شىڭفۇنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ، تورپاق يېغىلىقىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋاڭ ئۈرۈمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ياردەم سورايدۇ، يۈەن داخۇا 1500 ئەسكەرگە باش قىلىپ چيەن گۇاڭخەن دېگەننى قۇمۇلغا ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى كېلىپ كوشۇتا ئېغىزى، تۆرۈك، شوپۇل قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ تاغنى توسۇپ ياتىدۇ. تۆمۈر خەلپە قوزغىلاڭچىلىرى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ چيەن گۇاڭخەننىڭ نۇرغۇن ئادىمىنى يوقىتىپ، قۇمبۇلاققا چېكىندۇرىدۇ. دەل شۇ چاغدا يۈەن داخۇا ئۈرۈمچىدىكى ۋەزىيىتىنى ياڭ زېڭشىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولۇپ قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەنىكەن. ئۇ كېلىپ چيەن گۇاڭخەننىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە يوقىتىمەن دەپ قەسەم ئىچىپ ئۇرۇشقا ئۆزى قوماندانلىق قىلماقچى بولىدۇ. ئۇمۇ ھۇركىرەپ چىقىپ نۇرغۇن زىيان تارتىپ يېلى چىققان توپتەك يېنىپ كېلىدۇ. ئەمما شاھەخسۇتنى قورقۇتۇپ ئۇرۇش چىقىمى دەپ نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش ئېلىپ ئىچكىرىسىگە تىكىۋېتىدۇ. مېڭىش ئالدىدا بىيەن

تۈگۈلۈك بىلەن چىيەن گۇۋاڭخەن ئىككىسىگە قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىڭلار! دەپ بۇيرۇق بېرىپ كېتىدۇ. بىيەن بىلەن چىيەن ئىككىسى بىرلىشىپ 2000 دەك ئەسكەر توپلاپ كوشۇتا ئىپەنزىغا هۇجۇم قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇلارنى ئالداپ تاغ ئىچىگە كىرگۈزۈپ خالتىغا سولىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى - كەينى، ئوڭ - سول تەرەپتىن تەڭلا هۇجۇم قىلىپ هەش - پەش دېگۈچە ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ قالغان - قاتقان ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ مىڭ تەسلىكتە قۇمۇلغا كېلىۋالىدۇ. بىيەن بىلەن چىيەن ئىككىسىمۇ ۋاڭدىن ئۇرۇش چىقىمى ئالىمىز دېگەندە، ۋاڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئاسىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار زەمبىرەكلىرىنى ئوردىغا قارىتىپ، ئەگەر چىقىمنى تۆلىمەسەڭ ئوردىنى توپقا تۇتىمىز دەپ ۋەهىمە سالىدۇ. شاھەخسۇت ئامال قىلالماي، ئۇلارغىمۇ بىرمۇنچە ئالتۇن-كۈمۈش بېرىدۇ. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈشنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىچكىرىگە قايتىپ كەتتى. قىزتالاقلار ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شىپىردىتە قىلىپ بىر كېچىدىلا غايىپ بولىدىكەن...

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە هارۋىكەش بىر ئاز كۈلۈۋېتىپ، سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ هەرىكەتلىرى چېۋەر ئىدى. ئۇ قولىغا ياغ كوزىنى ئېلىۋېتىپ شائىرغا قاراپ:

— سىز ئازراق سەۋرى قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى - دە، هارۋا چاقىنى ياغلاشقا كىرىشتى.

هارۋىنى ياغلاپ بولۇپ هارۋىغا چىققاندا:

— قىزتالاق، ياغسىراپ قالغانىكەن. ياغلاپ قويۇۋىدىم، مانا ئەمدى چۇن① سوقۇپ سازلىشىپ كەتتى، — دەپ قىلغان ئىشىدىن دوكلات بەرگەندەك قىلدى. هارۋىغا چىقىپ پۇختا جايلاشقاندىن كېيىن، شائىرغا قاراپ، —

① چۇن — هارۋا چاقلىرىدىكى بېكىتىلمىدىغان سوقىچاق چويۇن شارىك.

خوش، — دېدى - دە، توختاپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — تۆمۈر خەلپىنىڭ قوزغىلىڭىغا يەنە شۇ ياڭ جياڭجۈن ئۇستات كەلدى. ئۇ يامان تۈلكە ئىكەن. تورپاقلارنىمۇ ھىيلە بىلەن جايلىغانىدى. تۆمۈر خەلپىنىمۇ يەنە شۇ تۈلكە جايلاپ تاشلىدى. ياڭ جياڭجۈن تۆمۈر خەلپىگە: «سىز باشلىغان قوزغىلاڭ ۋاڭغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىڭىزنى بىلدىم. بۇ قوزغىلاڭ توغرىسىدا سىزگە ھېچقانداق گۇناھ قويىدىغان نىيىتىم يوق. سىزدەك بىر باتۇرنىڭ ھۆكۈمەتكە قاتنىشىپ، ماڭا ياردەملىشىپ خىزمەت قىلىشىڭىزنىلا خالايمەن. ھەرگىز گۇمان قىلماڭ ھەم قورقماڭ. ئەگەر ئۈرۈمچىگە كەلسىڭىز چەكسىز مېھرىبانلىق كۆرسىتىمىز، بۇنىڭغا گۇمانلانماسىن ئىشىنىڭ!» دەپ يېزىپتۇ. تۆمۈر خەلپە بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمىدى. ياڭ جياڭجۈن ئىككىنچى خىل يول تۇتۇپ، جىمساردا تۇرىدىغان ھەربىي باشلىق لى شۇفۇ دېگەننى قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ مۇسۇلمان ئىدى. لى شۇفۇ ئەسكەر باشلاپ بېرىپ، قارىقاپچىن، كوشۇتا، تۆرۈك، ئىدىش قاتارلىق تاغ ئېغىزلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قومۇلدىن پىلىك ھاجى، يۇنۇس ئەلەم ئاخۇن باشلىق ئون نەچچە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ تاغقا چىقىرىدۇ. لى شۇفۇ ۋەكىللەردىن ئۆزىنىڭ قۇرئان تۇتۇپ بەرگەن جىق ۋەدىلىرىنى ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە بىلەن ۋەكىللەر ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت باشلىنىدۇ. تۆمۈر خەلپە ۋەكىللەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ بىرئاز يۇمشايدۇ ھەمدە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا ماقۇل بولىدۇ. قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشنى، قومۇل چوڭ مەدرىس، شەنشى خۇيزۇ مەسچىتى، شۇيجۇ خۇيزۇ مەسچىتى قاتارلىقلارنىڭ ئاخۇنلىرى ئۈستىدە تۇرۇپ كېپىل بولۇشنى دەپ شەرت قويىدۇ. لى شۇفۇ بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بولىدۇ. «قۇرئاننىڭ ئۇلۇغلۇقى بىلەن ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلىمىز، ئەگەر خىلاپ كەلسەك ئاللانىڭ دەرگاھىدا قارا يۈز بولۇپ كېتەيلى» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ

ئىككى نۇسخا توختام خېتى تۈزىدۇ. قول قويۇش كۈنىدە لى شۇفۇ ئۆزى تاغقا چىقىپ تۆمۈر خەلپە بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ توختام خېتىنى ئالماشتۇرىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپتىن لى شۇفۇ، قوزغىلاڭچىلار تەرەپتىن تۆمۈر خەلپە توختامغا قول قويۇپ، ئۆز-ئارا قۇرئان تۇتۇشۇپ بىر - بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆمۈر خەلپە باشلىغان قوزغىلاڭ كېلىشىم يولى بىلەن بېسىلىدۇ.

ھارۋىكەش سۆزىنى توختىتىپ ئويناقلاپ كېتىۋاتقان ئاتلار تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە ئالدىنقى ئۈچ ئاتنىڭ ھەر بىرسىگە يېنىك-يېنىك قامچا تەگكۈزۈپ چىقتى. ئاتلار جانلىنىپ ئېغىر ھارۋىنى ئويىنىتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا ئۇ، ئاتلارنىڭ زوقلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن مەززە قىلىپ ئۆز ئىشىدىن رازى بولغان ھالدا شائىرغا قاراپ:

— قاراڭ، مېنىڭ ئاتلىرىم قانداق ياخشى تارتىدۇ - ھە! مەن بۇ ئاتلارنى ھارۋىغا قوشۇپ يولغا چىقتىمۇ، ئۇلار مېنى مەنزىلگە يەتكۈزۈشى كېرەك. لېكىن مەن ھەيدىمىسەم بۇلار مېنى مەنزىلگە يەتكۈزمەيدۇ، يېرىم يولدا قالدۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تۆمۈر خەلپە بوشاپ قېلىۋىدى، بۇيانقىلىرىمىزمۇ بوشاپ قالدۇق. ئىككىنچى يىلى (1913 - يىلى) 3 - ئايلاردا بولسا كېرەك، تۆمۈر خەلپە 160 تەك ئادىمىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەنمۇ بىللە ماڭدىم. داۋانچىڭ تاغلىرىنى جاراڭلىتىپ ئۆتكەن چاغلىرىم شۇ ئىدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، بىزگە ئاتلىق 3 - يىڭ دەپ نام بېرىپ ئۈرۈمچىنىڭ شياۋدۇڭمېن (شەرقىي كىچىك دەرۋازا) دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، — ھارۋىكەش بىردىنلا سۆزىنى ئۆزگەرتىپ، — ئوكام، مەن جىق سۆزلەپ كەتتىممۇ — قانداق؟

— ماڭا ھېچقانچە ئۇزۇن تۇيۇلمايۋاتىدۇ، — دېدى شائىر كۈلۈمسىرەپ.

— سىزگە ئۇزۇن تۇيۇلمىغاندۇر. قارىسام سىز قىزىپ قالدى-

ڭىز. خېلى ئىخلاس قويۇپ ئاڭلاۋاتىسىز. بۇتەرەپلىرىڭىزگە خۇش بولدۇم. بىراق بەزى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرسەڭ ئانچە قۇلاق سالمايدۇ. ئادەم دېگەنمۇ ھەرخىل بولىدىغان نەرسىكەن. بىز يول ئۈستىدە خىلمۇ خىل ئادەملەر بىلەن بىللە مېڭىپ قالىمىز. بەزىلەرگە قىز - چوكانلارنىڭ سۆزلىرىنى قىلىپ بەرسەڭ راست خۇش بولىدۇ. قىزتالاقلار قىز - چوكاننىڭ ئېتىنى ئاڭلىسىلا ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداقلارغا تارىخ پاراڭلىرى خۇشياقمايدۇ. مەن قارىسام سىز خېلى ئىخلاس قويۇپ ئاڭلىۋېدىڭىز، خۇش بولغىنىمدا جىق سۆزلەپ كەتكەندەك قىلىمەن. خىيال قىلسام تاماقلىرىم قۇرۇپ كېتىپتۇ. بىرئاز سۇ ئىچىۋالاي.

ھارۋىكەش يەرگە چۈشۈپ كېيىنكى ھارۋىلاردىن سۇ ئېلىپ تامەننى ھۆللىگەندىن كېيىن ئاندىن يېتىشىپ كېلىپ ھارۋىغا چىقتى. ئۇ كەلگىچە شائىر كىچىككىنە ياغلىقنى داستىخان قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق ئۈزۈم ۋە نان ئالغانىدى.

— بىرئاز نان يەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدى شائىر.

—ئىش كاتتىغۇ! - دېدى ھارۋىكەش ۋە جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن نان بىلەن ئۈزۈم يېيىشكە باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۈيغۇرمۇ قوشۇلۇپ ئۈزۈم يېدى. خېلى ۋاقىتقىچە سۆز قىلىشماستىن، ئېلىڭ، يەڭ دەپ تەكلىپ قىلىشىپ ئىشتىھا قىلىشتى. سالى ئاكا قۇرۇپ كەتكەن قاتتىق توقاچلارنى غاراسلىتىپ يۇمشىتاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ چىشلىرى ساق ۋە ئۆتكۈر ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇراتتى. بۇلار بىرئاز ئاۋقەتلىنىۋالغاندىن كېيىن، سۆھبەت داۋاملاشتۇرۇلدى.

— كىرمەكتىن ئىلگىرى چىقماقنى ئەندىشە قىل دەيدىغان بىر گەپ بار، — دېدى سالى ھارۋىكەش چىغدەڭدىن ئۆتكەندە، — بىز ئۇرۇمچىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان كۈننىڭ ئەتىسىلا قاپقانغا دەسسەپ سالغىنىمىزنى چۈشىنىپ پۇشايمان قىلىشقا باشلىدۇق. نېمىشقا كەلگەندىمىز دەپ، ئۆز گۆشىمىزنى ئۆزىمىز يەپ تاشلىغۇ-

دەك بولدۇق. ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر ئىكەن، بىز خۇددى ئۇ يەردە قوتاننىڭ بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ قالغان يېتىم قوزىدەك بولۇپ قالدۇق. روھىمىز چۈشۈپ، بوينىمىز قىسىلدى. باش - كۆزلىرىمىز سىيلىندى. يەيدىغىنىڭ شۇ دېگەندەك، كۈنىمىزگە بىرجىڭ تۆت سەردىن ئۇن بېرىپ ياتقۇزۇۋەتتى. تاغدا كەڭتاشا يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خەق، بۇنىڭغا زادى كۆنەلمىدۇق. تۆمۈر خەلپە تاغدىكى ۋاقتىمىزدا كۆزىمىزگە ھەممىدىن چوڭ - كاتتا كۆرۈنەتتى. بۇ يەرگە كېلىپ كىچىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۈرۈمچىدە جياڭجۈن، ئەمەلدارلار بەك تولا ئىكەن. ياڭ جياڭجۈن دېگەن ئىككى مۈرىسىگە ئالتۇن تاۋاق قاداپ نەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن ھەيۋەتلىك چىقىپ بىر قېتىم كۆرۈشۈپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرگىلى بولمىدى. ئۇنداق ھەيۋەتلىك جياڭجۈن، تۆمۈر خەلپىدەك ئادەملەرنى كىچىك بالىچىلىكمۇ كۆزىگە ئىلمايدىكەن. بىزمۇ تاغلاردا ئۆزىمىزنى يولۋاسنەك بىلىپ ھۆركىرەپ يۈرەتتۇق، بۇ يەرگە كېلىپ خۇددى كۆك پىت باسقان موزايدەك شۈمشىيىپ قالدۇق. بىلىپ تۇرۇپ تۇزاققا دەسسىگەندىكىن ئۆزىمىزنىڭ شورى دېيىشتۇق. ھەممىمىزلا پۇشايمان قىلدۇق. پۇشايماننىڭ نېمە پايدىسى، ئويلىماي كېلىپ ئاغرىماي ئۆلگەندەك بىر ئىش بولدى. ھەممىمىزنىڭ دەردى ئىچىمىزدە قالدى. بىزنىڭ كەينىمىزدىن قۇمۇل قانداق بولدى دەڭ! ئۇ يەردىكى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. بىزنى ئالداپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، لى شۇفۇنىڭ ئەملىنى ئۆستۈرۈپ قۇمۇلغا ئامبال قىپتۇ. ئاندىن ئۇ شاھمەخسۇت بىلەن بىرلىشىپ، قورايغا ئەسكەر ئەۋەتىپ نۇرغۇن ئادەملەرنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھوشۇر، ئىمىن، خوجىنىياز قاتارلىق 16 كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ قۇمۇل دەرۋازىسىغا ئېسىپ سازايى قىپتۇ. تاغدىكى ماللارنى ساناقسىز ئۆلتۈرۈپ، كەم چىققان سانىنى خەلققە تۆلىتىپ تولدۇرۇپتۇ. ۋاڭنىڭ زۇلمى ئاۋالقىدىنمۇ ئېشىپ، خەلقنىڭ چىداپ تۇرغۇدەك ھالىنى قويماپتۇ.

زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق قۇمۇلنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ قۇمۇلنىڭ ئەھۋالى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە يامانلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە بىزنىڭ ھالىمىزمۇ مۇشكۇللەشتى. شۇ يىلى كۈزدە ياڭ جياڭجۈن دېگەن ھىيلىگەر، قارا نىيەتلىك قىلىپ يېڭى قورال تارقىتىمىز، كونا قوراللارنى تاپشۇرۇڭلار دەپ بۇيرۇق چىقاردى. بىر كۈنى تۆمۈر خەلپە بىلەن مويدىن خەلپىنى مېھمانغا دەپ چاقىرىپ كەتتى. ئۈچ ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى جياڭجۈن يامۇلغا كىرىش بىلەنلا تۇتۇپ باغلىۋاپتۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ بۇيرۇقى دەپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ قورال - ياراغلىرىمىزنى يىغىۋالدى. قورال قولدىن چىقسا، جان تەندىن چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش بولىدىكەن. بىز خۇددى قوتاندىكى قويغا ئوخشاش، شۇلارنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر توپ مالغا ئايلاندۇق. ئۇلار قاچان سويۇپ يەيمىز دېسە، شۇ چاغدا سويۇپ يەيدىغان بىر ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە، تۆمۈر خەلپە باشلىق بەش ئادەمنى باغلاق پېتى ئېزىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق. بىزنىمۇ قانداق قىلىمىز دېسە شۇنداق قىلىدىغان يېرىگە يەتتى. بۇنىڭغا قاراپ بەزىلەر قاچتى. قالغانلىرىمىزنى قۇمۇلغا بارمايسلەر دەپ تۇرپان، توقسۇن، كۇچا تەرەپلەرگە پالىدى. مەن شۇ قاتاردا تۇرپانغا كېلىپ تۇرۇپ قالدىم. تۇرپاندا ھاپىز ھاجىغا يىللىقچى بولۇپ بىرنەچچە يىل بېشىمنى كۆتۈرمەستىن كارىز چاپتىم. كېيىنچە يۇرت تىنچىپ قېلىۋىدى، ئاندىن قۇمۇلدىكى بالا - چاقىلىرىمنى تۇرپانغا ئالدۇرۇپ كېلىۋالدىم. شۇنداق قىلىپ بۇ كۈنلەر مۇشۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭ نېرىسىغا يەنە قانداق كۈنلەرنى كۆرىمىز، ئۇ تەرەپلىرى خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت...

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە ھارۋىكەش بىر نېمىدىن چۆچۈگەندەك بولۇپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتتى ۋە ئالمان - تال-

مان ئىچ ئاتنىڭ چۆلۈۋرنى ئىسكىلەپ ئېھتىيات بىلەن ھارۋىنى باشقۇردى. ھارۋا شۇ پەيتتە چيەنفەن ئېرىقى ① دەپ ئاتىلىدىغان تاش ئېرىقنىڭ باش تەرىپىدىكى خەتەرلىك يەرگە كېلىپ قالغا-نىدى. بۇ جاينىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھارۋىكەشلەر ئۆزلىرى چۈشىنەتتى. قىيپاش ئومۇرتقىلىق تاش قىرلاردىن شەكىللەنگەن بۇ يامزال تولا ھارۋىلارنى كۆمتۈرۈۋېتەتتى ياكى ئوقىنى سۇن-دۇرۇۋېتەتتى. بەزىدە ھارۋىكەشلەرنىمۇ مېيىپ قىلاتتى. شۇ سە-ۋەبتىن ھارۋىكەشلەر بۇ يەرگە كەلگەندە ھارۋىنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن ھەيدەپ ئۆتەتتى. سالى قومۇللۇق ھارۋىسىنى ئاۋايلاپ سالامەت ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، يەنە ھارۋىغا چىقىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ئېرىقنى چيەنفەن ئېرىقى دەيدۇ، — دېدى ئۇ، يولنىڭ شەرق تەرىپىدە ئەگرى - توقاي چېپىلغان تېيىز تاش ئېرىقنى كۆرسىتىپ، - بۇنى گۇناھكارلارغا چاپتۇرغانىكەن.

— كىم چاپتۇرغاندۇر؟ — دېدى شائىر بىلمىشكە ئالدىراپ.

— كىم بولماقچى، يەنە شۇ ياڭ جياڭجۈن! — ھارۋىكەش سەل - پەل ئويلىنىۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، — ياڭ جياڭجۈننىڭ قىلغان ئىشى ئاز ئەمەس. ئۆز ئىچىدە خەنزۇلارنىمۇ جىق ئۆل-تۈرۈۋەتتى. ئىلى تەرەپتە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن باشلىقلاردىن بىرى-نىمۇ ساق قويمىغان گەپ. راستتىن ئېيتقاندا، بۇ جياڭجۈننىڭ كۆڭلى قارا، نىيىتى يامان ھەم گۇمانخور ئادەم. ھەتتا قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردىمۇ بەزى خەنزۇلارنى قوزغىلاڭغا ھېسداشلىق قىلغان دەپ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىپ، ئاندىن ياستۇقنى ئېگىز قىرلى-غان جياڭجۈن بۇ.

— بوغۇزىغا كەلگۈچە قىستاپ بوغۇلغان — دەڭا!

— توغرا ئېيتتىڭىز، بۇنىڭدا خۇن تولا. ئەمما ئۆزى ئۇ-چىغا چىققان تۈلكە. لېكىن تۈلكە ھەرقانچە مەككار بولسىمۇ،

①چيەنفەن ئېرىقى — گۇناھكارلار چاپقان ئېرىق.



AltunOq

ئاخىر تۇمشۇقىدىن ئىلىنار دېگەن بىر گەپ بار. بىر كۈنى بۇ ھەم تۇمشۇقىدىن ئىلىنىپ قالامدۇ، كىم بىلسۇن، — دېدى ھارۋىكەش ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتىدىن قانداقتۇر ئاچچىق ھەم ئەلەملىك خىيالغا كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھارۋا چېيەنفەن ئېرىقىنى ياقىلاپ مېڭىپ، سېرىق كۆلگە يېقىنلاشقانىدى. شۇ ئەتراپتىكى ئازگاللىقلاردا قويۇق ۋە باراقسان كۆكلىگەن قارىياغاچلار ياپېشىل بوستاندەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— يامان بولدى، يامان بولدى، — دېدى شائىر سالى ھارۋىكەشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش پۇرسىتىنىڭ تۈگەپ قېلىۋاتقانلىقىغا مەيۈسلىنىپ.

— سېرىق كۆلگە غاز ئاتقىلى چىققانلار، غاز ئۇركۈپ ئۇچۇپ كەتسە ياكى شىلەپىسىنى شامال ئۇچۇرتۇپ كۆلگە چۈشۈرۈۋەتسە، يامان بولدى دەيدىغان يەر بۇ. سىز نېمىگە يامان بولدى دەۋاتىسىز؟ — دېدى سالى چاقچاق قىلىپ.

— ماڭا سۆز تۈگىمەستىن يولنىڭ تۈگەپ قالغىنى يامان بولدى، — دېدى شائىر.

— ھە، شۇ گەپمۇ؟ مەن تېخى باشقا بىر سەۋەبىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى ھارۋىكەش قىسقا كۈلۈۋالغاندىن كېيىن، — كېرەك يوق، كېرەك يوق، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرىدىغانلا بولسا سۆزلىشىدىغان پۇرسەتلەر يەنە چىقىپ قالىدۇ. مەن دېگەن بۇ يولدا دائىم مېڭىپ تۇرىدىغان ئادەم، يەنە پۇرسەت چىقىدۇ.

— بۇ سەپەردە يەنە ئەمەت تاماقىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىۋالارمەن دەيدىغان ئۈمىدىم بار ئىدى. يول تۈگەپ قالدى ـ دە!

— سېرىق كۆلدىن ئۆتۈپمۇ يەنە بىرمۇنچە ماڭىمىز. ئاڭغىچە قىسقا بولسىمۇ سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن، — دېدى ھارۋىكەش ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن.

ئىخلاس قىلىپ ئاڭلىغۇچىسى بولغان يەردە ناتىقىقا پەيزى

كىرگەندەك، ئابدۇخالىقنىڭ ئىخلاس قويۇپ ئاڭلىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان سالى ھارۋىكەش ئانچە كېچىكمەيلا سۆزلەشكە باشلىدى.

— ياڭ جياڭجۈن قارا نىيەتلىك قىلىپ تۆمۈر خەلىپە بىلەن مويدىن خەلىپىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، تۇرپاندا ئەمەت، تۆمۈر دېگەن كىشىلەر باش بولۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار گاڭگۇڭ ئادەملەر ئىكەن، ھۆكۈمەتكە بوي بەرمەستىن قوزغىلاڭنى بىرەر يىلچە داۋاملاشتۇردى. يۇرت ئىچىدە ئەپلەشمىگەندە، تاغقا چىقىۋالدى. گۇچۇڭ، جىمسار، مورى تاغلىرىدا يۈرۈپ ھۆكۈمەتنى خېلى ئاۋارە قىلدى. بۇ ئىشتا، يەنە شۇ ياڭ جياڭجۈن ئۇستات كەلدى. بىرمۇنچە كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ ئالداش ئۇسۇلى بىلەن باستۇرماقچى بولدى ... بىر كۈنلىرى قوزغىلاڭچىلار چېچىلىپ كېتىپ، ئەمەت ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئۇنى تۇتۇشقا ھېچكىم يېقىنلاپ بارالماپتۇ. سەككىز - ئون چېرىك - يايىلار ئۇچرىشىپ قالغاندىمۇ، ئەمەت بۆسۈپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ گاڭگۇڭنى ئاخىر قانداق تۇتتى دېمەمسىز؟ بۇ ھەم بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش. تېگىدە ئەمەت تاماق بىلەن بىر مەھەللىلىك بۇۋى ئايال بار ئىكەن. بۇ ئايال ئەمەتنى تۇتۇپ بېرىدىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قانداق تۇتۇش توغرىسىدا ئويلىغان ھىيلە - مىكىرىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ ماقۇل كۆرۈپتۇ. بۇ ئايال بىر خۇرجۇنغا نان - توقاچ، يەل - يېمىش قاچىلاپ ئەمەتنى يوقلاپ چىققان بوپتۇ. شۇ كۈنلەردە ئەمەت ئۆزى يالغۇز بىر غولنىڭ ئىچىدە يۈرگەنىكەن. ھىيلىگەر ئايال غولغا كىرىپ: «ئەمەتئاخۇن، ئەمەتئاخۇن» دەپ ئىزلەپ ئاخىر تېپىپ كۆرۈشۈپتۇ. مەن سىزنى يوقلاپ چىقتىم دەپ، خۇرجۇندىكى نان - توقاچ، يەل - يېمىشلەرنى تۆكۈپ مېھمان قىپتۇ. تاغدا ئاچ - توق يۈرگەن ئادەم بىر مەھەللىلىك تونۇش ئايالنىڭ ئاچچىقان نەرسىلىرىنى يەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئايال بولسا، كۆكۆل ئېيتىپ: «تاغ ئىچىدە ئۇزۇن يۇرۇپ كەتتىڭىز. ھېچكىم سىزنى يوقلاپ قوياي دېمىدى. مېنىڭ ئىچىم ئاغرىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىر مەھەللىدە ئۇزۇن بىللە ئولتۇرغان بولغىنىم ئۈچۈن يوقلاپ كېلەي دەپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي چىقتىم» دەپ ھال سوراپ يۇرت ئىچى ئەھۋاللىرىدىن بىرمۇنچە خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا: «سىزگە بىر قۇر ئىشتان-كۆڭلەك ئالغاچ چىقتىم» دەپ پىشىشىق تولىمىدا تىكىلگەن ئىشتان-كۆڭلەكنى ئالدىغا قويۇپ، كۆڭلەكنى شۇ زامان كىيدۈرۈپتۇ. تار ھەم ياقىسى كىچىك تىكىلگەن بۇ كۆڭلەكنى ئەمەت ئولتۇرۇپلا كىيگەنىكەن، بېشى كۆڭلەك ئىچىگە قاپلىشىپ، كۆزى ئېتىلىپ قاپتۇ. ئايال ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئوڭشىغان بولۇپ، بىرئاز كېچىكتۈرۈپ شەرەت قىلغانىكەن، دەرەخلەر ئارقىسىدا ماراپ ياتقان ئون ياپى تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەمەتنى قاملاپ تۇتۇپ باغلىۋاپتۇ. ئەمەتنى ئەنە شۇنداق تۇتۇۋالغان. بىلدىڭىزمۇ، ئەگەر شۇ ئايال ھىيلە ئىشلەتمىگەن بولسا، ئەمەتنى قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

ھارۋا مويكىدىن ئۆتۈپ كونا شېھىتلىككە كېلىپ قالغانىدى. شائىرنىڭ كۆزىگە بۇ پەيتتە كونا قەبرىلەر ئارىسىدا ئۆزىنى ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ يۈرگەن قانداقتۇر قەبىھ سۈرەتلىك جادۇگەركەمپىرنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

# يەتتىنچى باب

## 1

ھەر شەھەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەنزىرىسى، گۈزەللىكى، ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ دېسەك، ئۇ چاغدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نېمىسىنى تىلغا ئالساق بولار!؟ ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغان دەرياسىنى تىلغا ئالساقچۇ! دەريا دېگەن كۆپ نەرسىغۇ! نى - نى مەشھۇر دەريالار باركى، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىن باشلىنىپ بۇ چېتىگىچە ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ دەريالارنىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچى دەرياسى قانچىلىك بولماقچى؟ ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپى تاغلىق دېسەكچۇ! دۇنيادا تاغ دېگەننىمۇ تولا گەپقۇ. پۈتكۈل تەڭرى، كونلۇن تاغلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئۈرۈمچىنىڭ تاغلىرى قانچىلىك بولماقچى؟ مەنزىرىسىنى تىلغا ئالغىلى بولارمۇ؟ ئۇلانباي، سايباغ ۋە قىزىلتاغ تۇمشۇقىنىڭ نېرىسىدا دەريا ياقىلاپ چەكسىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارىياغاچلىقلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەمسىزمۇ؟ ئۇنىڭ قانچىلىك مەنزىرىسى بولسۇن! قارىياغاچلىق دېگەن بەرىبىر قارىياغاچلىق-دە، ھېچ ۋاقىتتا قارىغايزارلىق ئەمەس. ئالما - ئۆرۈك، شاپتۇل - جىگدىلىك تېخىمۇ ئەمەس! ئەمسە نېمىسى بار؟ قانداق نېمىسىنى تىلغا ئالغىلى بولىدۇ دەيسىز؟ ئۈرۈمچىنىڭ مىليارد تونىلىق كۆمۈر زاپىسى بار. ئۇ

دېگەن قارا ئالتۇن، ھاياتلىق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايدۇ دېسەك قانداق بولار!؟

ئومۇمەن بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ يېقىلغۇ جەھەتتىكى تەڭداشسىز ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىر ئۆلكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولۇپ كەلمەكتە. ئەنە ئۇنىڭ دەرياسى چار يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي ساھىلغا چىشلىشىپ قۇرۇلغان بۇ شەھەر دائىم دېگۈدەك ئىس - تۈتەكلەر بىلەن قاپلىنىپ تىلسىماتتەك سىرلىق كۆرۈنەتتى. قاتمۇ قات كوچا، زىچ سېلىنغان شەھەر ئۆيلىرى خۇددى تاشقىن ۋاقتىدا دەريا سۈيى قىزىل تاغ ئېتىكىگە يۆلەپ چىقىرىپ ئۈستىگە بىر قەۋەت لاتقا تاشلاپ كەتكەن ئەخلەت - چاۋا دۆۋىسىدەك قارامتۇل توپا رەڭ كۆرۈنەتتى. بۇ شەھەرنى يەنە ئەخلەت دۆۋىسى ئۈستىدە ئۇچ يۆگىلىپ ياتقان ئاق يىلاندەك ئۈچ قەۋەت سېپىل ئوراپ تۇراتتى. شەھەر ھاياتى ئەنە شۇ سېپىلنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا قاينايتتى. ئاھالە تۆت كوچا ۋە دوقمۇشلاردا غۇژمەكلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشاتتى!...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىر بۇ شەھەردە. ئۇ ھاردۇقى چىقىپ ئۆزلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ ئۆز مۇددىئاسى بويىچە ئىزدىنىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك ...

ئۇنىڭ كۆزئالدىدا شەھەر قاينام تاشقىنلىق كۆرۈنەتتى. بۇ يەردىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار، نوپۇزلۇق بايلار، مۆتىۋەر زاتلارنى ئىزدەپ كۆرۈشۈش، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىش شائىرنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىشتىكى تۈپ مەقسىتى ئىدى. بۇ ئىشلارغا بىر - بىرلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

لېكىن شائىر كۆرۈشمەكچى بولغان بايلارنىڭ ئىشى كۆپ، بىر ئورۇندا مۇقىم تۇرالمايدىغان، بىر دەم كانتور (دۇكان)دا، بىر دەم مويكىدا، بىر دەم بوغالتىرلار ئۆيىدە ياكى مېھماندارچىلىقلاردا يۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار بىلەن ئۇچراشماق ئاسان



AltunOq

ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ بوغالتىرلار بىلەن يىللىق ياكى پەسىللىك ھېسابات قىلىشقان چاغلاردا، بىرەر ئايغىچە ھەرقانداق كىشىنى قوبۇل قىلالمايدىغان، بىرەر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان ئۆمسىلە مىجەزلىك بايلارمۇ بار ئىدى. شۇڭا شائىرغا ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ سالام بېرىش يولىدا بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك قورا جايلىرىنى، كانتور-دۇكانلىرىنى، مويكىلىرىنى كۈنگە بىرقانچە قېتىمدىن ئايلىنىپ چىقىشقا توغرا كەلگەنىدى.

شائىر بۈگۈن غازىبايىنى مويكىدىن تاپتى. ئۇ كىشىگە سالام بېرىپ كەلگەندە، غازىباي لاپاس ئاستىدا يۈك تايلاۋاتقان (پىرىسلاۋاتقان) ئىشچىلارنىڭ ئىشىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇچۇق چىراي قارشى ئالدى:

— كېلىڭ خالىققارى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ شائىرغا ئورۇن كۆرسەتكەندەك قىلىپ، — خوش، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى ئۇ. بۇ چوڭ ئىلتىپات قىلغانلىقى ئىدى.

— شۇنداق باي ئاكا، مەن زۆرۈر بىر ئىش بىلەن چىققانىدىم، — دېدى شائىر ئۈمىدۋارلىق بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

— قېنى مەرھەمەت، قۇلىقىم سىزدە.

— ھازىر بىزنىڭ يۇرتتا مەرىپەتكە بولغان تەلەپ بەك ئۆستى. يۇرت خەلقى ئۆز بالىلىرىنى ئوقۇتالمايۋاتقىنىغا قاتتىق ھەسرەت چەكمەكتە. بۇ توغرىدا بىرەر ئىش قىلايلى دېسەك، ئۆزىڭىز بىلىسىز، يۇرتىمىز كىچىك، پىتنىسى يامان يەر. يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر يول قويمايدۇ. بۇ توغرىدا بېشىمىز قېتىپ ئاخىر مېنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىشتى. بۇ يەردە ھەرقايسىڭىزلاردەك يۇرت كاتتىلىرى بولغانىدىكىن، تۇرپاندا مەكتەپ ئېچىشنىڭ يولىنى تېپىشقا ئەقىل كۆرسىتىپ ياردەم بېرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن كېلىشىم، — دېدى شائىر، مەقسىتىنى

ئېيتىپ.

— بۇ ياخشى گەپقۇ! — دېدى باي كۈلۈپ كېتىپ، — دۇرۇس، بىزدە ھازىر يۈزلىگەن - مىڭلىغان باللىرىمىز ئوقۇشقا موھتاج. بىراق ... مەكتەپلەر يوق! ...، — باي بىرئاز توختاپ ساقىلىنى قوللىرى بىلەن تاراشلىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — بىراق ... مېنىڭچە بولغاندا، قېرى جىياڭجۈننىڭ كۆزى ئوچۇقلا بولىدىكەن، بىزنىڭ باللىرىمىز ئوقۇيدىغان مەكتەپلەرنى ئېچىشقا ھەرگىز يول بەرمەيدۇ. ئۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان ئادەم. مېنىڭ ھازىر ئىشىم ئالدىراش. بۇ يېقىندا مال ماڭدۇرماقچىمەن، شۇنچىلىك سۆزلەپ بولدى قىلاي. سىز ئەڭ ياخشىسى، غازىباي مۇنداق دېدى دەپ توختاپ قالماي، باشقا كاتتىلار بىلەنمۇ ئەقىللىشىپ كۆرۈڭ، ئۇلار سىزگە قانداق ئەقىل كۆرسىتەركىن! ... بەلكى پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىشەر! ...

شائىر مويكىدىن قايتىپ چىقىپ ئىككىنچى بىر باي بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندا، باي ئىستىھزا ئارىلاش كۈلۈۋالغاندىن كېيىن:

— ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزىمىز مەكتەپ قۇرۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىمىزنى ئوقۇتۇشنى بىلگەن بولاتتۇق، ھازىر شۇ ئىمكانىيەتنىڭ يوقلۇقى، بۇ ئىمكانىيەتنى تېپىشنىڭ ئۆزى مۈشۈكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىش دېگەن سۆز! قېنى بۇ قوڭغۇراقنى قايسى چاشقان بېرىپ ئاسىدۇ!؟ — باي ئۆز سۆزىدىن كۈلدى. يۈزلىرى سەرەڭگە قېپىدەك چاسا كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۈلكىسىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئۇ داۋام قىلىپ، — بۇ ئىشقا مېنىڭ ئەقلىم ھەم يەتمەيدۇ، ۋاقتىم ھەم. ئەڭ ياخشىسى سىز باشقا كاتتىلار بىلەن ئەقىللىشىپ كۆرۈڭ! — دېدى ئۇ.

شائىر بۈگۈن ئىككى باي بىلەن كۆرۈشۈپ قاتتىق رەنجىگەنىدى. ئۇ مەيۈسلەنگەن ھالدا نوغاي مەسچىتى ئالدىدىن

ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تىكىمچىلىك دۇكىنىدىن ناتونۇش بىر كىشى چىقىپ شائىرغا سالام بېرىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— يۈرۈڭ، دۇكاندا بىرئاز ئولتۇرۇپ كېتىڭ! — دەپ تەكلىپ قىلدى.

## 2

شائىر دۇكانغا كىرگەندە، دۇكان ئىگىسى ئالدىراپ ئورۇندۇق ئەكىلىپ شائىرنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ:

— سىز مېنى تونۇمايسىز. لېكىن مەن سىزنى ئوبدان تونۇيمەن، — دەپ ھۆرمەت كۆرسەتتى. شائىر پاتىھە قىلغاندىن كېيىن، بۇ ناتونۇش كاسىپ بىلەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ ئامانلىق سوراشتى. كاسىپ بولسا سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— ئابدۇقەييۇم مەخسۇم ھەر قېتىم چىققاندا بۇ دۇكانغا كەلمەي كەتمەيدۇ. ئاتىڭىز ئابدۇراخمان مەخسۇم بىلەنمۇ ئۇزۇندىن تونۇشىمىز. ئۆزۈم پۈرۈش چېچىپ ئولتۇرىدىغان كاسىپ بولسامۇ، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان بىر خىسلىتىم ئارتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشىمەن. ھەرقانداق كىشى مېنىڭ دۇكىنىمغا كېلىشكە مەجبۇر. قېنى قايسى كاتتا، قايسى باي كەلمەيدۇ دەيسىز؟ كەلمەي مۇمكىن ئەمەس، ھەممىسى ھاجەتمەن بولۇپ كېلىشىدۇ ئۇنداق دېسەم يەنە باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، سىزنىڭ كېلىشىڭىز باشقا بىر گەپ. ئەمما كەلگىنىڭىز يامان نەتىجە بەرمەس ئىنشائاللا. ھېچ بولمىغاندا تونۇشىمىز، مۇڭدىشىمىز، ئۈلپەتلىشىمىز. قېنى تارتىنماي ئازادە ئولتۇرۇڭ!

دۇكاندا ئۈچ تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، ئۈچ كىشى باش كۆتۈرمەي ئىش تىكەتتى. ساھىبخان ئۇستا بولسا كېسىمچىلىك قىلاتتى. بۇ ئادەم كەسىپ قىلغاچ كوچىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەر-

نى كۆرۈپ بولغان ئەھۋاللارنى بىلىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇخالىق
ئۇيغۇرنىڭ ئۈرۈمچىگە چىققانلىقىنى 2 - كۈنىلا ئاڭلىغان ئۇستا،
شائىر ئۇيان - بۇيان ئۆتكەندە، دۇكان ئىچىدىن كۆرۈپ تونۇپ
بولغانىدى. شۇڭا بۈگۈن شائىرنى توسۇپ دۇكانغا تەكلىپ قى-
لىپ كىرگەنلىكىگە كەيپى چاغ بولۇپ، ئوچۇق كۆڭۈل سۆھبەت
ئاچقانىدى.

شائىر تۇنجى كىرگەن دۇكاندا تونۇش بولمىغان كىشىلەر
بىلەن كۆرۈشۈپ بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولسىمۇ، ئەمما دۇ-
كاندارنىڭ سەممىي پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قال-
دى. ساھىبخان، شاگىرتلاردىن بىرىنى چاي ئەپچىقىشقا بۇيرۇپ
شائىردىن ئەھۋال سوراشقا كىرىشتى:

— ئۆزىڭىز ئويناپ چىقتىڭىزمۇ ياكى بىرەر ئىش بىلەنمۇ؟ —
دېدى ئۇ يېقىملىق قاراپ.

— مەن ئاساسەن تۇرپاندا بىرەر مەكتەپ ئېچىشنىڭ ئىمكا-
نىيەتلىرىنى ئىزدەپ چىقىپ قالدىم، — دېدى شائىر ئۈرۈمچىگە
كېلىش سەۋەبىنى ئېيتىپ، — ھازىر يۇرتتا مەكتەپكە بولغان تە-
لەپ كۈچلۈك. ئۆزىمىزچە مەكتەپ قۇرايلى دېسەك، يەرلىك ھۆ-
كۈمەت يول بەرمەيدۇ. ئاندىن مەسلىھەتلىشىپ ئۈرۈمچى دېگەن
چوڭ شەھەر، كاتتا ئادەملەر كۆپ، بىرەر يول تېپىلىپ قالارمى-
كىن دەپ چىققانىدىم.

— بۇ ياخشى گەپقۇ، شۇنداق قىلىپ بۇ يەردە قانداق بو-
لۇۋاتىدۇ؟ بىرەر يولى تېپىلاي دەۋاتامدۇ؟

— تۇرپاندىن چىقىشتا ئۈرۈمچى دېگەن چوڭ شەھەر، ھۆ-
كۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىدىغانلار كۆپ، يۈزى چوڭ، گېپى ئۆتكۈر
بايلارمۇ بار. شۇلار ئارقىلىق ئامال تاپقىلى بولارمىكىن دەپ
ئويلاشقانىدۇق، ئەپسۇسكى...

— ھە ... ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەيۋاتامدۇ؟

— خۇددى بىز دېگەندەك، بۇ كىشىلەردىن ھېچقانداق مە-

دەت ئالالمىدىم، — دېدى شائىر ھەسرەت چېكىپ.

— توغرا، سىز بۇلاردىن مەدەت ئالالمايسىز. بۇلار ئۆزلىرىنى دۇنياغا باشقىلاردىن مەدەت ئېلىشقىلا يارالغان، باشقىلارغا مەدەت بېرىشكە يارالمىغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ كىشىلەر سىزگە مەدەت بېرەتتىمۇ!؟

شاگىرت بالا بىر چەيسەنەك چاي، ئىككى پىيالە ۋە داستىخان كۆتۈرۈپ چىقتى. سەيپۇڭ داستىخاننى يېيىپ نان سۇندۇرغاندىن كېيىن، پىيالىگە چاي قۇيۇپ شائىرغا ئۇزاتتى.

— بۇ دۇكان پەدىسىدە چاي قۇيۇش. ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز، — سەيپۇڭ ئۆزى ھەم بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بىر - ئىككى ئوتلىغاندىن كېيىن ئىلگىرىكى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ بۇ يەردىكى بايلىرىمىزنى، باي ئىكەن دەپ يىراقتىن قاراشقىلا بولىدۇ، يېقىنلاپ بېرىشقا ...، — دېدى سەيپۇڭ قولىدىكى چاينى يەنە ئىككى ئوتلاپ، — ناۋادا ئۇلارغا يېقىنلاپ باردىڭىزمۇ، شۇئانلا سەسكىنىپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ كىبىرى ئۇستۇن، ئۆزىنى باي بىز دەپ ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئاۋۇ بايۋەچچىگە قاراڭ! — دېدى سەيپۇڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر باينى كۆرسىتىپ. ئابدۇخالىق ئەينەكتىن قاراپ ھاسا تايىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك بىر كىشىنى كۆردى.

— بۇ كىشى بىلەن تونۇشلۇقىڭىز بارمۇ؟

— ياق، — دېدى شائىر بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس چايقاپ.

— ئۇنداق بولسا، مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ كىشىنىڭ ئېتى XX باي. ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈپ كەتكەن ھۆرۈن، بىكار تەلەپ، ئەتىدىن كەچكىچە ھاراق ئىچىپ يۈرىدىغان بىر ئادەم ئىدى. بۇنىڭ ئاكىسى XXX باي دېگەن كىشى، بۇنى بىر ئاز يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ: «بۇنداق يۈرۈشۈڭ ئۇيات، ئىش قىل، پۇل تاپ، باي بول!» دەيدۇ. بۇ كىشى: «مەن پۇل تېپىشنى،

تىجارەت قىلىشنى بىلمەيمەن،» دەيدۇ. «ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ئۆگىتىمەن، ئەگەر سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايدىغان بولساڭ، مال بېرىمەن، تۇرپانغا بارىسەن. بىر سارايىنى ئوگچە كۆتۈرە ئال، شەمەيدىن مال كېلىدۇ دەپ سارايىنى تازىلىتىپ يات. بىر - ئىككى ھەپتىلەر ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرپان بايلىرىنى، سودىگەرلەرنى، ئاخۇنلارنى مېھمانغا چاقىر. مېھماندارچىلىق مول، داستىخان باياشات بولسۇن. بوبروكلاردىن بەش - ئالتە تون تىكتۈرۈپ تەييار قىل. مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندا، ئاخۇنلارغا، چوڭ - چوڭ بايلارغا تون ياپ. قولۇڭ كەڭ بولسۇن، ھەر ھەپتىدە داستىخان سېلىنىپ تۇرسۇن. شەمەيدىن مال كېلىدۇ، مال يېتىپ كەلگەندە پاختا، يۇڭ ئالىمەن دېگەن سۆزنى ئايانماستىن سۆزلە، كىشىلەر سېنىڭ كاتتا سېخىي باي ئىكەنلىكىڭنى تونۇيدۇ. ئاندىن بىر - بىرلەپ پاختا، يۇڭ ساتىمىز دەپ ئالدىڭغا كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇ چاغدا سەن ئالدىرىمايسەن، مال يېنىپ كەلمىدى دەپ ئارقىغا تارتىسەن. كىشىلەر پاختا - يۇڭلىرىنى ئال دەپ يەنە كېلىدۇ، ھەتتا يالۋۇرىدۇ. ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە، مال كەلگەندە پۇلنى تۆلەشكە توختام قىلىپ ئالىسەن. ئالغان مالنى تايلاپ ماڭاچىقار. مەن ئۇنى شەمەيگە ئەۋەتىپ مالغا ئالماشتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ساڭا ئەۋەتىپ بېرىمەن. سەن ئاندىن ئۇلارغا بېرىسەن. شۇ تەقلىدتە تۇرپانلىقنىڭ ئۆز پۇلى بىلەن سودا قىلىپ بىرقانچە قېتىم ئايلاندۇرۇپ كۆرگىن، سېنىڭ باي بولمىغىنىڭنى مەن كۆرەي! ــ دەيدۇ.
ئاكىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ كىشى تۇرپانغا بېرىپ تۇرپانلىقنىڭ پۇلى بىلەن تۆت - بەش يىل تىجارەت قىلىپ ئوبدان باي بولدى. ھازىر ئۈرۈمچىگە قايتىپ چىقىپ قورا - جاي سالدى. ئەتراپتىن يەر - زېمىن تۇتتى، ياخشىلاپ دۇكاندىن بىرنى ئاچتى -دە، باي بولۇپ يۈرۈۋەردى. مانا مۇشۇنداق ئىش. ھازىر بۇ كىشى تۇرپانغا بارمايدۇ، تۇرپانلىقنى ھەم تونۇمايدۇ. كۆرسە قاپىقىدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق كىشىلەردىن تۇرپان خەلقىنىڭ تەلەپلىرىگە مەدەت

بىردۇ دەپ ئۈمىد قىلىشقا بولامدۇ!؟ ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇ مۇمكىن ئەمەس!

سەيپۇڭ ئاددىي بىر سۆھبەت ئارقىلىق سىياسىي-ئىقتىسادتىن كاتتا لېكسىيە ئوقۇغانىدى. ئۇ كىشىنىڭ سۆھبىتىدىن رازى بولغان ئابدۇخالىقنىڭ كۆزىگە يېڭىلا ئاددىي-ساددا كۆرۈنگەن پۈرۈشچى كاسىپ مانا ئەمدى كاتتا مۇدەررىستەك ھۆرمەتلىك ھەم يېقىملىق كۆرۈنمەكتە ئىدى.

—دەرۋەقە سىز ئېيتقاندەك، مەن ئۇچراشقان بىرقانچە بايلاردىن بىرەر مەنپەئەتلىك پىكىر ئالالمىدىم، — دېدى شائىر تەسىرلەنگەن ئاھاڭدا.

— بۇلاردىن پايدا تاپالمايسىز، يېقىنلاپ بارسىڭىز سەسكىنىپ قالىسىز دېگىنىمنىڭ مەنىسى مانا شۇ يەردە،— دېدى سەيپۇڭ غەزەپ بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازى بىرئاز تىترەپ چىقاتتى،— مەن بۇلارنىڭ تېگى - تەكتىنى، قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپلەپ ئالتۇن-تىللا ئەكەلگەنلەر ئەمەس. قۇرۇق قول كېلىپ نىكولاي سوممىسىغا تايىنىپ، دېھقانلارنى، چارۋىچىلارنى بوزەك تېپىش بىلەن باي بولغان. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەتكە تايانىدى. ھۆكۈمەت كاتتىلىرىغا تەڭ شېرىك بولۇپ پۇل قەرز ئالىدۇ. شۇ پۇلنى ئايلاندۇرۇپ پايدا تاپىدۇ. پايدىنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت كاتتىلىرىغا بېرىدۇ. بۇلار بۇ ئىشقا كەلگەندە بەك قۇۋ!...

دۇكانغا بىر نەپەر خېرىدار كىرىپ ئۇستامنىڭ سۆزىنى كېسىپ قويدى. خېرىدار ئۆزىنىڭ بۇيرۇتقان كىيىمى توغرىسىدا سۆز قىلىپ خېلى ۋاقتىنى ئالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۈيغۇر ئورنىدىن تۇرۇپ خوش ئېيتتى ۋە سەيپۇڭغا قايتا كېلىش توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ سەيپۇڭخانىدىن چىقتى، توپتوغرا دۆڭكۆۋرۈك تەرەپكە يول ئالدى. كاسىپنىڭ دۇكىنىدىن مەمنۇن بولۇپ چىققان شائىر كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كېتىۋېتىپ ئۇلپەت دېگەن

شۇ، كۆڭۈللۈك ئۇلپەت بىلەن بەش مىنۇت ئۇلپەتلەشسەڭمۇ ئادەم-
نىڭ كۆڭلى - كۆكسى بوشاپ ئېچىلىپ قالغاندەك بولىدىكەن،
دەپ ئويلاندى.

## 3

200 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يول ياقىسىدىكى بىر
توپ قاپاق تېرەكنىڭ يېنىدىكى كانتور- دۇكاندا خۇسەيىن باي قاتار-
لىق بىرقانچە بايلارنىڭ پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىغا كۆزى
چۈشتى. ئۇلارغا سالام بېرىپ ئۆتمەي بولمايتتى. چۈنكى بۇ
بايلار بۇنداق تەرەپلەرنى بەك ئىنچىكىلەيتتى. ئەگەر سالام بەر-
مەي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، كىمنىڭ بالىسى دەپ سۈرۈشتە
قىلىپ تېپىپ، قاتتىق ئاداۋەت قىلاتتى. ئەمما شائىر، ئۇ كىشى-
لەرگە تونۇش بولغانلىقتىن سالام بەرمەي ئۆتۈش تېخىمۇ مۇم-
كىن بولمىغانلىقتىن، كانتورغا كىرىپ سالام بەردى. بايلار تەڭ-
لا ئىلىك ئېلىپ مەمنۇن بولغان ھالدا باشلىرىنى لىڭشىتىپ ئىل-
تىپات كۆرسەتتى:

— ھە، ئوغلۇم، تېخى قايتمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى
خۇسەيىن باي.

— ئىش پۈتتۈرەلمىگەندىكىن قايتقىنىم يوق، — دېدى شا-
ئىر ئەدەب بىلەن. شائىرنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىدىن خەۋەر-
دار بولغان خۇسەيىن باي جاۋاب ئورنىدا:

— ئادەم بالىسىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى،
ھەر دائىم ئويلىغاندەك بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ يىل بولمىسا، كېلەر يىل،
كېلەر يىل بولمىسا ئاندىن كېلەر يىل....، — دېدى باي ۋە كۈ-
لۈمسىرەپ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ قويدى. ئۇلار ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر قانداق ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى خاھى بىلسۇن - بىل-
مىسۇن، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر خۇسەيىن باينىڭ سۆزىنى تەس-

تىقلاپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. بۇ بايلارنىڭ بەلكى، ياش ئادەملەر
نېمە قىلماقچى؟ قىلماقچى بولغىنى يەنە شۇ تەنتەكلىك! دېگەن
تونۇشتا بولۇشى تەبىئىي ئىدى.

— باي ئاكا، — دېدى شائىر تەمكىن ئاھاڭدا، — ئۈرۈمچىدە
سىزدىن كاتتا ئىناۋەتلىك كىشىمىز يوق. بىر ئاز ياردەم كۆرسەت-
سىڭىز ياخشى بولاتتى. ھازىر بىزدىكى جاھالەت، نادانلىق بەك
ئېغىر. خەلقنى مەرىپەتكە باشلاش جەھەتتىكى تەلەپ بەك
ئۈستۈن...

دەل شۇ چاغدا خۇسەيىن باينىڭ قارا بۇرۇت ئەخمەت
ئاتلىق بىر ئادىمى دۇكان ئالدىدىن ئۆتۈپ باراتتى. باي
ئۇنى چاقىرىپ:

— ئەخمەت، ئەخمەت، — دەپ ۋارقىرىدى.

باي ئۇنى چاقىرىش ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سۆ-
زىنى ئېتىۋارسىز قالدۇرماقچى بولغانىدى.

— خوش لەببەي! — ئاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا بۇ-
رۇت كەلگەن بۇ ئادەم دۇكان ئىچىگە كىرىپ سالام بەردى. ئۇ-
نىڭ قارا شاپ بۇرۇتى كىچىككىنە غوزا يۈزىگە ماسلاشمىغانىدى.
قويۇق ئۆسۈپ ئۆرۈلگەن بۇرۇت ئۇنىڭ لەۋلىرىنى كۆمۈپ
تۇراتتى.

— نەگە باردىڭ؟ — دېدى باي قاتتىق ئاۋازدا.

— ئەبزى، ... ئەبزىلەرنىڭ ....، — چۆچۈپ كەتكەن ئەخ-
مەت دۇدۇقلاپ، تۈزۈك جاۋاب بېرەلمىدى.

— ئەخمەت! — دېدى باي قاتتىق سارسىپ، — شاڭخەيگە
باردىڭ، شاڭخەيدىن كەلدىڭ، سالام بېرەي دەپ ئويلىمىدىڭ-ھە!

ئەخمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇراتتى. باي يەنە سو-
راشقا باشلىدى:

— قېنى ئېيىنچۇ! شاڭخەي قانداق شەھەر ئىكەن، ئۇ يەر-
دە نېمىنى كۆردۈڭ؟

— خوش ... خوش ... شاڭخەي بەك كاتتا شەھەر ئىكەن، — دېدى ئەخمەت سەل ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— كاتتىلىقى قەيەردىكەن؟

— بەھرى مۇھىت كەبرىنىڭ① يېنىدا ئىكەن!

بايلار مىيىقىدا كۈلۈشۈپ بىرى - بىرىگە قاراشتى. باي بولسا قوشۇمىسىنى ئاچماستىن سورايتتى:

— قېنى ئېيتچۇ، ئۇ يەردە نېمە كۆردۈڭ؟

— ئۇ يەردە كىچىككىنە پوچتىلارنى ئادەم تارتىدىكەن. ئۇنى رىكشا دەيدىكەن، تووۋا قىلدىم خۇدايىم! — ئەخمەت ياقىسىنى تۇتۇپ بېشىنى چايقاپ تۇراتتى.

— سەنمۇ ئولتۇرۇپ كۆردۈڭمۇ؟

— ئولتۇردۇم. خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇ يەردە مەسچىت بولمايدىكەن. ناماز ئوقۇيدىغان جاي ئىزدەپ بىر نۆۋەتكىنە ئولتۇردۇم.

— مەسچىت بولمىسا قانداق قىلدىڭ؟

— بىر كۈنى پېشىن ۋاقتىدا ھېلىقى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ بەھرى مۇھىت كەبرىنىڭ بويىغا بېرىپ چۈشتۈم. سۇنىڭ بويىدا ئەمدىلا پېشىنگە تەرەت ئالاي دەپ تۇرسام، كىشىلەر ۋارقىراپ، قاچ - قاچ، جېنىڭنى جايلا! دېگىلى تۇردى. نېمە بالا بولغاندۇر دەپ قارىسام، سۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تال چەكزە سۇنى يېرىپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقانىكەن، مەن قاچتىم. شۇ ئارىلىقتا قېيىقلار بىلەن ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ھېلىقى چەكزىنى تۇتۇۋالدى. قارىسام چەكزە ئەمەسكەن، مېنى قوغلاپ كەلگەن ئەجدىھا بېلىقنىڭ بۆرۈتى ئىكەن!

بايلار بۇ گەپكە مەززە قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈشتى.

— بىر تال مويى بىر تال چەكزىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى قانچىلىك زور ئىكەن؟ — سورىدى باي كۈلمەي تۇرۇپ.

① ئۇلۇغ ئوكيان.



AltunOq

— قارىسام ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاشۇ دۆڭگە يېتىپ بارىدۇغۇ! — دېدى ئەخمەت يىراقتىكى بىر دۆڭنى كۆرسىتىپ.

ئۇ چاغلاردا ھازىرقى خاڭچىلىڭ كوچىسىنىڭ ئاشخانا بار تەرەپلىرى ئەخلەت تۆكىدىغان بوشلۇق ئىدى، دەڭلەردىن ئات قىغلىرىنى ئەپچىقىپ تۆكۈپ تاغدەك دۆۋىلەپ تاشلىشاتتى.

— يۇنۇس! — دېدى باي دۇكان بوغالتىرىنى چاقىرىپ، ئاندىن بۇيرۇق قىلدى، — سەن بېرىپ ئۆلچەپ كەلگىن، قانچە قەدەم كېلەركىن!

يۇنۇس كەرىمۇۋ ئىسىملىك دۇكان بوغالتىرى ئۆلچەپ كېلىپ:

— 150 قەدەم كەلدى، — دېدى.

— ئەخمەت، راستىڭنى ئېيت. ئۇزۇنى 150 قەدەم، بۇرۇتى چەڭزىدەك كەلگەن ئەجدىھانىڭ چوڭلۇقى قانچىلىك كېلىدىكەن؟

— قارىسام، ئوبدان سەمرىگەن موزايدەك ...

— مانا يالغانچى تۇتۇلدى، — دېدى خۇشەييىن باي مەسخىرە قىلىپ، — موزايدەك چوڭلۇقتىكى بىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 قەدەم، بۇرۇتى چەڭزىدەك بولامدۇ؟ ئەخمەق! بار، كۆزۈمدىن يوقال!

— خوش! — دېگەن ئەخمەت بۇ قىيىن مۇھىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇكاندىن تېز چىقتى. ئۇ ئەمدى ئىككى قەدەم ماڭمايلا، باي يەنە چاقىردى:

— ئەخمەت!

— خوش.

— كەل، مۇنۇ كالىچىمنى سۇرتۇپ قوي؛

ئالدىراپ كەتكەن ئەخمەت، بىر تىزى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالقانلىرى بىلەن باينىڭ كالىچىنى سۇرتتى. ئاندىن چىقىپ كۆزدىن يوقالدى. بايلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەسخىرە قىلىپ بىر ھازا كۈلۈشتى.

— مەن بۇ ئادەمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دېدى خۇسەيىن باي دۇكاندىكى كۈلكە بېسىلماستىنلا، — بۇنى قەيەرگە بۇيرۇساڭ شۇ يەرگە بارىدۇ. نېمە ئىش قىل دېسەڭ، شۇنى قىلىدۇ. شاڭخەيدە كۆرۈپ كەلگەن نەرسىلىرىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ! ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرۈپ كېلىشۈپىرىدۇ. بىر پۇل خەجلە دېسەڭ بىر پۇل خەجلەيدۇ. ھەرگىز ئىككى پۇل خەجلىمەيدۇ. ئۆزى ئۆتە ئەخمەق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادىمىمنى بەك ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر ئۇنى جىياڭجۇن بىلگەندە، ئۇ ھەم ياخشى كۆرۈپ قالغان بولاتتى ...، — دېگىنىچە باي ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكاندىن چىقماقچى بولدى. بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىۋېتىپ ئابدۇخالىققا قارىدى - دە، — ئوغلۇم، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ باللار بىلەن بىرگە ئوييناپ كەل، بىلدىڭمۇ!؟ ھېلىقى ئىشلىرىڭنى قوي. ماڭا ئەخمەتكە ئوخشاش ئادەم كېرەك. جىياڭجۇنگە تېخىمۇ شۇندىقى كېرەك. ئەقىل - ھوشى بار ئادەم بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا پايدا بەرمەيدۇ. بىلدىڭمۇ؟ بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن - ھە!

باي سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا، ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ كېتىپ قالدى. شائىر ئۇلارغا بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ دۆڭكۆرۈك تەرەپكە كېتىپ قالدى.

# سەككىزىنچى باب

شائىر بىردىنلا، ئەلپازىدىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك، ماھىيەتتە يىلتىزىدىن چىرىپ ئۆزەكلىرى پورغا ئايلىنىۋاتقان، تامامەن قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بەزەن شاخ ئۇچلىرىدا ئىككى-ئۈچ تال يوپۇرماقلىرى پىلدىرلاپ تۇرغان قېرى سۆگەت ياكى قاپاق تېرەكنى ئەسلەپ قالدى. ھاياتىي كۈچىدىن قالغان مۇنداق كونا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، قاغا - قۇزغۇنلار چاڭگا (ئۇۋا) سالغان بولاتتى. ئۆمۈچۈكلەر ئۆز تورىغا چۈشكەن ھاشاراتلارنىڭ قېنىنى شوراپ كۈن كۆرمەكچى بولسا، قۇرت - قومۇسقىلار چىرىگەن ئۆزەك - قوۋزاقلارنى غاجىلاپ جان ساقلىماقچى بولغاندەك، قاغا - قۇزغۇنلارمۇ ئۆز چاڭگىسىنى چۆرىدەپ جان باقاتتى.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇمچىدىكى چىرىگەن پاسىق ھاكىمىيەتنى بىر توپ ئەمەلدارلار بىلەن باي - سودىگەرلەر چۆرىدىۋېلىپ، ئۆز ئۇۋىسىغا، ئۆز تايانچىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار ھەدەپ بۇ ھاكىمىيەتكە توپا يۇلەپ، مورە قويۇپ ساقلاپ قالماقچى، ئۆزلىرىنىڭ چىرىكلەشكەن پارازىت ھاياتىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولاتتى.

ئۇلارچە بولغاندا، بۇ چىرىك ھاكىمىيەت غۇلاپ چۈشمىسە،

بۇ بىر پارچە زېمىن، ئۆز پېتى تۇرۇۋەرسە، ئەمەلدارلار، بايلار، ئۆز ئارزۇلىرى بويىچە خالىغانچە دەسسەپ - چەيلەپ قاقتى - سوقتى قىلىپ جان باقسا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن خەلق ئاممىسىنىڭ زېمىستاننى باھارغا ئۆزگەرتىش، نادانلىقنى تاشلاپ مەرىپەتكە قەدەم تاشلاش توغرىسىدىكى ھەققانىي تەلەپلىرىگە قارىتا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىرەر ئېغىز سۆزمۇ چىقمايتتى. بۇ جەھەتتە ئۇلار تولىمۇ ئىنساپسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا يېقىنلاشقان ھەرقانداق ئادەم سەيپۇڭ ئۇستامنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، قاتتىق سەسكىنىپ كېتەتتى.

بۇ قېتىم ئورۇمچىگە چىقىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرقانچە مۆتىۋەر بايلار بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىرلەشكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. بۇ ئاچچىق ھېسسىيات شائىردا كىملەرگىدۇر غەزەپ ۋە نەپرەت تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدا چەكسىز قۇدرەتلىك ئۈمىد پەيدا قىلاتتى.

دەريانىڭ ئاقىدىغان قىنى بولغىنىدەك، دۇنيانىڭمۇ ئىلگىرىلەش يولى بولىدۇ. تارىخنىڭ چاقى ھامان ئالغا باسىدۇ. دۇنيا ھامان ئالدىغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. يورۇقلۇق بەرىبىر قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان باللىرى ئۈمىدۋار بولۇشى كېرەك. ئۈمىد دېگەن ئادەمنىڭ راۋان ئاقىدىغان دەرياسى. ئۈمىدلىك بولغاندىلا ئادەم باللىرى خۇددى دەريادەك مەۋج ئۇرۇپ ئاقىدۇ... توسقۇنلۇقلار ئالدىدا گاڭگىراپ قېتىپ قالماسلىق كېرەك، قېتىپ قالغاندىن كۆرە، ھەرىكەتلىنىپ ئالدىغا ماڭغان تۈزۈك؛ يىغلاپ تېلىقىپ قالغاندىن كۆرە، ئىش قىلغان تۈزۈك؛ يىغلاشتىن، گاڭگىراشتىن ھېچقانداق پايدا يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشلەش كېرەك! ...بىر ئىش قىلىش كېرەك... خىيال بۇ يەرگە كەلگەندە، شائىرنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد

ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، تەرەپ - تەرەپتىن داغدام يوللار ئېچىلغاندەك بولاتتى!...

شۇئانلا ئۇ قولىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ «ئۇزۇلمەس ئۇمىد» دەپ يازدى. بۇ، يازماقچى بولغان غەزەلنىڭ ماۋزۇسى ئىدى. ئاردىن بەش - ئون مىنۇت ئۆتمەيلا، ئاق قەغەز ئۈستىدە ئۇمىد چېچەكلىرى بىلەن تولغان گۈلزارلىق بارلىققا كەلدى. ئەمدى ئۇ بۇ گۈلزارلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىجادىي مېھنەتنىڭ ھالاۋەتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى، بىرى ئىشىك قېقىپ دىققىتىنى بۇزدى.

— كىرىڭ! — دېدى شائىر ئىشىككە قاراپ. ئىشىك ئېچىلىش بىلەن تەڭ بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. بۇ يىگىت سەيپۇڭ ئۇسنادىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.

— مېھمانلار ساقلىشىپ قالدى، ئۆزلىرىنى چاپسان كەلسۇن دەيدۇ، — دېدى شاگىرت بالا چاقماقتەك سۆزلەپ.

— ھە... بۇ ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قاپتىمەن! — شائىر پېشانىسىنى تۇتتى. ئاندىن قولىدىكى قەغەزنى پۈكلەپ، — ھازىرلا باراي! — دېدى.

— بىللە ئەكەلگىن دېۋىدى، — دېدى بالا ئورنىدىن قىمىرلىماي.

— ئۇنداق بولسا بىللە ماڭايلى!...، — شائىر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيىدىن چىقتى.

ئىككىسى بىرلىكتە سەيپۇڭنىڭ ئۆيىگە يەتكەندە، ئۆي ئىگىسىدىن باشقا يەنە ئۈچ كىشى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار شائىر كىرىشى بىلەنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئامانلىق سوراشتى.

— بۇ ئېبلى مۇئەللىم، — دېدى ساھىبخان، ئاق سېرىق، يۇمىلاق يۈزلۈك، كۆك كۆزلۈك، ئوتتۇرا سېمىزلىكتىكى سىپايى بىر ئادەمنى تونۇشتۇرۇپ.



AltunOq

— تونۇيمەن. بۇ پىشقەدەم ئۇستازنىڭ ئىسمى - شەرىپلىرى كۆپ جايلاردا تىلغا ئېلىنىدۇ، — دېدى شائىر ئېلى مۇئەللىمگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ.

ئېلى مۇئەللىم ئېغىر - بېسىق ئادەم ئىدى. بۇ كىشى مەخسۇت مۇھىتى 1917 - يىلى موسكۋادىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن ئالتە ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرى بولۇپ، دەسلەپ تۇرپاندا، كېيىن گۇچۇڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانىدى. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بۇ خىل مەكتەپلەرنى بۇيرۇق بىلەن چەكلەپ يېپىتۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلىق قىلالماي، باشقا ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدە ئىدى.

ئىككىنچى مېھمان تاھىربەگ دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ لۈكچۈن ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، خەنزۇچە ئوقۇغان تەرەققىيپەرۋەر ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئېچىلغان 1 - قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا شىنجاڭدىن بارغان ۋەكىللەر تەركىبىدە بېرىپ سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنى رەئىس جۇمھۇرلۇققا سايلاشقا قاتناشقان ۋە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى يولغا قويۇش، خەلقنى نادانلىق، نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. ئۇ، شۇ يىللىرى شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ قاتارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۈرۈمچىدە تۇراتتى.

ئۈچىنچى مېھمان، قارا ئۆڭلۈك، قويۇق قاشلىق، قارا كۆزلۈك ھەم قاڭشالىق كەلگەن يۇسۇپ ئىسىملىك كىشى بولۇپ، شۇ يىللاردا قاتناش ئىدارىسى ئەترابىنى چۆگىلەپ، شوپۇرلۇق ئوقۇشقا قىزىققان، تېخنىكىغا قىزغىن بېرىلگەن ئالغا ئىنتىلگۈچى تەرەققىيپەرۋەر ھەمدە ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە قىزغىن پىدائىي ئادەم ئىدى.

سەيپۇڭ ئۇستا، بۈگۈن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قوشۇپ بۇ كىشىلەرنىمۇ مېھمانغا چاقىرغانىدى.

— شائىر، بىزگە بىرەر سوۋغات بىلەن كەلدىڭىزمۇ — قانداق؟ — دېدى ساھىبخان كۈتۈلمىگەن يەردىن سۆز باشلاپ.

— بۇ سۆز توغرا ئېيتىلدى. بۇغدايىنىڭ باھانىسىدە قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ دېگەندەك بىزمۇ بەھرىمەن بولايلى! — دېدى تاھىر بەگ ئۆي ئىگىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

— ئوتتۇرىغا چىقارغۇدەك بىر نەرسە يوق، — دېدى شائىر كەمتەرلىك بىلەن، — نەچچە كۈندىن پىكرىم چېچىلدى. گويا ئۆزۈمنى گاڭگىراپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. شۇ سەۋەبتىن بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ھەم ئۇنتۇپتىمەن. بۇنداق ئەھۋالدا...

— شۇنداق بولسىمۇ بىر نېمە ئاڭلايلى، — دېدى ساھىبخان قەتئىي تەلەپكار ئاھاڭدا، — باياتىن بۇ ھەقتە جىق سۆزلىشىپ تەقەززا بولدۇق. ئۈمىدلىرىمىز يەردە قالمىسۇن!

شائىر ساھىبخانغا ۋە كۆپچىلىك مېھمانلارغا بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك تەلەپكار بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يانچۇقتىكى قەغەزنى چىقاردى. كىشىلەر ئۆز تەلەپلىرىنىڭ ئورۇندالمىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، مەمنۇنلۇق بىلەن: «بارىكاللا، شۇنداق بولسۇن!» — دېيىشىپ شائىرغا قاراپ تۇرۇشتى. شائىر يېڭىلا يازغان كۇپپىيىنى چىقارغاندا مېھمانلار خۇشال - خۇراملىق بىلەن قارشى ئالدى:

## ئۆزۈلمەس ئۈمىد

هاۋادا كۆپ بۇلۇتلار بار داۋام شۇنداق تۇتۇلغايمۇ؟
قۇياشنىڭ نۇرى ياكى ئۇشبۇ مانىدىن قۇتۇلغايمۇ؟
قۇياشنىڭ تەمكىنى باردۇر، ساچۇر نۇردىن داۋام ئەيلەر،
سۇباتى يوق بۇلۇتلارغا ئۇنىڭ كەيپى بۇزۇلغايمۇ؟
قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دەلىلدۇر،

سېنىڭ بۇ يۇقىا بۆز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرغايمۇ؟
چىقار بوران تەرەپپىلىكتە، گەرچە ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە بۇزۇق تۆكۈلۈك يېپىلغايمۇ؟
جاھالەت بۇلۇتى توستى قۇياشنى ھېچ كۆرۈپ بولماس،
مۇقەددەس ئۇ قۇياش نۇرى بىزدە ھەم تېپىلغايمۇ؟
ئوقۇتماي باللارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ باللار ئاخىر يېرىم نانىنى تاپالىغايمۇ؟
ئوقۇغۇلار، ئوقۇتقۇلار ھەم ھاۋا ئەۋزائىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟

— بارىكاللا، ئافەرىن، سىزگە كۆپ تەشەككۈر!
ئېلى مۇئەللىم يانچۇقىدىن قول ياغلىق چىقىرىپ كۆزىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتكەن ھالدا رەھمەت ئېيتاتتى. باشقىلارمۇ ئوخشاشلا ھاياجانلانغانىدى. كۆپچىلىك شېئىرنى يەنە بىر مەرتىۋە ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. شائىر 2 - قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئېلى مۇئەللىم يەنە بىرمۇنچە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ:
— سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىز خۇددى بىزنىڭ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشاش، پىكىرلەر ئوچۇق، ئۇقۇملۇق ۋە كەسكىن قويۇلغان. تاتارىستانغا ئوخشاش غەزىت (گېزىت دېمەكچى) مەجمۇئەلىرىمىز بولغاندا، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ ئەپكار ئامما بىلەن كۆرۈشتۈرسەك، قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە! ئەپسۇسكى بىزدە ئۇ خىل ۋاستىلەر يوق! بىزدە ئاندا - مۇندا ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان گۇناھكارلار توغرىسىدا چىقارغان ئېلانلاردىن باشقا، نېمىنى كۆرگىلى بولسۇن! ئۈرۈمچىدەك كاتتا شەھەردە بىرەر سىنىپلىق مەكتەپ ھەم بولمىسا، ھەممە تەرىپىنى نادانلىق جاھالەت قاپلىسا، سىزنىڭ شېئىرىڭىز دەل شۇنىڭغا قارشى ئېيتىلغان ئوق. كاتتا خىتابنامە! باللىرىمىز ئوقۇمىسا، كەل-

گۇسىدە راستىن يېرىم نان تاپالماس ھالەتتە چۈشۈپ قېلىشى مۇقەررەر! ئوقۇماي نادان قالغان مىللەتنىڭ مۇنقەرزلىككە يۈزلىنىشى چوقۇم! شېئىرلىرىڭىز چوڭقۇر، مەنالىق يېزىلغان. پىكىرلىرىڭىزگە مىڭ ئاپىرىن، مىڭ ئاپىرىن!

— بۇ ئىشلار نېمىشقا ئوڭشالمايدۇ؟! — دېدى يۈسۈپ تاقەتسىزلىنىپ.

— ياڭ زېڭشىن بولمىدىكەن، بۇ ئىشلار مەڭگۈ ئوڭشالمايدۇ! — دېدى تاھىربەگ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكەن قارا، مۇتەئەسسىپ. جۇمھۇرىيەتنىمۇ شەكلەن ماقۇل كۆرۈۋاتىدۇ، ئەمەلىيەتتە يۈرگۈزۈۋاتقىنى يەنە شۇ خانلىق تۈزۈم...

— مەن ئاڭلىسام، ياڭ زېڭشىن خوتۇن بالىلىرىنى، دۇنيا-دەپىنىلىرىنى ئىچكىرىگە يۆتكەۋاتىدۇ، تيەنجىندە كېلىشتۈرۈپ قەسرى ئايۋان سېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا كېتىدىغان خىيالغا كەلدىمۇ — قانداق!؟ — دېدى يۈسۈپ، تاھىربەگنىڭ سۆزىنى كېسىپ.

— ئەمەلدارلارنىڭ ئىچىدە ئىش تولا! — دېدى تاھىربەگ كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ، — مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارلار بىر تەرەپ، مۇتەئەسسىپ بولمىغانلار يەنە بىر تەرەپ بولۇۋېلىپ، جىددىي كۈرەش ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. فەن ياۋنەن دېگەن بىر كىشى بار. ئۇ كىشى بىرئاز ئىلغار پىكىرلىك بولۇپ، خىيانەتچىلىككە، جاھالەتكە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ توغرىدا ياڭ زېڭشىنغا كۆپ قېتىم تەلەپ — پىكىرلەر بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پىكىرلىرى ئېتىبارسىز قالدۇرۇلدى. مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بەك كەسكىن. قېنى كىمنى كىم يېڭىپ چىقاركىن!

— يىلتىز تارتىپ كەتكەن قېرى دەرەخنى يىقىتماق تەس كېلەرمىكىن! — دېدى يۈسۈپ.

— ئەگەر يىلتىزىدىن چىرىگەن بولسا، بىرلا بوراندا يىقىلى-

دۇ! — دېدى شائىر ئۆز مۇھاكىمىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — پاكىتلارنىڭ ئىسپات قىلىشىچە، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت يىلتىزى چىرىپ ئۆزەكلىرى پورغا ئايلانغان بۇ قېرى دەرەخ بىر بوران چىقسا چوقۇم غۇلاپ چۈشىدۇ.

— شائىرنىڭ مۇھاكىمىسى توغرا، — دېدى ئېلى مۇئەللىم سۆزگە قىزغىن ئارىلىشىپ، — چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى، چار پادىشاھ ھاكىمىيىتى ۋە باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چىرىكلىكتىن يىقىلغان. ئۇ مۇقەررەر شۇنداق بولىدۇ. چىرىگەن ھاكىمىيەتنى ھەرقانداق كىشى ھالاكەتتىن ساقلاپ قالالمايدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت. ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىمۇ چىرىكلىكتە ئۇچىغا چىقتى، بۇ ھەم ھالاكەتكە مەھكۇم.

— فەن ياۋنەن بىلەن ئۇچراشقىلى بولارمۇ؟ — دېدى شائىر تاھىربەگكە قاراپ.

— ھازىرقى ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشۈش قىيىن. ئالدى بىلەن ئۇلارغا پەنزە① كىرگۈزۈش كېرەك. ئۇلار پەنزىنى كۆرۈپ ۋاقىت بەلگىلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. سىز ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ؟

— مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدا پىكىر ئېلىش ئۈچۈن كۆرۈشەي دېۋىدىم.

— ئۇنداق خىيالىڭىز بولسا، ئامال قىلىپ كۆرەرسىز. بىراق ئۇ كىشى ھازىرچە تۈزۈك جاۋاب بەرمەسمىكىن!

— ئۆتسە - ئۆتمىسە!

— گېپىڭىز توغرا. سۆزلىشىپ ئۇنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ كۆرگۈلۈك.

— بۇرھان ئەۋزى فەن ياۋنەن بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، شۇ كىشى بار بولغاندا كۆرۈشمەك ئاسان كېلەتتى، — دېدى ئېلى مۇئەللىم.

---

① پەنزە — كىشىلەرنىڭ ئەمەل - مەنسەپى يېزىلغان قارتا.



AltunOq

— ئۇ كىشى يوقمۇ؟

— يېقىندا گۈچۈك، تۇرپان تەرەپكە كېتىپ قالدى، — دېدى تاھىربەگ يۈسۈپكە جاۋاب بېرىپ بولۇپ شائىرتەرەپكە بۇرۇلۇپ، — ئۇ كىشى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئامال قىلىش مۇمكىن.

مېھمانلار تاماق ئۈستىدە يەنە بىرمۇنچە سۆزلەشتى. سۆھبەت ناھايىتى قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك بولدى. ئەلىي مۇئەللىم، تاھىربەگ قاتارلىقلار سۆھبەت داۋامىدا پات - پات شائىرغا قاراپ ئىختىيارسىز يوسۇندا «ئون گۈلدىن بىر گۈلى ئېچىلمىغان بىر ياشنىڭ شەخسىي غەم، ئۆي - ئائىلە قايغۇلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ مەرىپەتچىلىك قىلىۋاتقانلىقىغا، پۈتۈن ئەقلىي - زېھنىنى مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سەرپ قىلىپ چاتقاللىقلار ئىچىدىن يول تېپىش ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلىقىغا تەھسىن ئوقۇشاتتى. ئۇلار ياشلار ئارىسىدا مۇنداق كىشىلەرنىڭ چىقىشى يۈزدە بىر، مىڭدە بىر. كۆپىنچە ياشلار تەنتەكلىك قىلىپ ئويناپ - كۈلۈپ ياشلىق دەۋرىنى زايا قىلىدۇ. ئويۇن بىلەن ئاخىر ئۆزى كېرەكتىن چىقىدۇ ياكى خاراب بولىدۇ...دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشتى.

مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشقاندا كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» نى يەنە بىر قېتىم ئاڭلايلى دەپ تەلەپ قىلىشتى.

# توققۇزىنچى باب

كېچە ئېلى مۇئەللىمدىن ئارىيەت ئەكەلگەن «شورا» مەجمۇئەسىنىڭ يىللىق توپلىمىنى كۆرۈش بىلەن بەند بولغان شائىر كۈننىڭ كەچ كىرىپ قېلىشىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەنىدى.

«شورا» سوۋېت روسىيىسىدە كېيىنكى يىللارغىچە نەشىر قىلىنغان ئۈنىۋېرسال مەجمۇئە بولۇپ، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، ئىلىم - پەن، پەلسەپە، بەس - مۇنازىرە قاتارلىق ھەممە ساھە بويىچە بىر قەدەر مۇكەممەل ئىدى. شائىر ماقالىلەرنى زوقلىنىپ ئوقۇدى. ھەر بىر ئەسەردىن لەززەت ئالدى...

ئەپسۇسكى ... بۇ خىل مەجمۇئە - ژۇرناللار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ دەيدىغان بىر سوئال ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرەلەشتۈرۈپ كۆزىنى قاراڭغۇلاشتۇراتتى. بۇ مەسىلىدە قانداقتۇر ئاچچىق خىيالغا كېتەتتى ... شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىيال مۇقەررەر يوسۇندا سۇدىن ئۆتۈپ لايغا سانجىلغان پىچاقتەك ناھايىتى چاپسانلا ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە، مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن يۈرگۈزۈۋاتقان جاھالەت سىياسەتكە بېرىپ تاقىلاتتى.

ياڭ زېڭشىن ... لەنەت - نەپرەتكە مەھكۇم بىر خۇنۇك گەۋدە، گويا ئىچى - تېشى قارىداپ كەتكەن كونا كېسەك تۇرخۇن. شائىر ھەرقانچە تەسەۋۋۇر قىلسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە كوچىدا ئۇچراتقان ھەرقانداق كىشىگە ئازراق ئوخشاشلىقى بولغان ئا-

دەم سىياقى كۆرۈنمەستىن، قانداقتۇر بەتبەشىرە، مەجھۇل... گويا ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىپ تۇرغان، پۈتۈن گەۋدىسى قان ئۇيۇتمىلىرى بىلەن بۇلغانغان يىرگىنىچلىك بىر مەخلۇق سىياقىدا كۆرۈنەتتى ...

ئون نەچچە يىلدىن يۈرگۈزگەن جاھالەتلىك سىياسەت، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرى، گويا تىنىمسىز گۈركىرەپ چىقىۋاتقان دەھشەتلىك قارا بوران، گويا قار - شىۋىرغانلىق چاپقۇن، پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلغۇچى ئاپەت ئىدى!

شائىر خىيال سۈرەتتى. بۇ خىيال ئادالەت - ھەققانىيەت سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان، ھەققانىي كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان قۇدرەتلىك ئارزۇ - تىلەكلەردىن ھاسىل بولغان تۆمۈر ئېقىم ئىدى. بۇ خىيال ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسارەت زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ئىدى.

شائىر خىيال سۈرەتتى ... ئۇنىڭ خىيالى دەھشەتلىك ئاسارەت توساقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قانداقتۇر يورۇق، قانداقتۇر كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەرگە... غايىبى ئالتۇن دەۋرلەرگە بېرىپ يېتەتتى... دەل شۇ پەيتتە ئىشىك چېكىلىپ ئۇنىڭ خىيالى ئۈزۈۋېتىلدى.

— كىرىڭ! — دېدى شائىر قولىدىكى توپلامنى يېپىپ. ئۆيگە 30 ياشلار چامىسىدىكى، كەڭ پېشانىلىك، قارا قاش، چوڭ كۆزلۈك، قىرلىق بۇرۇن، ئۇچلۇق ئېڭەك، چوكىراق بۇرۇت قويغان ساغلام بىر يىگىت سالام بېرىپ كىرىپ شائىر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئۇرۇمچىلىك نۇجۇپ دېگەن مەن بولىمەن! — دېدى ئۇ، تۇرگۇن سۆزلەپ، — مېنى جىرچى نۇجۇپ دېسە تونۇمايدىغان كىشى يوق. بەلكى ئۆزىڭىزمۇ ئاڭلىغان بولغىدىڭىز؟

شائىر ئۇنىڭغا ئاڭلىغان ياكى ئاڭلىمىغان دېگەننى بىلدۇ-

رىدىغان ھېچقانداق ئىپادە كۆرسەتمەستىن سەل تەرىنى تۇرۇپ قاراپلا قالغانىدى. ئۇجۇپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى.

— مەن سىزنى چايغا ئېيتىپ كېلىشۋىدىم، مېھمانلارنىڭمۇ سىزنى كۆرگۈسى بار ئىكەن، ساقلاپ قالدى، — دېدى.

— قەيەردە، قانداق چاي؟ — دېدى شائىر خۇش ياقماسلىق بىلەن. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى مەجمۇئە توپ-لىمىدا ئىدى.

— چاي مېنىڭ ئۆيۈمدە، شۇڭا سىزنى چاقىرىشقا ئۆزۈم كەل-دىم. ئۇ يەرگە چىللانغان كىشىلەرمۇ، ئۇنداق - مۇنداق ئادەم-لەردىن ئەمەس، ھەممىسى كاتتا كىشىلەرنىڭ بالىلىرى، كانتور خىزمەتچىلىرى. ھەممىسى سىز بىلەن تونۇشساق دېگەن ئارزۇدا بولۇپ يۈرگەنلەر.

— ئۆزرە ئېيتسام قانداق! — دېدى شائىر بېرىشتىن باش تار-تىپ، چۈنكى ئۇ ئېيتقان كاتتا كىشىلەرنىڭ بالىلىرى دېگەن سۆز ئۇنى قىزىقتۇرمىغانىدى.

— بۈگۈن قاتنىشىپ بەرمىسىڭىز زادى بولمايدۇ. مېنىڭ تەكىتىممۇ تۇرپانلىق. بىز بىر تۇرپانلىق تۇرۇپ، تۇرپانلىقنىڭ ئۆيىگە بارمايمەن دېسىڭىز زادىلا ئەپلەشمەيدۇ!...

جىرچى ئۇجۇپ يېلىمدەك چاپلىشىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، شائىر نائىلاج ماقۇل بولۇپ مېھماندارچىلىققا ماڭدى.

ئۇرۇمچىنىڭ بايلىقتىن كېرىلگەن ئاتاقلىق چوڭ بايلىرى كۈندۈزكى بوش ۋاقىتلاردا قارا بۇرۇت ئەخمەتجانغا ئوخشاشلارنى مەسخىرە قىلىش بىلەن كۆڭۈل كۆتۈرسە، ئۇلارنىڭ بالىلىرى، كان-تور خادىملىرى، مال ساتقۇچى ياكى بوغالتىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ياشلار، كەچكى مېھماندارچىلىق، چاي - زىياپەتلەرگە ئۇيۇشۇپ، ساز چېلىپ - ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ - قارتا ئويناپ، ھاراق - شاراب ئىچىشىپ ئۆز كۆڭلىنى ئېچىشاتتى. بۈگۈنكى ئول-تۇرۇش قاتارى كېلىۋاتقان نېرىدىن ئولتۇرۇشى بولۇپ، بۇنىڭغا

ئاتايىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تەكلىپ قىلغانىدى. شائىر سالام بېرىپ مېھمانخانىغا كىرگەندە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى ۋە ھۆرمەت كۆرسىتىپ تۆرگە ئۆتكۈزدى.

بۇ ئولتۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن مەخمۇت خوجا ياشتا چوڭراق ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇسسۇلچى مۆمىن ئەپەندى، گارمونچى بورناشۇ، جىرچى نۇجۇپ دېگەنلەر چوڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقىلىرى 18 ياشتىن 25 ياش ئارىلىقىدىكى ياشلار بولۇپ، تولىسى ئۆزبېك، تاتار بايلىرىنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئۆزبېك بالىلىرى چىمەن دوپپا، تاتار بالىلىرى تەقىيە بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇرۇت قويۇش ياشلارنىڭ بىر مودىسى بولغاچقا، ھەممىسى بۇرۇت قويۇشقانىدى. بەزەنلىرى سېرىق تۈكلىرى چۈشۈپ كەتمىگەن ياش بالىلار بولغاچقا بۇرۇتسىز ئىدى. ئۇنداقلار خۇددى كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك ساپسېرىق ياكى ئاق پىشماق كۆرۈنەتتى. بۇ ياشلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرۈپ، گويا ياتسىرىغاندەك يىراقتىن ياكى يەر تېگىدىن قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ چاغدا پېشقەدەم ھېسابلىنىدىغان مەخمۇت خوجا سۆز باشلاپ:

—ھەممىمىز ئارزۇ قىلغان مېھمان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مانا ئالدىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ! —دېدى.

شۇ ئارىلىقتا ساھىبخان پەتنۇستا چاي كەلتۈرۈپ، شائىرغا تاۋازۇلۇق بىلەن چاي تۇتۇپ:

—خۇش كەلدىڭىز ئەي ئەزىز مېھمان، چېيىمىز ئاددىي، كۆڭلىمىز ئوبدان. ئەمدى نېمە ئارمان! تارت بورناشۇ! — دېدى قىزغىن ۋارقىراپ، شۇئانلا گارمون تارتىلدى. گارموندىن چىققان بىرقانچە خىل لەرزان سادا ئۆي ئىچىنى جاراڭلىتاتتى. گارمون تارتىلسا ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغان جىرچى نۇجۇپ جىرلاشقا باشلىدى. ئۇ ياخشى جىرلايتتى. قىزىق ھەرىكەتلەر بىلەن جۇشقۇنلۇق ئېيتاتتى. ئۇ بىر دەمنىڭ ئىچىدە تاتار ناخشىلىرىنىڭ بىر-

AltunOq

قانچە داڭلىق ئاھاڭلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ گارمونغا تەڭكەش
قىلدى. بۇ ناخشىلارنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى كىشىلەرنى غىدىقلاپ
تەسىرلەندۈرەتتى. ياشلار ئۇدار ئورنىدا چاۋاك چېلىپ پات - پات-
لا «ھەي بـــەللى» دەپ ۋارقىراپ جىرغا پەيزى قوشاتتى.

نۇجۇپنىڭ بىرلا ئەيىبى، جىر باشلىۋالسا توختاتقىلى بولمايتتى.
شۇنىڭ ئۈچۈن جىرچى دەپ ئاتالغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ناخ-
شىسى تۈگىمەس ناخشىغا ئايلانغاندا، ياشلارنىڭ بىرەۈنچىسى
قارتا باشلىۋەتكەنىدى. ياشلار ئادەتتە تۆتىسى بىر بولسىلا قارتا
ئويناپ ئۆگەنگەن، ھەتتا خۇمار بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بىر بۇ-
لۇڭدا تۆتىسى بىر دائىرە بولۇپ «سوۋاي كوزور» ① ئويىنىدى.
بۇ تەرەپتە ئىككىسى بىرلىشىپ «بېتى قالار» ② باشلىۋەتتى.
ئۇلار قارتىنى كۆڭۈل قويۇپ جىددىي ئوينايتتى. ئۇلاردا ئۇتۇش
تاغ يېرىلغاندىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولسا، ئۇتتۇرۇش تاغدىن
يىقىلىپ چۈشكەندىنمۇ ئارتۇق دەھشەتلىك بولاتتى. قايسى تەرەپ
ئۇتتۇرغان بولسا، ئۇتقان تەرەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ مەسخىرە قى-
لاتتى. بىر - بىرىنىڭ پېشانىسىگە قارتا چاپلاپ كۈلكە چىقىراتتى.

مېھماندارچىلىقنىڭ گارمون، جىر، قارتا، كۈلكە، چاقچاقلار-
دىن ئىبارەت قىزغىن ۋە كۆڭۈللۈك باشلانمىسىدا، بۇيانقىلار
خۇددى يوقاتقان دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈۋاتقان
بولسىمۇ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلى ئۆيدە ئىدى، «ئۆزۈم ھەر
جايدا مەن كۆڭلۈم سەندەدۇر» دېگەندەك، كۆرۈنۈشتە مېھماندار-
چىلىقتا ئولتۇرسىمۇ كۆڭلى ئۆيدە قالغان مەجمۇئە توپلىمىنىڭ
بەتلىرىدە ئىدى.

— ئىگرايت. ئىگرايت! ③

جىرچى نۇجۇپ ئۇزۇنغا سوزۇپ ئېيتقان ئۈچۈنمۇ، بىرئاز
زېرىككەن ياشلار بىر تەرەپتىن «ئىگرايت» دەپ ۋارقىراپ، يەنە

①② سوۋاي كوزور، بېتى قالار — قارتا ئويۇنىنىڭ تۈرلىرى.
③ ئىگرايت — ئوينا.

بىر تەرەپتىن ئىسقىرتىپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا باشلىدى.

— توختاڭلار، توختاڭلار! — دېدى مەخمۇت خوجا قول شىلتىپ. ئۆي ئىچى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا بىرچۆمۈچ سوغۇق سۇ قۇيغاندەك تىپتىنچ بولۇپ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشتى.

— بىزدە بىرئاز تەرتىپ بولسۇن! — دېدى مەخمۇت خوجا كۆپچىلىككە تەكشى نەزەر سېلىپ، — بۈگۈن بىزگە كەلگەن ئەزىز مېھمان بار. ۋارقىراپ - جارقىراشلار ئۇيات ئەمەسمۇ!؟ تەرتىپ ساقلاپ ئەدەبلىك ئولتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ تەيىن قىلساق قانداق؟

— توغرا، شۇنداق قىلايلى! — دېدى كۆپچىلىك بىردەك ئاۋاز قوشۇپ.

— ئۇنداق بولسا كىمنى تەيىن قىلىمىز؟

— مەخمۇت خوجا ئاكا ئۆزى پادىشاھ بولسۇن. ئوڭ قول ۋەزىرلىككە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، چەپقول ۋەزىرلىككە ئىلھامجان بولسۇن، — دېدى بىرى.

— توغرا، بولىدۇ، — كۆپچىلىك بىردىنلا ئاۋاز بېرىپ تەستىقلىدى.

تەيىندىن كېيىن پادىشاھ، ۋەزىرلەر ئۆز ئورنىنى ئېلىشتى. پادىشاھ ئوتتۇرىدا، ئوڭ ۋە چەپقول ۋەزىرلەر ئىككى ياندا ئولتۇردى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۈگۈنكى ئولتۇرۇشقا كىرىۋاتقان مەزمۇنغا ئەمەدلىكتە بىرئاز قىزىقىپ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى. «پادىشاھ» مەخمۇت خوجا جاكار چىقىرىشقا كىرىشتى:

— كۆپچىلىك، دىققەت! مەن پادىشاھلىق بۇرچۇم بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى: مېنىڭ ئېلىمدە تەرتىپ ساقلانسۇن! باغلىرىمىزدا گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراشسۇن، نەغمە - ناۋا جاراڭلاپ ناخشىلار ياڭرىسۇن، ساماۋەر قايناپ تۇرسۇن، ئۇسسۇللار ئوينىلىپ تۇرسۇن، قەندەللەر ھەسەلگە، پىيالىلەر شېكەرگە تول-

سۇن! قانداق دەيسىزلەر؟
— توغرا، توغرا! — دېدى كۆپچىلىك.
پادىشاھ بىر ئىشارەت قىلىۋېدى، مۆمىنجان دۇتـارنى، ئابـدۇرۇسۇل سەمەت① تەمبۇرنى تەڭكەش قىلىپ چېلىشقا باشلىدى. بۇ ئىككىسى ئەمدى 20 لەرگە كىرگەن يـاشلار بـولسىمۇ، دۇتـار بىلەن تەمبـۇر چېلىـشنى ياخـشى ئىگىلىگـەنىدى. ئـۇلار ئـانچـە تىرىشچانلىق بىلەن ئـۆگەنگەن ئىدى. ئـۇلار ئـانچـە تىرىڭلىتىپ ئولتۇرمايلا، «دىلخىراج»غا باشلىۋەتتى.

«ھاسىلى بەرقۇ ھاۋادىستىن ماللاھەت چاغىدۇر،
رەھمە قىل دۆلەتلى سۇلتانىم مۇرۇۋۋەت چاغىدۇر».

فوزۇلىنىڭ بۇ ھېكمەتلىك غەزىلى ئاھاڭ بىلەن تىلغا كىرىپ دەرھال تەسىر كۆرسەتـمەكتە ئىدى. ھەم ئادەم مومىدەك ئېرىپ ھۇزۇر سۈرەتتى. ناخشىنىڭ ئەۋجى كۆتۈرۈلگەندە، يۈرەكنىڭ نـازۇك تارلىرى جۇغۇلداپ تىترەپ كېتەتتى.
ناخشا ئاخىرلىشىپ «دىلخىراج» مۇزىكىسى چېلىنغاندا، ئۇسـسۇلچىلار ئىختىيارسىز ھالدا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئـۇلار شوخ ئوينايتتى. ئەۋجىگە كەلگەندە ئەۋرىشىمدەك نازۇك ھەممەيـلەننى ھەيران قالدۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن «ئەجەم»، «يارى - يار» قاتارلىق ناخشىلارمۇ پەيزى بىلەن چېلىندى.
ناخشا، ئۇسسـۇللار راسا پـەيزى تاپقاندا، بەزەنلەر قىزىپ كېتىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ئىگرايىت، پاڭالىستا - مەرھەمەت» دەپ ۋارقىرىشىپ ئۆزئارا ئويۇن - كۈلكە قىلىشاتتى. مۇزىكا تاـمام بـولغـاندىن كېيىن بـۇ ئىشقا قـارىتا مەسلىھـەت ئۆتكۈزۈپ

① ئابدۇرۇسۇل سەمەت — 1934 - يىلىدىن باشلاپ 1960 - يىللارغىچە ماھارەتـچىلىق قىلغان پېشقەدەم ماھارەتچى ئىدى. ئۇ 1928 - يىلىدىن باشلاپ ئـۈرۈمچىدىكى بايلارنىڭ خۇسۇسىي مەكتىپىدە، تولاراق ئازىباي، خۇسەيىن بايلارنىڭ ئۆيىدە تـۇرۇپ ئوقۇغان. ئۇ يەنە ئۇستا سازەندە ئىدى. گارمون تارتقاندىن باشقا، دۇتار، تەمـبۇر، راۋابقا كۆرۈنەرلىك ماھىر ئىدى. بۇ كىشى 1977 - يىلى ۋاپات بولدى.

بىر خىل تەرتىپ ئىلان قىلىشقا توغرا كەلدى.
— ئۇقتۇرۇش، ئۇقتۇرۇش ! — دېدى چەپقول ۋەزىر ئىمامجان ۋارقىراپ، — بۈندىن كېيىن ھەممە ئادەم ئۆز ئانا تىلى بىلەن سۆزلىسۇن. ئەگەر كىمدە كىم ئۆز ئانا تىلىغا رۇسچە سۆزنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولسا، بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن بىر مىسقال ئىشتىراپ ئېلىنىدۇ!
— توغرا قوشۇلىمىز، — دېدى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن.
— ئۇنداق بولسا، ۋەزىر ئالىيلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان «ئىشتىراپ» سۆزىگە قانداق قىلىمىز!؟ — دېدى بىرى.
— ئېلىش كېرەك، زاكون دېگەن زاكون ! — دېدى بورناشىۋ ۋارقىراپ.
— «زاكون» سۆزى ئىككى قېتىم ئېيتىلدى، ئىككى مىسقال، — دېدى ئەخمەت.
— ئۆزۈڭ بىر قېتىم ئېيتتىڭ، بىر مىسقال ... ، — دېدى يەنە بىرى.
بۇ توختام ئىجرا قىلىنار - قىلىنمايلا مۇرەككەپلىشىشكە باشلىغانىدى.
— بۇيرۇقنى قايتا مۇزاكىرىگە قويۇش كېرەك. يالغۇز رۇس تىلىغىلا چەك قويۇلماستىن، ئەرەب، پارىس تىللىرىغىمۇ چەك قويۇشىمىز كېرەك! — دېدى بىرى تەكلىپ بېرىپ.
— ئۇنىڭدا بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ئېتىنىمۇ چاقىرالماي قالىمىز، — دېدى بىرى ۋارقىراپ.
— ئېتىنى ئاتاۋەرسۇن، بۇيانقى سۆزلەرگە چەك قويايلى!...
بىرمۇنچە تالاش - تارتىشلار بولۇپ ئۆي ئىچى قىزىغانىدى.
دەرۋەقە، رۇس تىلىغا قارىغاندا ئەرەب - پارىس ئىبارىلىرى، تۈركىي تىللارنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەنىدى. ئەگەر تىلىمىزغا ئارىلاشقان ئەرەب - پارىس تىللىرىغا جەرىمانە ئېلىش توختام قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ھەرقان-

داق ئادەمۇ جەرنىمانە تۆلەشتىن ئامان قالمىغان بولاتتى. بىر جۈملە سۆزنى سۆزلەش ئۈچۈن، بىرقانچە مىسقال پۇلنى ئالدىن تۆلەپ قويۇپ ئاندىن سۆزلەشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن، ئاخىر بۇيرۇقنى قالدۇرۇۋېتىپ جاگجالنى بېسىقتۇرۇشتى.

بۇ جىددىيەتلىك بىرئاز پەسەيگەندىن كېيىن، يەنە مۇزىكا چېلىندى. بۇ قېتىم مۆمىن ئەپەندى قىزىقچىلىقلارنى قوشۇپ «ئالمىخان» «ئانارخان» ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. يەنە ئىككى ياش تەكلىپ بىلەن «قارىقاش»، «بىلەيزۈك» نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈردى.

ۋاقىت خېلى كەچ بولۇپ تاماق تەييار بولغانىدى. يېگىدىن داستىخان سېلىپ تاۋاقلاردا نېرىن كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بۇرۇتلىرىنى سىلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ قورساقلىرى يېرىلغۇدەك دەرىجىدە نېرىن يېيىشتى. ئاندىن قاپقارا دەملەنگەن سىنچاي ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندا، نېرىنچى چال، ئۇ ئۆي ئىگىسىگە ۋەكالىتەن خالىغان بىرىگە نېرىدىن ئېتىشقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا يوغان گەردۈن پىيالە بولۇپ پىيالىگە نېرىن تولدۇرۇلغانىدى. نېرىنچى قولى بىلەن مۇجغۇپ، بىر پىيالە نېرىننى بىر كاپىلام ھالەتكە كەلتۈرەتتى. مېھمانلارنىڭ كۆزى شۇ ئادەمدە، نېرىننى كىمگە ئاتاركىن دەپ قارىشىپ ئولتۇراتتى. نېرىنچى نېرىننى مەخمۇت خوجىغا ئاتىماقچى بولدى. ھەممەيلەن قوشۇلۇپ قارشى ئالدى.

مەھمۇت خوجا پاكار بويلۇق، كەڭ غوللۇق، كۆزى چوڭ، يوغان قورساق، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى. ئۆزىگە ۋەزىپە بولۇپ تۇرۇۋاتقان نېرىننى يۇتماقچى بولۇپ، بۇرۇتلىرىنى قايرىپ، تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە ئاغزىنى لەھەڭدەك ئېچىپ تەييارلاندى. نېرىنچى تەييارلىغان نېرىن پومنى ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرلا ئېتىۋەتتى. مەھمۇت خوجا «ھاپ» قىلىپلا يۇتۇۋېلىپ بۇرۇتنى سىلاپ كۆز-

لىرىنى پال - پۇل قىلىپ خاتىرجەم ئولتۇردى. بۇنى كۆرگەن مېھمانلار ئۇنىڭ نېرىدىن يۇتقان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرقىلىرىغا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئاتقان نېرىسىنى قائىدە بويىچە بىرلا قېتىمدا چايناماستىن يۇتۇۋېتىش شەرت ئىدى. ئەگەر بىر قېتىمدا يۇتۇۋالالماي چايناپ سالسا ياكى بىرتال - يېرىم تال چۆپنى چىچىپ قويسا، كېيىنكى نېرىدىن مەشرەپنى شۇ كىشىنىڭ گەدىنىگە چۈشەتتى. بەختكە يارىشا مەخمۇت خوجا «ھاپ» قىلىپ بىر نۆۋەتتىلا يۇتۇپ، غەلىبە قىلدى.

تاماقتىن كېيىن بىرئاز چاي ئىچىپ تاماق سىڭدۈرگەن مېھمانلار، كەچ بولدى، دېيىشىپ تارقاشقا باشلىدى. بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا، بۇلارنىڭ بۇ خىل ئولتۇرۇشلىرىغا بىرەر قېتىم داخىل بولۇش ئانچە زىيانلىق بولمايدىكەن دېگەن تونۇشقا كەلگەن شائىر، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئۇزاپ ئۆز خانىسىگە قايتتى.

# ئونىنچى باب

## 1

ئىيۇل ئايلىرى ئىدى. شائىر بۈگۈن ناشتىدىن كېيىنلا شەھەر ئىچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بۈگۈن فەن ياۋنەن بىلەن كۆرۈشۈش يولىنى ئىزدىمەكچى ئىدى.

دۆڭكۆۋرۈكتىن ئاقىۋۇق دەرۋازىسى (نەنمېن) ئالدىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىر قەۋەتلىك كېسەك ئۆيلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ قېلىن لايدالغان ئۆگزىلىرى ئالدىغا ئېگىشەڭگۈ بولۇپ، كەتمەن شەپكىنىڭ لەپكىسىدەك (كازىروكىدەك) كۆرۈنەتتى. ئۆگزىلەردە كۆكلەپ كەتكەن قارا ئوت ۋە بۇغداي مايسىلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئارىلىقتا دەڭ-ساراي، ئاشخانا ۋە دۇكانلار كۆپ بولۇپ، دۇكانلارنىڭ تولىسىدا دادۇر، پۇرچاق، تاڭگار، ماخار، لەڭمەن - لەڭپۇڭ، ئات بوغۇزى، ئۇن، گۈرۈچ ۋە هارۋا جابدۇقلىرى سېتىلاتتى.

روزىهاجى مەسچىتى تەرەپكە يېقىنلىغانسېرى قەشقەر-خوتەنلىك سودىگەرلەرنىڭ دۇكانلىرى، مەشھۇر قاسساپخانىلار، ناۋايخانىلار، زىلچە-گىلەم، ماتا-چەكمەن سارايلىرى كۆپ ئىدى. جەنۇبىي دەرۋازا ئالدىدىكى ئەگمەچ كوچىدا گەزمال دۇكانلىرى، سائەت رېمونت دۇكانلىرى، سەرراپ - زەرگەر دۇكانلىرى زىچ بولۇپ، ئۇيغۇر -

خەنزۇ تىجارەتچىلەر ئارىلاش ئىدى.

شەھەر ئىچىگە كىرگەندە، ئۇ بىر باشقا دۇنيادەك كۆرۈ-
نەتتى. بۇ يەردە چوڭ - چوڭ گەزمال دۇكانلىرى، دورىخانىلار،
مەخسۇس ئالتۇن جابدۇق دۇكانلىرى كۆپ بولۇپ، پۈتۈنلەي
خەنزۇ تىجارەتچىلەر بىلەن تولغانىدى.

شائىر ئۇزۇن بىر تال كوچىنى تاماشا قىلىپ جياڭجۈن
يامۇلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.
جياڭجۈن يامۇلى ئۈرۈمچى شەھىرىنى ئوراپ تۇرغان 3 - قەۋەت
سېپىلنىڭ ئىچىدە خۇددى ئاپتاپقا باغلاپ قويغان پىلدەك چوخ-
چىيىپ تۇراتتى. يامۇلنىڭ ئالدى تېمى ياغاچ سالاسۇنلۇق
بولۇپ، نەق ئوتتۇرىسىدا چوڭ دەرۋازا بار ئىدى. دەرۋازىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئىككى
تاش شىر قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن ئون قەدەم ئىچكىرىدە ئىككى-
دىن تۆت ئەسكەر مىلتىق تۇتۇپ پوست قىلاتتى. يامۇلنىڭ غەر-
بىي تېمىدا يەنە بىر كىچىك ئىشىكمۇ بار ئىدى. بۇ ئىشىك
كۆپىنچە قۇلۇپلاقلىق بولۇپ، بىر ئەسكەر ئىشىككە قارىغاچ يا-
ماق - چۇمەك قىلىپ داۋاملىق ئولتۇراتتى.

سالاسۇن تام بويلاپ كەتكەن ئۇزۇنراق ھەم كەڭرەك بىر تال
كوچا بولۇپ، ئۇنىڭ يامۇل تېمىغا قارشى قانىتىدا قاتار تىزىل-
غان تىكىمچى دۇكانلىرى بار ئىدى. ئۇلار تىكىپ تەييار-
لىغان كىيىم - كېچەكلەرنى جازىلارغا كىيدۈرۈپ ئېگىز
ئېسىپ، خېرىدارلارنىڭ تاللىۋېلىشىغا ئاسانلىق يارىتىشقانىدى.
كىيىم - كېچەك سېتىۋالغۇچى خېرىدارلار ئادەتتە بۇ بازارغا
كۆپ كېلەتتى.

شائىرنىڭ پۇت - قولى تالغانىدى. ئۇ بىر دۇكاننىڭ ئال-
دىغا كېلىپ ئۇزۇنچاق بەندىڭگە ئولتۇرۇپ كىيىم - كېچەكلەر-
نىڭ كۆپلۈكىگە نەزەر سالغاچ ئارام ئېلىۋاتقاندا، دۇكان ئىگىسى
شائىرنى خېرىدارمىكىن دەپ ئاتايىن چىقىپ ئىللىق چىراي بىلەن

يېقىنلاپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز خوجايىن! — دېدى شائىر ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان خوجايىنغا تولۇق بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ.

— ياخشى، — دېگەن خوجايىننىڭ چىرايىدا قانداقتۇر خۇشاللىق بىلەن ھەيران بولغانلىقىنىڭ بىردىكمە ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

— سىز نېمە دەيسىز قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، بىر تاۋاق ئاش تېپىپ يېگىلى بولۇۋاتىدۇ، — دېگەچ خوجايىن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، — سىز خەنزۇچىنى ئاجايىپ ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز! — دەپ خۇش خۇي كۈلۈمسىرىدى.

— ھە، مەن بىرئاز خەنزۇچە ئۆگەنگەن!

— ياخشى گەپكەنغۇ! نەدە ئۆگەنگەن، ئۇرۇمچىدىمۇ؟

ھەرقانداق كىشى ئۆز تىلىنى باشقا مىللەتنىڭ بىر ئادىمى بىلگەنلىكىنى، بىلگەندىمۇ تەلەپپۇز جەھەتتە مۇكەممەل ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرسە خۇش بولۇشى تەبىئىي. شۇ سەۋەبتىن دۇكان ئىگىسى، بۈگۈن تاسادىپىي كېلىپ دۇكىنىدا ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ تولۇق بېيجىڭ تەلەپپۇزىدا سۆز قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيران بولۇپ تەبىئىي يوسۇندا يېقىنلىق ھېس قىلغانىدى.

— ياق، مەن تۇرپاندا ئوقۇغان.

— سىز تۇرپانلىقمۇ؟ ياش ئىكەنسىز، ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. بىزگە قارىغاندا قەلەمدە ياخشىراق نان تېپىپ يېگىلى بولىدۇ. بۈگۈن سىياسىي قانۇن ئالىي مەكتىپىدە بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى ئوقۇش تۈگىتىدۇ. ياڭ جياڭجۇن ، جىن تىڭجاڭ ① قاتارلىق باشلىقلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈن شۇ يەرگە كەلدى. بۇ

---

① جىن شۇرېن — ئىچكى ئىشلار نازىرى.

مەكتەپتە ئوقۇپ چىققانلارنىڭ تولىسى ئامبال بولۇپ يۇرت سورايدۇ. بىزدە «پارچە - پۇرات كادىر بولغاندىن بىراقلا ئامبال بول» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئامبال بولۇش ياخشى ئىش. سىزمۇ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇڭ...

— فەن ياۋنەنمۇ شۇ مەكتەپكە بارامدۇ؟ — شائىر خوجايىننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە، ئۇ كىشىمۇ باردۇ. ئۇمۇ تۆت چوڭنىڭ بىرى - دە!

— ئىدارىسى نەدە؟

— خارجى بۆلۈمىدە.

— ئۆيىچۇ؟

— بىلمەيمەن، لېكىن ئىزدىسە تاپقىلى بولىدۇ. ئۇ دېگەن خېلى مەشھۇر ئادەم! — دېگەن خوجايىن بىرئاز توختىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى، — ئەجەب ئىنچىكىلەپ سوراپ كەتتىڭىز، كۆرۈشمەكچىمۇسىز؟ ئىشىڭىز بارمىدى؟ ياكى تونۇشامتىڭىز؟

— ياق، ئەمدى تونۇشماقچىمەن!

كوچىنىڭ غەربىي بېشىدىن سەككىز - ئونتەك چېرىكلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېلىۋاتقان مەپە كۆرۈندى. خوجايىن دىققەت بىلەن قاراپ:

— كىم قايتىپ كېلىدىكىن! — دەپ شىۋىرلىدى. ئانچە ھايال بولمايلا، — ھە، جىن تىگچاڭ قايتىپ كەپتۇ - دە، — دەپ شائىرغا قارىدى.

ئاڭغىچە مەپە يېتىپ كېلىپ جياڭجۈن يامۇلىغا كىرىپ كەتتى.

— مۇراسىم تۈگەپ قايتىپ كېلەمدۇ؟ — دېدى شائىر تەئەججۈپلىنىپ.

— پەرەز قىلىشىمچە مۇراسىم تۈگىمىدى. ئەگەر مۇراسىم تۈگىگەن بولسا، ئالدى بىلەن ياڭجياڭجۈن قايتىپ كېلەتتى. بۇ كىشىنىڭ ئەپيۇن خۇمارى بار. بەلكى تاماكا چەككىلى ئالدىراپ بالدۇر قايتىپ كەلگەندۇر، — دېدى خوجايىن.



AltunOq

دۇكان ئالدىغا ئۈچ قازاق كەلدى. ئۇلاردىن ئىككىسى چوڭ كىشى، بىرى كىچىك بالا ئىدى. ئۇلار دۇكانغا ۋە دۇكان ئالدىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇرغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان خوجايىنغا ھەيران بولغان قىياپەتتە قاراپ ئاستا قەدەم بېسىپ كېلەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى چوڭراق بىر قازاق شائىرغا يېقىنلاپ كېلىپ، — قانداق ئامانمۇسەن؟

بالا قازاق بولسا، چوڭلار قانداق ئامانلىشاركىن دېگەندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

— ياخشى، ئۆزىڭىزلەر، مال - چارۋىڭىزلار ئامانمۇ؟ قايدىن كەلدىڭىزلار؟ — دېدى شائىر.

— بىرئاز سودا قىلايلى دەپ نەنسەندىن كېلىۋىدۇق! — دېدى چال قازاق.

— سوداڭلار بىتتىمۇ؟

— قايدا! مانا ئەمدى يېتىپ كەلدۇق، — دېدى چال شائىرنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن سەپسېلىپ قانداقتۇر بىرنېمىنى بايقاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ ئولتۇردۇڭ؟

— كۆرمىگەننى كۆرەي، بىلمىگەننى بىلەي دەپ ئولتۇردۇم، — دېدى شائىر.

— ياخشى، ئۆزۈڭ بىر جىندى سارتقۇ! ماۋۇ خوجايىننىڭ تىلىنى بىلەمسەن؟

— ئاز - ماز سۆزلىشەلەيمەن.

— ياخشى بولدى، خۇدا بەرگەنىكەنغوي! — دېدى چال قازاق قۇۋانىچلىق بىلەن، — تىل بىلمىگەنگە باسىم قاتىپ كېلىۋىدىم، شۈكۈر، خۇدا سېنى يەتكۈزدىغوي. ساغان ئېيتسام سەندىن يوشۇرۇن تۇتىدىغان سىرىمىز يوق. بىز دېگەن قىر - دالادا يۈرىدىغان ئادەملەرمىز. چارۋا - ماللىرىمىز بولىدۇ. بىز شۇ ماللىرى

منزنى يىرتقۇچلاردىن ساقلايمىز. گاھىبىر ۋاقىتلاردا ئاڭ قىلىمىز①. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۇق - دورا كېرەك. تاپىلسا بىرئاز ئوق - دورا ساتىپ ئالالايلى دەپ كېلىۋىدۇق. تىل بىلگەندىن كېيىن خوجايىن بىلەن سۆزلىشىپ بەرسەڭچۇ!؟

شائىر ئۇلارنىڭ تەلپىگە بىنائەن خوجايىن بىلەن سۆزلىشىپ قازاقلارغا ئوق - دورا ئېلىشىپ بەردى.

ئۇ چاغلاردا سىپيۇڭ دۇكانلارنىڭ ھەممىسىدىلا سېتىلىدىغان ئوق - دورا بولاتتى. چۈنكى بۇ دۇكانلار جياڭجۈن يامۇلغا يېقىن بولغاچقا، چېرىكلەر بىر - بىرىنىڭ ئوق - دورىلىرىنى ئوغرىلاپ چىقىپ ئاشۇ دۇكانلارغا ئۆتكۈزەتتى. دۇكان خوجايىنلىرى بولسا، يولى كەلگەندە چارۋىچىلارغا قىممەت باھادا سېتىپ ئەسلى ئىگىسىگە ئازغىنا پۇل بېرىپ ئۆزلىرى كۆپلەپ پايدا ئالاتتى.

شائىر قازاقلار بىلەن بىرلىكتە دۇكاندىن ئايرىلىپ غەرب تەرەپكە ماڭدى. دوقمۇشتا تاۋۇز تىلىپ سېتىۋاتقان يەرگە كەلگەندە، بالا قازاقنىڭ تاۋۇز يېگۈسى كەلدى - دە، ئاتىسىغا جېدەل قىلىپ:

— چۆلدەپ كەتتىم! — دېدى.

— بالا دېگەننى قويىچۇ! ئۆيگە بارغاندا ئوبدان چاي ئىچىمەڭ بولماسمىدى! — دېگەن چال بالىسىغا ھومىيىپ قاردۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بېرىپ تاۋۇزدىن بىرنى سېتىۋالدى، شۇ يەردىلا تىلدۇرۇپ يېمەكچى بولدى.

— كەل موللا، تاۋۇز جە! — دېدى چال شائىرنى تەكلىپ قىلىپ. بۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى تىلىمدىن تاۋۇز يەۋاتاتتى، جياڭجۈن يامۇلىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتىن (شۇ ۋاقىتلاردا سىياسىي قانۇن مەكتىپى ئاشۇ دۆڭلۈكتە ئىدى)، ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوق ئاۋازى بىر ئۇلغىيىپ، بىر

① ئوۋ قىلىمىز.

پەسىيىپ خېلى داۋام قىلدى. ھەممە ئادەم قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ شۇ تەرەپكە دىققەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا باش قىسمى يارىلىنىپ قانغا مىلەنگەن بىر چېرىك ھاۋۇققان ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ جياڭجۈن يامۇلىنىڭ غەربىي تېمىدىكى كىچىك ئىشىككە كەلدى. ئۇ يەردە ياماقچىلىق قىلىۋاتقان چېرىك دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندىن كېيىن، ياردار چېرىك ئۇچقاندەك يامۇل ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئىككى قولىغا ئىككى تال تاپانچا تۇتقان بىر چېرىك پۇتىدىن يارىلانغان يەنە بىر چېرىكنى يۆلەشتۈرۈپ كېلىپلا ھېلىقى ئىشىكتىن يامۇل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئوق ئاۋازى يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. كوچىلاردا پاتىپاراقچىلىق بولۇشقا باشلىدى. دۇكانلار ئېتىلدى، غالتەكچىلەر ئارقا كوچىلار بىلەن قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىشتى. شەھەر ئىچىدە ئولتۇراقلىق ئاھالىلەر ئۆز ئۆيلىرىگە كىرىپ ئىشىك-تۈڭلۈكلىرىنى ئېتىۋېتىشتى. شەھەر ئىچىدە ئۆيى يوقلار بولسا، ئاققوۋۇق تەرەپكە ۋە تېرەكبوت تەرەپتىكى دەرۋازىغا قاراپ ئاقاتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قازاق ھەمراھلىرى بىلەن ئاققوۋۇققا يېتىپ كەلگەندە، ئوق ئاۋازى جياڭجۈن يامۇل تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم ئۈركۈگەن كىيىكلەردەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى.

سېپىل دەرۋازىلىرى يېپىلغان، زەنجىرى ئۇزۇنراق ئېلىپ قويۇلغانىدى. ئادەملەرگە بىر - بىرلەپ قىستىلىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. خۇرجۇنىغا ئوق - دورا قاچىلىۋالغان قازاقلار بەكرەك ئۈركۈشەتتى. ئۇلار بىرەرى كېلىپ خۇرجۇندا نېمەڭ بار دەپ سۈرۈشتە قىلىپ چاتاق سالمىسۇن دەپ قورققاچقا، ھېچنېمىگە قارىماستىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇلاردىن خېلى كېيىن چىققان بولسىمۇ، دۆڭكۆۋرۈككە سالامەت كېلىۋالغانىدى.

# 2

بۇ ۋەقە شۇ كۈنى كەچ تەرەپتە ئايدىڭلاشتى:

1928 - يىلى 7 - ئىيۇل كۈنى رۇسچە سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ 2 - قارار ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش تۈگەتكەنىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش تۈگىتىش مۇراسىمىغا ياڭ زېڭشىن باشلىق ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار تەكلىپ قىلىنغان، شۇ قاتاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىمۇ خانىمى بىلەن تەكلىپ قىلىنغانىدى.

ياڭ زېڭشىن سىياسىي قانۇن مەكتىپىنى ئۆزىگە سادىق ئەمەلدار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بۈگۈنكى مۇراسىمغا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك قاتنىشىپ 2 - قارار ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ بۇ زىياپەتتە بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى، خارجى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار باشلىقى فەن ياۋنەن بىلەن سىياسىي قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلىم مۇدىرى جياڭچۇڭشىلارنىڭ ئۇنىڭغا سۇيىقەست ئويۇشتۇرۇشىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى.

مۇراسىم ئىنتايىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا شاھادەتنامە تارقىتىلغاندا، جاڭ - جاڭ چېلىنىپ، چاۋاكلار ئۇرۇلغانىدى. مۇراسىم ئاخىرلىشىپ زىياپەت بولۇش ئارلىقىدا، سىياسىي ئىشلار نازىرى جىن شۇرېن مۇھىم ئىشىم بار دەپ ئالدىن قايتىپ كەتتى. قالغان مېھمانلار، زىياپەت ئۆيىدىكى ئۈچ جوزىغا بۆلۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. جياڭچۇڭشى بۈگۈنكى زىياپەتتە ساھىبخان بولۇپ ياڭ زېڭشىنغا پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت كۆرسەتتى. رەسمىي زىياپەت باشلانغاندا، فەن ياۋنەن تاشقىرىغا چىقىپ ياڭ زېڭشىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرىگە ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئايرىم ئۆيدە مېھمان بولۇشقا، ھەتتا مىلتىقلارنى

تاشقىرىغا تىكلەپ قويۇپ خاتىرجەم تاماقلىنىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

1 - جوزىدا ياڭ زىڭشىن، دۇلۇيجاڭ (بىرىگادا باشلىقى دۇفارۇڭ) قاتارلىق ئالىي مېھمانلار بىلەن خەنزۇ تىلى مۇئەللىملىرى بىرگە ئولتۇرغانىدى. 2 - جوزىدا سوۋېت كونسۇلى خانىمى بىلەن، فەن ياۋنەن، جياڭ چۈڭشىلار بىرلىكتە ئولتۇراتتى. سەي كەلتۈرۈلۈپ قەدەھلەرگە ھاراق قۇيۇلغاندىن كېيىن، جياڭ چۈڭشى ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ كۆتۈردى:

— جياڭجۈن جانابلىرى، لۇيجاڭ جانابلىرى، كونسۇل جانابلىرى، ھۆرمەتلىك خانىم ئالىيلىرى، بۈگۈنكى ئاددىي زىياپىتىمىزگە ئىشتىراك قىلغان بارلىق ئەزىز مېھمانلار! مەن ھەممىلىرىنى مەكتىپىمىزنىڭ پەخرى مۇدىرى ياڭ جياڭجۈن جانابلىرىنىڭ سالامەتلىكى ۋە تۈمەن يىللار ياشىشى ئۈچۈن قەدەھكە تەكلىپ قىلىمەن!...

دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھلەرنى ئېگىز كۆتۈرگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئاپتاپپەرەس قۇياشقا باققاندەك، ياڭ زىڭشىنغا قاراپ ئالىي ھۆرمەت كۆرسەتتى. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ياڭ زىڭشىن، مېھمانلارغا تەكشى نەزەر تاشلاپ، ھۆرمەتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن بىرلىكتە قەدەھ بوشاتتى - دە، ئاندىن ئولتۇرۇپ سەي يەپ، ھاراق ئىچىشكە كىرىشىپ كەتتى. 63 ياشلىق قېرى جياڭجۈن ئىككى - ئۈچ قەدەھ ئىچىپ بولۇپلا دۇفارۇڭ بىلەن گاۋشىڭ ① ئوينىدى. ياڭ زىڭشىن ئويۇندا ئاسان ئۇتتۇرمايتتى. تولىراق ئۇتۇپ باشقىلارغا كۆپرەك ئىچكۈزۈۋېتەتتى.

گاۋشىڭ ئويناشتا ھەم زېرەك، ھەم قۇۋ بولغان ئادەم، باشقىلارنى كۆپ ئۇتۇۋېلىشى مۇقەررەر. ياڭ زىڭشىن گاۋشىڭ ئويناپ باشقىلارنى كۆپرەك ئۇتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ھەم زېرەك، ھەم

① گاۋشىڭ — ھاراق ئىچكەندە تۇۋلاپ ئوينايدىغان بەسلىشىش ئويۇنى.



AltunOq

قۇۋ ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

زىياپەت چارەك سائەت داۋام قىلدى. لېكىن سەيىنىڭ چىقىشى ئاستا ئىدى. ياڭ زېڭشىن: سەيىنىڭ چاپسانراق چىقىشىنى، ئۆزىنىڭ ھەربىي مەكتەپكە بارىدىغان ئىشى بارلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، جىياڭ چۇڭشى سىرتقا چىقىپ سەيىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قايتىپ كىردى.

— قانداق، بولدىمۇ؟ — دېدى فەن ياۋنەن، قايتىپ كىرگەن جىياڭ چۇڭشىغا قاراپ.

— تەييار بولدى، — دېدى ئۇ كەسكىن جاۋاب بېرىپ.

فەن ياۋنەن دەرھال قەدەھ ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ سوۋېت كونسۇلى بىلەن قەدەھ ئۇرۇشتۇرماقچى بولدى. كونسۇل ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ قەدەھ ئۇرۇشتۇراي دەۋاتقاندا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر خىزمەتكار ئۇنىڭ رومكىسىغا ھاراق قۇيماقچى بولغان كۆرۈنۈشتە كېلىپ ئۇنى تاپانچا بىلەن ئاتتى. ئوقنىڭ كۈچى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتكەن ياڭ زېڭشىن: «قانداق ئىش بۇ!» دەپ چەكچىيىپ تۇرۇشىغا، يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى. ئۇ يەرگە يىقىلغانىدى. دۇ فارۇكمۇ بىر پاي ئوق بىلەن يىقىلدى. يەن يۈيشۇ ئوق تېگىشى بىلەن يالغان ئۆلگەن بولۇپ ياڭنىڭ جەسىتى يېنىغا يېتىۋالدى. زىياپەت زالىدىن چىققان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ياڭ زېڭشىننىڭ يېقىن مۇھاپىزەتچىسى گاۋ لىيەندۇ ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كىرىپ ئۆز بەدىنى بىلەن ياڭ زېڭشىننى قوغداپ قالماقچى بولىۋىدى، فەن ياۋنەن ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ پاي ئوق بىلەن ئۇنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈردى. مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ تالاغا تىكلەپ قويغان مىلتىقلىرىنى ئۆكتىچىلەر ئاللىقاچان ئېلىپ بولغانىدى. يېڭىلا قەدەھ ئۇرۇشتۇرۇپ كۆڭۈللۈك كەيپىياتقا تولغان زىياپەت زالى كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا قانلىق مەيدانغا ئايلانغانىدى. مېھمانلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە قورالىدىن ئايرىلغان ئەسكەرلەر تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكەنىدى.

فەن ياۋنەن بىلەن جىياڭ چۈگشىلار ياڭنىڭ جەستىگە يەنە ئىككى پاي ئوق ئېتىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئاچقۇچلارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆز ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جىياڭجۈن يامۇلغا ئۇچقاندەك يول ئالدى. بۇلار يېتىپ بارغاندا، فەن ياۋنەن ھەربىي ئىشلار نازىرى بولغانلىقتىن دەرۋازىدا تۇرغانلاردىن ھېچكىم توسىمىدى. ئۇلار توپتوغرا 3 - زالغا باستۇرۇپ كىرىپ، شۇ كۈنكى نۆۋەتچى ياڭ چىڭتىيەندىن تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە بىر ئادىمىنى بۇيرۇپ مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم ئىش بار دەپ جىن شۇرېننى چاقىرتتى. لېكىن جىن شۇرېن كەلمىدى.

جىن شۇرېن فەن ياۋنەننىڭ قايتىپ كېلىشىدىن گۇمانلىنىپ يۇرتدىشى جاڭ پېيۇەنگە:

— ئەگەر زىياپەت ئاخىرلاشقان بولسا ئالدى بىلەن ياڭ زېڭشىن قايتىپ كەلگەن بولاتتى. فەن ياۋنەننىڭ قايتىپ كەلگىنىگە قارىغاندا بىرەر ۋەقە چىققان بولۇشى مۇمكىن، — دەۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە نەق مەيداندىن قايتىپ كەلگەن بىر ئىسكەر ئەھۋالنى دوكلات قىلدى. جىن شۇرېن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بىر بۆلۈك مۇھاپىزەتچى چېرىكلەر بىلەن 3 - زالغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. جەڭ كەسكىن بولدى. ئۆلگۈچى دۇ لۇيجاڭنىڭ ئوغلى دۇ جۈگو (يىڭجاڭ) بىر باتالىيون ئەسكەر باشلاپ كېلىپ «ئاتامنىڭ قىساسىنى ئالىمەن» دەپ جەڭگە قاتناشقانىدى. فەن ياۋنەننىڭ ئون نەچچە كىشىلىك گۇرۇھى بىرقانچە يۈز چېرىكلەرنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا ئوڭايلا تارمار بولدى. ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. بىرمۇنچىلىرى تىرىك قولغا چۈشتى. شۇ قاتاردا فەن ياۋنەنمۇ قولغا چۈشكەنىدى. ئۇنى سوراق قىلمايلا نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلاشتى. جاڭ چۈگشىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى. شۇ كۈنى ئىككى - ئۈچ سائەت داۋام قىلغان جەڭ شۇ تەقلىدتە ئاخىرلاشقانىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1

شۇ كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پېشىندىن كېيىن دۇكانغا كەلگەندە سەيپۇڭ ئۇستا چۆچۈپ:

— نەدە بولدىڭىز؟ — دەپ قارشى ئالدى.

— شەھەر ئىچىدە بولدۇم.

— نېمە؟ راستتىن شەھەر ئىچىدە بولدىڭىزما!؟ — تەئەججۈپلەنگەن ئۇستامنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — بۇ مالىمانچىلىقتا شەھەر ئىچىدە نېمە قىلاتتىڭىز؟ قانداق زورۇر ئىشىڭىز بولغىيتتى!

— مەن تېخى بۈگۈن فەن ياۋنەن بىلەن كۆرۈشەي دەپ كىرگەنىدىم. بۇنداق ۋەقە چىقىدىغانلىقىنى كىم ئويلايدۇ دەيسىز، — دېدى شائىر تەمكىن سۆزلەپ.

— كۆرۈشمىگەن بولغىيتتىڭىز؟

— جياڭجۈن يامۇلىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ بىرەر سائەت ئۆتمەيلا بۇ ۋەقە چىقتى. مەن كۆرۈشىدىغان فەن ياۋنەنمۇ ئۆلدى، چەشمىز قېرىشىدىغان قېرى جياڭجۈنمۇ ئۆلدى. بۇ جاھان يەنە قالدى...

— بۇ گەپچە، ياڭ زېڭشىننى سىزلا لەھەتكە يوللىۋېتىپ

چىقىپسىز! — دېدى ئۇستا، — ئۇنىڭ ئۆلگىنى ياخشى بولدى؛ قىزتالاق تولىمۇ ئېشىپ كەتكەن!..

شائىر سەيپۇڭخانىمدا ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ شەھەرئىچىدە كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ چىقتى. دۇكاندىكىلەر تىمتاس ئولتۇرۇپ ئاڭلاپ ھاياجانلىنىشتى. قېرى جياڭجۇننىڭ ئۆلگىنىگە ھەممەيلەن دېگۈدەك خۇش بولۇشقانىدى.

— ھەرقانچە ئۇستات تۈلكىمۇ تۇمشۇقىدىن ئىلىنماي قالمايدۇ دېگەندەك، قېرى جياڭجۇنمۇ ئۆزى ئىشلەتكەن تۇزاققا چۈشۈپ ئۆلدى. ئۆتنە ئالەم دېگەن شۇ. قىساس دېگەن شۇ! — دېدى ئۇستا خۇشاللىقىدا، — بۇ زالىم ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ھىيلە - نەيرەڭ، سۇيىقەست بىلەن، چاي - زىياپەتكە چاقىرىش يولى بىلەن تۈگەتكەنىدى. ئاخىرغا كېلىپ ئۆزىمۇ چاي - زىياپەت ئۈستىدە بېشىنى يەپ ئۆلدى. قىساس تۇتتى دېگىنى شۇ ئەمەسمۇ!؟...

شەھەر شۇ كۈنى جىددىي غۇلغۇلا ئىچىدە ئۆتتى. بۈگۈنكى ۋەقەدىن خۇشال بولغانلار ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان زالىمنىڭ بىردىنلا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىگە كىم خۇشال بولمايدۇ دەيسىز! مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەر مىللەت ئاھالىسى زالىمنىڭ ئۆلگىنىگە خۇشال بولۇشقانىدى.

لېكىن پەرىشان بولغانلارمۇ بار ئىدى. ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى دەۋرىدە مەنسەپدار بولغانلار، ھەر جەھەتلەردىن مەنپەئەت تاپقانلارنىڭ خۇددى دوپپىسىدىن جىگدىسى تۆكۈلۈپ كەتكەندەك پەرىشان بولۇپ باش - كۆزى سىلىنغان، گويا خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بېشى قېيىپ، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇنداقلار مۇندىن كېيىن ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشى توغرىسىدا قاتتىق ئەندىشە قىلىشاتتى. بايلار، چوڭ - سودىگەرلەرمۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك

تېپىرلىشىپ بىر يەردە تۇرۇۋالالمايدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن تىجارىتى ھۆكۈمەت بىلەن ياكى ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە باغلىناتتى ياكى ئۇلارنىڭ بەزەن مەنسەپدارلار بىلەن شىركەتچىلىكى بارئىدى، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ، مۇندىن كېيىن ئۆز تىجارىتىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىشىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشقانىدى. مەنسەپدارلارغا يۆلىنىپ بانكىدىن كۆپلەپ قەرز ئېلىپ ئۆگىنىپ قالغان تىجارەتچىلەرمۇ ئۆز ئىشىدىن ئەنسىرىشەتتى. مۇنداقلار ئۆز ئىشىنى ئىلگىرىكى ئىزىغا سېلىپ ماڭدۇرۇشنىڭ كويىدا كۆيىدى - پىشتى بولۇشاتتى.

شائىر دۇكاندىن چىقىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كەلگەندە، شام ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. چىراغ يېقىپ كىتاب كۆرمەكچى بولدى، لېكىن دىققىتى چۈشمىدى. چۈنكى، ئۇنى چەكسىز خىياللار، ھەددىسىز خۇشاللىق ۋە ھاياجان چۇلغىۋالغانىدى. شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزىدە بولغان ئۆزگىرىش كىچىك ئىشمۇ؟ قىرى جىياڭجۈن ئۆلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى... بۇ يەردە بىر يوچۇق كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. بۇ ئارىلىقتىكى پۇرسەتتە مەكتەپ ئاچقىلى بولار دەيدىغان ئۈمىدۋار خىيال ئۇنى كۆپ ئويلاندۇراتتى... يېڭى ئېچىلغان مەكتەپ، قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئوقۇۋاتقان باللار، قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان مەھبۇبى ئايىمخان... ئۇنىڭ خۇش خۇي رەڭدار ھۆسنى، ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر، ئاممىنىڭ ئويغىنىشى، ئۇلارنىڭ خۇشال - خۇرام ھاياتى، مەكتەپلەرنى ھىمايە قىلىشى... يەنە نۇرغۇن - نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلار... شېرىن خىياللارغا بېرىلگەن شائىر گويا كەڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك ھاياجانلىناتتى.

بۇ كېچە گەرچە تۈزۈك ئۇخلىمىغان بولسىمۇ ئەتىسى ئورنىدىن يېنىك تۇرغان شائىر ناشتىدىن كېيىن كوچىغا چىقتى.

AltunOq

شەھەر ھاياتى گەرچە ئالدىنقى كۈنگە قارىغاندا بىرئاز خاتىرجەملىنىپ قالغاندەك كۆرۈنسەمۇ، لېكىن دەرۋازىلىرىنىڭ تولۇق ئېچىلمىغانلىقىغا قارىغاندا، شەھەر يەنىلا قورقۇنچىدىن خالىي ئەمەس ئىدى. كوچا دوقمۇشلىرىدا توپلانغان ئادەملەر قانداقتۇر ۋەھىمە ئۈستىدىن سۆزلىشىۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇلار پات - پاتلا بىر نېمىدىن ئۈركۈگەندەك سېپىل تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى. قانداقتۇر بىر ئاۋازنى ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقاندەك شەھەر ئىچى تەرەپكە قۇلاق سېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل كۆرۈنۈشلىرىدىن تولۇق خاتىرجەم ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سېپىل ئۈستىدە يۈرگەن قارا - قۇرا چېرىكلەر، دەرۋازا ئۈستىدىكى راۋاقلارغا ئورنىتىلغان زەمبىرەكلەر، قانداقتۇر ۋەھىمىنىڭ تۈگىمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، پەقەت چۈشكە يېقىن بولغاندىلا جەنۇبىي دەرۋازا چوڭ ئېچىۋېتىلدى. ئاھالە ئەمدى نېمە بولىدىغانلىقىنى تېپىشماق تەرىقىسىدە غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندا، شەھەر ئىچىدىن چىقىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر سېپى كۆرۈندى. بۇ ئەسكەرلەر نەنيىڭفاڭ① دا تۇرىدىغان جاڭ تۇڭلىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىدى. ئۇلار تۈنۈگۈن ۋەقە چىققاندا شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئۈچۈن شەھەرگە كىرگەنىدى. ئۇلار كېچىچە كۆزەتچىلىك قىلدى. بۈگۈن ۋەزىيەت پەسەيگەندىن كېيىن، ئۆز گازارمىسىغا قايتقانىدى.

ئەسكەرلەر ئىككى سەپ بولۇپ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا مىلتىقلىرىنىڭ ئۇچىنى يەرگە قارىتىپ كېلەتتى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا، ئالدى - كەينى قويۇق مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن ھىمايە قىلىنغان بىر مەپە كېلەتتى. مەپىدە جاڭ تۇڭلىڭ② ئولتۇرغانىدى.

---

① نەنيىڭفاڭ — ھازىرقى داشۆ قىزىل بىناسىنىڭ قارشىسىدىكى گازارما. بۇ جاي بىر مەزگىل سىنەن مەكتىپى قىلىنغانىدى.

② جاڭ تۇڭلىڭ — باتالىيون كوماندىرى، يىڭجاڭ.

كوچىنىڭ ئىككى چېتىدە، تاماشا كۆرگۈچى شەھەر ئاھالى-
سى بارغانچە كۆپىيىشكە باشلىدى. روزىھاجىنىڭ مەسچىتى ئال-
دىدا، ئاق مەسچىت، تاتار مەسچىتى قاتارلىق جايلاردا ئاھالە
تېخىمۇ كۆپ توپلاشقانىدى. جاڭ تۇگلىك مۇنداق جايلارغا كەل-
گەندە توختاپ، خەلققە سۆز قىلاتتى ۋە مەپىنىڭ ئالدىغا چىقىپ
ئۆرە تۇرۇپ:
— ياڭ جياڭجۈن سۈيىقەستكە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتتى.
سۈيىقەستچى فەن ياۋنەن، جاڭ چۇگشىلارغا نەق مەيداندا ئۆلۈم
جازاسى بېرىلدى. جىن شۇجاڭ ھازىر ياڭ جاڭجۈننىڭ ئورنىدا
تامغىنى قولىغا ئالدى. يۇرت تىنچلاندى. پۇقرالار خاتىرجەم
بولسۇن. ھەركىم ئۆز ئوقىتىنى قىلسۇن! پىتنە- ئىغۋالارغا قۇلاق
سالمىسۇن. ئەگەر كىمكى پىتنە- ئىغۋا تۇغدۇرۇپ، جېدەل- ماجى-
را چىقىرىدىغان بولسا، قاتتىق جازالىنىدۇ!... — دەپ جار سالدى.
جاڭ تۇگلىك خەنزۇ تىلىدا سۆزلىگەنىدى، ئۇنىڭ تىلىنى
بىلمىگەن ئاھالە ئانچە- مۇنچە بىلگەنلەردىن سوراپ ئاڭلاشاتتى.
ئۇ ئۈچ- تۆت يەردە توختاپ ئاھالىگە سۆز قىلىپ ئۆ-
تۈپ كەتكەندىن كېيىن، كوچىلار ئىلگىرىكىدىن خاتىرجەم بولۇپ
قالغاندەك بولدى. كوچىدا ئۇششاق تىجارەتچىلەر، باققاللار پەي-
دا بولدى. دۇكانلار ئېچىلىپ سودا- سېتىق باشلاندى.
بىر ۋاقىتتا شەھەر ئىچىدىن بىر توپ كىشى چىقىپ كەلدى.
بۇ كىشىلەر ئېلان چاپلاشقا چىققانلار ئىدى. چېلەكتە شىلىم كۆ-
تۈرۈۋالغانلار ئالدىدا مېڭىپ تاملارغا، ئىشىك قاناتلىرىغا شىلىم
سۈرەتتى. كېيىنكىلىرى ئېلان چاپلايتتى، ئۇلار ئالدى بىلەن شە-
ھەر دەرۋازىسىنىڭ ئىككى قانىتىغا ئىككى پارچە ئېلان چاپلى-
غاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ تەرەپلەرگە چاپلاشقا باشلىدى.
ئېلاندا: ياڭ جياڭجۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. سۈيىقەست
قىلغۇچى فەن ياۋنەن، جاڭ چۇگشىلار قولىغا چۈشۈپ نەق مەي-
داندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. جىن شۇجاڭ (جىن شۇرېن) ئالاھىدە

خىزمەت كۆرسەتتى. ئىختىلاپچىلارنى باستۇرۇپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى تەرتىپكە سالدى. تامغىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئۆلكە رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى ئاممىلار، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر، پۇقرالار خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىلگىرى قانداق ئىش قىلغان بولساڭلار بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق ئىش قىلىڭلار! پىتنە - ئىغۋا سۆزلەرگە قۇلاق سالماڭلار! ۋەھاكازا ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر توپ خەلققە ئېلاننى ئىككى قېتىم ئوقۇپ ئاڭلاتقاندىن كېيىن ئارقىغا چېكىندى.

— جىن جۇشى چاققانلىق قىپتۇ - دە! — دېدى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئىستىھزا ئارىلاش كۇلۇمسىرەپ.

— بازار چاققاننىڭ! — دېدى بىرى سۆزگە قوشۇلۇپ.

— بۇمۇ ئۆتىدۇ، كىمدىن قالمىغان يامۇل بۇ! — دېدى يەنە بىرى.

كۆپچىلىكتىن چىققان ھەر بىر سۆز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاتتىق تەسىر قىلىۋاتاتتى. بۇ بىر ئادەتتىكىچە چاقچاق سۆز بولماستىن، خەلق ئىنكاسىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە دىلغا ئورناۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا ئۇ تەرەپتىن بىر ياش بالا چىقىپ كەلدى. توپنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئۇنى تونۇيدىغانلاردىن بىرى:

— نۇراخۇن، ئالدىراپ قاپسەنغۇ، كەچ قالغان بازارچىدەك نەگە ماڭدىڭ! — دەپ چېقىلدى.

— شېھىتلىككە، — دېدى ئۇ ئالدىراپ.

كونا شېھىتلىك ھازىرقى خاڭچىڭ كوچىسى بىلەن كىتابخانا ئارىلىقىدىكى دۆڭلۈكتە ئىدى.

— جياڭجۇنگە شام گۆر كولاي دەمسەن، بىز ئۇ يەرگە قويدۇرمايمىز، — دېدى ھېلىقى ياش چاقچاق قىلىپ.

— ئۇ كىشى بارىدىغان يېرىگە بېرىپ بولدى! — دېدى ئۇ چاقچاقنىڭ ئورنىغا قاراپ، ئاندىن راست سۆزنى ئېيتتى، —

مەن باشقا ئىشقا كېتىۋاتىمەن!

— قانداق ئىشقا؟

— دادام رەھمەتلىك ئۆلۈش ئالدىدا بىر ۋەسىيەت قىلغانتى، شۇ ئىشقا كېتىۋاتىمەن.

— قانداق ۋەسىيەت؟ بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى! — كىمدۇر بىرى قىزىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— دادام ئۆلگۈچە، — دېدى نۇراخۇن، ئېيتايمۇ - ئېيتمايمۇ دېگەندەك بېشىنى تاتىلاپ، — دادام جان ئۈزگۈچە ۋەسىيەت قىلىپ: «بالام مەن بۇ مەككار قېرى جاڭجۇننىڭ ئۆلگىنىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ئېسىڭدە بولسۇنكى، قېرى جاڭجۇن قاچان ئۆلسە، شۇ كۈنىسىلا قەبرە بېشىمغا بېرىپ: ‹قېرى جاڭجۇن ئۆلدى› دەپ ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ قويغىن! مەن خاتىرجەم بولاي» دېگەنتى. شۇ ئىشقا كېتىپ بارىمەن! — دېدى - دە، ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

نۇراخۇننىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. كۆپچىلىك يەنە غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غۇلغۇلىغا تېخىمۇ زەن قويۇپ قۇلاق سالاتتى.

— يائاللا، بۇ قېرى جاڭجۇن پۈتۈن ئىقلىمنى ئۆزىگە ئۆچ قىلىپ كەتكەنىكەن! — دېدى بىرى پېشانىسىگە ئۇرۇپ.

— ھوشۇراخۇن ئاكامنىڭ ئۆچمەنلىكى باشقا يەردە، — دېدى بىرى چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ، — ھوشۇراخۇن ئۆزىمۇ نوچى ئادەم ئىدى، نەۋباھار ۋاقتىدا سېيىت نوچى بىلەن بىللە يۈرۈپتىكەن. ئىلىخودا ياڭمازا (ياڭ زەڭشىن) نىڭ ئىنقىلابىغا قوشۇلۇپ، سېيىت نوچى بىلەن بىرلىكتە ئىلىخونىڭ دەرۋازىسىنى پەشۋادا ئاچقانىكەن!

— ھە ... سېيىت نوچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئاچچىقى كەلگەنىكەن - دە! — دېدى بىرى مەسىلىنىڭ تەكتىگە چۈشەنگەندەك بولۇپ.

— ھەئە، يالغۇز سىيىت نوچىغىلا ئەمەس، ئىلىدا ئىنقىلاب ① قىلغان نى - نى ياخشى ئادەملەرنى ياڭ جياڭجۈن دېگەن ھېيلىگەر تۇزاققا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ھوشۇراخۇن بەك خاپا بولۇپ يۈرەتتى. راسا ئاچچىقى كەلگەندە: خەپ توختا، سەن خۇمپەرنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمەيدىغان بولسام ... دەپ ئاپئاق ساقىلىنى سىلاپ تىترەپ كېتەتتى. رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى - دە!...

— يەنە بىر يىل ئۆلمەي تۇرغان بولسا، كۆرەركەندۇق!

— قاچان ئۆلۈپ كەتتى؟

— بۇلتۇر مۇشۇ كۈنلەردە.

— بۇ ئادەمنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىگە قاراڭلار! نېمىدېگەن مەنالىق!...

شائىرغا، ھوشۇراخۇننىڭ ۋەسىيەتنامىسى قاتتىق تەسىر قىلغانىدى: «دۇنيادا خەلققە جەبرى - زۇلۇم قىلغاندىن ئارتۇق لەنەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك»، — دېدى شائىر ئۆز - ئۆزىگە. ھوشۇراخۇننىڭ ۋەسىيىتى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل مابەينىدە زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆلگەن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭدىن ياڭ زېڭشىننىڭ نەقەدەر زالىم، نەقەدەر ھېيلىگەر ۋە ياۋۇز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ چىش - تىرنىقىغىچە قارشى تۇرغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھوشۇراخۇننىڭ ۋەسىيىتى يالغۇز ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئەمەس، ھازىرغىچە ئازاب چېكىۋاتقانلارغىمۇ ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئورتاق ۋەسىيەت ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈرۈمچىدە يەنە بىرقانچە كۈنلا تۇردى. سىياسىي ۋەزىيەتتە بىرەر يېڭىلىق بولارمىكىن، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى مۇستەبىتلىك، جاھالەت، نادانلىقنىڭ ئورنىغا

---

① شىنخەي ئىنقىلابى.

جۇمھۇرىيەت، خەلقچىلىق توغرىسىدا بىرەر گەپ - سۆز چىقارمىكىن دەپ قۇلاق سالدى، ئەمما كېتىۋاتقان ئىش ئىزلىرىغا قارىغاندا، جىن شۇرېن ھەممە ئىشنى يەنە شۇ كونا ئىزغا سېلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كوچىدا ھەر خىل يېڭى - يېڭى سۆزلەر پەيدا بولاتتى. پالانى ئەمەلدار جىن شۇرېننىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپتۇدەك ... پىرىستانچى ئەمەلدار نۇرغۇن ئالتۇن سوۋغا قىپتۇدەك! ... ۋەھاكازا.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ياڭخاڭ بايلىرى كۈندە دېگۇدەك پوچتا ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. كەچ تەرەپتە قايتىپ چىقاتتى. ئۇلار شەھەر ئىچىگە كىرىپ بىر تەرەپتىن ياڭ زېڭشىننىڭ بىر ئاي داۋام قىلغان تەزىيە مۇراسىمىغا داخىل بولسا، ئەڭ مۇھىمى جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانلىقىنى تەبرىكلىشەتتى. بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى بۇ بايلارنى مەسخىرە قىلاتتى ۋە خۇشامەتچىلەر دەپ تىللىشاتتى.

## 2

شائىر تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن كۈنى ئۇنىڭ دوستلىرى قىزغىن قارشى ئالغانىدى:

— شائىرنىڭ ئايىغى ياراشتى!

— بۇنداق بولىدىغىنىنى بىلسەك، شائىرنى نەچچە يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتسەك بوپتىكەن!

— قېرى جياڭجۈننى لەھەتكە يولغا سېلىۋېتىپ كەپتۇ!

دوستلار تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەپ گويا ياڭ زېڭشىننى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر جايلىۋېتىپ كەلگەندەك خۇشال بولۇپ تەبرىكلەشكەنىدى.

— نەمەت خەلپىتىمنىڭ بىر گېپى توغرا كەلدى، — دەپ

سۆز ئالدى لىتىپ ئەپەندى. مىسال بىلەن سۆزلىمەكچى بولۇپ، — بىر كىشىنىڭ ئايالى تەرسا ھەم سوقۇشقاق ئىكەندۇق. بىر كۈنى ئۆرۈك پىشىشقىدا بۇ ئايال ئۆرۈك قاقىمەن دەپ دەرەخ بېشىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا تېپىپتۇ. بۇ ئايالنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويۇپ قىرىق نەزىرسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەل - ئاغىنىلىرى لايىق تېپىپ ئۇ كىشىنى ئۆيلەندۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ ئايالنىڭ مىجەزى ئوبدان ئىكەندۇق، ياراپ قاپتۇ. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئاغىنىلىرى يوقلاپ كېلىپ: «قانداقراق، مىجەز ئېلىشىپ قالغۇدەكسەنمۇ؟» دەپ ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ: «مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، ئاۋۋالقى ئايالىمنى نەچچە يىل بۇرۇن ئۆرۈك قاقتۇرغىلى چىقارغان بولاركەنمەن دەپتۇ!» دەپ نەمەت خەلپىتىم كۈلدۈرەتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولساق، شائىرنى نەچچە يىل بۇرۇن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەن بولاتتۇق.

ئەل - ئاغىنىلەر خۇشال - خۇرام كۆرۈشۈپ كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە كۆڭۈللەشكەندىن كېيىن، شائىردىن ئۈرۈمچىدە بولغان ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلەپ سوراشتى. شائىرمۇ ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ، يېڭى ۋەزىيەتنىن بىرەر ئۈمىدلىك ھادىسىلەرنى سەزمىگەندىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى دوستلار بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندىن ئىش باشلىماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، يول ئۈستىدە يازغاچ كەلگەن كىچىككىنە شېئىرىنى كۆپچىلىككە ئوقۇپ ئاڭلاتتى:

## قاملاشمىدى

ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن① دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى.

---

① جىن — جىن شۇرېن.

ياڭ ئۆلۈپ تاپتى لەھەت، كەلمەمدىكەن جۇمھۇرىيەت،
بەرمىگەن جۇمھۇرىيەت، بۇ ئىشلىرى قاملاشمىدى.

ئاتى جىنىنىڭ ئۆزى جىن، جىنىنىڭ كۈنى بولغاي قىيىن،
ئېتىبارى بىر تىيىن، قىلغان ئىشى قاملاشمىدى.

ئابدۇخالىق نەرە تارت، ئەنە قالقان، ئەنە ئات،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات، جىنىنىڭ ئىشى قاملاشمىدى!

# ئون ئىككىنچى باب

## 1

ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆز مېھمانخانىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. تاشقىرىدىن ئىككى مېھمان سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى.

مېھمانلاردىن بىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، يەنە بىرى لىتىپ ئەپەندى ئىدى. ئاخۇنۇم مېھمانلارنى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالدى ۋە بىساتقا تەكلىپ قىلدى:

— يۇقىرى، يۇقىرىراق، — دېدى ئاخۇنۇم تەكرار تەكىتلەپ، — تارتىنماي يۇقىرىراق ئولتۇرىڭىزلار!

مېھمانخانىغا رەڭگى ئۆڭگەن ئىككى پارچە چوڭ گىلەم تاشلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تام ياقىلىتىپ ئۇزۇنچاق بەقەسەم كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. مېھمانلار يۇقىرىلاپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پاتىھە قىلىپ، ئاخۇنۇمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىشتى.

ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم شۇ يىللاردا تۇرپان تەۋەسىدە ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ ئىناۋەتلىك مۆتىۋەر ئىدى. بۇ ھۆرمەتلىك كىشىنىڭ مېھمانلارنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا ئوچۇق - يورۇق جاۋاب بەرگەنلىكى چوڭ ئىلتىپات ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ مىز-

داق خۇش مۇئامىلىلىرىگە قاراپ كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى بايقىغان مېھمانلار مەمنۇن هالدا ئۆز مۇددىئالىرىدىن يۈرەكلىك سۆز ئاچقانىدى:

— يۇرتنىڭ زۆرۈر تەلەپلىرى ۋەجھىدىن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىپ كېلىپ قالدۇق! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز باشلاپ.

— ياخشى گەپ، — دېدى ئاخۇنۇم ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن.

— يۇرت ئىچىدە ئۇزۇندىن بېرى مەرىپەت توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر بولۇپ كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭمۇ خەۋەرلىرى بار. بىز يېقىندىن بۇ تەلەپ يەنە ئۇلغىيىپ مەكتەپ ئاچساق دەيدىغان كۈچلۈك تىلەككە ئايلاندى، — دېدى شائىر ئۆز مەقسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، — نەچچە يىللاردىن بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچالمايتتۇق، هازىر خەلق ئانچە ئېھتىيات قىلمايلا تەلەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ ئىشنى ئاخۇنۇمنىڭ سەمىگە سالغاچ يولىيورۇق سوراپ كېلىشىمىز.

— ياخشى گەپقۇ! — دېدى ئاخۇنۇم مىيىقىدا كۈلۈپ، — مەكتەپ ئېچىش، مەرىپەت نۇرىنى چېچىش جىق ياخشى ئىش! دۇنيادا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ياخشى ئىش بولمىسا كېرەك!

— شۇنداق، دۇنيادا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ياخشى ئىش يوق! — دېدى لېتىپ ئەپەندى ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ.

— ئەپسۇسكى، بۇ ئىشلىرىمىز تولىمۇ كۆپ توسقۇنلۇقلارغا ئۇچرىغان، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز نۆۋىتىنى ئېلىپ، — ياڭ زېڭشىن بۇ ئىشلىرىمىزغا چىش - تىرنىقى بىلەن توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋىدى، مەقسىتىگە يېتەلمەي ئاخىر ئۆزى هالاك بولدى. ئەمدى ئىش جىن شۇرېنغا قالدى، بۇ قانداق قىلار؟



AltunOq

— ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قۇيرۇق! — دېدى ئاخۇنۇم سۆز قىستۇرۇپ.

— شۇنداق، بۇ ھەم ئوخشاش خۇي قىلىدۇ. لېكىن خۇي قىلىدۇ دەپ دۈمبىسىگە يۈك ئارتماي ئۆتسەك، بىز يۈرەكسىزلىك قىلغان بولىمىزمۇ — قانداق؟ بۇ توغرىدا ئۆزلىرىدىن مەسلىھەت سورىغاچ يولىيورۇق ئالغىلى كەلدۇق! — دېدى شائىر ئاخۇنۇمغا قاراپ.

— ھەرقايسىڭىزلار بۆسۈپ ئىش كۆرمىمىز دېمەكچىمۇ؟ — دېدى ئاخۇنۇم ئۇلارغا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ.

— ئەگەر ئاخۇنۇم مەدەت بېرىپ قوللايدىغان بولسا بۆسۈپ كۆرمەكچىمىز!

ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆلىما ئىدى. ئىلىمدە چوڭقۇر، بىلىم دائىرىسى كەڭ، تالىپلارغا قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، ئوقۇشتا ياد ئېلىش ئەمەس، بەلكى چۈشىنىپ ئوقۇشنى، شۇنىڭدەك بىرەر قابىلىيەت، ھۈنەر ئىگىسى بولۇشنى قۇۋۋەتلەيتتى. ھۈنەر بىلمەستىن خاس دىنىي ئوقۇش بىلەن قالساڭلار تەمەخور بولۇپ قالىسىلەر، دەپ تالىپلارغا تەربىيە بېرەتتى. ئۆزى دۇئاگويلۇق قىلمايتتى، سادىغا - ئېھسانغا قىزىقمايتتى. مۇدەررىسلىك كىرىمىدىن تاشقىرى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ قوشۇمچە كىرىم قىلاتتى. بۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۇرپان تەۋەسىدە مۇتلەق ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. بۇ ئالىم يەنە پەننىي ئوقۇش جەھەتتىمۇ مۇئەييەن ئىجابىي كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. شۇڭا مېھمانلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە خوپ كېلىدىغان پىكىرلەر بىلەن خۇش قىلماقتا ئىدى.

— قەشقەر تەرەپتە «چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق» دەيدىغان تەمسىلنى كۆپ قوللىنىدۇ، — دېدى ئاخۇنۇم مەنالىق سۆز باشلاپ، — بىزدە تولا ئىشلار ئۆزىمىزنىڭ شۇملۇقىدىن بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمايدىغان بولسا،

مەرىپەت ئىشلىرىمىز خېلى راۋاج تاپقان بولار ئىدى. بىزدە مەرىپەت ئىشلىرى مۇندىن خېلى يىللار بۇرۇن باشلانغان. مەخسۇتبايىنىڭ مىڭگونىڭ 2 - يىلى ئاستانىدە ئاچقان مەخسۇدىيە مەكتىپى، كېيىنكى يىللاردا چۆچەك، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپانلاردا غۇلجا، قەشقەر، كۇچا، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپلەر گۈلدەك ياشناپ كەتكەنىدى ئەپسۇسكى ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان قاغا - قۇزغۇنلار بۇ گۈللەرنى نابۇت قىلدى. 20 - يىللاردا قەشقەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ باشلىغان مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرىمۇ كىچىك ئىشلاردىن ئەمەس ئىدى. مەرھۇم داموللام مەدرىسلەردە كونىدىن ئادەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىغا ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى 10 - 15 يىلدا تەھسىل قىلىنىۋاتقان ئىلىمنى تۆت - بەش يىلدا ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشتەك ئىجابىي تەشەببۇسلارنى قىلغان، چەت ئەل دىن ئوغرىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ سادىغا — ئېھسان، ئۆشرە - زاكات ئالىدىغان تىجارەتكە ئايلىنىپ قېلىشتەك ئادەتلىرىنى سۆكۈپ، توغرا يوللارنى تەرغىپ قىلغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئىچكى دۈشمەنلەر مەرھۇمنى شېھىت قىلدى. ئالىمنىڭ ئۆلگىنى ئالەمنىڭ ئۆلگىنى. بۇ بىزدە چوڭ پاجىئە، چوڭ يوقىتىش بولدى. بۇ جەھەتلىرى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك!

— چۈشىنىشلىك، چۈشىنىشلىك، — دېدى مېھمانلار قايغۇلۇق بىر تۇستە باشلىرىنى ئىغاڭلىتىپ.

— بىزنىڭ تارىخىمىز ئەنە شۇنداق پاجىئەلەردىن مۇجەسسەم بولغان. يۇرتقا، مىللەتكە بىرەر پايدىلىق ئىش قىلماقچى بولسا، ئۇنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئاز، ھەسەت قىلغۇچىلار كۆپ. بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئەنە شۇ ھەسەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدە. ئۇلار كۈچىنىڭ بارىچە پىتنە قوزغاپ، ئاخىر ھۆكۈمەتكە ئەرز - شىكايەت كۆتۈرۈپ بارىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنىڭ، بىزنى مۇجادىلە ئىختىلاپ غوۋغاسىغا سېلىپ ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى قوللانغان ھۆكۈمەتنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن، ئېتىبارغا ئېلىنمىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرتقا، خەلققە مەنپەئەتلىك ياخشى ئىشلىرىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، گۈللىرىمىز توزۇيدۇ. بۇنىڭ نۇرغۇن - نۇرغۇن دەلىل-ئىسپاتلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. تارىخىمىزدا كۆرۈلگەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرگە باغرىمىز ئېزىلىدۇ، ئىچىمىز سىيرىلىدۇ. مەنمۇ بۇنداق پاجىئەلىك ئىشلارنى كۆرۈپ كەلگۈچى، ئېچىنىپ كەلگۈچى شاھىتلارنىڭ بىرى. ئۇمۇمىي ئېتىبار بىلەن قارىغاندا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز قېلىن جاڭگاللىق. بۇ جاڭگال ئىچىدىن يول تېپىش ئاقىللىق، تەۋرەپ قېلىش، يول تاپالماسلىق ئەقىلسىزلىق بولار؟ بۇنىڭغا سىزلەر قانداق قارايسىزلەركى؟!...

— ناھايىتى توغرا ھۆكۈم بولدى. بەرگەن چۈشەنچىلىرىڭگە رەھمەت! — دېدى مېھمانلار تەڭلا ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— قوزغالمىڭىزلار، ئولتۇرۇڭىزلار، — دېدى ئاخۇنۇم مەمنۇن بولغان ھالدا، — سىزلەرنىڭ ھازىر تۇرتۇمچەلەپ ئىش كۆرىمىز دېگىنىڭىزلارنى ئىلمىيراق قىلىپ ئېيتساق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، ئەسلى مەقسەت شۇنداققۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق.

— تەشەببۇسكارلىق دېگىنىمىز ئىچىدىن قايناش دېگەن مەنادا. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلىش دېگىنىمىز ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىش دېگەندىن ئىبارەت. ئەۋلاد دېگەن ئالدىنقىلارنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، راۋاج تاپتۇرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. تارىخنى بۇزۇپ ئالدىنقىلارنىڭ يولىنى روناق تاپتۇرمىغان ئەۋلادنى قانداقمۇ ئەۋلاد دېگىلى بولسۇن!؟ سىزلەر تارىخنى ئالغا سۈرمەكچى، را-

ۋاج تاپتۇرماقچى بولۇۋاتىسىزلەر، سىزلەرگە شۇنداق باھا بەرسەم مۇبالىغە بولماس!

مېھمانلار بۇ يۇقىرى باھانى ئاڭلاپ، ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ بىر-بىرىگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشتى. ئاخۇنۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— تارىخنى بىلىش — تەجرىبە- ساۋاق ئېلىش بىلەن باراۋەر. يېقىنقى مەرسىيەت تارىخىمىزدىن ئېيتقاندا، شارائىت بىلەن ھېسابلىشىش تولىمۇ مۇھىم ئىش. بىزدە خۇراپاتلىقلار كەڭ يىلتىز تارتقان، ھۆكۈمەت سىياسىتى خەلقنى نادان قالدۇرۇپ جاھالەتتە تۇتۇش ئۈچۈن خۇراپاتلىقلارغا كەڭ يول بېرىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. بۇ ئىككىسى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا توسقۇنلۇق كەلتۈرگۈچى شارائىت. بىز بۇ تەرەپلىرىگە ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك. شارائىتقا بويسۇنغان ئاساستا، قەدەممۇ قەدەم شارائىتنى ئۆزگەرتىش، پايدىسىز شارائىتنى پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. سىزلەرنىڭ ئاچماقچى بولغان مەكتىپىڭىزلەردە پەننىي ئوقۇش بىلەن دىنىي ئوقۇش ئوخشاش ئېلىپ بېرىلىشى، قىسقىسى ئىغۋا تۇغدۇرغۇچىلار تەكشۈرۈپ كەلگەندە، دىنىي مەكتەپ ياكى پەننىي مەكتەپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان دەرىجىدە بولۇشى، ئۆرپ - ئادەتكىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگىمۇ تەگمەيدىغان بولۇشى لازىم. مانا بۇنىڭ ئۆزى چاتقاللىق ئىچىدىن يول تېپىپ، ئەقىللىق بىلەن ئىش قىلىش بولىدۇ! ...

مېھمانلار ئاخۇنۇم بىلەن يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، رەھمەتلەر ئېيتىپ خەيرلىشىپ قايتىپ چىقتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدا بىر سىنىپلىق مەكتەپ قۇرۇشقا جىددىي تۇتۇش قىلىندى. ئۆز پەرزەنتلىرىنى يېڭى مەكتەپتە ئوقۇتىمىز دەپ يۈرگەن كىشىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ ئەقىللەشتى. ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالدى.

مەكتەپكە كېتىدىغان خىراجەت مەسىلىسىدە مەخسۇتباي، ھېسامىدىن زۇپەر ۋە باشقا مەرىپەتپەرۋەر زاتلار مەيدىسىگە ئۆراتتى. كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ مەكتەپ ئورنىغا ئويماندەڭنى تەيىنلەشتى. چوڭراق بىر ئۆينى تازىلاپ كاڭلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ تەق قىلدى. تاختايلاردىن بەندىلىك مىخلاپ پارتىلار ياسالدى. قارا تاختا راسلاپ كۆيە بىلەن سىرلاپ چىقتى. گەژ كۆيدۈرۈپ خەت يازىدىغان بور تەييارلاندى. ھەتتا دوسكا ئۆچۈرىدىغان كىگىز پارچىلىرىنمۇ تەق قىلدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش باشلاندى. ئوقۇتقۇچىلىقنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لېتىپ ئەپەندى ئىككىسى ئۈستىگە ئېلىشقانىدى.

مەكتەپ دەرسلىكىگە، ھېساب، جۇغراپىيە، ھۆسن خەت، ئەخلاق، دىن دەرسى، ئەسىرى سائادەت ۋە باشقىلار كىرگۈزۈلدى. شېئىر ئورنىغا مەۋلۇتتا ئوقۇلىدىغان مۇناجات ئوقۇلدى. ياش بالىلارنىڭ يۇمران ۋە چۈچۈك ئاۋازلىرى چاڭقىلداپ تۇرپان ئاسمىنىغا دولقۇن چاچاتتى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنچىقماستىن كېتىپ قالاتتى.

مەكتەپنىڭ شۆھرىتى چەت ناھىيىلەرگىمۇ تارقالغانىدى. گۇچۇڭ، پىچان، ئاسنانە، توقسۇنلاردىن ئوقۇشقا تەشنا بولغانلار كېلىپ ئوقۇدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لېتىپ ئەپەندىلەر بالىلارنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇتۇش، قانداق قىلغاندا ساۋاتىنى تېز چىقىرىش جەھەتلەردە جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى. بالىلارغا دەپتەر تىكىش، قەلەم ئۇچلاشقا قەدەر ياردەم كۆرسىتەتتى. ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى يېزىپ تەييارلايتتى.

بىر كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ ئويماندەڭدىن چىقىشىغا، دەرۋازا ئالدىدا روزى موللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. روزى موللا شائىرنى كۆرۈپلا ئالا - سېرىق بولۇپ گويا خىجالەت چەككەندەك باشقىچە قىلىقلارنى قىلىپ ئوڭاي-



AltunOq

سىزلانغان بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىردا ھېجىيىپ كېلىپ كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن، باش - كۆزىنى كىر باسقان، چىرايى ساماندەك سارغايغان ھەم يادap قۇرۇق ئۇستىخانغا ئايلانغان روزى موللا، ھېجىيىپ كۈلگەندە خۇددى ئەتىيازدا ئايلاپ ئاچ قالغان ئېيىق ھەپشىگەندەك بەتبەشىرە كۆرۈنسىمۇ، شائىر ساۋاقداشلىق مۇھەببىتى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدى:

— ئۇچراشمىغىلى خېلى ئايلار بولۇپ قاپتۇ، بارمۇ سەن دوستۇم، ئەھۋالىڭ قانداق، نېمە بولدۇڭ؟ ئورۇقلاپ كېتىپسەن، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساۋاقدىشىنىڭ ئەھۋالىغا ئاغرىنىپ سەممىي ئەھۋال سورىغاندا، روزى موللا سوئالىنىڭ خاراكتېرى ۋە تەسىرىگە قاراپ كۆزىگە غىل - غىل ياش ئالغان بولسىمۇ، يەنىلا ھېجىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كېيىم - كېچەكلىرىمۇ قاسماق باسقان ھەم ئاۋارە ئىدى.

— ساۋاقداش بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆيلەرگە بارساڭ بولماسمىدى، يۈر، ئۆيگە بارايلى!

روزى موللا تارتىنغاندەك قىلىقلار بىلەن بارمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ:

— كېيىنچە بارارمەن، ھازىر ئەھۋال پېتىر①، — دېدى ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ.

— يۈر، تارتىنما، مېجەزىڭ كەم بولسا بىزنىڭكىدە تۇر!

— ياق، كېيىن ئەپلەشكەندە بارارمەن!

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساۋاقدىشىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ يېنىدىن بىر سەر پۇل چىقىرىپ ئۇزاتتى ۋە:

— ئالغىن، سېنىڭ بۇ قەدەر بولۇپ كەتكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن. كېيىن يەنە ياردەم قىلىمەن، ئۆزۈڭنى ئانچە تاشلىۋەتمە!

---

① پېتىر - ناچار دېگەن مەنىدە.

روزى موللا ھەجايغان پىتى ئالا - سېرىق بولۇپ ئىزا تارت-
قاندەك كۆرۈنسىمۇ، پۇلغا ئاچلارچە ئىنتىلەتتى. بىۇنى بايقىغان
شائىر زورلاشتۇرغان بولۇپ پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى - دە،
خوش ئېيتىپ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. روزى موللا پۇلنى پۈكلەپ
يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كەينىدىن
خۇددى كۆزەتكۈچىلىك قىلىۋاتقان جاسۇسلاردەك ئۇززۇنغىچە قا-
راپ، تاكى شائىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىپ بولغان-
دىلا، ئاندىن باشقا بىر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى...

## 2

مەكتەپ ئۈچ ئايچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئىمتىھان مۇ-
راسىمى ئۆتكۈزۈپ خەلققە دوكلات قىلماقچى، بۇ ئۇسۇل ئارقى-
لىق مەكتەپنى رەسمىيلەشتۈرمەكچى بولۇشتى.

ئىمتىھان ئېلىش ئورنىغا ئەلى ھاجىنىڭ زاۋۇتى دەپ ئا-
تالغان ھاۋالىق جاي تاللانغانىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ بىر تەرىپىدە
بىر ئېرىق سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. سۇنىڭ ئەتراپىغا باراق-
سان دەرەخلەرنىڭ قاپقارا سايىسى چۈشۈپ تۇراتتى. بۈگۈن بۇ
يەر پاكىز تازىلىنىپ، بورا - كىگىزلەر سېلىنغانىدى. مۇراسىم-
غا ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم باشلىق داموللا، خەلپەتلەر، ئىماملار ۋە
باشقا يۇرت چوڭلىرى، ئاتا - ئانىلار تەكلىپ قىلىنغانىدى.

بۈگۈنكى ئىمتىھان، ماھىيەت جەھەتتىن شارائىت ئىمتىھا-
نى ئىدى. باللار شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەۋلۇتتە ئوقۇل-
دىغان مۇناجاتنى توختىماستىن ئوقۇپ تۇردى.

رەسمىي ئىمتىھان ئالدى بىلەن دىن دەرسىدىن باشلاندى.
قىرائەت ۋە ئىمان - ئىسلام ئوقۇدى، ئاندىن «ئاقايىت زۆرۈرىيە»
دىن سوئال - جاۋاب بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھېساب دەرسى-
دىن كەررە يادلىدى ۋە ئەرەبچە ئەبجەت ھېسابىدىن ئىمتىھان

بەردى. قارا دوسكىغا ھۆسن خەت يازدۇرۇلدى، ئەڭ ئاخىردا ئەخلاق دەرسىدىن ئىمتىھان بېرىپ، بىرقانچە شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى... ئىمتىھان شۇ تەقلىدتە خېلى تەسىرلىك ئۆتكۈزۈلدى.

ئىمتىھاندىن كېيىن مېھمانلارغا ئاش (پولۇ) تارتىلدى. تاماق ئۈستىدە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم ئەتراپىدىكىلەرگە ئاڭلىتىپ:

— يامان ئەمەس بوپتۇ، ياخشى ئوقۇپتۇ! — دەپ باشقا موللىلارغا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ، ئۇلاردىن تەستىق ئالامەتلىرىنى ئىزلىدى. ئاخۇنۇم مۇنداق دېگەن يەردە باشقىلارنىڭ قوشۇلماسلىقى ھەددى ئەمەس ئىدى. ئاخۇنۇم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ مەكتەپتە دىن دەرسىمۇ، ھېساب، ھۆسن خەت، ئەخلاق ھەممىسى تەكشى ئوقۇتۇلۇپتۇ. مۇشۇنداق ئوقۇتۇلسا، ياخشى بولغىنى. بۇلارغا بوھتان قىلىپ جەدىت دەپ چەتكە قېقىش توغرا بولمىسا كېرەك!

# ئون ئۈچىنچى باب

ئېشىكتىن كىرگەندىلا گۆپپىدە هاراق ۋە ئاچچىق تاماكا هىدى پۇراپ تۇرىدىغان كىچىك هەم قاراڭغۇ ئۆينىڭ تەڭ يېرىمى كاڭ، تەڭ يېرىمى پەگاھ ئىدى. كاڭغا بىر پارچە بوز كىگىز تاشلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە چاقچانىراق تۆت بۇرجەكلىك كاڭ جوزىسى قويۇلغانىدى.

پەگاھنىڭ جەنۇب تېمىغا يۆلەپ تۆت پۇتلۇق ئاددىي ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەلنىڭ ئۈستىنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، بىر تەرەپكە تاۋاق - قاچا، چوكا سالغۇچ، لازىجاڭ قاچىسى، چىنە - چەينەك قاتارلىق نەرسىلەر تىزىلغان، يەنە بىر تەرىپىگە كۈجە سانجىلغان ئىسىرىقدان، ئىسىرىقداننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن ئىككى شامدان قويۇلغان، ئاندىن چوڭ - كىچىك بىرقانچە قاچىلارغا ئۆستۈرۈلگەن سامساق مايسىسى تىزىپ ئاددىيغىنا ئۈستەل ئۈستى گۈلزارلىقى بەرپا قىلىنغانىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئالدىغا چاقچانغىنا قارا سىرلاقلىق پەتنۇسقا ئوخشاش نەرسىگە سەككىز - ئونچە ئۆي كۆزى رومكىلار ۋە بېلى بوغۇق قەلەي كەمچەنلەر كۆمتۈرۈلگەنىدى.

پەگاھنىڭ شىمال تېمى تەرەپكە بىر دانە ئۇزۇن بەندىڭ قويۇلغانىدى. ئىشىككە ياندىشىپ تۇرىدىغان ئويۇقتا بولسا ئاغزى كېپەك خالتىسى بىلەن يېپىقلىق ئىككى دانە كوزا تۇراتتى.

كوزا ئۈستىدە تۆت سەرلىك ۋە ئىككى سەرلىك ئىككى كەچەنمۇ قۇيرۇقى ئۈزۈن كۈسۈتكىدەك تۇراتتى.

بۇ ئۆي شۇ يىللاردا تۇرپان يېڭىشەھەر رايونىدا يوشۇرۇن ئېچىلغان بىردىنبىر قاۋاقخانا — هاراق دۇكىنى ئىدى. بۇ دۇكان مەلۇم ئارقا كوچىدا مەلۇم ھويلىنىڭ ئىچىدە تىجارەت قىلاتتى.

دۇكان گەرچە يوشۇرۇن تىجارەت ئاچقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى سۇراپ - تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تېپىپ كېلەتتى. دۇكاننىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. كۈندۈز كۈنگە قارىغاندا ئاخشىمى تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى.

دۇكان خوجايىنى جەۋەككىنە، ئەمما پۇختا بەدەنلىك، تېنىك خەنزۇ بولۇپ پەملىسى «داڭ» ئىدى. لېكىن ئۇ، كۆپ سۆزلەيدىغان، سۆزلىگەندىمۇ داڭلداپ سۆزلەيدىغان بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «داڭ - داڭ» دەپ ئاتىشاتتى، داڭ - داڭ دېگىنى ھەم ئىسمى، ھەم لەقىمى ئىدى. داڭ - داڭ، قايسىبىر يىللىرى ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ بىرقانچە يىللار ھەر خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ بىرئاز پۇل توپلىغاندىن كېيىن ئەپلەپ تۈرۈپ هاراق دۇكىنى ئېچىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دۇكىنى يوشۇرۇن ھالدا ئارقا كوچىدا ئېچىلغان بولسىمۇ، خېلىلا بازار تاپقانىدى. ئانچە - مۇنچە هاراق ئىچىدىغان بىكارچىلار، چېرىكلەر، شىاۋتاڭ باللىرى، جىسالار، داڭ - داڭنىڭ ئوبدان خېرىدارلىرى ھېسابلىناتتى. داڭ - داڭ، هاراقنى ئۈزۈلدۈرمەيتتى. گۇچۇڭغا قاتناپ تۇرىدىغان ئېشەكچىلەر هاراق ئەكىلىپ كېچىسى داڭ - داڭغا ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. داڭ - داڭ بولسا بۇ هاراقلارغا مەلۇم پىرسەنت پايدا قوشۇپ ساتقانىنىڭ ئۈستىگە، ئەسلى هاراققا يەنە 20 - 30 پىرسەنت سۇ قوشۇپ كۆپەيتىپ سېتىپ جىق پايدا تاپاتتى.

شۇ تەقلىدتە سودا قىلىپ بىرقانچە يىلدىلا كۆپ پۇل تاپقان داڭ - داڭ بىر يىلى جىيۇچۇەن تەرەپكە بېرىپ چىرايلىق بىر

Altun0q

چوكان ئەپچىقتى. بۇ چوكان ئۆزىنى قورچاقنەك ياساپ، يۈ-
زىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈرۈپ، قېشىغا سۈرمە تارتىپ ئۇنىڭ
قاۋاقخانىسىدا كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدىن كېيىن، خېرىدارلار ئىل-
گىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزەنلى-
رى ئاتايىن تەيىنەي كۆرۈمىز دەپ كېلەتتى. ئۇلار قۇرۇقتىن -
قۇرۇق ئولتۇرۇش بىئەپ بىلىنگەندە، ئىككى - ئۈت سەر ئىچىپ
قوياتتى - دە، ھاراقنىڭ تەسىرىدە خۇمالاشقان كۆزلىرى بى-
لەن داڭ - داڭنىڭ تەيتىيىگە قاراپ ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى.

داڭ - داڭنىڭ تەيتىيى، نېپىز گۈللۈك چىت ياكى تاۋار-
دۇردۇندىن تار ھەم كالتە كىيىملەر كىيىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ
بەدەنلىرى، كۆكسىلىرى لىغىلداپ، بەللىرى نازىغىپ، تولىمۇ قى-
زىقارلىق كۆرۈنەتتى مۇشۇ ۋەجىدىن دۇكاننىڭ خېرىدارلىرى
كۈنساناپ كۆپەيگەنىدى. بەزەن ۋاقىتلاردا كاڭغا سىغمىغان خې-
رىدارلار ئۇزۇن بەندىكىدە ئولتۇرۇپ ئىچەتتى. بەزىدە ئولتۇرغۇ-
دەك ئورۇن بولمىسا ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىپ كېتىدىغانلارمۇ بولاتتى.

بۈگۈن ئاخشام ئادەم ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كاڭدا
ئىككىلا ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار گەپ - سۆزمۇ قىلىشمايتىن
ھاراق ئىچىشىۋاتاتتى. ئۈچىنچى بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ
ئادەم گويا قانداقتۇر بىر نېمىدىن ئەيمەنگەندەك ماراپ - دىسسەپ
ئاستا كىرگەنىدى.

— كەل روزى مەللا! — كاڭدا ئولتۇرغاندىن بىرى گو-
يا ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلغاندەك ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. بۇ
تەكلىپنى ئاڭلىغان روزى موللا يېرىلىپ كەتكۈدەك خۇش بو-
لۇپ بېرىپ كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇردى - ئولتۇرمايلا، ھېلىقى تەك-
لىپ قىلغۇچى ئۇنىڭغا ھاراق تۇتتى. روزى موللا تىترىگەن قول-
لىرى بىلەن رومكىنى ئېلىپ ئاغزىغا ئانچىكىم تەگكۈزۈپ قويۇپ
ئۆز ئىگىسىگە قايتۇردى. يەنە بىر كىشىمۇ ھاراق تۇتتى. ئۇنى-
مۇ ئاغزىغا تەگكۈزۈپ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. بۇنداق

قىلىش ھاراقكەشلەرنىڭ بىر ئادىتى ئىدى. بۇ ئادەت ئورۇنلان-
لانغاندىن كېيىن، روزى موللا ساقال-بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ،
ئالدى بىلەن تەيتەيگە، ئاندىن داڭ-داڭغا قاراپ كۆرسەتكۈچ
قولى بىلەن ئوتتۇرانچى قولىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى. بۇ ئىككى
سەر دېگەننىڭ ئىشارىتى ئىدى. داڭ-داڭمۇ بۇ ئادەمنىڭ ئىك-
كى سەردىن ئارتۇق ئىچەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ قاي-
تا سوراپ تۇرماستىنلا، ئىككى سەرلىك كەمچەننى تۇڭغا چولتوك-
كىدە پاتۇرۇپ بىلى بوغۇق قەلەي قاچىغا قۇيۇپ بىر دانە روم-
كا بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. روزى موللا ئالدى بىلەن ئۆ-
زى بىر رومكا ئىچتى، ئۈزۈنغىچە سەسكىنىپ تىترەپ كەتتى. ئوڭ-
شالغاندىن كېيىن رومكىنى تولدۇرۇپ ئۈلپەتلىرىگە تۇتتى. ئۇ
كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ تۇتقان ھاراقنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا
ئانچە - مۇنچە تەگكۈزۈپ قويۇپ قايتۇرۇپ بەردى.

روزى موللا ئەسلىدە ھۆسن خەت مەشق قىلغان ئۇستا
خەتتات بولغىنى ئۈچۈن موللا دەپ نام ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئا-
تىسى سادىق جىسا يىگانە ئوغلىنى تېخىمۇ ياخشىراق ئوقۇتۇپ
قويۇش ئۈچۈن شىۋۇتاڭغا كىرگۈزۈپ خەنزۇچە ئوقۇتتى. ئەپسۇس-
كى پۈتى ئۆيگە كىرگۈچە، كەشى تۆرگە چىقىپتۇ، دېگەندەك
روزى موللا شىۋۇتاڭغا كىرىش بىلەنلا، كەلگۈسىدە قولغا كېلى-
دىغان تۈگىمىلىق ياكى قانداقتۇر باشقىچە راھەت - پاراغەتلى-
رىنى ئەسلەپ، ئويۇن - تاماشا ۋە كەيىپ - ساپاغا بېرىلگەنى-
دى. ئۇنىڭ ئەپيۇنگە ئۆگىنىپ قالغانلىقى پۈتۈن بەختسىزلىكى-
نىڭ باشلىنىشى بولدى. بەختكە قارشى، ئاتىسى كېسەل سەۋەبى
بىلەن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى بىرەر
يىلدىن كېيىن ھەشتىيەك ① ئېلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە
كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ جىسالىق قىلغان دەۋردە توپلى-

① ھەشتىيەك — ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئەرنىڭ تەئەللۇقاتىنىڭ سەككىزدىن بىرىنى ئالىدۇ، بۇنى ھەشتىيەك دەپ ئاتايدۇ.

غان مال-مۈلۈكلىرى بىلەن قىلىنغان تامامى روزى موللىغا ئۆگچە قالدى. ئەمدى ئۇ كېيىنكى يىللىق ئوقۇشنى تۈگەتكۈچە ئاتىسىدىن قالغان مىراسلارنى بۇزۇپ-چېچىپ خەجلەپ، ئەپيۇن چىراغلىرىدا كۆيدۈرۈپ ھاراق بۇسالىرىدا پۇرقۇپ كۆككە سورۇلغانىدى. مۇنداق چېچىلاڭغۇ تۇرمۇشتا، مەكتەپنىمۇ ياخشى ئوقۇيالمىغانىدى. شۇڭا ئوقۇش تۈگىتىش مۇراسىمىدا بىرىنچى بولۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى چاقىرىلغان يەردە، ئوتتۇزىنچىسى بولۇپ روزى موللا چاقىرىلغانىدى. ھەر ھالدا كېيىنكى رەتتىن سانالغاندا بىرىنچى بولۇپ مەكتەپ تۈگىتىپ چىققان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇنىڭغا بىرەر خىزمەت تېپىلمىدى. روزى موللا بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي بار نەرسىنى سېتىپ يەپ يۈرۈۋەردى. لېكىن ئەپيۇن خۇمارىدىن ئىبارەت ياۋۇز ئىللەت ئۇنى كۈندىن-كۈنگە ھالسىزلاندۇرۇپ، قۇرۇق-قاقشالغا ئايلاندۇرغانىدى. ھەئەللىۋاقاتى تۈگەپ، ئۆي ئىچى يالىڭاچلىنىپ تۆت تامدىن ئىبارەت قۇرۇق ئۆيىلا قالغان روزى موللا ئۇچرىغانلا كىشىلەردىن قەرز سوراپ ھەممە ئادەمنى زېرىكتۈرگەن، ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىمۇ بىزار قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، كۈنىگە بىرەر قېتىم ئەپيۇن شورىماي بولمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەننەرخى قىممەت ئىدى. ئەپيۇنغا قارىغاندا ھاراق بىرئاز ئەرزان توختايتتى. شۇڭا ئۇ بىرەر قېتىملىق ئەپيۇن خۇمارىنى ھاراق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدى. بۇ پەسكويلۇق يولىدا قالغان روزى موللىنىڭ ئەھلى-جامائەت ئىچىدە ھېچقانداق ئىناۋىتى قالمىغانىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئىلگىرىكى موللا ئېتى ئۆزگىرىپ روزى جىڭگۇك بولۇپ قالغانىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى تولىمۇ نازۇك ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىگەن ۋاقىتلاردا، جانسىز مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ: «مەن دېگەن سادىق جىسانىڭ ئوغلى،

شياۋتاڭدا ئوقۇغان، قولۇمدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ، مېنى تونۇپ قويۇش!» دەپ ۋارقىراپ كېتەتتى. ئاچ پىت ئۇدۇل كەلگەن ھەممە نەرسىنى چىشلەپ كۆرگەندەك، ئۇنىڭ ئاچچىقى پۈتۈن جەمئىيەتكە، پۈتۈن ئەمەلدارلارغا، باياشات كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتقانلارغا، ئەل ئىچىدە ھۆرمەت قازىنىپ ئىناۋەتلىك يۈرۈۋاتقانلارغا، ئىشقىلىپ ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئادەمگە كېلەتتى. ھەسەت چوغلىرى بىلەن يېنىپ ئالدى بىلەن ئۆزى ئازاب تارتاتتى.

ئۇ بۈگۈن ئېغىر شارائىتتا قاۋاقخانىغا بېشىنى تىقىپ كىرگەندە «كەل موللا» دېگەن تەكلىپ ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. بۇ تەكلىپ قىلغۇچى داۋۇر ئىسىملىك خۇيزۇ بولۇپ، ئېغىز تاتلاشقا بەك ماھىر ئىدى. ئۇ روزى موللىنى چۈشىنىدىغان بولغاچقا، بىر دەم ئۇنى سۆزگە سېلىپ قايىنىتىپ، قاۋاقخانا ئىچىدىكى جىمجىت كەيپىياتنى قىزىدۇرماقچى بولغانىدى.

روزى موللا رومكىغا هاراق جىقلاپ ئۆزى ئىچمەكچى بولۇۋاتقاندا، داۋۇر سۆز باشلىدى:

— مەن قارىسام تۇرپاندا بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان موللا يوق، — دېدى ئۇ ھەمراھىغا روزى موللىنى كۆرسىتىپ.

داۋۇرنىڭ راستتىن ياكى مەسخىرە قىلىش نۇقتىسىدىن سۆزلەۋاتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، بۇ سۆز روزى موللىغا شۇنداق ياقتىكى، خۇشاللىقىدىن يېرىلىپ كەتكىلى، خۇددى بىرى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاۋاتقاندەك تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتكىلى قىل قالغانىدى. داۋۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— سەن خەتنى مۇشۇنداق (ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ) ياخشى يازىسەن، ئۇلار نېمىشقا سېنى خەتچى ياكى تۆۋچى قىلىۋالمايدۇ؟ — دېدى.

سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە روزى موللىنىڭ چىرايى مىستەك قارىداپ، كالپۇكلىرى مىتىلداپ سۆز قىلالماي قالغانىدى. بۇنى بايقىغان داۋۇر تېخىمۇ ئېچىتىپ:

— ھېچ بولمىغاندا، تۇڭچى قىلىغان بولسا ياكى ئاتاڭنىڭ ئورنىغا جىسا قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! — دېدى.

— كۆزى كور!... ھەممە ئادەم قارىغۇ! — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتكە لەنەت ئوقۇپ.

— سەن بىلەن بىللە ئوقۇغانلاردىن بەزىلىرى تۇڭچى، لوزۇڭ بولدى. ئۇلار ئەمەلگە دەسسەپلا قورساق سېلىپ ئىغاڭلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. يۇرت دېگەن يامان. بىرى بىر چىشلەمدىن بەرسىمۇ، ھەرقانداق ئادەمنى سەمرىتىۋېتىدۇ!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان روزى موللا، ھەسەت ئوتىدىن گويا چايان چېقىۋالغاندەك ئازاب چەكمەكتە ئىدى. ئۇ قانداقمۇ گەپ قىلسۇن، نېمىدۇ دېيەلىسۇن!؟ ئۆزى بولسا ئەڭ قىيىن كۈنلەرگە قېلىپ شۇ ھالەتتە تۇرۇۋاتسا، يەنە قانداقمۇ گەپ قىلالىسۇن! ئەڭ ياخشىسى ئۆز دەردىنى ئۆزى تارتىپ جىم تۇرغىنى، ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ پىشىپ ئۆلگىنى تۈزۈك.

— ئابدۇخالىق شويىغا قارىساڭ تۇڭچىمۇ بولمىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئاتىنىڭ يوغىنىنى مىنىپ، كەمچەت تۇماقلارنى كېيىپ ئۈزۈپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ روزى موللىنىڭ جىنىغا تېگىپ، — ئۇنى يەنە شائىر دەيدۇ. لۇكچۇن ۋاڭ ئىككى دادىن بۇغداي ئەۋەتىپ يوقلاپتۇ دەيدۇ. ئابدۇخالىق ئۆيىدە يوق بولسىمۇ، ۋاڭنىڭ ئادەملىرى بۇغداينى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىپ كېتىپتۇدەك. بۇ ئىشقا مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى، نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

— ۋاڭ-غوجىلارمۇ قارىغۇ، قارىغۇ بولمىسا بىكاردىن-بىكار...، — دېدى روزى موللا ئاچچىق يۇتۇپ. ئۇ گېپىگە قانداقتۇر بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، تىترىگەن قوللىرى بىلەن رومكىنى ئېلىپ بىر يۇلدىلا ئىچىۋېتىپ قاتتىق سەسكەنگەن پېتى جىم بولۇپ قالدى. ئەپيۇندا تولىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەن روزى موللا، شۇ كۈنلەردە ئىككى سەر


AltunOq

هاراقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن سەل - پەل ئوڭلىنىپ، قالدى - قاتتى ھاراقنى ئۆكتۈرۈۋېدى، ئۇي كۆزىدەك رومكا تولمىدى. بەلكى ئۇ، بالدۇرراق چىقىپ كېتەي دېگەن يەرگە كەلگەن بولسا كېرەك. رومكىنى ئېلىپ ئاغزىغا بىرلا ئۆكتۈردى - دە، كاڭدىن يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى چاغلىماي تېز ھەرىكەت قىلىپ قويغاچقا، دەلدەڭشىپ جوزىغا ئىسكىلىپ قالدى. جوزا ئۈستىدىكى قاچا - قۇچىلار جاراقلاپ كېتىۋېدى، داڭ - داڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ چېقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ھاي - ھۇي قىلىپ ۋارقىراشتى:

— نېمە بولدۇڭ، مەست بولۇپ قالدىڭمۇ؟! — دېدى داڭ-داڭ ئاچچىقى بىلەن.

— قورقما! مەن ساق! — دېدى ئۇ ئاچچىق ھومىيىپ.

— سەن ئۇزۇن بولدى، پۇل ئەكەلمەيۋاتىسەن! — دېدى داڭ - داڭ، سۆزنى قەرز ئۈستىگە يۆتكەپ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى قورقۇتماقچى بولغانىدى.

— قورقما! مەندىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆكەمدىلىك بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — داڭزاڭغا① خەتلەپ قويۇۋەر! روزى موللا ئۆلگىنى يوق، ئۇنىڭ پۇلى بار تېخى! نېمە غەم يەيسەن، پۇلۇمنى بېرەلمەيدۇ دەۋاتامسەن!... مېنى چۈشەنمەسەڭ بولىدۇ، سېنى باي قىلغان ئادەم مەن!... مەن جۇمۇ مەن!...

— بولدى، بولدى، خاپا بولما! سەن ئاستا چىقىپ كەت!— داڭ - داڭ ئۇنىڭ قولىغا شاپىلاقلاپ گوللاپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى.

— قوغلىمساڭمۇ ئۆزۈم چىقىپ كېتىمەن، — روزى موللا ئارقىغا بۇرۇلۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنىڭ جېنىم بار تېخى. سېنىڭ پۇلۇڭنى تۆلەيمەن! سەن قورقما! — سېنى باي

① داڭزا — دەپتەر.

قىلغان ئاكاڭ مەن بولىمەن.

روزى موللا مەيدىسىگە بىرنەچچىنى مۇشتلىۋېلىپ دەلدەڭشىگەن هالدا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— روزى موللىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىر كۈنى چۈشىنىپ قالىسەن! روزى موللا شياۋتاڭدا ئوقۇغان جۇمۇ! هەممەڭ چۈشىنىپ قالىسەن!

ئۇنىڭ سۆزى چوڭ كوچىغا چىققاندىلا توختىدى. شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقى بولغاچقا، كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. ئەمدى ئۇ، قايسىبىر ئەپيۇنكەشنىڭ ئۆيىگە بېرىش زۆرۈرلۈكىنى تويلاپ قاياقتىندۇر بىر تەرەپكە يول ئالغانىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

ھېسامىددىن زۇپەر بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككىسى — ئىككى ئاتلىق مۇجاڭ كارىزغا كەلگەندە، زەمزەمدەك سۈزۈك ئېقىۋاتقان سۇ بويىغا بىر توپ بالىلار توپلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئىككى چوڭ ئادەم بولۇپ، بىرى بېشىدا تەمرەتكىسى بار بالىلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋاتاتتى. بېشىغا چاچ قويغان يالاڭباش بىرى چۈشۈرۈپ تازىلانغان بالىلارنىڭ بېشىنى سوپۇنداپ يۇيۇپ تازىلاپ دورا سۈرتەتتى. يىراقتىن قارىغاندا خۇددى بالىلارنىڭ تاز يارىسىنى داۋالاۋاتقان ياۋروپالىق دوختۇردەك كۆرۈنگىنى مەخسۇت مۇھىتى ئىدى.

— ئىشلار بەك ئالدىراشكەن! — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر سالام بېرىشنىڭ ئورنىغا.

— ياھ، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — مەخسۇت مۇھىتى چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ دوستلارنى كۆردى - دە، قولىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— يالقۇنتاغنىڭ ئوتلىرى ئۆزىگە چوغدەك تارتىدۇ.
كەلمەي دېسەك چارە يوق يۈرەككە ئوتلار ياقىدۇ، — دېدى شائىر.

— ئوچىن خاراشو①، — دېدى مەخسۇتباي، ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ، ئاندىن غولچىنى كەرگەن پېتى كېلىپ قۇچاق-

① ناھايىتى ياخشى.

لىشىپ قىزغىن كۆرۈشتى، — زېرىكىپ تۇراتتىم، ياخشى ۋاقتىدا كەلدىڭلار، — ئۇ بۇ سۆزنى ئۈستى - ئۈستىلەپ تەكرارلايتتى.

— مەخسۇت ئاكا، بۇ ئىشلاردىنمۇ خەۋەردار ئىكەنسىز، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر بېشىغا ۋازىلىن سۈرتۈلگەن چېچەك باش باللارغا قاراپ.

— روسىيىدىن بىرئاز دورا ئالغاچ كەلگەن. تەمرەتكىسى بار باللارغا ئىشلىتىپ كۆرسەم ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولۇۋاتىدۇ.

— ھازىر، كەملىك قىلىۋاتقىنى بىر ئاق خالات، ئەگەر ئاق خالات كىيىۋالغان بولسىڭىز ياۋروپا دوختۇرلىرىنىڭ ئۆزىلا بولغۇدەكسىز!

بۇلار بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى بالىنىڭ بېشىغا دورا سۈرتۈپ بولۇپ، ئاندىن ئاستانىگە ماڭدى.

— بېشىڭىزغا قالپاق كىيمەيلا كەلگەنمىدىڭىز؟ — ھېسامىدىن زۇپەر يولغا چىققاندا يالاڭباش كېتىۋاتقان مەخسۇتبايدىن سورىدى.

— ھە ... مەن كېلىشتىمۇ يالاڭباش كەلگەن، كېتىشتىمۇ يالاڭباش كېتىمەن! — دېدى ئۇ گويا بىر قىزىق ئىشنى سۆزلىمەكچى بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ، — مەن بۇ يەرگە ئاتايىن شۇنداق كېلىمەن. نېمىشقا دېسىڭىزلەر، مېنىڭ بۇ كارىزىمنى «مۇجاڭ كارىز» دەپ ئاتىشىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئىسمىنى يۆتكەش. ھېچ بولمىغاندا بۇ كارىزنى «يالاڭباشنىڭ كارىزى» دەپ ئاتىسۇن ئۈچۈن ئاتايىن يالاڭباش كېلىمەن!

لېكىن مەقسەت بۇ يەردە ئەمەس ئىدى:

مۇھىتىلار ئائىلىسىدە ئاكا - ئۇكا تۆتەيلەن بىرلىكتە ھەم زىرائەت، ھەم تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇلاردىن ئىككىنچىسى — مەخسۇت مۇھىتى 1910 - يىللاردىن ئېتىبارەن تىجارەت ئۈستىدە يۈرۈپ، موسكۋا، لېنىنگراد، قازان، شەمەي، تاشكەنت،

ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەرگە بارغان، ئاسىيا، ياۋروپا مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتلىرىنى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسى ئېچىلغان زىيالىي ئىدى. ئۇ موسكۋادا تۇرغان يىللاردا رۇس ئوقۇتقۇچى يالالاپ رۇسچە ئۆگىنىپ، يەنە بىرمۇنچە بىلىملەرگە ئىگە بولغانىدى.

شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ روسىيىدە ئادەتلەنگەن تۇرمۇشى بويىچە ياۋروپاچە كاستۇم كىيىپ گالىستۇك تاقاپ يۈرەتتى. ھەتتا بېشىغا چاچ قويۇپ يالاڭباش مەھەللە كېزەتتى. مۇنداق يېڭىلىقلارغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئۇ زاماندا بولۇپمۇ تۇرپاندا كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. مۇتەئەسسىپ كۈچلەر مەخسۇت مۇھىتىنى «جەدىت»، «ئىمانسىز» دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قارشى چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پىسەنت قىلمايتتى. خۇراپىي بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بېسىم ۋە قارغاشلىرىغا قۇلاق سالماستىن، ئۆزى توغرا دەپ تونۇغان يولدا مېڭىۋېرەتتى. دېمەك بۈگۈن ئۇنىڭ مۇجاڭ كارىزىغا يالاڭباش كېلىپ يەنە شۇ ھالەتتە ئاستانىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ تۈپ مەقسىتى مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل جاسارىتى شۇ زامانلاردا ئالغا ئىنتىلگۈچى زىيالىيلارنىڭ بىر ئۈلگىسى ئىدى. بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئەتىسىگەنلىك قۇياشتەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىدا ھەممىلا جەھەتتىن مەخسۇت مۇھىتىنى ئۈلگە قىلاتتى.

شۇنىڭدەك، مەخسۇت مۇھىتى ھەم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى، تالانتى ۋە بىلىم ئىقتىدارىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن ئۆزىگە بەك يېقىن تۇتاتتى. ياش جەھەتتە كىچىك بولسىمۇ بۇرادەرچىلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ شائىرنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىقتىدارىغا يۇقىرى باھا بېرەتتى. ئومۇمەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە يېقىن دوستلۇق مەۋجۇت ئىدى.

بۇلار ئاستانىگە قاراپ كېتىۋاتماقتا. شامالدەك يېنىك ۋە سىلىق كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئۈستىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى گويا يەلكەندە كېتىۋاتقاندەك كۆڭۈللۈك ھېس قىلاتتى. ئەتراپتىكى دەل - دەرەخلەر، پايانسىز ئۇزۇنغا سوزۇلغان زىرائەتلەر، مېۋىلىك باغلار ئومۇمەن باش كۈز كۈنلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن گۈزەل مەنزىرىسى ھوزۇر بەخش قىلاتتى. باغنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۇزۇنغا بويلاپ كەتكەن گويا ئاپتاپتا كۆيۈپ قىزغۇچ ئايدەك كۆرۈنىدىغان يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە خۇددى رەڭدار چىلتەككە ئوخشاش نەقىشلەنگەن سىركىپ، تۇيۇق، لۈكچۈن، قاراخوجا، ئاستانىلەردىن ئىبارەت بوستانلىقلارنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسى، ئاتلىقلارنى گويا باغۇ بوستانلىقتا كېتىۋاتقاندەك ۋە بۇ بوستانلىقلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيەتلىرىنى ئەسلەپ تەسەۋۋۇر قىلغاندا گويا بۇ قەدىمىي مەدەنىيەت سارىيىدا ئېكىسكۇرسىيە قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتلارغا غەرق قىلاتتى.

يول بويى پارىڭ قىزغىن داۋام قىلغانىدى:

— يالقۇنتاغ، ئىدىقوت، ئاستانە، بېزەكلىك!... — دېدى مەخسۇتھاجى يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، — بۇ جايلار بىر زامانلاردا مەدەنىيەتنىڭ كانى ئىدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىن قارىغاندا، ياۋروپا بۇ جايلاردىن جىق ئارقىدا تۇراتتى. ھازىرچۇ، بۇ جايلار جىق ئارقىدا قالدى. بىز ھازىر جاھالەت - نادانلىقتا، خۇراپاتلىقتا قېتىپ قالغان بولساق، ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرى تەرەققىياتتا جانلىنىپ كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. بۇ جاھالەت، بۇ خۇراپاتلىق بىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىمىزنى خاراب قىلىۋەتتى. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن زور ئاپەت. بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلايلى دېسەك، بۇنىڭغا يول قويۇشمايدۇ. قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياۋاش يولى — مەرىپەت بىلەن ماڭساق، بۇنىڭغىمۇ يول يوق. جاھالەت بىلەن ئىستىبداتلىق

ئۆزئارا مالاشتى، ھەتتا بىر ياقىدىن باش چىقاردى. بىرەر سىنىپلىق ئەڭ ئاددىي مەكتەپ قۇرۇپ ئىش باشلىغان بولساقمۇ، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر تۈرلۈك بوھتانلارنى چاپلاپ، ئەرز - شىكايەتلەر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرى يۇرتىمىزنى جاھالەتتە، خەلقىمىزنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىۋاتقان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ سىياسىتىگە دەل كەلدى، ئاچقان مەكتەپلىرىمىزنى خۇددى گۈلنى توزدۇرغاندەك توزدۇرۇپ ۋەيران قىلىۋەتتى. مېنىڭ بۇ ئىشلارغا خېلى ئاچچىقىم بار. مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە، مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە غەزىپىم خېلى كۈچلۈك. مەن ھازىر بىر مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلدىم. قېنى، سىلەر بىز ئاچقان مەكتەپلەرنى ۋەيران قىلغان بىلەن مېنىڭ ئىرادەمنى ۋەيران قىلالمايسىلەرغۇ دېگەننى قىلىپ، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سورۇنلىرىغا ئاتايىن يالاڭباش بارىمەن. بۇ مېنىڭ ئەمەلىيىتىم بىلەن قارا كۈچلەرگە قارشى جەڭ قىلغانلىقىم... قانداق، قىلغان ئىشىم توغرىمۇ؟

— توغرا، توغرا.

— سىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىڭىزغا بەزەنلەرنىڭ ھەجىيىپ تۇرۇپ جىنى چىقىپ كېتەر! — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بەزى مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قولىدىن كەلسە مېنى چايناپ يۇتقۇۋەتكۈسى كېلىدۇ، — دېدى مەخسۇتباي پىسەنت قىلمىغان قىياپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن ئامال يوق ... چىشى ئۆتمەيۋاتىدۇ.

بۇلار يەنە بىرمۇنچە سۆزلىشىپ، قىزدىچىلىقتا ئاستانىگە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغانىدى. ئۇلار توپتوغرا مەخسۇتباينىڭ كورۇسىگە كىرىپ، دەرۋازىغا ياندىشتۇرۇپ سىيلىغان لاپاس ئاستىدىكى يازلىق ئوقۇرلارغا ئاتلارنى باغلاپ جايلاشتۇر-

غاندىن كېيىن، چوڭ كورەنلىك تۆردىكى تاختايدىن ياسالغان پەلەمپەي ئارقىلىق بالىخانىلىق مېھمانخانىغا چىقىپ كېتىشتى.

مەخسۇتبايىنىڭ چوڭ - چوڭ ئەينەكلىك دېرىزىلەر ئورنىتىلغان مېھمانخانىسى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى يوغان ئۈچ پارچە گىلەم بىلەن تولغان. تۆردىكى يوغان تاش ئەينەك توخنىتىلغان، مېھمانخانىنى چۆرىدەپ ئۇزۇن - ئۇزۇن مەخمەل كۆرپىلەر سېلىنىپ، قوشلاپ پەر ياستۇقلار تاشلانغانىدى. مېھمانلار كەشلىرىنى تاشقىرىدا سېلىپ قويۇپ پاكىز ئۆتۈكلىرى بىلەن ئانچە تەكەللۇپسىزلا يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەركىم خالىغان يېرىدە كەڭ ۋە ئازادە ئولتۇرۇشتى.

مېھمانخانىنىڭ دەرىزە تەكچىسىدە ھەر خىل كىتابلار تىزىلغانىدى. قازان، تاشكەنت باسمىلىرىدا نەشر قىلىنغان تارىخ، باياز، دىۋانلار «شورا»، «ئاڭ»، «بايانۇلھەق»، «قازان مۇخبىرى» «مۇللا نەسرىددىن» قاتارلىق مەجمۇئەلەر ۋە گېزىتلەر شۇنىڭدەك بىرمۇنچە رۇسچە كىتابلار بار ئىدى. گىلەم تارتىلغان تامدا، بىر دانە قوش ئېغىزلىق ئوۋ مىلتىقى ۋە بىر دانە رۇس بەشئاتارمۇ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئومۇمەن بۇ ئۆيدە ھەم قەلەم، ھەم ئەلەم بار ئىدى.

مېھمانلار كېلىش بىلەن تەڭ، قولغا سۇ كەلتۈرۈلۈپ چوڭ داستىخان سېلىندى. داستىخانغا ھەرخىل مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەكلەر قويۇلۇپ نان - توقاچلار سۇندۇرۇلدى ۋە جانان چىنىلەرگە قاپقارا دەملەنگەن سىنچاي قۇيۇلدى. مېھمانلار كەڭتاشا ئازادە ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— توخۇ كۆرگەننى چوقۇيدۇ، موللا كۆرگەننى ئوقۇيدۇ، دېگەنىدەك چاي مۇزلاپ قالدى، — دېدى مەخسۇتباي، كىتاب تىزىلغان تەكچىگە يېقىن ئولتۇرۇپ كىتابلارغا مىختەك قادىلىپ قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا خىتاب قىلىپ.

شائىر كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەخسۇتبايغا خۇش خۇي

قاراپ قويغاندىن كېيىن، پىيالىنى ئېلىپ بىر - ئىككى ئوتلىدى ۋە بىر بۇردا نان چايندى. ھويلىغا ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى. بۇلار ئاستانىلىق ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، پولاتقارى، نىيازقارى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ چوڭ كۆرەگە (مۇھىتىلارنىڭ ھويلىسىنى ئاستانىدە چوڭ كۆرە دەپ ئاتايتتى) ھېسامىدىن بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى. ئۇلار تويتوغرا مېھمانخانىغا كىرىپ ئۆزئارا سەممىي كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سوراشتى.

بۇ كىشىلەر، بىر - بىرىگە يات ئەمەس بەلكى پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان سۆھبەتداشلار ئىدى. بۇ ئۈچ كىشى ھەيدەر ئەپەندى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان زىيالىيلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشكەنىدى.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆز چاناقلىرى چوڭقۇرراق كەلگەن، چاسا ئېڭەك، قامەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بىر تىلىم شاپتۇلدەك قارا بۇرۇتى ھۆسنىگە خوپ ياراشقانىدى. تېزنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۈچ يانچۇقلۇق ئاق پەشمەت كىيگەن، مەيدە يانچۇقىدىن يانچۇق سائەتنىڭ كۈمۈش زەنجىرى پىلدىرلاپ تۇراتتى. ھەيدەر ئەپەندىدە ياخشى ئوقۇغان بۇ كىشى ھەيدەر ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن ئاستانىدە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ، مەرىپەتپەرۋەرلىكتە مەشھۇر بولغانىدى.

پولاتقارى، ئوتتۇرا بوي، مىختا بەدەن، كۆزلىرى چوڭچوڭ كۆرۈنىدىغان يۇمىلاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. بۇ كىشىنىڭ ئازراق ساقىلى بولۇپ، چىرايى سىپىرىقتا مايىل ئىدى. بۇ ھەم ھەيدەر ئەپەندىدە ياخشى ئوقۇغان، كېيىنكى چاغلاردا بىر مەزگىل قىرائەتمۇ ئۆگەنگەنىدى.

نىيازقارى ھەم ھەيدەر ئەپەندىدە ئوقۇغان، كېيىنكى چاغلاردا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئوتتۇرا بويلۇق، قارامتۇل،

ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق كەلگەن توم قارا بۇرۇتلۇق ۋە قاڭشارلىق ئادەم ئىدى.

بۇيانقىلار قىزغىن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇقاۋىسى پۇزۇر ئىشلەنگەن، مۇقاۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈك رامكا ئىچىگە گۈزەل بىر ئايالنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر كىتابنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ كىتابتا يالتىراق ئېسىل ۋاراقلارغا سىزىلغان قىستۇرما رەسىملەر بولۇپ، شائىر شۇ رەسىملەرنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى. بەزەن رەسىملەر ئۈستىگە كەلگەندە قاراپ قادىلىپ قالاتتى. سۈرەتلەرگە گويا جان كىرگۈزۈۋەتكىلى قىل قالغان رەسسامنىڭ ماھارىتىگە تەھسىن ئوقۇيتتى.

لېكىن، ئىچكى جەھەتتە قاتتىق خورسىناتتى. شۇ قەدەر نەپىس، شۇ قەدەر گۈزەل، جانلىق، مەزمۇنلۇق سۈرەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە ئاجىزلىق قىلغان، كۆزى ئوچۇق تۇرۇپ «ئەما» ھالەتتە قالغان شائىر ئۆزىگە قاتتىق خاپا بولاتتى ۋە خورسىناتتى.

بۇ گەرچە شائىرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بولسىمۇ، لېكىن قاپاقتا نېمە بولسا، تېشىغا شۇ تېپىدۇ دېگەندەك، ئۇنىڭ ئىچكى خورسىنىشى بۇيانقىلارغا ئاللىقاچان سېزىلگەنىدى.

— قايسى كىتابكەن؟ — دېدى پولاتقارى شائىرنىڭ قولىغا سوزۇلۇپ قاراپ.

— ئەما كىشىدەك قاراپلا تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى شائىر.

— «ئاننا كارېنىنا»، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى يىراقتىنلا، — روسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى تولستوينىڭ كامالەت تاپقان ئەسەرلىرىدىن بىرى. ۋاقتىم يەتسىلا ئوقۇيمەن.

— بىز ئەما، بۇنىڭغا نېمە ئامال! — دېدى شائىر مەيۈسلىنىپ.

— مەنمۇ باشتا شۇنداق بولغان، — دېدى مەخسۇتباي چۈشەنچە بەرەكچى بولۇپ، — تۇنجى قېتىم موسكۋاغا بارغاندا گويا



AltunOq

تىلسىز ئادەمگە ئوخشاش، قىسقىسى بىر باغ سەرەڭگە سودىسىنى قىلىشقىمۇ ئاجىزلىق قىلدىم. شۇنداق شارائىتتا رۇس تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىر ئادەمگە 70 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ دېگەندەك، باشقا بىر مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھۈنەر ئىكەن، ئۆگەنگەنىنىڭ ھېچقانداق زىيىنى بولمايدىكەن. شۇ چاغدا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆگىنىپ قويۇۋېدىم. تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرىدە ماڭا جىق پايدا قىلدى. بۇ ئارقىلىق رۇسلارنىڭ تۇرمۇشى، تارىخى، مەدەنىيىتى جەھەتلەردە بىر قەدەر چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالىدىم. تولستوي، پۇشكىن ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان بولدۇم. پايدا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!؟ — مەخسۇت دۇھەتى بۇرۇلۇپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ داۋام قىلدى، — بىزنىڭ شائىرىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەگەر خەنزۇچىنى ئۆگەنمىگەن بولسا، جۇڭگونىڭ 24 تارىخىنى كۆرەلمىگەن بولاتتى. ھەرھالدا بىلگەنىنىڭ پايدىسى تولا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تولا!

— مۇھەببۇل ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇستەي چۆچەككە كېتىپ قالمىغان بولسا، بىزمۇ رۇسچە ئوقۇغان بولساق ياخشى بولاركەن! — دېدى نىيازقارى ئارمان بىلەن ئىچىنى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر نەپەس ئالغانلىقى خۇددى يىلان كۆشىگەندەك ھەممىگە ئاڭلانغانىدى.

— مەخسۇت ئاكامدىن ئوقۇساقمۇ بولىدۇ! — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

— ياخشى گەپ، مەن ئوقۇتاي، رۇسچە ئۆگىنىشكە بىسمىللا كەتمەيدۇ! — دېدى مەخسۇتباي چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.

شائىر خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. تاماق ئۈستىدىمۇ، سۆز-سۆھبەتلەردىمۇ ئۇنىڭ بىر نېمىنى ئويلىنىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇنىڭ خىيالى تاماقتىن كېيىن ئاشكارىلاندى:

— بۇ يىل كارۋان قاچان ماڭىدۇ؟ — دېدى شائىر بىر-

دىنلا خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ سېئاللىدىن مەقسىتى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى.
— كارۋان بىلەن بىللە روسىيىنى ئايلىنىپ كېلەي دېمەك-چىمۇسىز؟ — مەخسۇتباي ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى.
— شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.
— بۇنىڭغا ئانچە كۆپ كەتمەيدۇ، كارۋان بېشى قىلىپ قويساق، بىللە بېرىپ شەمەينى ۋە باشقا شەھەرلەرنى ئايلىنىپ كېلىسىز!...
شائىرنىڭ چىرايى ئېچىلدى، گويا ئۇنىڭ رۇس تىلى ئۆگىنىش-كە بولغان قىزغىنلىقى بىردىنلا ھەل بولغاندەك، كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنىغان ھالدا:
— بۇ يىل چوقۇم بېرىپ كېلەي! — دېدى.
دەل شۇ چاغدا كۆرەگە بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۆي-دىكىلەر دېرىزە ئەينىكىدىن قاراپلا ئۇنىڭ كىملىكىنى بايقاشتى.
— بۇ كېپىش بەگ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ يۈ-رىدىغاندۇ؟ — دېدى مەخسۇتباي خۇش ياقمىغانلىق بىلەن.
ئادەتتە تۈرپانلىقلار ۋاڭنىڭ كاھىرىنى سىپايىسىراق ئاتى-غاندا «كېپىش بەگ» دەپ ئاتايتتى. بۇگۈن بۇ ئۆيدە جەم بول-غانلار بىر قەدەر سىپايى كىشىلەر بولغىنى ئۈچۈن سىلىقراق گەپ بىلەن كېپىش بەگ دېيىشكەنىدى.
ئاڭغىچە كېپىش بەگ ھويلا خىزمەتچىسىنىڭ باشلامچىلى-قىدا سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتىگىرى- كېيىن بولسىمۇ، ئورۇنلى-رىدىن تۇرۇپ قائىدە بويىچە قول سېپىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن تۆرگە تەكلىپ قىلدى. ئوردا بېگى ئانچە تۈزۈت قىلمايلا تۆر-گە چىقىپ ئولتۇرۇپ پاتىھە قىلدى ۋە ھەممەيلەن بىلەن ئامان-لىق سوراشتى.

— بىلمەستىن شەھەرگە بېرىپتىمەن، ئۇ يەردىن ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلدىم، — ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشىنى تونۇشتۇرۇپ، — غوجام زادىلا ئولتۇرغۇزمىدى، بۇ گەپنى دېگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان...

ئوردا بەگلىرى سۆزنى ئاشۇنداق ئۇقۇمسىز قىلاتتى، ئۇلارنىڭ سۆزىدىن، مەقسىتىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن سەۋرچانلىق بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر ئالدىراپ سوئال - سوراق قىلىدىغان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ گاچىلىشىپ مەقسىتىنى ئاسانلىقچە چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا مېھمانلار سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇشتى. بەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— گاڭ غوجامنىڭ كۆڭلىگە بىرەر ئىش كىرىۋالىدىغان بولسا، شۇ ئىشنى قىلدۇرمىغىچە تىنىدۇرمايدۇ. ساڭدىن ئىككى دادەن بوغداي قاچىلاپ تۇرپانغا ئاپىرىپ ئابدۇخالىق شاھىر (شائىر سۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ ئېيتىلىشى) بىلەن كۆرۈشۈپ كەل، بۇغداينى شاھىرنىڭ ئۆيىگە تۆكۈۋېتىپ كەل، شاھىر ماڭا، كۈچا ۋاڭلىرىنى چۆكتۈرۈپ، مېنى ماختاپ شېئىر يېزىپ بەرسۇن، مەن يەنە شاڭ① قىلىمەن دەپ ئەۋەتتى. شۇڭا مەن شاھىرنى ئىزدەپ تۇرپانغا بارغىنىم. ئۇ يەردىن سورۇشتە قىلىپ ئاستانىگە كەتتى دېگەننى ئاڭلاپ ئاندىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. بولمىسا بۇ يەرگە كېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ يوق ئىدى، — دېدى.

شائىر ھۇپپىدە قىزىرىپ مىيىقىدا كۈلدى ۋە:

— بۇغداينى قويماي تۇردىغان ئىش ئىدى، — دېدى.

— نېمىشقا؟

تېپىك لۈكچۈن ئادىمى بولغان بەگ شائىرنىڭ سۆزىگە ئۆزىچە ھەيران بولۇپ «نېمىشقا» دېگەندە، «قا» قوشۇمچىسى بىلەن تەڭ ئاغزى كېلەنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ-

① شاڭ (خەنزۇچە سۆز) — ئىنئام.

نىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن ھەم ھەيران قالغانلىقى، ھەم سوئال قويغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ۋاڭ - غوجىلارنى ماختاپ يازىدىغان قەسىدىلەرنى سىيا - قەلەمدە يازغىلى بولماس، ئىپار - زەپەر بىلەن يېزىشنىمۇ لايىق تاپماي تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى شائىر سۆز ئوينىتىپ.

— ياق، ياق، يازمىسىڭىز بولمايدۇ. بىزنى تىنىم تاپتۇرمايدۇ، كېچىسىمۇ ئۇخلاتمايدۇ. غوجاملارنىڭ مەجەزىنى سىزلەر بىلمەيسىزلەر، ئۇلارنىڭ مەجەزى ئوتتەك ئىتتىك!

— مەن ئۇزۇندىن بېرى ۋاڭ - غوجىلارنىڭ يۈرىكىگە يېقىپ، ئاغزىغا تېتىغۇدەك نەزمىلەرنى يازىمەن دەپ يۈرۈۋاتىمەن. بىراق لايىقىدا سىيا تېخى يېتىپ كەلگىنى يوق. يالغان ئېيتقان بولسام سۈرۈشتە قىلىڭ! مۇشۇ يارانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئاڭلىسام شور دەريادا① بىر خىل قىزىل كەھرى تېشى بار دەيدۇ. شۇنى ئالدۇرۇپ كېلىپ يازماقچىمەن. ئۇنىڭدىن باشقىسى غوجاملارغا لايىق ئەمەس. سىز بېرىپ غوجاملارغا داتلاپ قويۇڭ، كەھرى تېشى يېتىپ كەلگەن ھامان غوجامنىڭ يۈرىكىگە ياققۇدەك، ئاغزىغا تېتىغۇدەك نەزمە يېزىپ سوۋغا قىلىمەن! — دېدى شائىر كۈلمەستىن ئولتۇرۇپ.

— ئۇ قاچان يېتىپ كېلۇر؟

— بۇلتۇر كەتكەن ھاجىلاردىن ئېيتىپ بەرگەن، ئۇلارنىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى.

— بىز بىلىمىز، بىز گۇۋاھ، — دېدى نىيازقارى ئىسپات بولۇپ.

— گەپ راست بولسا، مەن كېتىمەن، ئۇزۇن ئولتۇرالمايمەن. — بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشتى. ساھىبخان ئۇنى پەلەمپەيگىچە ئۇزىتىپ قايتىپ كىرگەندە، ئۆيدە كۈلۈشمەك بولۇۋاتاتتى.

① شوردەريا — قىزىل دېڭىزنىڭ خەلق ئاغزىدىكى ئاتىلىشى.

— ئاسانلا يولغا سالدىڭىزغۇ!
— بۇغداينى تۆكۈپ قويغىنى كېلىشمەپتۇ!
— بۇ خەقتىن قۇتۇلماق تەس.
دوستلار تەرەپ - تەرەپتىن سۆزلەپ كۈلۈشەتتى.

— ئۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدى شائىر يۇقىرىقى سۆزلەرگە جاۋابەن، — كەھرى تاش شور دەريادىن ئاسان يېتىپ كەلمەيدۇ. ئۇ كەلگۈچە بىز بۇ يەردە نەيزىگە تەڭلەشكۈدەك قەلەم تەييارلاپ تۇرساق، ۋاقىت-شارائىت پىشىپ يېتىشكەندە، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە تەگكۈدەك نەزمىلەرنى يېزىپ ئۇلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالساق كۇپايە قىلماسمۇ!؟

# ئون بەشىنچى باب

بىرىنچى قېتىم كارۋان بىلەن شەمەي، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى يېرىم يىل ئايلىنىپ كەلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئۇ تەرەپلەردىكى خەلقنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، ھازىرقى مەدەنىيەت سەۋىيىسى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىقلار كۈچلۈك تەسىر قىلغانىدى. شۇ يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ يېڭىدىن باشلىنىۋاتقان تەرەققىيات، گۈللىنىۋاتقان مەدەنىي-مائارىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان مىللىي ئەدەبىي - سەنئەت ۋە باشقا رېئاللىقلار شائىرنى ھەيران قالدۇرغان ۋە ھاياجانلاندۇرغانىدى. شائىر قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تەرەپتە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ئەل-ئاغىنىلىرىگە ھارماستىن سۆزلەپ بېرەتتى. رېئاللىقلارنى چۈشەندۈرگەندە ئۆز يۇرتىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان نادانلىق ۋە خۇراپاتلىقلارنى رەھىمسىز سۆكەتتى:

— ئۇ تەرەپتىكى تەرەققىياتلارنى كۆرگىنىمىزدە، بىز بۇ يەردە ئانا بۆشۈكىدە ئۇخلاپ ياتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىدىكەنمىز، — دېدى شائىر ھاياجانلانغان ھالدا. بۇ سۆز تۇرپان كونا-شەھەردىكى ئىنايەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بولغانىدى. بۇ ئۆيدە يەنە لېتىپ ئەپەندى، ئورۇمچىدىن كەلگەن مۆمىن ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى. شائىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئۇ تەرەپتىكى مەكتەپلەرنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران

قالدۇرىدۇ. مەكتەپ بىنالىرىنىڭ ھەممىسىلا پىششىق خىش بىلەن
سېلىنغان، دېرىزىلىرى ئەينەكلىك، پارتا-ئورۇندۇقلىرى سىرلانغان،
گويا بىر جەننەت. قايسىلا كوچىغا قارايدىغان بولساق قىزىلگۈل-
نىڭ غۇنچىسىدەك ئوغۇل-قىزلار قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان. ھەرقان-
داق كىشىگە چەكسىز ھۇزۇر بەخش قىلىدۇ. ئەپسۇسكى بىزدە
نېمە ئۈچۈن يوق، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن جاھالەت ئىزىي-
قۇسىدا ياتىدۇ! بۇ ھالەت ھەرقانداق كىشىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرىدۇ!

يۇرتىمىزدا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جاھالەت سىياسىتى ۋە
ئەل ئىچىدىكى نادانلىق - خۇراپاتلىقلارغا تۈپتىن قارشى تۇرۇپ
كېلىۋاتقان شائىر بۇ قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن
تېخىمۇ قارشى تۇرغانىدى. ئۇ تەرەپلەردە مەكتەپلەرنىڭ كۆپلۈكى،
بۇ تەرەپتە ئاران بىر سىنىپلىق مەكتەپنىڭ بارلىقىدەك يارقىن
سېلىشتۇرمىغا قاراپ، مەكتەپلەرنى كۆپەيتىپ قۇرغۇسى، تۇسالغۇلۇق
قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلىۋەتكۈسى كېلىپ تىت-
تىت بولاتتى.

— بىز يەنە مەكتەپ قۇرۇشىمىز كېرەك، يېڭىشەھەردىكى بىر
سىنىپلىق مەكتەپكە قاراپ تۇرماستىن كۆپرەك مەكتەپلەر ئېچىپ
كۆپلەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم-بىلىم بېرىشىمىز، بىزمۇ ھاۋادا ئۇچۇ-
شىمىز كېرەك!...

شائىرنىڭ سۆزلىرى، زاماندىش تەرەققىيپەرۋەر دوستلىرىنىڭ
قىزغىن ئالقىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئىگە بولاتتى.

— ھازىرچە، تۇرپان كونىشەھەردە بىر سىنىپ، ئاستانىدە
بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ تۇرايلى! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

شۇ كۈنى ئىنايىتۇللا ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە بولغان سۆھبەتكە ئاسا-
سەن، تۇرپان كونىشەھەردە بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، ئىنايى-
تۇللا ئەپەندى ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقچى بولدى. شائىرنىڭ ۋە
باشقا تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزغىنلىقى گەرچە ۋول-

قاندەك كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دەۋر شارائىتىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسى ئاستىدا، ھازىرچە تۇرپان شەھىرىدە ئىككى ئورۇندا ئىككى سىنىپلىق مەكتەپنىڭ بولۇشى ئۇلارنى خېلى دەرىجىدە قانائەت قىلدۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار بىرىنچى قەدەمدە كونىشەھەردىكى مەكتەپنى قۇرۇپ، ئاستانىدە ئېچىلىدىغان مەكتەپنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىككىنچى قەدەمگە قالدۇردى.

يېڭىشەھەردىكى مەكتەپ ئىككىنچى يىلغا قەدەم باسقاندا، ئوقۇغۇچىلار تەگشىلىپ خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەتراپ ناھىيىلەردىن، يېزا-شەھەرلەردىن كەلگەن چوڭ ياشلىق ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ ئالاھىدە زىننىتى ئىدى.

كۈندىلىك دەرس پىروگراممىسىدا تەنتەربىيە دەرسىمۇ بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ گىمناستىكا ئوينايتتى. گىمناستىكىدىن كېيىن، «ئاتامان»، «رۇس گالاگىرى» دەپ ئاتىلىدىغان تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى. ئويماندەڭنىڭ كەڭ ھويلىسىدا بۇ خىل مەدەنىي پائالىيەتلەر ئوينالغاندا، يېقىن ئەتراپتىكى بازار بالىلىرى، بەزى چوڭ ياشلىق كىشىلەر كېلىپ تاماشا كۆرەتتى. بۇنى يېڭىچە مەكتەپ پائالىيەتلىرىنىڭ ئىجابىي تەسىرى دېيىشكە بولاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا دېكلاماتسىيە ئوقۇتۇش، ۋە سۆزلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى ئۆستۈرۈلەتتى. مۇنداق چاغلاردا سىرتتىكى خەلقلەر يېقىنلاپ كېلىپ ئاڭلايتتى. ۋەز-نەسىھەتلەرنىڭ مەزمۇنى — ئىلىم-بىلىم ئېلىشنىڭ پايدىسى، ئەخلاق ۋە باشقىلارنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىش بولغانلىقتىن، ئاڭلىغۇچى خەلق تېگىشلىك تەربىيە ئالاتتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوقۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ:

— ئەپەندىم، بىزمۇ ئوقۇساق بولامدۇ؟ — دېيىشەتتى.

— بولىدۇ. كەچقۇرۇنلۇقى سىنىپلار بىكار. كەچتە كېلىپ ئوقۇڭلار! — دەيتتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىر سىنىپلىق چوڭ ياشلىقلارنىڭ ساۋات

چىقىرىش كۈرسى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ تەسىرىمۇ ياخشى بولغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇلار مەكتەپ پائالىيەتلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتى. شائىر تاشكەنت شەھىرىدە كۆرگەن مەدەنىي پائالىيەتلەرنى، تىياتىر، كونسېرتلارنى ۋە باشقا مۇزىكا-خورلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ھەتتا چايخانىلاردا مىللىي ئۆرپ-ئادەتكە سىڭىپ كەتكەن نەغمە-ناۋا، ناخشا-ئۇسسۇللارنى، ئۈرۈمچىدە نوجۇپنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنى مەكتەپ پائالىيەتلىرىگە تەتبىقلايتتى. بۇ توغرىدا ئوقۇتقۇچىلار ۋە مۆمىن ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەت قىلىشىپ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا كونسېرت كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرماقچى بولدى. مۆمىن ئەپەندى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا ئاجايىپ قىزغىن ئادەم بولغاچقا، بىرىنچى بولۇپ قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. بۇلار كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىپ بىرقانچە كونسېرت نومۇرلىرى قۇراشتۇردى. ئەل ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان «داۋانچىلىك»، «ئالىمخان»، «پەريادەي»، «ئېگىز-ئېگىز تاغ باشىدا»، «ئانارخان»، «راي-راي» قاتارلىق مەشھۇر ناخشىلارنى تىزىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى ئاساس قىلىپ ئىسلاھ قىلدى. نومۇرلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ سەھنىگە ئەپچىقماقچى بولدى. مۆمىن ئەپەندى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۆزى يەنە، «پېرىخون» ناملىق سەھنە ئەسىرى يېزىشنى پىلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچە بۆلەكلىرىنى ئاجرىتىپ بىر نومۇر كومېدىيىلىك كونسېرت تۈزۈپ چىقتى. ئوقۇغۇچىلارغا يەنە دېكلاماتسىيە ئوقۇش ئۈچۈن شېئىرلار يادلاتتى.

تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، مەكتەپ بىناسىدا بىر ئاخشاملىق كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى بولۇشتى. دەڭنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئايۋانچىنىڭ سۇپىسىنى سەھنە قىلماقچى بو-

لۇپ، ئىككى تۇۋرۇكنىڭ ئارىلىقىنى تاللىۋالغانىدى، كېيىن ئارقا تەرىپىگە يەنە ئىككى تال تۇۋرۇك تىكىپ چەنزىلەر بىلەن باغلاپ تۇتاشتۇرۇپ، ئىككى يېنىنى بورا بىلەن توسۇپ، قىزىل شالپەردە پەردە تارتىپ تەق قىلدى. سەھنىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئۆيلەردىن ئاسما پانار تاپتۇرۇپ كىرىسىنلەرنى زاپاس قىلدى. بۇ ئىشلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رەھبەرلىكىدە ئوقۇغۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئورۇنلانغانىدى. تاشقىرىدىن بىر غىجەكچى، بىر تەمبۇرچى، ئىككى دۇتار بىر داپچى تەكلىپ قىلىنىدى. كونسېرت كېچىلىكىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، كەچ كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى تەكلىپ قىلىنىدى. بۇندىن باشقا ئىختىيارىي قاتناشقۇچىلارغا كەڭ يول بېرىلدى.

شۇ ئاخشىمى ئويماندەڭگە يۆزلىگەن تاماشىبىنلار كېلىپ پاكىز تازىلانغان يەردە ئولتۇرۇپ كونسېرتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بەزەنلىرى قىزىل شالپەر تارتىلغان سەھنىنى تاماشا قىلاتتى. پەردە ئىچىدە چالغۇ ئەسۋابلىرى تەڭكەش قىلىنماقتا. ھەممە ئادەم دىققەت قىلىپ قۇلاق سېلىپ تۇرغاندا، بىردىنلا مۇزىكا باشلاندى. بىر قانچە چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنغانلىقى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەنىدى.

پەردە ئېچىلمىغان، ئەمما سەھنىدە جىددىي تەييارلىق بولۇۋاتاتتى، ئورۇندۇقلارنى ئېيان - بويان يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرغان ۋاقىتتىكى تاراق - تۇرۇقلار، سازچىلار قەيەردە ئولتۇرسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر، سەھنە باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئېيان - بۇيان مېڭىشلىرى تاماشىبىنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، پەردە چاپسانراق ئېچىلسىكەن دەيدىغان تەلەپكە كەلتۈرەتتى. دەل شۇ چاغدا بىرىنچى قېتىملىق ئۈشتەك چېلىندى. ئۈشتەك چېلىنىش بىلەن مۇزىكا توختىدى. زالدىكى ئاۋازلارمۇ بېسىلىپ ئەمدى نېمە چىقاركىن دەپ تەقەززا بولۇۋاتقاندا، سەھ-

نىڭ ئالدىغا لېتىپ ئەپەندى چىقىپ خەلقنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ئالدى بىلەن خەلققە سالام بېرىپ قىسقىچە سۆز قىلدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ئاتىلار، ئاكىلار، سىزلەرنى چىللاپ ئەكەلگەنگە چۈشلۈق ئىش يوق، شۇنداق بولسىمۇ مەكتىپىمىزنىڭ ئىشلىرىدىن، ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىدىن قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمىز. بۇ بىر يىغىلىق. بۇ توغرىدا تەجرىبىمىز كەمچىل. نومۇرلىرىمىزنى كۆرۈپ قىممەتلىك پىكىر بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىرىنچى نومۇرىمىزدا: ئومۇمىي خور

پەردە ئېچىلغاندىن كېيىن 21 ئوقۇغۇچى — ئالدىنقى قۇردا بىر، ئاخىرقى بەشىنچى قۇردا سەككىز ئوقۇغۇچى ئۈچ بۇرجەك تىزىلىپ چىقىپ مەۋلۇت مۇناجاتى بىلەن يەنە بىر مەكتەپ شېئىرى ئوقۇدى. تامام بولغاندا پەردە يېپىلدى.

ئىككىنچى نومۇردا: دېكلاماتسىيە

زالدىكىلەر دېكلاماتسىيە سۆزىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ قانداق نەرسىدۇر دەپ دىققەت بولۇۋاتقاندا، ئۇشتەك چېلىنىپ پەردە ئېچىلدى. بىر ئوقۇغۇچى چېۋەر قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقىپ كۆپچىلىككە تەزىم قىلغاندىن كېيىن، دېكلاماتسىيە ئوقۇشقا باشلىدى:

## ۋىجدان ئازابى

جاھالەت كۈلپەتىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ خاتا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر؟
جاھاننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.
ئىناقلىق — ئىتتىپاقلىقنىڭ نىشانى قالمىدى بىزدە،

يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.
بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.
بىناگاھ دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئونىنى قېتىپ چاققانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدەك ماھارەت ئۇستىسى يوقتۇر،
قۇۋۇلۇغۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.
ئويۇن - چاقچاق تۈپەيلى ئۆزئارا بىئەپ بولۇپ قالساق،
ياراشماق ئورنىغا ھەدەپ ئوت ياققانىمىز باردۇر.
يەنە يۇرت پايدىسىغا جەم بولۇش بىزدە بەسى مۇشكۇل،
نەزىر، توي ۋە زىياپەتكە بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
كېرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جاننى پىدا قىلدۇق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا توزۇپ قاچقانىمىز باردۇر.
ئىلىم - پەن ئىجتىھادىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز، ئوقۇتۇرمىز لېكىن سېغىز چايناشىمىز باردۇر.
ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە بىز تاپالماي ئات ياياق قالغانىمىز باردۇر.
كۆركىرىپ كەلسە «ئاپتوموبىل»، «نېمە بۇ ئەي خۇدايىم» دەپ،
ئەقلىنى ئىشلىتەلمەي داڭ قېتىپ قالغانىمىز باردۇر.
ھۈنەر بىلەن سانائەتتە يېتىشتۇق دەپ قانائەت قىپ،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا ھېچىر قۇيغانىمىز باردۇر.
تائاۋۇن ھەم قەناسىر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت —
بىلىمگە سايە قىلغاننى تېپىپ قاققانىمىز باردۇر.
بوۋىلار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنمايمىز،
قېلىپ غەپلەت - جاھالەتتە تېخى پو ئاتقانىمىز باردۇر.
مىسلى جەننەت تاغۇ دەريانى بىزەشكە يوق كىشى،
ئېگىز قىرلاپ پەر ياستۇقنى بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

① ئاپتوموبىل.

ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دەپ بىزدە بار تەمسىل،
لويى، ئادىبال، ۋاڭ - غوجامنى سىمىز باققانىمىز باردۇر.
مۇنەججىم، ئىنژېنېر، ئالىم، تەپەككۇر ئەھلى ئورنىدا
تونۇر سەللا، نەپسى بالا خەلپەتنى سۇلتانىمىز باردۇر.
ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلدۇرۇپ باغلىسا بەلنى تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.
ئەل ۋە يۇرتنىڭ دەردىگە قىلچە بولمىدۇق دەرمان،
كېلۇر بىر كۈن شۇ چاغدا مىڭ تاغار پۇشمانىمىز باردۇر.
ئابدۇخالىق بولدى قىل، ئاۋارە بولما، نالىما!
ۋاقتى كەلگەندە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.

ئوقۇغۇچى دېكلاماتسىيىنى تۈگىتىپ تەزىم قىلغاندا، ئاما قىزغىن ۋە ئۇزۇنغىچە چاۋاك چالدى.

نۆۋەتتىكى نومۇردا ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىپ ئەپيۈنكەشلەرنى تەنقىد قىلىدىغان «راي - راي» نى ئورۇندىدى:

ئەپيۇن دېگەن نىجىسنىڭ
بىلەمسەن زىيانىنى.
قۇلاق سېلىپ ئىشتىكىل،
مەن سۆزلەي بايانىنى.
راي - راي، راي، راي.

ئەپيۇن دېگەن چوڭ زەھەر،
ھاياتىڭغا خەۋپ يېتەر.
ئالتۇن - كۈمۈش كۆپ كېتەر،
بىلدىڭمۇ زىيانىنى!
راي - راي، راي - راي.

ئوڭدا ياتقان ئەپيۇنكەش،
شولاپ چەككەن ئەپيۈنكەش،

چىرايى سامان سېرىق،
كاردىن چىققان ئەپيۇنكەش.
راي - راي، راي - راي،

ئەپيۇن دېگەن نىجىسنى
دەسسەپ چىراغ - غاكۇزىسنى،
ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈپ
بېرەيلى ئەق جاجىسىنى.
راي - راي، راي - راي.

توغرا ئېيتتىڭ جان دوستۇم،
ئەپيۇن چەكمە دەپ توستۇم.
سەن ئۇقتۇڭمۇ؟ مەن ئۇقتۇم،
تاشلا بۇ نىجاسەتنى!
راي - راي، راي - راي.

— يەنە بىر، يەنە بىر!
— ئەپيۇنكەشلەرنى راسا جايلاپتۇ!
خەلقنىڭ تەلپى ئاستىدا بۇ نومۇر ئۈچ قېتىم ئوينالدى.
نۆۋەتتىكى نومۇردا مۆمىن ئەپەندى «پەريادەي» نى ئورۇندىدى:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئۇنداق ئەتمەكلار مېنى، مۇنداق ئەتمەكلار مېنى،
ئاقىۋەت لازىم بولارمىز، تاشلىۋەتمەكلار مېنى.

پەريادەي، تاشلىۋەتمەڭلار مېنى، پەريادەي،
سەن، سەن مېنى سەن خاراب قىلدىڭ مېنى سەنەي،
ئوتلارغا سېلىپ كاۋاپ قىلدىڭ مېنى سەنەي.

بۇ يەرگە كەلگەندە، مۆمىن ئەپەندىنىڭ ئايالى نۇرا خانىم ئۇسسۇل ئويناپ چىقىپ ماسلاشقانىدى، تاماشىبىنلار ئىنتايىن رازى بولۇپ چاۋاك ئۇستىگە چاۋاك، تەلەپ ئۇستىگە تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى قانچە قېتىملاپ تەكرار ئويناتتى.

نومۇرلار بىر - بىردىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. مۇنداق بولۇشى نومۇرلارنىڭ پۇختا ۋە تاكامۇللاشقانلىقى بولماستىن، مۇھىمى خەلقنىڭ سەنئەتكە بولغان ئىنتىزارلىقى ئىدى. ئۇيغۇر خەلق سەنئىتىنىڭ تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىپ تۇرپان خەلقى بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكى ئەنە شۇنداق قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە بولغانىدى.

بۇ ئاردىلىقتا يەنە بىر قانچە نومۇرلار ئارقىمۇ ئارقا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىردا «پېرىخۇن» دەپ نام قويۇلغان كونسېرت ئېلان قىلىندى. پەردە ئېچىلىش بىلەن، بېشىغا ئۇچلۇق كۇلا كىيگەن، گەردىنىگە ئۆچكە چۇپۇرلىرى چاپلانغان، پېشانىسىگە كوكۇلا چاچ قىستۇرۇپ، غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك قارا ساقال تاقىغان پېرىخۇن خەنجىرىنى شاراقلىتىپ سەھنىگە چىقتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ گىرىمى كىشىلەرنى تەئەججۈپلەندۈرگەنىدى. سەھنىنىڭ بىر چېتىدە ئىككى داپچى داپ چالاتتى. پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان يالىڭاياغ پېرىخۇن بەئەينى جىن - ئالۋاستىلاردەك سەكرەپ غەيرىي رەسمىي ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن ناخشىسىنى باشلىدى:

ئەزەمتەلەيكۇم ئوقۇيمەن،
جىنغا توقۇم توقۇيمەن،

AltunOq

جىن سەكرىسە — سەكرىسۇن،
مەن سەكرىمەي ئوقۇيمەن!

داپچىلار پاۋۇز ئورنىدا گۈلدۈرلىتىپ داپ چالغاندا، پېرىخۇن خەنجەرنى شارافلىتىپ، ئېگىز - پەس سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناپ، بىر - ئىككى چۆرگىلىۋېتىپ ئاندىن ناخشىسىنى داۋاملاشتۇردى:

كەككا كىپەن كاكىبا
جىن قورقىدىغان داپچى بار.
داپچىلاردىن قورقمىساڭ
خەنجەر - پىچاق مەندە بار.

بەسەي يېسەڭ بەسەي يە،
جۇسەي يېسەڭ جۇسەي يە.
نېمە يېسەڭ قاماشىدۇ،
قوپساڭ پۇتۇڭ ئالمىشىدۇ.

كاڭدا ياتساڭ كاڭدا يات،
چاڭدا ياتساڭ چاڭدا يات.
جاھالەتنى خۇراپات،
بولدى ئاپەت - خارابات.
ياتساڭ كۆزۈڭ يۇمۇلىدۇ،
توپا تاشلاپ كۆمۈلىدۇ ...

بۇ نوەۇر تېخىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشىپ ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. تاماشىبىنلار ئىنتايىن رازى بولدى.
كونسېرت كېچىلىكى ئاخىرلاشقاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەھنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بىرئاز سۆز قىلماقچى بولدى. ئۇ ئال-

دى بىلەن:

— خالايىق، بىزنىڭ ئويۇنىمىز قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سوئال قويدى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ! — تاماشىبىنلار بىر ئېغىزدىن چۇقان سېلىپ جاۋاب بېرىشتى.

— شۇنداق ....، — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن بىرئاز تىنىۋېلىپ، — ياخشى ئىش بولغىنى ئۈچۈن، ھەرقايسىڭىزلارغا مەسلىھەت قىلماستىنلا ئۆزىمىزچە مۇشۇنچىلىك تەييارلىدۇق. يەنە بۇنى مەخپىي تۇتتۇق. شۇنداق قىلمايمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشلىرىمىز بەزى كىشىلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرسە، ئۇلار قاتتىق رەنجىيدۇ. مەرىپەت، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزدا قىيىنچىلىق خېلى كۆپ، توسالغۇلۇقلارمۇ بار. قىيىنچىلىق بار دەپ، بۇ ئىشلارنى قىلماي يەنە بولمايدۇ. دېمەكچە قىلىش كېرەك، تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش كېرەك. بۇ، بىر باشلىنىش بولسۇن. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ھەممىڭىزلارگە مەلۇمكى، بىزنىڭ توي-مەشرەپلىرىمىز ۋە قاتارى مەشرەپلىرىمىز بار. ئۇ مەشرەپلەر ئۆي ئىچىدە ئورۇنلىنىدۇ. بۈگۈن ئاخشام ئوينىغانلىرىمىز ئاشۇ مەشرەپلەرنىڭ بىر تەرەققىياتى. بىز ئۆي مەشرەپلىرىنى مەيدانغا ئېپچىقتۇق. بىرمۇنچە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشتۇق، خەلقنى ئويغىتىپ، مەرىپەتكە، مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماقچى بولدۇق. بىز بۇنچىلىك ئىشلارنى قىلمىساق ياكى قىلىشقا جۈرئەت قىلمىساق، بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولماقچى؟! دۇنيادا قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، قانداق تەرەققىياتلار كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپماي جاھالەت ئۇيقۇسىدا يېتىۋېرىدىغان بولساق، ھالىمىزغا ۋاي، خاراب بولىمىز. قالاقلىق ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. داۋاملىق قالاق ھالەتتە قېلىۋەرسەك، بۈگۈنكى دۇنيادا باشقىلار تەرىپىدىن ئوڭايلا يېيىلىپ كېتىمىز، مىللىتىمىز تارىخ سەھنىسىدىن ئىزسىز غايىب بولىدۇ. قۇمغا سىڭگەن سۇدەك سىڭىپ تۈگەيمىز... بۇ ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا

كەلتۈرسەك قورققۇمىز كېلىدۇ. زالىملار بىزنى نادانلىق، جاھا-
لەت بۆشۈكلىرىگە بۆلەپ قويۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ئەللەي قىلماق-
چى بولىدۇ. ئەگەر بىز زالىملارغا بوزەك بولمايمىز دېسەك، كۆ-
زىمىزنى ئېچىشىمىز، تەرەققىياتقا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئۆزى-
مىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ كۆزىمىزنى ئاچىمىز دېسەك،
مەكتەپلەر ئېچىپ بالىلىرىمىزنى ئوقۇتۇشىمىز، ئۆز تەقدىرىمىز-
نى ئىلىم - بىلىم بىلەن ھەل قىلىپ، ئىلىم - بىلىم يولىدىن
ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالىمىزنى تېپىشىمىز كېرەك، بۇ بىزنىڭ
يېگانە يولىمىز. ئوقۇپ، ئۆگىنىپ بىلگەندىلا، دۇنيانىڭ ھازىرقى
تەرەققىياتىغا يېتىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ. باشقا ئەللەردە باشقا مىل-
لەتلەر ئاسماندا غارقىراپ ئۇچۇۋاتىدۇ. ئوقۇساق، بىلسەك، بىزمۇ
ئۇچالايمىز! ئاتىلار، ئاكىلار، بىز ئەمدى بىر سىنىپلىق مەكتەپ
قۇرالىدۇق. كۈچىمىز ئاجىز، ماغدۇرىمىز يوق، شۇنداق بولسىمۇ
بۈگۈن ئاخشام تۇنجى قېتىم كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ سىز-
لەرگە سالام بەردۇق، كۆڭلىمىزگە يارىشا ھەممىڭىزلار ياخشى
بوپتۇ دېدىڭىزلار. سىزلەر ياخشى بوپتۇ دېگەن ئىشنى بىز، بۇن-
دىن كېيىن راۋاجلاندۇرۇپ تېخىمۇ ياخشى قىلىشقا ۋەدە بېرى-
مىز. سىزلەرمۇ مەدەت بېرىڭىزلار، بالىلىرىڭىزلارنى مەكتەپكە كۆپلەپ
ئەۋەتىڭىزلار، ئوقۇتۇشقا مانا بىز تەييار! چوڭلار كەلسىمۇ، كەچ-
قۇرۇنلۇقى ئوقۇتۇپ ساۋاتلىق قىلىشقا ھۆددە ئالىمىز! قانداق!؟
شۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ. ناھايىتى ياخشى بولىدۇ!

ئاما بىر ئېغىزدىن ماقۇللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ۋارقىراشتى.

— رەھمەت سىزلەرگە، كەلگەن قەدىمىڭىزلارغا رازى بولىڭىزلار!

# ئون ئالتىنچى باب

توقسۇن بازىرىنىڭ ئۈچ ئاچا يول ئۈستىگە قۇرۇلغان ئاشپۇزۇل، دۇكانلىرى ئالدىغا بۈگۈن ئەتىگەنلىكتىلا بىر توپ ئادەملەر توپلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار دۇكان ئالدىدىكى ئۇزۇنچاق بەندىڭلەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. پاراڭ قىزىق بولسا كېرەك، ئارىلاپ پاراقلىشىپ كۈلۈشەتتى.

توپلانغانلار ئىچىدە ھەمدۇل بايۋەچچە بارئىدى. ئېگىز بويلۇق، زور گەۋدىلىك، ئاق پىشماق، يۇمىلاق يۈزلۈك، قارا قاش، قارا كۆز كەلگەن ھەمدۇل بايۋەچچىنىڭ ئۈچىسىدىكى ناۋاترەڭ شايە چاپىنى بىلەن بېشىدىكى تەقىيە دوپپىسى كۆزگە ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ توقسۇننىڭ شۇ يىللاردا كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىي ياشلىرى ئىدى. بۇ قەدەر خىل كىشىلەرنىڭ بۈگۈن ئەتىگەنلىكتە بۇ يەرگە توپلىنىپ قالغانلىقى بازارنىڭ بۇ چېتىدىكى بەزى دۇكاندارلارنى تاڭ قالدۇرغانىدى.

— بۈگۈن نېمە بولدى؟ بىرى كېلەمدۇ-يا! — دېدى بىر دۇكاندار قارشى تەرەپتىكى سودىگەرگە ئاڭلىتىپ.

— مېھمان كېلىدۇ! — گەزمال سودىگىرى ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەچ، دۇكىنىدىن چىقىپ بۇ تەرەپكە ئۆتتى.

— نەدىن؟

— تۇرپاندىن.

— كىمكەن؟

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەلگۈدەك.

— ئابدۇخالىق ئۇيغۇر!؟

— سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بۇ گەپ نەچچە كۈندىنلا بارغۇ! ئۇنى ناھايىتى كاتتا شائىر دېيىشىدۇ، ھەممىسى شۇ كىشىنى ساقلاۋاتىدۇ.

دەرۋەقە، بۈگۈن توپلانغان زىيالىيلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ساقلىشىۋاتاتتى. ئەسلىدە شائىرنى ھەمدۇل بايۋەچچە باشچىلىقىدىكى بىرقانچە كىشىلەر چىللاپ، موڭغۇللارنىڭ 6 - ئاينىڭ بىرىدە ئۆتكۈزىدىغان مەدىر① بايرىمىنى كۆرگەچ، توقسۇننىڭ تاغ - يايلاقلىرىنى ساياھەت قىلىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ تەكلىپ شائىرنىڭ شۇ يەردىكى موڭغۇللار تۇرمۇشىنى كۆرۈش ۋە موڭغۇل تىلى ئۆگىنىش ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكتىن ماقۇل كۆرۈپ بۈگۈنكى كۈندە كېلىشكە ۋەدە قىلغانىدى. شۇڭا توقسۇنلۇقلار بۈگۈن ئەتىگەن تەرەپتىلا بازارغا جەم بولۇپ شائىرنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۆرۈك پىشىقى، تۈن قىسقا، كۈن ئۇزۇن چاغلار بولغاچقا، مۇنداق كۈنلەردە تورپاندىن باش تۇخۇدا يولغا چىققان ھەرقانداق يولۇچى ئاش ۋاقتىغا قالماي توقسۇنغا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا شائىرنى كۈتۈۋاتقانلار ئارىلاپ بىلەك سائەتنى ۋە يانچۇق سائەتلىرىگە قاراپ قويۇشاتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ قانچىلىك تەقەززا بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاقتاش يولى تەرەپتىن ئۇچقاندەك تېز كەلگەن خەۋەرچى خۇددى قاڭقىپ كەتكەن پومزەكتەك ئاتتىن چۈشۈپ «كەلدى - كەلدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. كۈتكۈچىلەر بىردىنلا جانلىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، يول تەرەپكە بۇرۇلۇپ تۇرۇشىغا ئىككى ئات-

① مەدىر — موڭغۇللارنىڭ يازلىق بايرىمى.



AltunOq

لىق مېھمان يېتىپ كېلىشتى. ئۇلاردىن بىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، يەنە بىرى شائىرنىڭ دوستى نىيازقارى ئىدى. توقسۇنلۇقلار ئۇلارنى ئورنۇپلىپ قىزغىن قارشى ئالدى ۋە دوستانە كۆرۈشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن ھەمدۇل بايۋەچچىنىڭ بوي - بەستى ئوخشاش ئېگىز بولۇپ، بۇ ئىككىسى كۆرۈشكەندە خۇددى بىر يەردە ئۆسكەن قوش چىناردەك تەڭلىشىپ تۇرغانلىقى ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

مېھمانلار دۇكان ئالدىدا چارەك سائەتچە ھايال بولدى. دۇكان ئىگىسى تۇتقان ئۇسسۇلۇق چايلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەمدۇل بايۋەچچە مېھمانلارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر سىرتىدا ئىدى. ئۇ ئۆي، ئاتىسى قادىر جەڭگى① ئۆز قولى بىلەن سالدۇرغان بىنا بولغانلىقى ئۈچۈن «گۇڭگۈەن» (قەسىر) دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ بىنا مەنزىرىلىك جايغا ھەشەمەتلىك سېلىنغان بولۇپ، ئالدى قىسمى ئىككى قەۋەت، ئىچكى ئۆيلىرى بىر قەۋەت ئىدى. ئۆي ئىچى، ھويلا، ئايۋانلارغىچە پىششىق خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى كۆركەم قۇرۇلۇش ئىدى. بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدە چوڭ ئىككى ئوستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ قاشلىرىدا ئۇ باشتىن - بۇ باشقىچە سوزۇلغان تۆت قۇر سۆگەتلەر باراقسان كۆكلەپ، كۆپكۆك سۆگەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلاتتى. ئىككى ئۆستەڭنىڭ ئارىلىقىدىكى يولغا كۈن بويى ئاپتاپ چۈشمەيتتى. شۇنىڭدەك، بىنانىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا چاققانىغىنا ياڭاقلىق ۋە ئالما - ئانارلىق بىر باغ، بىنانىڭ شەرق تەرىپىدە چۆرىسى ئېگىز كۈمىلاچ تام بىلەن ئىھاتە قىلىنغان ئۆرۈكلۈك باغ بار ئىدى. ھەمدۇل بايۋەچچە ئۆز مېھمىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى باغ ھويلىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىكى ئىككى قەۋەتلىك قەسىرىدە كۈتۈۋالدى.

---

① كۇچاغا تۇڭگىلىك بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدار.

شائىرنىڭ نامىنى، شۆھرىتىنى ئاڭلاپ بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا بولغانلار كۆپ ئىدى. ئۇلار توپ-توپ بولۇپ زىيارەتكە كېلىشتى. شۇ كۈنى زىيارەتكە كەلگۈچىلەر خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى ئۇۋىسىغا كېلىپ-كېتىپ تۇرغاندەك، ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. ئاخشاملىرىمۇ تۈن يېرىمىغىچە مېھمان ئۆكسۈمىدى.

ئەتىسى ھەمدۇل بايۋەچچە شائىرنىڭ شەرىپى ئۈچۈن مېھمان چاقىردى. زىياپەتكە شۇ يىللاردا توقسۇندا كۆزگە كۆرۈنگەن ياش زىيالىيلاردىن توختى ئېلى ①، ئەخمەت مەخسۇم ②، غۇپۇر ئارىز ③، مۇتەللاخۇن ④، ھامىدىن غوجا ⑤ قاتارلىقلار تەكلىپ قىلىنغانىدى.

زىياپەت ئۈستىدە ئۇلار ئازادە پاراڭلاشتى. كۆپچىلىك تەلەپ قىلىپ شائىرنىڭ بىر قانچە يېڭى شېئىرلىرىنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تەلەپكە بىنائەن ياڭ زېڭشىن ئۆلگەن كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەن-بىلگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سۆزلەپ مېھمانلارنى گويا نەق مەيداندا بولغاندىكىدەك چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلدى. گەرچە بۇ ئارىلىقتىن بىرەر يىل ئۆتۈپ

---

① توختى ئېلى — 1933-يىلى توقسۇندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قاراشەھەر، كورلىنى ئىشغال قىلغان، كېيىن شېڭ شىسەينىڭ جازا قوشۇنى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. ئۇنى توختى لۈبجاڭ دەپمۇ ئاتايدۇ.

② ئەخمەت مەخسۇم — سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كېلىپ 36-دىۋىزىيىدە يولكۇۋنىڭ بولغان، مەھمۇت سىجاڭ چەتكە قاچقاندا، مۇۋەققەت مۇئاۋىن گارنىزون سىلىڭى بولغان، كېيىن شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى.

③ غوپۇر ئارىز — غوپۇر تۇەنجاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەھمۇت سىجاڭنىڭ قەشقەر يېڭىسارىدا تۇرۇشلۇق پولكىنىڭ پولكوۋنىكى بولغان، كېيىن بۇ ھەم شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدى.

④ مونىلاخۇن — 1933-يىلىدىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىپ مەمۇرىي خىزمەتلەردە بولغان، ئەڭ ئاخىردا شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

⑤ ھامىدىن غوجا — دىنىي-پەننىي بىلىمگە ئىگە زىيالىي بولۇپ، ئۇزۇن يىل مائارىپ مۇپەتتىشى ۋە ئويۇشما رەئىسى بولغان، 70-يىللاردا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى.

كەتكەن كونا ۋەقە بولسىمۇ، مېھمانلار ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سۆھبەت نوۋەتتىكى ۋەزىيەتكە كۆچكەندى.

— جياڭجۇن يۆتكەلگەن بىلەن يول ئۆزگەرمىدى، يەنە شۇ قېرى جياڭجۇننىڭ يولى بىلەن كېتىۋاتىدۇ، — دېدى موتەللىخۇن شائىرنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن.

بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا كەكە ساقال، سودىگەر سۈپەت كىيىنگەن بۇ ئادەم، مەدرىسىدە بىر مەزگىل ئوقۇپ، كېيىن تىجارەت كەسپىگە بېرىلگەن سەۋىيىلىك زىيالىي ئىدى. ئۇنىڭ سۆزى، ياڭ زېڭشىن ئۆلۈپ جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىنكى بىر يىللىق ۋەزىيەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئەمەلىي خۇلاسىگە كېلىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى.

— شۇنداق، يول ئۆزگەرمىدى، — دېدى شائىر ئۇنىڭ سۆزىنى توغرا تېپىپ.

— قېرى جياڭجۇن ۋاقتىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدى توختى ئېلى كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ، — بىزنىڭ ھارۋىلار ھەر قېتىمدا يېڭى ئەمەلدارلارنى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. سۈرۈشتە قىلسام، تولىسى ھازىرقى جىن جۇشىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىمىش. ئۇلار قېرى جياڭجۇننىڭ ۋاقتىدا مەنسەپ تۇتالماي ئىچىرقاپ كەتكەن بولغاچقا، يېڭىدىن ئەمەل تۇتۇپ بارغان يېرىگە سالجىدەك قادىلىپلا قالغان گەپ. شۇڭا ھازىرقى زۇلۇم ئىلگىرىكىدىن جىق ئېشىپ كەتتى.

توختى ئېلى شۇ يىللىرى ھارۋا ترانسپورتى ساھەسىدە شاڭيو ئىدى. شۇڭا ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى.

— شاڭيونىڭ ئېيتقىنى توغرا. ئورۇق سالجا قاننى بەك شورايدۇ دەيدىغان سۆزلەر بار ئەمەسمۇ! ئىچىرقاپ كەتكەن يېڭى ئەمەلدارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش - دە! — دېدى ھامىدىن خوجا

شاڭيونىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ. ئۇنىڭ سۆزىگە بەزەنلەر كۈلۈپ قويۇشتى.

ھامىدىن غوجا، 40 ياشلار چامىسىدىكى پاكار بويلۇق ئەمما بەدەن قۇرۇلۇشى چىڭ، چېۋەر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان كىچىك ھەم چوڭقۇر كۆزلىرىدىن دائىم كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ كۈلكىلىك گەپ قىلىدىغان قىزىقچى ئادەم ئىدى.

بولۇنۇۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئاساسەن ئۆز چۈشەنچىسىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان شائىر بىردىنلا ئۆزىنىڭ «قاملاشمىدى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىنى ئەسلەپ كۆپچىلىككە ئوقۇپ ئاڭلىتىشنى توغرا تاپتى:

ئادىمى ئالماشتىيۇ يولى - تۈزۈم ئالماشمىدى،
جىن دېگەننىڭ ئىشلىرى مىسقالچىمۇ قاملاشمىدى.
......

شائىر بىر تىنىقتا شېئىرنى ئوقۇپ ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك «راستتىن قاملاشمىدى، قاملاشمىدى...» دەپ تەكرارلاشتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ھاۋا خېلىلا قىزىغانىدى. مېھمانلار سالقىنىدىغاچ تاشقىرى چىقىپ ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقىدىكى كۈن بويى ئاپتاپ چۈشمەيدىغان سالقىن جايلاردا سەيلە قىلىشتى. ئۆستەڭدە سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بۈك - باراقسان دەرەخلىكلەر ئىچىدىن چىققان غۇر - غۇر شامال كىشىگە ھۇزۇر بەخش قىلاتتى،

— شاڭيو ئاكا، كۇچا تەرەپتىن قانداق خەۋەرلەر بار؟ — دېدى شائىر، يانداپ كېتىۋاتقان توختى ئېلىگە قاراپ. چۈنكى توختى ئېلىنىڭ كۇچا تەرەپ بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بارلىـ

قىنى شائىر ياخشى بىلەتتى.

— ئۇ تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا قاقشاپ كېلى-ۋاتىدۇ. ئالۋان - سېلىق كۆپ دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى توختى ئېلى.

— ئۆزىڭىز بارمىغانسىز؟

— بۇ يىل ۋاقتىم يەتمىدى.

شائىر بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنىڭ ئورانىنى يۆتكىدى:

— كىچىكلىرىدە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى ھا-زىر قانداق بولۇپ كەتتى؟

— بىر چاغلاردا خېلى داغدۇغىلىق ئېچىلغان. ھازىر يوق!

— يېڭى ئېچىلغان ۋاقىتلاردا مەنمۇ ئوقۇغانىدىم، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى ھەمدۇللا بايۋەچچە، — ھامىت ھاجىم، ئابدۇمجىت مەخسۇم دېگەندەك مۇئەللىملىرىمىز بار ئىدى...

— ئۇ كىشىلەر ھازىرمۇ بار. ھامىت ھاجىم بىلەن ئاكام تۆمۈر شاكىيو ساي بويىدا قوشنا ئولتۇرىدۇ. كۆڭلىمۇ يېقىن، كىرىش - چىقىش قىلىشىدۇ، — دېدى توختى ئېلى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — كۇچادىكى مەكتەپ خېلى راۋاج تاپقانىدى، قېرى جياڭجۈننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن قايتا قۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى. ھازىر ئابدۇمجىت مەخسۇم خانى-قادا بالىلارغا قىرائەت، ھۆسن خەت ئۆگىتىۋاتىدۇ، دەيدۇ.

— قېرى جياڭجۈن ئۆلۈپ جىن شۇرېن ھۆكۈمەت بېشىغا چىققان مۇشۇ پۇرسەتتە تۇرپاندا مەكتەپ قۇرۇۋالدۇق، — دېدى شائىر ئۆز ئىشىدىن دوكلات بېرىپ، — بىز ئەپچىل يول تۇتتۇق. شارائىت بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ پېتىنچىلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلى-دۇق. شۇنداق قىلدۇبدۇق، مەكتىپىمىز خېلى يولغا چۈشۈپ قال-دى. كىچىكلىقلارمۇ بىزگە ئوخشاش يول تۇتسا، مەكتەپ ئېچىپ مەرىپەت ئىشلىرىنى باشلىۋالغان بولاتتى.

— لېكىن كىچىك تەرەپنىڭ پېتىنىسى يامان. ۋاڭ - غوجا، قا-



AltunOq

زى - كالان دېگەنلەر بوش ئەمەس!

— بۆرىسى يوق جاڭگال، ئوغرىسى يوق يۇرت بولمىغاندەك، ھەممە يەرنىڭ پىتنە - پاساتچىلىرى ئۆزىگە چۇشلۇق تېپىلىدۇ، — دېدى شائىر كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ. ئاندىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ۋەزىن ئاھاڭدا تەسىرلىك داۋام قىلدى، — شۇنداق بولغىنىمىز ئۈچۈن ئاخىرى قالغان كۈنىمىز مۇشۇ. ھازىرقى كۈنىمىز بىلگەن كىشىگە بەك ئېغىر. بىزنى جاھالەت، قاراڭغۇلۇق، نادانلىق بېسىپ كېتىۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئىش قانداق يول تېپىپ مېڭىش. ئېغىر ۋە قاراڭغۇ كۈنلەر ئىچىدىن يول تېپىپ مېڭىش مېنىڭچە بولغاندا ئاقىللىق، «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان بولساق ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنى.

— ئىنساپ تىلەپ جىم يېتىش تېخىمۇ ئەپلەشمەيدۇ! — دېدى ئەخمەت مەخسۇم كۈلۈمسىرەپ، — بىر ئىش قىلىش كېرەك، ئۈجمىنىمۇ قېقىپ يەيمىز - دە! — ئۇنىڭ ئېقى چوڭ يوغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر مەنالىق نۇر چاقنايتتى.

— ھازىرقى ئىستىبدات تۈزۈمىدىن بىز ئىزدىگەن بىرەر ياخشى مەقسەتلەرگە يېتىمىز دەيدىغان بولساق، بۇلارنىڭ ئىنساپىنى تىلەش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇ مەقسەتلەرگە تاياق - توقماق ئېلىپ يېغى كۆتۈرۈش بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسى بىكار! — دېدى غوپۇر ئارىز مەيدىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا مەردانە تۈس ئېلىپ.

ئېگىز بويىغا قارىغاندا بېشى كىچىك كۆرۈنىدىغان، چىرايى ئاق - سېرىققا مايىل، يۇمىلاق يۈزلۈك غوپۇر ئارىز 35 ياشلارغا كەلگەن نەۋقىران ياش ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىدىن مەقسىتى نېمە ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مۇشۇ كۈنلەردە بىرەر جايدىن بىرەر ئىش قوزغىلىپ چىقىدىغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ — دېدى ئەخمەت مەخسۇم.

— قانداق بولماقچى، ئورمانغا ئوت كېتىدۇ! — دېدى غوپۇر ئارىز.

بۇلار ئۆستەڭ بويلاپ يۈرۈپ يەنە بىرمۇنچە مۇڭداشتى. گەپ - سۆزلەرنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ پىكىر - چۈشەنچىلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى خۇددى تەرەپ - تەرەپتىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن بىر ئەزىم دەريا ھاسىل بولغانىدەك كۈچلۈك پىكىر ئېقىمى ھاسىل قىلىپ، تەبىئىي يوسۇندا ئىستىبداتلىققا — قاراڭغۇلۇققا قارشى كۈچ شەكىللىنەتتى.

شائىرنىڭ توقسۇنغا كېلىشى، بىرمۇنچە زىيالىيلارنى باش قوشۇپ ئۇلپەتلىشىش، تارماق چۈشەنچە - پىكىرلەرنى بىر سىزىققا مەركەزلەشتۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانىدى. بۇنىڭدىن چەكسىز خۇشال بولغان ۋە رىغبەتلەنگەن ياشلار كېچە - كۈندۈز شائىر بىلەن بىللە بولدى. ئۆرۈك پىشقان پەسىل بولغاچقا، غوپۇر ئارىز شائىرنى ئۆز بېغى (ئارىز ھاجىنىڭ ئۆرۈكلۈك بېغى) غا باراۋەتكە چاقىردى ۋە باشقا كىشىلەرمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە زىياپەتكە چاقىردى. بۇ جەرياندا بىر - بىرىدىن نوچى ئاتلارغا مىنگەن بىر توپ ياشلارنىڭ توپلىشىپ باغدىن - باغقا، مەھەللىدىن - مەھەللىگە ئات ئويىنىتىپ يۈرۈشلىرى پۈتۈن يۇرت ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ چاقنىتىۋەتكەنىدى...

## 2

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ سەپەردىن ئىنتايىن مەمنۇن ئىدى. ئۇ ھازىر موڭغۇللارنىڭ ھەر يىلى كونىچە 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بورتىدە ئۆتكۈزىدىغان مەدىر بايرىمىغا كېتىۋاتاتتى. گويا ئۇ ئۇنىڭ موڭغۇللار تۇرمۇشىنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئارزۇسىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە بارغانسېرى يېقىنلاۋاتقان-

لىقىغا چەكسىز ھاياجانلىناتتى.

«بىلگەندىن سېرىڭ كېيىمدۇ بىلىۋەرگىنىڭ،
بىلىۋېرىش ئەمەسمىدى تىلەكى ئەلنىڭ.
قىردىن ئاشساڭ، ئالدىڭدا قىر كۆرۈنسە،
قىزىقىقاندىن كەلمەمدۇ يۈرۈۋەرگىنىڭ.»

قازاق مۇتەپەككۇرى ئابايىنىڭ بۇ ئەقلىيەسىنىڭ روھى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدا دەريادەك دولقۇنلايتتى. ئۇ، ئىلىم-بىلىمگە ئۆزىنى خۇددى پەرۋانىدەك ئۇراتتى، دۇنيادا بارلىقى بىلىمنى بىلىۋەرگۈسى، ئالدىغا قاراپ يۈرۈۋەرگۈسى كېلەتتى.

شۇ ئەتىسى يىلانلىق يېزىسىدىن ھەمدۇل بايۋەچچىنىڭ ھەمراھلىقىدا يولغا چىققان شائىر تاڭنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا ئۆزىنى ئىنتايىن تېتىك ھېس قىلاتتى. ئاسماندا تاڭ يۇلتۇزلىرى جىلۋە قىلماقتا. ئالدى ۋە سول قول تەرەپتىكى تاغلار تاڭ قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە يىراقتىن خۇددى قارا بوياپ قويغان تامدەك غۇۋا ئەمما سۈرلۈك كۆرۈنمەكتە، ئۇلار ئۇستىغۇلغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. كۈن چىقىپ ئىسسىق باشلانغىچە غول ئىچىگە كىرىۋېلىشنى پىلان قىلىپ زور قىلىپ يول باساتتى. ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان سالقىن شامالدا ئاتلارمۇ زوقلىنىپ يولنى ئاۋۇتقانىدى. بۇ سەپەردە جەمئىي بەش ئاتلىق كىشى بىللە ئىدى. شائىر بىلەن نىيازقارىدىن باشقا ھەمدۇل بايۋەچچە، ۋە ئۇنىڭ ماناپ ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسى، ھامىدىن غوجا قاتارلىقلار بار ئىدى.

قىزىرىپ كۈن چىقتى. تاغ ئۇچلىرىغا ئالتۇن ھەل قونۇپ ئوتقاشتەك تاۋلانغانىدى. كۈن بىلەن تەڭ، كۆزىگە تېڭىپ قويۇلغان قارا لاتا ئېلىپ تاشلانغاندەك ۋە ياكى سەھنىنىڭ قارا پەردىسى ئېچىلغاندەك، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئېچىلىپ ھاياتلىق پەرىشتىسى ئۇلۇغ كۈننىڭ ئەتىگەنلىك گۈزەل مەنزىرىسىنى

تاماشا قىلاتتى.

سەپەرداشلار بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ سېھىرلىك نۇرىدا تاۋلانغان تونۇش چىرايلار ئىنتايىن يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

— غوجا ئاكا، — دەپ سۆز باشلىدى ھەمدۇل بايۋەچچە ئات ئۈستىدە قېيپاشلىنىپ ھامىدىن غوجىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئەتىگەنلىك خۇشاللىقنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى، — بۆكتۈرۈۋالغان نەرسىلىرىڭىز نېمانچە كۆپ؟ قۇشناچىملا كەم قاپتۇ، ئۇنىمۇ بۆكتۈرۈۋالغان بولسىڭىز پۈتۈن ئۆينى كۆچۈرۈپ ماڭغان بولاركەنسىز!

— ئەتىگەن ئۇنىڭ بىلەنمۇ جىق ئېيتىشتىم، — دېدى ھامىدىن غوجا چاقچاقلا بېقىپ، — قولتۇقلاپ كۆتۈرۈپ چىقىۋېدىم، يىغلاپ تۇرۇۋالدى...،

بۇ گەپتىن ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق، — دەپ سۆز باشلىدى ھامىدىن غوجا كۈلكىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ، — تاغقا چىققاندا يېپىنچا يېتەرلىك بولمىسا، قازى ئاخۇنۇمدەك «ئېتىنى ئاتىماي ياپ» دەيدىغان ئىش چىقىدۇ.

بۇ گەپكە توقسۇنلۇقلار كۈلدى. چۈنكى ئۇلار بۇ مەشھۇر ھېكايىنى چۈشىنەتتى. تۇرپاندىن كەلگەن مېھمانلار چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن كۈلمىگەن بولسىمۇ، قىزىقىپ قۇلاق سالغانىدى. شۇڭا، ھەمدۇل بايۋەچچە بۇ ھېكايىنى سۆزلىتىپ مېھمانلارغىمۇ ئاڭلىتىشنى ئويلاپ:

—غوجائاكا، قانداق بولغان ئىش ئىدى، سۆزلەپ بېرىڭا، بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى! — دېدى. ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلگەن ھامىدىن غوجا سۆزلەشكە باشلىدى:

— قايسىبىر يىلى × × قازى ئاخۇنۇم بىرنەچچە ئۆلىما ئەشرەپلىرى، رەئىسلىرى بىلەن تاغقا چىقىپتۇ، — ھامىدىن غوجا ئۆزىچە پىخ قىلىپ كۈلۈپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئاخۇ-

نۇم يېڭىلىك كىيىملەر بىلەنلا چىقىپ قالغانىكەن، تۇڭگەندە قويچىلار ئوبدان مېھمان قىلىپ قوندۇرۇپ قاپتۇ. تۇڭگە دېگەن كېچىسى سوغۇق بولىدىغان يەر بولغاچقا، ئاخۇنۇم توڭلاشقا باشلاپتۇ. ئۇن يېرىم بولغاندا رەئىسنى چاقىرىپ: «يېپىنچۇدەك بىر نېمەڭ يوقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. رەئىس ئاختۇرۇپ ھېچ نەرسە تاپالماي كېلىپ: «تاشلىۋەتكەن ئېشەك توقۇمىدىن باشقا بىر نەرسە ئۇچراتمىدىم» دەپ جايىغا كېتىپتۇ. قازى ئاخۇنۇم گەپ قىلالماي جىم بولۇپ قاپتۇ، لېكىن سوغۇق ئۇنى يەنە سۆزلەشكە مەجبۇر قىپتۇ. ئاخۇنۇم ئامالسىزلىقتا رەئىسنى قايتا چاقىرىپ: «ھېلىقى بىر نېمەڭنى ئېتىنى ئاتىماي ئەكېلىپ يېپىپ قويغىن» دەپتۇ. بۇ ۋەقە ئەنە شۇنداق بولغان...

— شۇنداق قىلىپ ئاخۇنۇمىزە، يېغىر ئېشەكنىڭ توقۇمىنى بىر كېچە يېپىنىپ چىقىپتۇ! — ھەمدۇل بايۋەچچە ئۆزى باشلاپ كۈلۈپ ھۇزۇر قىلدى. شائىرمۇ بۇ ھېكايەتتىن ھۇزۇر ئالغانىدى.

— راست، ئۇنى تاك كۆرگىنى بولمايدۇ، — دېدى نىيازقارى سۆزگە قوشۇلۇپ، — تاغ يېرى دېگەندە مۇنداق ئىشلار كۆپ بولىدۇ. ھۆل - يېغىندا قالىدىغان بولسا، تېخىمۇ چوڭ پالاكەت باسىدۇ.

تاڭ ئېتىش بىلەن ئاتلارنىڭمۇ تۇيىقى قىزىپ مېڭىش زوقى ئاشقانىدى. ئۇلار ئۆكىرەك تاشلاپ، بىر - بىرىدىن يول قىزغىنىپ يەلكەندەك تېز ئىلگىرىلەيتتى. يولۇچىلار گويا ئۆزلىرىنى تاغ ئىچى دەم تارتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى.

— مانا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ھامىدىن غوجا ئۇستىغولنىڭ ئاغزىنى بېشى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ.

غولنىڭ ئاغزىدا يېقىن ئېتەكتە چوڭ بىر ئېقىن ئىزى سوزۇلۇپ ياتاتتى. كەڭلىكى 200 مېتىردەك كېلىدىغان قۇرۇق ئېقىن سانجاق - سانجاق قورام تاشلار بىلەن تولغانىدى.


AltunOq

— بۇ خېلى چوڭ ئېقىن بولسا كېرەك، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئالدىدا ئاقىرىپ ياتقان ئېقىنغا ئومۇمىي نەزەر تاشلاپ، — ئەگەر بۇ ئېقىندا تاشقىن سۇلار ئاقمىغان بولسا بۇ قەدەر جىق ھەم يوغان تاشلار بولمىغان بولاتتى. قاراڭ ئاۋۇ قىرغاقلارنى، سۇ چېقىپ ھاسىل قىلمىسا قانداق پەيدا بولسۇن!

— ھازىرقى يىللاردىمۇ بۇ ئېقىندىن تاشقىن كېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى ھامىدىن غوجا.

— بۇ گەپچە سۇغا باي ئىكەنسىزلەر!

— ئالغۇيدىكى سۇنى كۆرسىڭىز تېخىمۇ ھەيران قالىسىز. مۇشۇ كۈنلەردە ئاتقا كېچىك بەرمەيدۇ.

— بۇ گەپچە ئېغىزلار خېلى بار ئوخشايدۇ.

— ساناپ كەلسەك خېلى بار، — دېدى ھامىدىن غوجا، شائىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — مەسىلەن، كۈنچىقىشتىن سانىساق، قۇرۇقتاغ ئېغىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئارغىبۇلاق، قوشتېرەك، كۆكنەك، ئۇستىغول، زورمۇتا، ئالغۇي، ئۇۋىر، ياغاچبېشى، بايتوقاي، جەمئىي توققۇز ئېغىز. بىر رىۋايەتتە توقسۇن دېگەن نام «توققۇزسۇ» دىن كېلىپ چىققان دېيىشىدۇ. بۇرۇن بۇ ئېغىزلاردىن سۇ كېلىپ تۇرىدىكەن. ھازىر بەزىلىرى قۇرۇق ئېقىنغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ بەزى يىللىرى ئېغىزلاردىن تاشقىن كېلىپ خېلى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

— يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئارقىغا بۇرۇلۇپ، توقسۇندىن تارتىپ تۇرپانغىچە بولغان چەكسىز ئۇزۇن ئويمانلىقنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئويمانلىق قەدىمكى زامانلاردا چوڭ كۆل ياكى ئىچكى دېڭىز بولسا كېرەك!

— سىزنىڭ بۇ مۇلاھىزىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دېدى ھامىدىن غوجا قىزىشىپ، — توقسۇننىڭ مۇشۇ ئۇزۇن سايلىرىدا قېلىن تاشتۇز قاتلىمى بار. تۇز دېگەن كۆل ياكى دېڭىزنىڭ ياقىسىدا پەيدا بولىدىغان بايلىق. يەنە بىر ئىسپات: مەسىلەن،

سېرىقدۆۋەدىن قارغىچاقتا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا زىچ جايلاشقان چىرىگەن قومۇش يىلتىزلىرى بار. ئۇنى بىز «چىم ئۇتۇن» دەيمىز. مۇنچە كۆپ قومۇش يىلتىزلىرىغا قارىغاندىمۇ، بۇ جايلارنىڭ تارىخىي زامانلاردا چوڭ دېڭىز ياكى چوڭ كۆل ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ.

— تۇقسۇن ئەتراپىدا موڭغۇلچە جاي ئىسىملىرى خېلى كۆپ ئىكەن، — دېدى شائىر. ئۇ يۇقىرىدا سانالغان ئېقىنلارنىڭ ناملىرىغا زەن قويغانىدى.

— غول ئىچىگە كىرسەك، تاغ، داۋانلارنىڭ نامى ھەممىسىلا موڭغۇلچە، — دېدى ھامىدىن غوجا، جاۋاب ئورنىدا، — مەسىلەن ئۈستەغولنىڭ ئىچىدە بىز بېسىپ ماڭىدىغان بەشمىنتى، بۆرتى، ساغانسالا، دولەن، باغچىنغول دېگەن جاي ئىسىملىرى، ئالغۇي، ئېۋىرغول، شارغول، زورمۇتا دېگەن غوللارنىڭ ناملىرىمۇ موڭغۇلچە ئەمەسمۇ؟!

— XIII ئەسىرگە كەلگەندە، — دېدى شائىر، — كۈچلۈك موڭغۇل دەۋرى باشلىنىپ، چىڭگىزخان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغانىكەن، مۇنداق تارىخىي ئەھۋالدا بىر مۇنچە جاي ئىسىملىرىنىڭ موڭغۇلچە بولۇشى ئەجەبلىنىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس - دە!

پاراڭنىڭ قىزىقلىقى بىلەن بۇلار غول ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. غول ئىچىدە سۈپسۈزۈك بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى. يولۇچىلار سۇ بويىغا چۈشۈپ قول - يۈز يۇيۇپ بىر ئاز ئارام ئالماقچى بولۇشتى. ماناپ چۆگۈن قويۇپ چارەك سائەتكە قالماي چاي تەييارلىدى. ئاندىن ھەممىسى كىچىك داستىخان سېلىپ نان - توقاچ ۋە پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆش بىلەن ناشتا قىلىشتى.

— مەن بۈگۈن سىزدىن جىق رازى بولدۇم، — دېدى ھەمدۇل بايۋەچچە چاي ئۈستىدە ھامىدىن غوجىغا قاراپ.

— قايسى تەرەپتىن دەيسىز؟

— مېنىڭ رازى بولغان يېرىم، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ھەمدۇل بايۋەچچە، — مەن مۇشۇ يۇرتتا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. يېشىم 30 دىن ئاشتى. ئۆزۈمچە بۇ يۇرتتا مەنچىلىك ئادەم يوق دەپ ھېسابلىشىم مۇمكىن. ئاتام قادىر جەڭگى كۈچاردا تۇڭلىك، چوڭ ئاكام خوجا ئابدۇللا بەگ يىڭجاڭ، 200 دىن ئارتۇق ئەسكەر تۇتىدۇ. پۇل - مال، يەر - زېمىن بولسىمۇ يېتەرلىك بار. ئەمما مېنى توقسۇن ئەتراپىدىكى تاغ - دەريالارنى، ئېقىنلارنى ساناپ بەر دېسە ئېيتىپ بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن. سىز خۇددى يىپقا تىزىۋالغاندەك ئېيتىپ بەردىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆزىنىڭ مۇلاھىزە پىكىرلىرىنى قويدى، تارىخ سۆزلىدى. شۇ تەرەپلىرىدىگە قاراپ سىزلەردىن كۆپ رازى بولدۇم. راستىنى ئېيتسام بۈگۈن ئۆزۈم تۇغۇلغان يۇرتۇمنى چۈشەنگەندەك بولدۇم!

— شەخسەن مەنمۇ جىق رازى، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇشال كەيپىياتتا، — مەن ھازىر توقسۇن توغرىسىدا ئاساسىي چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. دۇنيادا ھەرقانداق يۇرتنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، تاغ - دەرياسى، تىرىكچىلىكى، ئۆرپ - ئادىتى بولىدۇ. شۇ يۇرتتا تۇغۇلغان ھەر بىر ئادەم، ھەر بىر ئەۋلاد ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ ھېچ بولمىغاندا شۇنچىلىك ئەھۋاللىرىنى بىلىپ ئۆتۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ياخشى ئەۋلاد ھېسابلىنالايدۇ. بىر ئادەم ئۆزى تۇغۇلغان يۇرتىنىڭ ئاش - تۈزىنى يەپ، تۈز بەرگەن يۇرتىنى تونۇمىسا، ئۆزىنىلا بىلىپ ئەسلىنى بىلمىسە، ئۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن! ئۇنداقلارنى دۇنياغا يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا كەلگەن دەيمىزمۇ! ئەگەر يەپ - ئىچىش ئۈچۈنلا كەلگەن بولسا، قوي دەيمىزمۇ ياكى ئۆي مۈشۈكى دەيمىزمۇ!؟ ھامىدىن غوجائاكامنىڭ ئۆز يۇرتى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئىگە بولغانلىقى ھەممىمىزنى، بولۇپمۇ شەخسەن مېنى جىق رازى قىلدى. ئەۋلادلار شۇنداق بولۇشى كېرەك - دە، ئەلۋەتتە.

چايدىن كېيىن بۇلار يەنە ئاتلىنىپ يولنى داۋام قىلدى.

يول سۇ بويلاپ سوزۇلغانىدى. ئۇلار ئىلگىرىلىگەنسېرى تاغ مەنزىرىسى سېھىرگەرنىڭ ئويۇنىدەك ئۆزگىرىپ باراتتى. تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا مەخمەلدەك تاۋلانغان يايلاقلار، قويۇق ئوت-چۆپلەر بىلەن تولغان جىلغىلار، باشتىن-ئاياغ يېشىل پاياندازغا پۈركەنگەن چوققىلار يەنە ئاللىقانداق سېھىرلىك مەنزىرىلەر يولۇچىلارنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىپ، بۇ توقاينىڭ ئارقىسىدا يەنە قانداق ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆرۈنىدىكىن دەپ قىزىقتۇراتتى. يولۇچىلار مۇنداق قىزىقىش ئىچىدە قويچىلار چۈشكۈن قىلغان ئۆتەكلەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالاتتى.

قاراتاغدا قوي كۆپ ئىدى. تۆت-بەش توقاي ماڭسىلا قوي ئۆتەكلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. مېھمانلار ئويناپ ماڭغان بولغاچقا، قويدىن-قويغا كۆچۈپ مېھمان بولاتتى. قايسىلا ئۆتەككە چۈشكۈن قىلغان بولسا، مالچىلار قوي سويۇپ قىزغىن مېھمان قىلاتتى. چېدىر ئالدىغا سورۇن تۈزۈپ مېھمانلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلايمىز دەپ توپلىشىۋالاتتى.

— بىزنىڭ تاغلىرىمىز، يايلاقلىرىمىز نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن چىرايلىق، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي شائىرانە ھېسسىياتلىرىنى بايان قىلىپ قويچىلارنى خۇش قىلاتتى، — تاغنىڭ يۈرەكنى ياشارتىدىغان ساپ ھاۋاسى، جاننى سۆيۈندۈرىدىغان بۇلاق سۇلىرى، ياغدەك پارقىراپ تۇرىدىغان گۈل-چېچەك، ئوت-چۆپلىرى نېمىدېگەن ئېسىل، مىسالى جەننەت!..

تاغ ئىچىنىڭ كېچىلىرى خۇددى كۆلنىڭ تەكتىدىكى تىلسىمات جايلاردەك ئىنتايىن تىنچ ئۆتەتتى. چىرىلدايدىغان قۇرت-قونۇزلار، ئۇشتەك چالىدىغان پاقىلار، تاڭ ۋاقتىدا چىللايدىغان توخۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بولمايتتى. يۇلتۇزلار گويا يازلىق توپ مەيدانىغا ئېسىلغان چىراغلاردەك يېقىنلا يەردە چاراقلاپ كۆرۈنەتتى. ساپ ھاۋا، سالقىن شامال كىشىنى تېتىكلەشتۈرۈپ،

روھنى ئۇرغۇتاتتى. مېڭىداق كۆكۈللۈك ئاخشاملاردا سۆھبەتلەر قۇرۇپ قىزغىن ۋە قىزىق سۆزلەپ بەرگەن شائىر بەزىدە شېئىر ئوقۇيتتى.

## 3

— پاھ، بۈرتىنىڭ ئىچى بىر بازار بولۇپ كېتىپتۇ! — دېدى ھامىدىن غوجا ھەيران بولۇپ، — نېمىدېگەن تولا چېدىر بۇ!...

دەرۋەقە بۈرتىنىڭ ئىچى چېدىر ئۆي، ئادەم ۋە ئات-ئۇلاغلار بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ كۆپلۈكى ھەرقانداق كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. غولىنىڭ ئىچىدىكى يامزاللار، دەرەخ ئارىلىرى ۋە تۈز يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالا قالمىغان، ھەممىلا يەرگە چېدىر تىكىلىپ قازانلار ئېسىلغانىدى. گەرچە بايرام تېخى باشلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاراق-شاراب ئىچىش، غېجەك تارتىپ ناخشا ئېيتىشلار ئاللىقاچان باشلانغانىدى. چىرايلىق كېيىنگەن باللار، چاچتەككە ئاسقان قىزلار ئويناپ، ئۆيدىن-ئۆيگە ئۆتۈشۈپ پىلدىرلاپ يۈرۈشەتتى. ھەممە ئادەم خۇشال، ھەممە ئادەم بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلگەنىدى.

مېھمانلار يول بىلەن ئىچكىرىلەپ كېلەتتى. بۇلار بۇ يەردىكى ئىبادەتخانا ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا بىرقانچە موڭغۇللار كېلىپ ئامانلىق سوراشتى. ئۇلار ئۇيغۇرچىنى ئوبدانلا سۆزلەيدىغان، ئادەتتە تۇغقۇن تەرەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلار بولغاچقا، تاغدىن-باغدىن سوراپ مېھمانلارنى تېنىۋېلىشقانىدى. ئادەتتە زېھنى ئۆچۈق، كۆزى پىششىق كېلىدىغان موڭغۇللار، بۇلارنىڭ بىرى كۇچا تۇڭلىكى قادىر جەڭگىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شايار، لوپنۇرلارغا شيەنجاڭ بولغان نىيازبەگنىڭ كۈيئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئالا-

AltunOq

ھىدە ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. بۇلارغا بىر دانە چېدىر ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۆزۈكلار ئۆلتۇرۇپ يەكلار دەپ قويىدىن نەچچىنى ئەكىلىپ باغلاپ قويدى. ھەتتا ئوتۇن، قازان قاتارلىقلارنىمۇ تەق قىلىپ نەقەدەر مېھماندوست ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئارا ئىسسىلىق موڭغۇل ھـوالىسى ئەتە - ئاخشىمىدا كېلىپ هال سوراپ مۇڭدىشىپ تۇراتتى. ئۇ ھەم ئۇيغۇرچە ئوچۇق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھەممە يەرنى بىلىدىغانلىقى، كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇش ئىكەنلىكى مەلۇم بولاتتى. سۆھبەت داۋامىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ موڭغۇلچە تىل ئۆگىنىدىغان ئارزۇسى بارلىقىنى ئاڭلىغاندا ئۇ چەكسىز خۇش بولۇپ:

— مەن، سىنىڭ قېيىن ئاتاڭ بىلەن ئوبدان تونۇشىمەن، ئۇ ياخشى ئادەم. بىز ئاغىنە بولغان، — دەپ ئېچىلىپ سۆزلەپ خۇشاللىق ئىزھار قىلدى، — ئەگەر سەن موڭغۇلچە ئوقۇپ بىلسەڭ، مەن ساڭا بىر ئالتۇن كىتاب تەقدىم قىلىمەن! — دېدى.

مەدىر بايرىمى راۋۇرۇس ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. ھەر كۈنى چېلىش بولدى، بەيگە چاپتى. بايرام خۇشاللىقىدا كېچىلىرى تاڭ ئاتاي دەپ قالاتتى.

مەدىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەمدۇل بايۋەچچە كۆكنەك ئىچى بىلەن توقسۇنغا قايتىپ كەتمەكچى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن، نىيازقارى ئىككىسى قاراشەھەردە قالدى.

ئۇلار ئارانىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئارا ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ۋەدىسىگە بىنائەن كىتاب ھەدىيە قىلدى. بۇ كىتاب موڭغۇل يېزىقىدىكى كونا قول يازما ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى ئېلىپ ئېچىپ كۆردى، ئەمما ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. نىيازقارىمۇ قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن:

— ئالتۇن كىتاب دېگىنىڭ شۇمۇ؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

ئارا ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىرىپ كەتتى - دە، «جە، جە» دەپ ئۇستى - ئۇستىگە تەكرارلىغاندىن كېيىن:

— قېيىن ئاتاڭ بىلەن ئاغىنە بولمىسام بۇ كىتابنى ساڭا بەرمەيتتىم، — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — بۇ سىلەرنىڭ ئاتا-بوۋاڭلارنىڭ يېزىقى، مۇسۇلمان بولماستا مۇشۇ خەتنى يازاتتىڭلار، ھازىر سىلەر بىلمەيسىلەر، ئالدى بىلەن ئۆگىنىڭلار، ياخشى چۈشىنىڭلار. بۇنىڭ ئىچىدە سىلەرگە پايدىلىق نۇرغۇن ئالتۇن-بايلىقلار بار!...

كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەيرلىشىپ ماڭغاندا، ئارا ئۇزىتىپ چىقىپ:

— ياخشى ئوقۇ، ياخشى ئۆگەن! — دەپ تەكرارلىدى...

# ئون يەتتىنچى باب

## 1

— ئەپپەي، ئەجەب بەك سانجىۋالدىمغۇ!

دوپپا تىكىۋاتقان ئايىمخان قولىغا يىڭنە سانجىۋېلىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قولى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتاتتى. يىڭنە سانجىلغان يەرنى چىڭ چىمدىپ زەھەرنى چىقىرىۋەتمەكچى بولدى...

ئۇ كىچىك ھەم تەنتەك بالا ئەمەس ئىدىغۇ! قانداق قىلىپ قولىغا يىڭنە سانجىۋالدى؟ بۇ ئەلۋەتتە سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەبنى شۇ تاپتا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى، پەقەت ئۆزىلا چۈشىنەتتى...

.... ئۇ تىكىۋاتقان دوپپىنى مۆلچەردىكىدىن نەچچە باراۋەر نەپىس، نەچچە ھەسسە چىرايلىق پۈتكۈزگەنىدى. يىپ رەڭلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاپ، گۈل كەشتىلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تىكىپ ئېچىلدۇرغان، زەر چېكىپ يۇلتۇزدەك چاقناتقان بۇ دوپپىنى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ئۆز قولى بىلەن كىيدۈرۈۋىدى، ئۇ يۈزلىگەن - مىڭلىغان كىشىلەر ئارىسىدا پاللىدە چاقناپ ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈندى. شائىر دوپپىغا ئىنتايىن خۇش بولدى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئايىمخاننىڭ ئېگىكىنى

كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ قويۇۋېدى، ئۇنىڭ تېنى قانداقتۇر لەرزان تۈيغۇ بىلەن تەسىرلىنىپ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق مەست قىلغۇچ تەسەۋۋۇر ئىچىدە قولىغا يىڭنە سانجىۋالغانىدى.

— ھە، ئايىم، قولۇڭنى ئۇۋۇلاپ قاپسەنغۇ! چايان چېقىۋالدىمۇ ياكى ئېرىڭنى سېغىنىپ يىڭنە سانجىۋالدىڭمۇ؟

دوستى خاسىيەت چوڭ ئىشىكتىنلا جاۋىلدىغان پېتى قاقاقلاپ كۈلۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان قىز بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرگەنىدى. ئايىمخان چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ دوستىنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا باردى-دە، بالىنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى.

— چوڭلا بولۇپ قاپتۇ! — ئايىمخان بالىغا ئامراقلىق قىلىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— تولا سۆيمە، ئېچىلىك كىرىپ قالىدۇ!

خاسىيەت قاقاقلاپ كۈلەتتى.

— سۆيگەنگە خۇش بول، — ئايىمخان بالىنىڭ مەڭزىنى تېخىمۇ تاتلىق شوراپ بىرقانچىنى ئارتۇق سۆيدى.

— سۆيىدىغان ئادىمىڭ قاراشەھەرگە كېتىپ راسا زېرىكىپسەن-ھە! نېمە قىلغىلى كەتتى، قاچان كېلىدۇ؟ ياكى ئۆيلىنىۋېلىپ يېتىۋالدىمۇ-يا! — خاسىيەت كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ گويا ئايىمخاننىڭ يۈرىكىنى چەكمەكچى بولغاندەك سۆز دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتى. ئەمما ئايىمخان ئۇنىڭ سۆزىدىن پەللىدە قىزىرىپ:

— بالاڭنى سۆيگەنگە شۇنچىۋالا جىق سۆزلەپ كەتتىڭمۇ! — دەپ بالىنى ئاستا يەرگە قويدى.

خاسىيەت ئايىمخان بىلەن تەڭتۇش ھەم دوست ئىدى. كۆزى بىلەن جاھاننى ئوينىتىدەن دەيدىغان ھېلىقى تۆت قىزنىڭ ئىچىدىكى كۆزى ئىتتىك بىرىنچى قىز شۇ ئىدى. ئايىمخاننىڭ تويى بولغان يىلى ئۇنىمۇ بۇيلۇق تەرەپكە ئەرگە بەرگەنىـ

دى. ئاردىدىن بەش يىل ئۆتتى. ئۈچ بالا تۇغۇپ ھەممىنى ئەي قىلدى. ئايىمخان ئۇنىڭ ئەكسى ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئۈچ بالا تۇغدى، ئەپسۇسكى، بالىلىرىدىن بىرىمۇ ئەي بولمىدى. كېسەل سەۋەبى بىلەن ئارقىمۇ ئارقا چاچراپ كەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، دەردى ئېغىر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن خاسىيەت ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، ھەر قېتىم ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە جۇمە قىلىپ كەلگەندە ئۇنى يوقلاپ تۇراتتى.

— شەلپەردەك قىزدىرىسەنغۇ، ئېرىڭ راستتىن ئۆيلىنىۋاپتۇمۇ؟ ئۆيلەنمەن دېسە بىر دەبدىلا ئۆيلىنىۋالىدۇ، شائىر ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق كاتتا شائىرغا قاراشەھەرلىكلەر قىزلىرىنى دۇئا قىلدۇرۇۋېرىدۇ!

— ئۆيلەنسە مەيلى ئەمەسمۇ!؟

— راستتىن ئۆيلەنگەن بولسا جېنىڭ پاققىدە چىقىپ كېتەر!

— مەن ئانچە يامان بولۇپ كەتمەيمەن!

— ماڭەي... ھەممىدىن بەكرەك چىدىمايدىغىنى سەن! — دەپ كۈلۈپ داۋام قىلدى خاسىيەت، — مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن! مۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە، ماڭا ئوخشاش شاراڭ-شۇرۇڭلار بىر ئاز ياخشى، دەيدىغاننى دەپ بېسىلىپ قالىمىز. ساڭا ئوخشاش ھەممە ئىشنى ئىچىدە يوشۇرۇۋالىدىغان، راست گېپىنى كىشىگە ئېيتقىلى ئۇنىمايدىغانلار ھەممىدىن بەك چىدىمايدۇ!...

خاسىيەت بۇ سۆزلەرنى چاقچاق تەرىقىسىدە سۆزلەپ كۈلەتتى، ئايىمخان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مۇناسىپ تەبەسسۇم بىلەن ئۇنى ئۆزى ئولتۇرغان كارىۋات تەرەپكە باشلاپ ماڭدى.

— گۈلىنى ئەجەب ئوخشىتىپ تىكىپسەن! — دېدى خاسىيەت كارىۋاتتا ئولتۇرا-ئولتۇرمايلا دوپپا كەشتىسىنى قولىغا ئېلىپ. ئايىمخان ئۆزىگە بولغان بۇ ماختاشنى كۈلۈمسىرەپ جىم تۇرۇش بىلەن قوبۇل قىلاتتى، — ئېرىڭنى راسا خۇش قىلغۇدەك سەن! قارا، كەشتىسى نېمىدېگەن ئاچقان! يىپ رەڭلىرىنىمۇ

خىللاپسەن. ئېرىلىك قايتىپ كەلگەندە، مۇشۇ دوپپاك ئۇچۇنلا سەككىز - ئونىنى ئارتۇق سۆيۈپ قويار!...

— باشقا گەپ - سۆزۈڭ يوقمۇ؟ — دېدى ئايىمخان خاسىيەتنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ.

— توختا، نېمە ئالدىرايسەن، ھەر گەپلىرىم بار تېخى، — دېدى خاسىيەت قولىدىكى دوپپىنى تاشلاپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى گۈللۈكتىن قىزىغا ئىككى تال سەبدەگۈل ئۈزۈپ بېرىپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئۆزى بىر تال ئەتىرگۈل غۇنچىسىنى يىرتۇۋېلىپ قايتىپ كەلدى.

— ماۋۇنىڭغا قارا، — دېدى ئۇ ئايىمخانغا قولىدىكى غۇنچىنى كۆرسىتىپ، — بۇ غۇنچە ئېچىلىشقا تەييار بوپتۇ، كۆردۈڭمۇ؟ ئۆز پوستىنى ئۆزى يېرىپ چىقىشقا چىڭقىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىپ ئېچىلغۇسى كەلگەن ۋاقتى، ئەتىگەنلىككە قارايدىغان بولساڭ بىر كېچىدىلا ئېچىلىپ گۈلگە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غۇنچىلىقى تۈگەيدۇ. بىلدىڭمۇ! ئۇ ئەمدى يېڭى ئېچىلغان گۈل، بەرنەچچە كۈنگىچە ياشلىق باھارىنى ساقلاپ مانا ماۋۇ گۈلگە ئوخشاش چاقناپ خۇش پۇراقلار چاچىدۇ،— ئۇ تولۇق ئېچىلغان بىر گۈلنى كۆرسىتىپ داۋام قىلاتتى، — بۇ ئۇنىڭ ئەڭ قەدىرلىك بولغان ۋاقتى. بۇنداق چاغدا ھەر قانداق ئادەمنىڭ ھەۋەس قىلىپ بۇ گۈلنى ئۈزگۈسى ۋە پۇرىغۇسى كېلىدۇ. لېكىن بۇ ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ. خۇددى كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، ئاندىن سولىشىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈلنىڭ باھارى تۈگەيدۇ. بىلەمسەن؟ سەنمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش...

خاسىيەت قاقاقلاپ كۈلۈپ ھويلىنى بىر ئالدى.

— ۋاي تەنتەك، نېمە دەيدىكىن دەپ ئاغزىغا قاراپلا قاپتىمەن، شۇ گەپمىتى!

ئايىمخان ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئاچچىق - چۈچۈك بىر قاراش بىلەن ئالىيىپ قويدى.

— ھە نېمە ئالىيىسەن؟ گۈلگە ئوخشاتقىنىمغا خۇش بول! — دېدى خاسىيەت.

— گۈلگە ئوخشىماي نېمىكەنمەن؟

— تېخى بىلمەمسەن! سەن دېگەن يىلتىزى يوق پور كۆكتەك، پۈۋلىۋەتسە نەلەرگە كېتىدىغان قامغاق!

ئۇلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ رەسمىي مۇڭدىشىشقا باشلىدى.

— ئېرىڭ بالا توغرىسىدا بىر نېمە دېمەمدۇ؟ — دەپ سۆز باشلىدى خاسىيەت.

— ياق، ئۇ ھېچنېمە دېمەيدۇ! — ئايىمخان تولۇق ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بېرەتتى. خاسىيەت ئۇنى قايىرىپلا:

— ئوخلاپ چۈشۈڭ! — دېدى چىرايىغا قەتئىي تۈس ئېلىپ، — ئەر دېگەن بىر دەمدىلا ئۆزگىرىدۇ. ئۇلاردا ئىنساپ يوق، تاشلىۋەتكۈسى كەلگەندە بىر دەمدىلا تاشلىۋېتىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئايال كىشى ئىشنىڭ قىزىقىدىلا بالىدىن نەچچىنى تۇغۇپ چوڭ قىلىپ يىلتىز تارتىۋېلىشى كېرەك. ئۇ چاغدا ئەركىشى قىمىر قىلالمايدۇ. بىلەمسەن، سەن ھازىر يىلتىزى يوق كۆكتەككە ئوخشاش...

— دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى قورقۇنچلۇق گەپلەرغۇ! — دېدى ئايىمخان كۈلۈمسىرەپ. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر خىل ئەندىشە ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي! — دېدى خاسىيەت بالىسىنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئولتۇرۇپ. ئۇنىڭ سۆز ئاھاڭىدىن ھەقىقىي ئاغرىنىشلىق قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ئۆزۈڭگە ۋاقتىدا سەۋەب قىل. ئېرىڭ بىر نېمە دېمەيدۇ دەپ جىم ياتما! ھەي ئايىم، مەن ساڭا بىر سۆز ئېيتاي، ئۇ ئىشنى قىلامسەن، قىلمامسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى...، — چىرايىغا جىددىي تۈس

ئالغان خاسىيەت سۆزىنى داۋام قىلاتتى، — تۈيۈق تەرەپتە كې-
رەم شەيخ دەيدىغان بىر موللا بار دەيدۇ. ئۇ موللا ئوقۇپ
قويسا ياكى ھۈرداپ قويسا تۇغمايدىغان ئاياللار تۇغىدىكەن،
بالىسى تۇرمىغانلارنىڭ بالىسى تۇرۇپ قالىدىكەن. بىزنىڭ مەھەللى-
دە نەچچە ئايال شۇ ئادەمگە ئوقۇتۇپ بالىلىرىنى قاتارغا قوشۇپ
كەتتى. قاراغوجىدا يەنە بىر تاپقاق ئايال چىقىپتۇ دەيدۇ، ھەر-
قانداق ئادەم ئىشىكتىن كىرگەن ھامانلا كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇ-
رۇپ پۈتۈن دەرد-ئىللەتلەرنى تېپىپ چىقىدىكەن! سەنمۇ ئامال
قىلىپ، تاپقاق بۈۋىلەرنىڭ ئالدىغا بارامسەن، شەيخلارغا ئوقۇ-
تامسەن، ۋاقتىدا بىر ئىش قىل، ئەر خەق دېگەنگە ئىشىنىپ
كەتكىلى بولمايدۇ!

خاسىيەت يەنە بىرمۇنچە سۆزلەرنى قىلىپ مۇڭداشقاندىن
كېيىن، خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئايىمخاننى
تەسىر قىلغانىدى. چۈنكى بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ خېلى ئېغىر ئىچ
پۇشۇقى بار ئىدى. توي قىلغاندىن بۇيان تۇغۇلغان ئۈچ بالى-
نىڭ بىرەرسىمۇ ئەي بولمىغانلىقى ئاتا-ئانىغا بولۇپمۇ ئانا
كىشىگە نىسبەتەن كۆتۈرەلمىگۈسىز ئەلەم بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن
ئايىمخان قايغۇرۇپ ئىچىنى ئۇراتتى، ئەر-ئايال تۇرمۇشىنىڭ
ئەڭ لەززەتلىك مەھسۇلى بولغان بۇدرۇققىنا پاقلان باللىرىنى
سۆيۈپ ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغۇسى كېلەتتى. كېچىلىرى راستىنەك
تۈيۈلىدىغان شېرىن چۈشلەرنى كۆرەتتى. بەزىدە كۆرگەن چۈش-
لىرىگە ياخشى تەبىرلەر بېرىپ ئۆز ئارزۇسىنى ئىشەنچلىك ئۈمىد-
لەرگە باغلاپ كۆڭلىگە ئاراملىق بېرەتتى... ئەپسۇسكى خىيال دېگەن
ھامان خىيال، چۈش دېگەنمۇ خىيالنىڭ ئۇيقۇۋاقىتىكى بىر ئىنكاسى.
ئەمەلىيەت ئۇنىڭ قىلغان ھەرقانداق شېرىن خىيال، كۆرگەن
تاتلىق چۈشلىرىنى بەربات قىلىپ، ئۇنى يەنىلا پۇشقۇناۋۇق سەھ-
راسىغا سۆرەپ تاشلايتتى.

خاسىيەت بۈگۈن تاقا-تۇقا، كېلىش-پەخەس سۆزلەرنى

قىلىپ بىر مۇنچە قاقاقلاپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئايىمخاننىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلىۋېتىپ، قانداقتۇر بىر خىل ئېچىتقۇ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ خىيالىدا قانداقتۇر تاپقاق بۇۋىلەر ۋە دەم سالغۇچى شەيخلەرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن گويا ناھايىتى ئاسانلا مەدەت - دەرمان تېپىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئايىمخاننىڭ بۇ دەردىنى بىرلا ئادەم — ئۆز ئاپىسى گۈلزىمرا خېنىم تولۇق چۈشىنەتتى ۋە قولىدىن كېلىدىغان چارىلەر بىلەن ياردەم بېرەتتى. مازارلارنى يوقلاش، شەيخلەرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش، دەم سۈيى ۋە شەكىل يازدۇرۇپ ئېزىپ سۈيىنى ئىچكۈزۈش ۋە باشقا ئىشلارنى تىنىمسىز ئىشلەپ كۆرەتتى. بۇ چارىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بىھۇدە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرسىمۇ، ئانا كۆڭلى يەنىلا بېسىلمايتتى. قىزىنى تۇيۇق غوجامغا ۋە چوڭ ئارشاڭلارغا ھەر يىلى ئاپىرىپ يۇيۇندۇراتتى، نەزىر قىلاتتى، چىراغلارغا ياغ قۇياتتى، شەيخلەرگە ئۇچۇغدىتاتتى. بىر قېتىم تۇيۇق غوجامغا بېرىپ قايتىشىدا، رەنا تاپقاق بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمىشقا ۋاقتىدا ئەكەلمىدىڭىزلار، بىچارە بالىنىڭ بەل ئاستىنى قۇقاق تۇتۇپ كېتىپتۇ!...، — تاپقاق بۇۋى ئۇلارنى كۆرۈپلا تىنچلىق سوراشنىڭ ئورنىغا قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى، — مۇنداقمۇ بىخەستەلىك بولامدۇ! ۋاي ئىسىت، تۇغۇلغان بالا قانداق ئەي بولسۇن! چاپسان قان قىلىڭىزلار، چوڭراق قارا مالغا قان قىلىپ پىرە ئوينىتىڭىزلار. بەلىنىڭ ئايىغىنى ھوردىتىپ كۆرۈڭىزلار، خۇدايىم شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس!...

تاپقاق بۇۋى دەل ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئىش ئۈستىدىن سۆزلەپ ھەيران قالدۇرغانىدى.

بۇ ئىشلار ئىنتايىن يوشۇرۇن ئىشلار بولسىمۇ، قېيىن ئانا نىياز

خېنىم ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇيۇق غوجادىغا ۋە چوڭ ئارشاڭغا قىلغان سەپەرلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: بوپتۇ، قىزىنى ساقايتسۇن، تۇزۇلۇپ قالسا ماڭا نېمە، بالامنىڭ بالىسى ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلسا ياخشى ئەمەسمۇ! دەپ، بىلمەسكە سېلىپ قۇلىقىنى يوپۇراتتى...

## 2

چۈش قايرىلغان بىر چاغدا ھويلىنىڭ بىر چېتىگە چوڭ گۈلخان يېقىلغانىدى. ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يىللاپ كەتكەن قۇرۇق ئۆرۈك ئوتۇنى قالانغان بولغاچقا، چاراسلاپ يالقۇنجاپ كۆيەتتى. ھاۋا قىزىغان يازنىڭ كۈنلىرىدە مۇنداق يالقۇن كىمگە خۇش ياقسۇن! ئۇنىڭ ئاتەش يالقۇنى ھەرقانداق ئادەمنى يىراقتىنلا قىزدۇرۇپ قاچۇرۇۋېتەتتى. پەقەت كىرەم شەيخنىڭ ئىككى دۇردىتىلا گۈلخان ئەتراپىدا ھەپىلىشەتتى. ئۇلار گۈلخانغا تاۋۇقلاپ ئوتۇن تاشلاش، چوغلارنى توپلاپ ئۈستىگە مونەك ـ مونەك تاشلارنى ۋە ئەسكى كەتمەنلەرنى تاشلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى قارامتۇل ئورۇق چىرايى ئوتنىڭ ھارارىتىدە قىزىرىپ تېخىمۇ قارا كۆرۈنگەندىن تاشقىرى، خىردى ئوتقا قاقلانغان چەمدەك پارقىرايتتى. ئۇلار يەنە لايغا چۈشىدىغان كىسەكچىلەردەك پۇشقاقلىرىنى تىزىغىچە تۈرۈۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قاپقارا ئىنچىكە پاچاقلىرى يېڭىلا تونۇرغا سالغان كۆسەيدەك كۆرۈنەتتى.

شەيخ كىمىر ئۆيدە دۇئا ئوقۇۋاتاتتى. زور ھەم قوپال گەۋدىلىك، چاڭگا ساقال كەلگەن شەيخ غۇۋالاشتۇرۇلغان قاراڭغۇ ئۆيدە خۇددى ئۆڭكۈردە ئولتۇرغان ئېيىقتەك سۈرلۈك قىياپەتتە، قانداقتۇر ئۇققىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ زەمبىلگە تېگىپ تاشلانغان ئايىمخانغا سۈپكۈچ قىلاتتى. ئۇنىڭ



AltunOq

بەدھەيۋەت ئاۋازى كىمىر ئۆيدە خۇددى قاپاقغا كىرىپ قالغان ھەرىدەك بوغۇلداپ ئاڭلىناتتى.

بۈگۈن ئۇلار رەنا خېنىمنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئايىمخاننى ھورداپ قوقاقلاردىن خالاس قىلماقچى... كىمىر ئۆيىنىڭ ماندىسىغا سىز بىلەن تولدۇرۇلغان يوغان بىر داسنى توختىتىپ ئۇنىڭدىن بىرەر غېرىچ ئېگىز قىلىپ ئايىمخان ياتقۇزۇلغان زەمبىلنى يۇختا ئورناتقان ۋە ئۈچ قات يوتقان يېپىپ دۈملەپ تەق قىلغانىدى. شەيخ ئەنە شۇ ئۆيدە بوغۇلداپ ئوقۇپ، چۈشكۈرگەندەك سۈپكۈچ قىلىۋاتاتتى. مۇرىتلاردىن بىرى دوكۇلداپ كېلىپ:

— خوش ئاخۇنۇم، تەييار بولدى، — دەپ قول قوشتۇرۇپ جاۋاب كۈتتى.

— ھە، تەييار بولدىمۇ، باشلاڭلار! — دېدى شەيخ جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

— خوش.

مۇرىتلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ چوغدەك تاۋلانغان تاش، كەتمەنلەرنى قىسقاچلار بىلەن قىسىپ ئەكىلىپ داستىكى سۇغا تاشلاشقا باشلىدى. داستىكى سۇ پورۇقلاپ قايناپ ھور كۆتۈرۈلدى. ئۆي ئىچى بىردەمدىلا پارلىق مۇنچىدەك پارغا تولغانىدى. شەيخ ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ تۇرۇۋالدى، مۇرىتلار بىرى كەتسە، بىرى كېلىپ، داستىكى سۇغا چوغدەك قىزارغان تاشلارنى تاشلاپ تۇراتتى.

— ۋايجان... ۋاي...

ئايىمخاننىڭ زارلىنىشىنى شەيخ ئاڭلىماسقا سېلىپ مۇرىتلارغا كايىپ:

— قىزىق تۇتۇڭلار، سوۋۇپ قالماڭلار!... ھە! — دەيتتى.

مۇرىتلارنىڭ ئايىغى يەرگە تەگمەي دېگەندەك يۈگۈرۈپ قىزىغان تاش، كەتمەنلەرنى ئەكىلىپ تاشلاپ تۇراتتى.

— جىنىم ئاپا، مېنى قۇتقۇزۇۋال، ھېچ ھالىم قالمىدى ...

ئايىمخاننىڭ نالىسىنى ئاڭلىغان ئانا كۆزىگە ياش ئېلىپ شەيخقا بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئايىمخان يەنە زارلاندى:

— جىنىم ئاپا، ماڭا رەھمى قىل! ...

— موللام، بالا بەك قاقشاپ كېتىۋاتىدۇ! — دېدى ئانا بىتاقەت بولۇپ.

— جىم تۇرىڭىزلار، ئايال خەق دېگەن مۇشۇنداق چىدامسىز، تېخى ئۆچكىدەك مەرەيدۇ ...، — دېدى شەيخ ئۇلارنى سىلكىشلەپ.

ئۆي ئىچى ھور بىلەن تولغانىدى. تىنىق تارتقىلى بولمايتتى. ئۆيگە پەقەتلا ئىككى مۇرىت يۆگۈرۈپ كىرىپ، يۆگۈرۈپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلەك - تامباللىرى تەردە چۆپ بولۇپ كەتكەنىدى.

— ۋاي جىنىم ئاپا، ۋاي ئابدۇخالىق ...

— ھە مانا ئاز قالدى. ئۆچكىدەك مەرەيدىغانغا ئاز قالدى ... قىزىق تۇتۇقلار! — دېدى شەيخ بېشىم ئىشلىنىپ. ئۇ ھېچكىمنى ئېغىز ئاچقۇزغىلى قويمايتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئايىمخان «ئاپا» دەپ ئاچچىق تولۇلاپ قەي قىلغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋازى ئۆچۈپ قالدى.

— ھەي موللام، بالىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىغۇ!

ئانا سەۋرسىزلىك بىلەن بۇسۇپ كىرىپ ئايىمخانغا يېپىشىۋالدى. باردى ۋە تەمتىرىگەن ھالدا يەنە بىر ئايالنى چاقىرىپ ئايىمخاننى زەمبىل بىلەن كۆتۈرۈپ تاشقىرى ئەپچىقتى. ئايىمخان ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئاغزىدىن يانغان زەرداب سۇل تەرەپ جاۋغىيىدىن ئېقىپ قالغانىدى.

— ۋاي جىنىم بالام! ...، — ئانا تىلىقىپ يىغلاشقا باشـ

لىدى، يەنە بىر ئايال يوتقانلارنى ئالدىراشلىق بىلەن ئېچىپ چۆرۈپ تاشلايتتى، ھەر بىر يوتقاننى ئاچقاندا ئۇنىڭدىن خۇددى قاسقاندىن كۆتۈرۈلگەن ھوردەك كۆيدۈرگۈچ ھور پۇرقۇپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كۆيدۈرەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، پىشىپ قالغىلى تاس قاپتۇ! — دېگەن ئايال ئايىمخاننىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپ كۆردى، — مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ - ھە! — دەپ تاڭ قالدى ئۇ.

ئايىمخان ھوشسىز ياتاتتى. ئانىسىنىڭ ئۆز بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمايۋاتاتتى. باشقىلارنىڭ كۆيدى - پىشتى بولۇپ ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتاتتى. ئۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ھالەتتە ياتاتتى، ياش چوكان خۇراپىي ئېتىقادنىڭ كەچۈرۈم قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى، پەقەت بىرى سۈپىتىدە ياتاتتى. بۇ پاجىئە ئىدى، قانچە يۈز يىللاردىن بۇيان جەمئىيەتنى قان يىغلىتىپ، چىدىغۇسىز ھەسرەت - نادامەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ كېلىۋاتقان پاجىئەلەردىن پەقەت بىرسىلا ئىدى.

ئايىمخان يېڭىلا ئۆز ئايىقى بىلەن كەلگەن ئەمەسمىدى!؟ ئۇ ھازىر خۇراپاتلىقنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ بىھوش ياتماقتا. ئەگەر ئارانچە بىلىنىۋاتقان تىنىقى بولمىسا، ئۇنى ئۆلگەن دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى.

قولۇم - قوشنىلار توپلىنىشقا باشلىدى. ھەممە كىشى بىمارنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتاتتى، ئېزىلەتتى، ئەزمۇدە بولاتتى. نېمە چارە، نېمە ئامال؟ بولار ئىش بولۇپ بولغان. ھەممە كىشى كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈچى «تەقدىر، تەقدىر ئىلاھى» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىپ بىر بىرىگە قارىشاتتى. شۇنداق پەيتتە، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۇنۇملۇك سۆزى بولمايتتى. ئاياللار بولسا تولىراق كۆز يېشىغا زورلىشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە قىلالىسۇن؟!

بۇ ۋاقىتتا شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئاكسىز مۇرىتلىرى ئاللىقاچان قويرۇقىنى تىكىۋەتكەنىدى. ئۇلار يەنە قايسى بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يەنە ئاللىقانداق كىشىلەرگە ئالۋاستىدەك چاپلىشىپ زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇلارنىمۇ زار - زار يىغلىتىپ قاقشىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ يۈرىدىغاندۇ!

ئايىمخان شۇ كۈنى كەچ تەرەپتە بىرئاز ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، خېنىم باشلىق ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلار خۇشال بولۇپ ھال سوراشقا باشلىدى. «قانداقراق؟ بىرئاز ياخشىمۇ؟» دېگەندەك گەپ - سۆزلەر يامغۇردەك چۈشەتتى. ئايىمخان ئۆز بېشىدا ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. پەقەت كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

ئايىمخان نېمە دېسۇن، قانداقمۇ گەپ قىلسۇن! بىر كۈن ئىچىدە بولغان بۇ ئىشقا نېمە دېيەلىسۇن! بۈگۈن ئەتىگەنلىكتە گويا تۈگمەندىن پۈتۈن چىقىدىغان دەرىجىدە ساغلام ئورنىدىن تۇرغان ئەمەسمىدى. ھازىرچۇ؟ قانداقتۇر مۇدھىش قارا قۇش مۇجۇپ تاشلىغان بىر پارچە خام گۆشتەك يېتىپتۇ. ئاچچىق ئاغرىغان يېرىنىڭ تايىنى يوق، ئۇنىڭ ئەزالىرى گويا سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك، نە ئاغرىغانلىقىنى، نە ھاياتىي كۈچى بارلىقىنى خەۋەر قىلالمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دەرۋەقە بۇ ئاشۇنداق غەلىتە ئاغرىق. ھەرقانداق ئۇستا تېۋىپلەرمۇ تومۇر تۇتۇپ ئىلغا قىلالمايدىغان، ھەرقانداق دورا كىرىشمەيدىغان غەلىتە ئاغرىق ئىدى. شۇڭا ئۇ قانداقراق، بىرئاز ياخشىمۇ؟ دېگەندەك سوراقلارغا ھېچقانداق جاۋاب قىلالماستىن، ئۆزىنىڭ چۈشۈپ قالغان ئەھۋالىغا قاراپ كۆزىگە ئاچچىق ياش ئالاتتى ...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 10 - ئايلاردا قاراشەھەردىن قايتىپ ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىچىگە كىرگەندە، تەبىئەت قانۇنى بويىچە بىر مەۋسۇمنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ھەممە يېشىللىقلارنىڭ سارغىيىپ، قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شائىـ

رانە ھېسسىياتلارغا چۆمۈلگەنىدى. لېكىن ئورۇقلاپ قۇرۇق سۆ-
ڭەككە ئايلىنىپ قالغان ئايىمخاننى كۆرگەندە داڭ قېتىپلا قال-
دى. نېمە بولدى، نېمە بالا تەگدى؟ دەپ قاتتىق تووۋلاپ ھۆڭ-
رەپ يىغلىماقچى بولدىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا
قېيىن ئاپىسى كۆز يېشى قىلدى. ئۇنىڭ كۆز يېشى پۇشايمان
يېشى ئىدى. شائىر ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا بىمارنىڭ پېشا-
نىسىنى ۋە قوللىرىنى تۇتۇپ سىيلىدى. ئايىمخان كۆزىنى ئېچىپ
ئۆز بېشىدا ئولتۇرغان شائىرنى بىرلا قېتىم كۆرگەندىن كېيىن
قايتا كۆزىنى ئاچمىدى. گويا ئۇ كۆز يېشى بىلەن سۆزلەشمەك-
چى بولغاندەك تىنىمسىز ياش تۆكەتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى
بىردەم - بىردەم ياش تامچىلىرى بىلەن تولۇپ قالاتتى. شائىر
يۇمشاقىنا قول ياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى
سۈرتەتتى ...

بىمارنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە زەئىپلەشمەكتە، شائىر
كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك ئايرىلماستىن خەۋەر ئالماقتا ئىدى.
كېيىنكى كۈنلەردە بىمار نېمە ئۈچۈندۇر شائىرنىڭ قولىنى تۇ-
تۇۋالىدىغان ۋە ئۇنىڭ قولىنى مەڭزى ئاستىغا ئېلىپ يېتىۋال-
دىغان بولدى. بۇ ھال بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. ئايىمخان-
نىڭ يۇمشاق تىنىقى، ئىللىق نەپەسلىرى شائىرنىڭ قولىغا يې-
قىملىق سېزىلىپ تۇراتتى. لېكىن بىر كېچىسى تاڭ ۋاقتىدا ئا-
يىمخاننىڭ قولى بىردىنلا بوشاپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپىسى توخ-
تاپ قالغانىدى. ئۆيدە يىغا - زارە كۆتۈرۈلدى ...

ئەتىسى جىنازا نامىزى مىسلىسىز چوڭ بولدى. نىيازبەگنىڭ
قىزى، ئابدۇراخمان مەخسۇمنىڭ كېلىنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر-
نىڭ رەپىقىسى ئايىمخاننىڭ جىنازا نامىزىغا پۈتۈن يۇرت، پۈ-
تۈن ئۇرۇق - تۇغقانلار، يارۇ بۇرادەرلەر بولۇپ ناھايىتى
كۆپ ئادەم توپلانغانىدى. يىغىلغان ئادەملەر كېلىپ شائىر بى-
لەن كۆرۈشەتتى. مەخسۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر قاتارلىق



AltunOq

يىغىنلار كېلىپ كۆرۈشكەندە، شائىرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى.

— سەۋرى قىلىڭ، سەۋرى قىلىڭ! — دېدى مەخسۇتباي شائىرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، — بىزدىكى نادانلىق، خۇراپاتلىقلار سىز بىلەن بىزنى يەنە كۆپ قېتىم يىغلىتىدۇ. جىگەرلىرىمىزنى خۇن قىلىپ قان يىغلىتىدۇ!

شائىرنىڭ ۋۇجۇدى نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى غەزەپ بىلەن ئۆرتەنمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا يەر - جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كۆرۈنەتتى. دەل - دەرەخلەر كۆمتۈرۈلۈپ، ئۆي - ماكانلار ئۆڭتەي - توڭتەي بولۇۋاتاتتى. يەكتەكلەرگە ئورالغان سەللىلىك يۈزلىگەن - مىڭلىغان ئادەملەر گويا چۆلدىكى ئىزدىتقۇدەك پىلىلداپ كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ رەتسىز، چۇۋالچاق سېپىدىن خۇراپاتلىق، نادانلىقنىڭ چاڭ-توزانلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە خۇراپاتلىق گويا ۋەھشىي ئېيىق بولۇپ، ئۇچرىغانلا ئادەملەرنى چىشلەپ نابۇت قىلىۋاتاتتى، خۇراپاتلىق گويا دەھشەتلىك ئەجدىھا. پۈتۈن - پۈتۈن يېزا - سەھرا، كەنتلەرنى سۈمۈرۈپ يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى ياكى ئوت پۈركۈپ كۆيدۈرۈپ خاراب قىلىۋاتاتتى. خۇراپاتلىق گويا بىر ئاپەت، گويا بىر ۋابا، پۈتۈن - پۈتۈن شەھەر، رايونلارنى خانىۋەيران قىلىۋاتاتتى ...

ناماز ئوقۇلۇپ، تاۋۇت ئۇزاپ ماڭغان چاغدا، شائىر ئۆزىنى خېلىلا تۇتۇۋالغانىدى. خۇراپاتلىقنىڭ ئاچچىق ئەلەملىرى ئىچىدە ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندىن كۆرە، بەلكى ئۆز بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەمنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خۇراپاتلىقتىن ئىبارەت بۇ ياۋۇز ئېيىققا، بۇ زەھەرلىك ئەجدىھاغا، ۋابا- ئاپەتلەرگە قارشى كەسكىن كۆرەش قىلىش لازىملىقىنى ئۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى.

# ئون سەككىزىنچى باب

... يۇلتۇزلار كۆچۈپ تۇرىدۇ، تاۋۇتلار ئۈزۈپ تۇرىدۇ. كۈنلەر - يىللار ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن ئىشلار، ئۆتكەن كۈنلەر ھەش - پەش دېگۈچە خىيالغا ئايلىنىپ ئىس-تىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئويۇننىڭ قىزىقى كېيىنىدە دېگەندەك، يېڭى - يېڭى قىزىق ئىشلار پەيدا بولۇپ، ئادەمنى قىزىقتۇرۇپ ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدۇ. يېڭى ئىش، يېڭى مەشغۇلاتلار ئۆز زو-رۇرىيىتى، ئۆز سۈرئىتى بىلەن كىشىلەرنى ئالدىراش كويلارغا سېلىپ، ئۆتكەننى ئەسلەيدىغان ھەپىسلىسىنىمۇ قويمايدۇ. كىشى-لىك ھايات ئەنە شۇنداق قىزىقچىلىق - ئالدىراشلىق بىلەن داۋام قىلىدۇ ...

ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئانام ئۆلدى دەپ بالىسى، بالام ئۆلدى دەپ ئانىسى ئۆلىدىغان بولسا، دۇنيادا ئادەم قالامدۇ! ئادەمسىز دۇنيانىڭ قىزىقى بو-لامدۇ، قىزىقى بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭدىن كىم ھوزۇرلىنىدۇ؟ مانا ... كېچە كۆچكەن يۇلتۇزلارنىڭ ئوت قۇيرۇقى تېخى ئۆچ-مەيلا، كېچە ئۈزىغان جىنازىنىڭ ھازىسى تۈگىمەيلا، جەم-ئىيەتتە بىر يېڭى ناخشا چىقتى. ناخشىنىڭ ئېتى «ئاچىل!» بۇ نېمەدېگەن شوخ ناخشا — ھە! نېمەدېگەن يېقىملىق — ھە! «ئاچىل» دېگەن سۆزچۇ! بۇ سۆز نېمەدېگەن جانلىق، نېمەدې-

گەن جاراڭلىق - ھە!. گۈل ئاچىل، بەختىم ئاچىل، يارىم ئا-
چىل، مەكتەپ ئاچىل، داغدام يول ئاچىل! ھەرقانداق ئارزۇ-
ئىستەكلەرگە ماس كېلىدۇ، «ياشا» دېگەنگە ئوخشاش قۇلاققا
خۇش ياقىدۇ! بۇ ناخشا پەيدا بولۇپلا، قايىنام شەھەرلەرنى، پا-
يانسىز يېزا - سەھرالارنى، ياپيېشىل قىر - دالالارنى باھارنىڭ
ئاپتىپىدەك قاپلاپ كەتتى. ئەگەر دۇنيا ئادەمسىز بولسا،
«ئاچىل» نى كىم پەيدا قىلاتتى، كىملەر ئېيتاتتى، كىملەر ھۇ-
زۇرلىناتتى دەيسىز!؟ ...
ئۇنىڭ بېيىتلىرىچۇ، نېمىدېگەن تەسىرلىك، نېمىدېگەن
ئاھەڭباب - ھە!

«بەش - ئالتە زامان بولدى، ئاچىل،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ، ئاچىل،
يۈرەكتىكى زەرداب سىز، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
قانغا ئۆرگىلەي دەيدۇ، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل!»

بېيىتنىڭ ئۆزىگۇ خەلق ئىچىدىكى بېيىت، ئاھاڭ نەدىن
كەلدى، قانداق پەيدا بولدى؟ بۇ تەرەپلىرىنى بىلگىلى بولمايت-
تى. كىم ئۆگەتتى؟ ئۆگەتكەن كىشىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.
ئەمما بۇ ناخشىنى قېرى - ياش، ئەر - ئايالنىڭ ھەممىسى بى-
لەتتى، ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ «ئاچىل - ئاچىل، گۈل ئاچىل»،
دەپ چۇرۇقلىشاتتى.
بۇ ناخشا 30 - يىلنىڭ ئەتىيازلىقى پەيدا بولدى، باھار-
دا جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى يېشىللىق قاپلاپ كەتكەنگە ئوخ-
شاش، بۇ ناخشا ھەممە يەرنى قاپلاپ بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى.
چوڭ - كىچىك ھەممە ئەل قىزغىن سۆيۈپ جۇشقۇنلۇق ئېيتىشا-
تاتتى، توسالغۇلۇق قىلغۇچىلار چىقتى. ئىمام - مەزىنلەر «ناخ-

شا دېگەن ئازازۇلنىڭ ساداسى»، ئەزان ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس، دەپ قارشى چىقتى. ھەرىكەتلەر قىلدى ...

— توختىڭىزلار، بىردەم تەخىر بولىڭىزلار، ئىككى ئېغىز سۆز بار ئىدى، — مەزىن خۇپتەندىن يانغان جامائەتنىڭ ئالدىنى توستى. جامائەت توختىغاندىن كېيىن ئىمام سۆز قىلدى،— ھازىر نەگىلا بارساق ئاچىل، چوڭلارنىڭ ئاغزىدىمۇ ئاچىل، بالىلارنىڭ ئاغزىدىمۇ ئاچىل، نېمىدېگەن تولا ئاچىل بۇ! نېمىنى ئاچماقچى، ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسىنى ئاچماقچىمۇ!؟ ئويلاپ كۆردىڭىزلار، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ بىر شۇملۇق، مەشئۇملۇق، ناخشا دېگەن ئازازۇل (شەيتان) نىڭ ئاۋازى. ئۇنى ئېيتىش شەيتاننىڭ ئىشى، بىز مۇسۇلمان بەندىلەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساقلا كۇپايە!

قىزىق قان بىر سوپى قىزىپ كەتكىنىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىمامنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق، قازاننىڭ قاينىشىغا» دەيدىغان بىر گەپ بار. ھازىر نېمە بالا بولدى، بالىلارنىڭ تىلى «ئاچىل» دەپ چىقىدىغان بولدى، شۇملۇقنى تىلەۋاتىدۇ. بۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس. بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك. ھەر كىم ئۆز بالىلىرىغا ئىگە بولسۇن، «ئاچىل» دېگەن بالىلارنىڭ تىلىنى سۇغۇرۇۋېتىش كېرەك!

سوپى ئاچچىقىدا تىترەپ كېتىپ، قىلىۋاتقان سۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا يەنە قانداق سۆزلەرنى قىلاتتىكىن! ھەر ھالدا ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرىدىن، يۈز تېرىلىرىنىڭ زەھەر قايناۋاتقاندەك لىپ - لىپ قىلىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئاچىل ناخشىسىغا جان - جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ئىتلار قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان كېتىۋېرىدۇ» دېگەندەك، ئۇنداقلارنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن بۇ ناخشا توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى تېخىمۇ ئومۇملىشىپ ئەۋج ئالغانىدى. «ئاچىل» دېگەن سۆزنىڭ «ياپىل» دېگەن سۆزدىن جاراڭلىق ھەم ئۇرغۇلۇق بولغانلىقى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ھەم يېقىملىق ئورۇن ئالغانىدى. قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇقنىڭ، ئۆلۈمدىن كۆرۈمنىڭ، يوقال دېگەندىن ياشا دېگەننىڭ يېقىملىق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم «ئاچىل»نى زوقى بىلەن ئېيتاتتى. گويا بۇ ناخشىنى ھەر بىر ئادەم ئۆز يۈرىكىدە يېنىۋاتقان ئوت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېيتاتتى. ئېيتقانسېرى كۆڭلى ئېچىلىپ پەرىشانلىقى چېچىلغاندەك، پۇخانى چىقىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەندەك، روھى ئۇرغۇپ تېتىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

«ئاچىل، ئاچىل، گۈل ئاچىل!» پاھ بۇ نېمىدېگەن جاراڭلىق، نېمىدېگەن شاۋقۇنلۇق ناخشا بۇ! يۈرەكلەرنى تىترىتىدۇ. جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ. گويا بىر نەئرە، گويا دېڭىز شاۋقۇنى، دەۋر ساداسى، خەلق ئاۋازى! ...» — دېدى شائىر ھاياجانلىنىپ. ئۇ، ئۆز ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. شۇ يىللاردىكى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، دەرد - ئەلەملىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بۇ ناخشىنىڭ لەرزان سادالىرىغا قۇلاق سالاتتى. گاھى ئۆزى ئېيتىپ ھۇزۇرلىناتتى. ناخشىنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرىدىن تەسىرلىنىپ تىترەپ كېتەتتى. ناخشىنىڭ قانداقتۇر سىرلىق ھېس تۇيغۇسىدىن ئۇرغۇپ، دېڭىزدەك دولقۇنلىناتتى، گويا دېڭىز قايناملىرىدەك ئۆركەشلەيتتى، ھاۋادىكى لاچىندەك پەرۋاز قىلاتتى ... بۇ نەئرە ... ھەرقانداق يۈرەكنى تىترىتەلەيدىغان، ھەرقانداق كىشىنى ھاياجانلاندۇرۇپ ئۇرغۇتالايدىغان، ئۇيقۇدىن ئويغىتالايدىغان قۇدرەتلىك نەئرە ... دەپ ئويلايتتى.

AltunOq

«تېكىست يېزىشىم كېرەك ئەلۋەتتە!»

شائىر قولىغا قەلەم ئالدى. ئالدىدا ئاق قەغەز تۇراتتى. بۇ قەغەز گويا ئاق تۇرغان جەڭ مەيدانى ئىدى. بۇ يەردە بىر مەيدان جەڭ قىلىش كېرەك! شائىر نەئرە تارتتى. ئاچىل، ئاچىل دەپ تىۋىلدى، بىر تەرەپتىن نەيزە - قىلىچ ئويناپتتى، شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. يېڭىلا جىمجىتلىق ئىچىدە ئاق تۇرغان جانسىز مەيدان بىر پەستىلا جانلىق ۋە جاراڭلىق مەيدانغا ئايلاندى. ئىجادىي مېھنەت ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قۇدرىتىنى نامايان قىلغانىدى. جەڭ قىزىدى، غەلىبە ئۈستىگە غەلىبە قازانغان جەڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرلاشماقتا. كىشىنى ئۇرغۇتىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان، خۇشال قىلىدىغان جەڭگىۋار مارش سادىسى پۈتۈن مەيداننى، پۈتكۈل ۋادىنى قاپلىماقتا ئىدى ...

شائىر شۇ كېچىسى ھاياجان ئىچىدە قانداق تاڭ ئاتقانلىقىنى تۇيمايلا قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى كەم ئۇخلىدى، لېكىن ئەتىسى سەھەرلىكتە ئورنىدىن تېتىك تۇردى-دە، ئالدىراپ ناشتا قىلىپ مەكتەپكە ماڭدى. مەكتەپ ھويلىسىدا لېتىپ ئەپەندى، شائىرنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— «ئاچىل» غا تېكىست يېزىپ كەلدىم، — دېدى شائىر سالام بېرىشىنىڭ ئورنىغا. دەرھال يانچۇقىدىن تېكىست يېزىلغان قەغەزنى ئېلىپ سۇندى. لېتىپ ئەپەندى تېكىستكە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ھاياجانلانغان ھالدا:

— بارىكاللا، ياخشى يېزىلىپتۇ، ئەمدى جان كىرىدىغان بولدى، ئۆگىتەيلى، ھازىرلا ئۆگىتەيلى! — دەپ تەنتەنە قىلدى. ئاندىن شائىرنى باشلاپ سىنىپقا ئەكىردى. 30 دەك ئوقۇغۇچى ئۆز ئورۇنلىرىدا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

— چاۋاك، چاۋاك چېلىڭلار، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاچىل»-غا تېكىست يېزىپ كەپتۇ، تەبرىكلەڭلار! — دېدى لېتىپ ئەپەن-

دى ئوقۇغۇچىلارغا خىتاب قىلىپ. ئۆزى باشلاپچىلىق بىلەن چاۋاك چېلىپ تەبرىكلىدى. سىنىپتا زىچ ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار ھاياجانلانغان ھالدا چاۋاكلار چېلىپ قىزغىن تەنتەنىگە چۆمدى.

— ئالدى بىلەن مەن بىر ئوقۇپ بېرەي! — دېدى لېتىپ ئەپەندى چاۋاك ئاخىرلاشقان پەيتنى قولدىن بەرمەي. چاۋاك تولۇق توختىغاندىن كېيىن، تېكىستنى بىر قېتىم ئوقۇپ ئاڭلاتقان لېتىپ ئەپەندى ئەڭ ئاخىرىدا، — دەپتەر-قەلەملىرىڭلارنى تەييار قىلىڭلار، مەن بىر باشتىن قارا تاختايغا يازىمەن، سىلەر ئالدى بىلەن دەپتەرلىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار، ئاندىن ئۆگىنىمىز، — دېدى. ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىم چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى، ئاندىن لېتىپ ئەپەندى ئالدىرىماستىن ھۆسن خەت بىلەن يېزىشقا كىرىشتى:

## ئاچىل

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ، ئاچىل،
باشقا سانجىلاي دەيدۇ، ئاچىل.
بۇ گۈلنىڭ يۈرەك ئوتى، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
تەنگە يامىشاي دەيدۇ، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل!

گۈلۈم ماڭا ناز قىلغۇر، ئاچىل، دادەي،
كۈلۈپ مېنى ماز قىلغۇر، ئاچىل.
گۈل قەدرىنى بىلمەيسەن، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
زىمىستاننى ياز قىلغۇر، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل.

گۈل دەردىدە خۇن بولدۇق، ئاچىل، دادەي
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق، ئاچىل.
قورقۇنچىگىدىن قاتتىق تاش، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
بىرلىشەلمەي قوم بولدۇق، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل.

ياش تالىپلار ئۇخلاشما، ئاچىل، دادەي،
گۈل يولىدا پۇتلاشما، ئاچىل.
بۇ گۈل ئۈچۈن جان پىدا، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
ھەر قەدەمىگە مىڭ تىللا، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل.

غەيرەت گۈلۈم ئاچىلغىل - ئاچىل، ئاچىل،
ھىممەت گۈلۈم ئاچىلغىل، ئاچىل.
بۇ گۈل ئۈچۈن بەرسەم جان، ئاچىل، گۈل ئاچىل،
قاچان بولسا بىر ئۆلۈم،
يا ئۆلۈم، يا بىر كۆرۈم، ئاچىل.
ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار، ئاچىل!...

تېكىست يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆگىتىش باشلاندى. ھەممىگە تونۇش بولغان ئاھاڭغا يېڭى تېكىست ئوڭايلا ئۆزلەشتى. ئاچىل ناخشىسىغا يېڭىباشتىن جان كىرگەندى. بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنىڭ زىل ۋە جاراڭلىق ئاۋازىدا ھەيۋەتلىك ۋە يېقىملىق ياڭرىغان ناخشا ساداسى سىنىپ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئەتراپ مۇھىتىنىمۇ تىترەتكەندى. قان تومۇرغا سىڭىپ كېتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە خەلق تىلىدا يېزىلغان بۇ تېكىست ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىغا ئوڭايلا ئورناشقان ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق خەلق ئىچىگە تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ چوڭقۇرتارقالغاندى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئادەتتە شائىرنىڭ ئۆيىگە كۆپ كىرمەيدىغان قېيۇمبەگ، بۈگۈن بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش زۆرۈرىيىتىدىن كىرىپ ئۆز ئاكىسىنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆردى.

قولىدا قەلەم، كۆكسىدە تەكيە، دۈم ياتقان پېتى ئۇخلاپ قالغان شائىرنىڭ ئالدىدا بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى. قېيۇمبەگ ئېھتىيات بىلەن قەغەزنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى. قەغەزدە ئىككى قۇرلا خەت بار ئىدى:

ماڭا كەلگەن دەرد-ئەلەم كەلسە ئىدى تاغ باشىغا،<br>
يانچىلىپ كەتكەن بولاتتى ساي-ئېقىنىنىڭ تاشىغا.

قېيۇمبەگ مەسنۇۋىنى ئوقۇپ بولۇپ شائىرغا قارىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى گويا چەكسىز ئېغىر دەرد-ئەلەم ئاستىدا ياتقاندەك غەمكىن كۆرۈندى.

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بېشىدىكى غەم-قايغۇلارنى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆز مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان سۆيۈملۈك دوستى ئايىمخاندىن ئايرىلغانىدى، ئىككى دۇنيالىق دوست بولۇشقان ياشلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئايرىلىشنى ھەقىقەتەن كۆتۈرۈۋالغۇسىز ئېغىر دەرد ھېسابلاشقا بولاتتى. لېكىن بۇ دەردنى ئومۇمىي دەرد-ئەلەمنىڭ

بىر قىسمى دەپ تونۇيدىغان شائىرنىڭ ئاساسىي دەردى، خەلقنىڭ بېشىدىكى كۈلپەت، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق، مەرىپەتسىز-لىكلەردىن ئىبارەت ئىدى. شائىر مۇشۇ دەردلەرنىڭ ئاستىدا يان-چىلىپ ياتاتتى. شۇ سەۋەبتىن شائىر ئۆز دەردىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن يېزىشنى باشلىغان بولۇشى مۇمكىن... ئەپسۇسكى شېئىرنىڭ ئاخىرى چىقمىغان... قېيۇمبەگ ئاكىسىنىڭ غەمكىن ھالىغا ئېب-چىنغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئارقىغا قايتاي دەپ تۇرۇشىغا شائىر ئويغانغاندەك قىمىرلىدى.

— ئويغاندىڭمۇ؟

قېيۇمبەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان شائىر شۇئانلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

— بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەي دەپ كىرىۋىدىم! — دېدى. ئۇ بىر قەدەم يېقىنلاپ ۋە قولىدىكى قەغەزنى يەرگە قويدى. شائىر خۇددى خۇش خەۋەرنى ئالدىن بىلىۋالماقچى بولغان-دەك، ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قالغانىدى. قېيۇمبەگ شائىرنى ئانچە ئىنتىزار قىلماستىنلا سۆزلەشكە باشلىدى، — قۇمۇللۇقلار بۇزۇلۇپتۇ، ئىنقىلاب باشلىنىپتۇ!

— نېمە؟ ئىنقىلاب!... — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىختىيارسىز ھالدا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — قاچان، قانداق باشلان-نىپتۇ! نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

خۇشاللىقىدا دەريا سۈيىدەك جۇشقۇنلانغان شائىر سوئال دېگەننى ئۈستى - ئۈستىگە ياغدۇرۇۋەتكەنىدى.

— ئوسمان شاكىيونى تونۇيدىغانسەن؟

— قەشقەرلىق ئوسمان شاكىيومۇ؟ تونۇيمەن.

— بۇ خەۋەرنى شۇ ئادەم يەتكۈزۈپ كەپتۇ! — دېدى قېيۇم-بەگ شائىرنىڭ جۇشقۇنلۇق كەيپىياتىغا زوقلىنىپ.

— ئىنقىلاب! نىمىدېگەن ياخشى خۇش خەۋەر بۇ!؟ — شائىر-


AltunOq

نىڭ كۆزلىرىدىن تەنتەنە خۇشاللىقى چاقناپ تۇراتتى، — ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىڭمۇ؟ قاچان كۆرۈشتۈڭ؟

— ئۆزۈم كۆرمىدىم، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغانلاردىن ئاڭلىدىم. ئىشەنچلىك. بازاردىمۇ شۇ پاراڭ! قىزىل مۇللۇقلار بۇزۇلۇپ تاغقا چىقىۋالغانىكەن. لىيۇ سىجاڭ (لىيۇ شىزىدىڭ) دېگەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاغقا ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ، تاغلىقلار تاغقا يامان بولغاندىكىن، چىققان ئەسكەرلەرنى تاغ ئىچىدە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ئەدىپىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش چوڭلاپ رەسمىي ئۇرۇشقا ئايلىنىپتۇ! — قېيۇمبەگ ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بولۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— ئاخىر ئېغىز ئاپتۇ-دە! — دېدى شائىر پەگاھدا كالاچ كىيىۋېتىپ.

— ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ — قېيۇمبەگ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ غۇدۇڭشىپ قويدى.

— قانداق بولماقچى، ئورمانغا ئوت تۇتاشقاندەك ھەممە يەرگە ئوت كېتىدۇ!

كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىر خۇشلۇق پەيدا بولسا، خۇددى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئوت كىرىۋالغاندەك ھەر جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. شائىر ھازىر شۇنداق بولغانىدى. قېيۇمبەگدىن ئاڭلىغان خۇش خەۋەرنى كىملەرگە يەتكۈزۈش، كىملەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ، ئىسسىق يەل قاچىلانغان شاردەك جىم تۇرالماي قالغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن بۇ خۇش خەۋەرنى ھەسامىدىن زۇپەرگە يەتكۈزمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، ئوسمان شاڭيو دەل شۇ يەردە ئىكەن. شائىرنى كۆرگەن ساھىبخان مېھمانخانىدىن چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى:

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز! — دېگىنىچە ئۇ شائىرنىڭ قولىدىن قويۇپ بەرمەستىن مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، — ئوسمان شاڭيوم بىزگە قۇمۇلدا باشلانغان قوزغىلاڭ توغرىسىدا خۇش خەۋەر-

لەرنى ئەكەپتۇ!

— ئەكەلگەن خۇش خەۋەرلىرىڭىز بىلەن تەبرىكلەيمەن! — دېدى شائىر ئوسمان شاكىيونىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

ئوسمان شاكىيو بەستلىك زور ئادەم ئىدى. كىچىكىدىن تارتىپ كارۋانچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆڭى قارامتۇل كۆرۈنەتتى. قارا كەكە ساقىلى چىرايىغا تېخىمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭ قارا كىچىك كۆزلىرىدىن ۋە پۈتۈن بەدەن قۇرۇلۇشىدىن ئۆز ئىشىغا پۇختا ۋە قاۋۇللۇقى چىقىپ تۇراتتى. گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مۇھىتقا پىششىق سەپسالىدىغان، كۆرگەن-بىلگەننى ئېسىدە پۇختا ساقلاپ قالىدىغان ئىچى دەريا ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ قېتىم قۇمۇلغا ھېسامىددىن باينىڭ مېلىنى كىراغا ئېلىپ كەتكەنىدى. قايتىپ كېلىپلا مالنى ئۆز جايىغا سالامەت يەتكۈزگەنلىكىنى مەلۇم قىلغاچ سالامغا كېلىپ قۇمۇل قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— خوش، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ئىشنىڭ بېشى قانداق باشلانغان؟ — دەپ سوئال قويدى ھېسامىددىن زوپەر، شائىر ئولتۇرۇپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن.

— ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى مەنمۇ تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم، — دېدى شاكىيوم كەمتەرلىك بىلەن سۆز باشلاپ، — كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، قوزغىلاڭنىڭ چىقىشىغا پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت سەۋەبلىك! نېمىشقا دېسەك، قۇمۇلدا ئەسكەر بەك جىققەن. ئېشەك قانچە، يېغىرى شۇنچە دېگەندەك، ئەسكەر كۆپ بولغان يەردە ئالۋان-سېلىقمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ئىشلارغا سەۋرى قىلالماي تۇرسا، بەزى ئەسكەر باشلىقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىنى ئالىمىز دەپ زورلۇق قىلغىلى تۇرۇپتۇ! ...

ئوسمان شاكىيو بۇرۇتىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ ئولتۇرۇپ

داۋام قىلاتتى.

— مەسىلەن، توخۇلۇ چازىسىدا تۇرۇشلۇق ئەسكەر باشلىقى جاڭ كاجاڭ دېگەن بەتبەخت سىڭگەن نېنىغا شۈكرى قىلماي، بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئالىمەن دەپ زورلۇق قىلىشقا باشلاپتۇ، قوزغىلاڭ مانا شۇنىڭدىن باشلانغان گەپ!

— كاجاڭ دېگىنى؟ — ھېسامىدىن زۇپەر شائىرغا قاراپ قويدى. شائىر دەرھال جاۋاب قىلىپ:

— كاجاڭ دېگىنى چازا باشلىقى دېگەن سۆز، خەنزۇچىدا «چا» دېگەن ھەرپنى «كا» دەپمۇ ئوقۇيدۇ، — دېدى.

ئوسمان شاكىيو سۆزنى ئۇلاپ داۋام قىلاتتى:

— قىزنى بېرەيلى دېسە، مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمىگەن، بەرمەيلى دېسە، جاڭ كاجاڭ زورلۇق قىلغان، بۇ ئارىلىقتا نۇرغۇن غۇلغۇلا قوزغىلىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا سالى دورغا دېگەن ئادەم ئارىلىشىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جاڭكاجاڭ دېگەنگە كۈچلۈك ئاداۋىتى باركەنتۇق. شۇ قىشلىقى سالى دورغا قىشلىق ئوت تارتىپ ئون نەچچە تۆگىدە تاغقا ئەكىتىۋاتسا، توخۇلۇ چازىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تۆگىلىرىنى توسۇپ، «سەن بۇ ئوتنى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ ئەتكەسچىلىك قىلماقچىمۇ؟» دېگەن باھانە بىلەن تارتىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، سالى دورغىنى قاماققا ئالدۇرۇپ نۇرغۇن جەرىمانە قويغانىكەن. سالى دورغا جەرىمانە پۇللارنى تۆلەپ قاماقتىن چىقىپ چازىدىكىلەردىن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا يۈرگەن كۈنلەردە، توي مەسىلىسى چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئارىلىشىپ ئۆز ئىچىدە مەسلىھەتنى پىششۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قىزنى توي قىلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. توي كۈنلىرىنى توختام قىلىپ، جاڭ كاجاڭنى مۇسۇلمانلارنىڭ توي رەسمىيەتلىرىگە ماقۇل كەلتۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ توينى چوڭ قىلىدۇ. قائىدە بويىچە جاڭكاجاڭ قىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ھۇجرا ئۆيگە كىرگەندە، ھۇجرا ئۆيدە قىزچە ياسىنىۋالغان بىر يىگىت ئۇنى قاماللاپ تۇتۇپلا

جايلاپ تاشلايدۇ. تاشقىرىدىكى يىگىتلەرمۇ زىياپەت ئۆيىدە هاراق-شاراب ئىچىۋاتقان 32 ئەسكەرنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تارتىۋېلىپ بىرىنىمۇ قاچۇرماستىن جايلاپ تاشلايدۇ. قوزغىلاڭ مانا شۇنداق باشلانغان گەپ!

— شامال چىقمىسا، دەرەخ مىدىرلىمىغاندەك، بىر سەۋەب بولمىسا خەلق قوزغىلامدۇ؟! — شائىر ئۆز هاياجىنىنى بېسىۋالالماي سۆز ئارىلاپ قويدى. دەل شۇ سۆزنىڭ ئۈستىگە لىتىپ ئەپەندى، ئەكبەرخانلار كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ ئوسمان شاكىيونىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاشتى، بۇ توغرىدا بولۇنغان مۇهاكىمىلەرگە پىكىر قاتناشتۇرۇپ ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

1931-يىلى مارت ئايلىرىدا پەيدا بولغان قۇمۇل ۋەقەسى هەققىدىكى پاراڭ ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناهىيىلىرىگە كەڭ تارقالغانىدى. بازار رەستىلىرىدە، يېزا-سەھرالاردا، ئېتىزلىقلاردا، جامە-مەسچىتلەردە، مەهەللە-ئۆيلەردە، قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىشى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر دېڭىزدەك چايقىلاتتى. خەلق ئىچىدە يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ ئەۋج ئالاتتى. كىشىلەرنى روهلاندۇرۇپ قوزغىتاتتى، شۇنىڭدەك غايەت تېز سۈرئەتتە جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ تەرەپلەرگە كېتەتتى. قۇمۇل تەرەپتىن ئۈزلۈكسىز كېلىۋاتقان هارۋىكەش، ئېشەكچى ۋە تۆگە كارۋانلىرى يېڭى-يېڭى خەۋەرلەرنى ئەكىلىپ تولۇقلايتتى ۋە بېيىتاتتى. بۇ خەۋەرلەرگە ئىنتايىن قىزىققان خەلق ناۋادا شۇ كۈنى بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلىيالمىغان بولسا هاۋارايىغا قاراپ بولسىمۇ هەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشىپ غۇلغۇلا قىلىشاتتى. قۇمۇل تەرەپنىڭ ئاسمىنىدا بۇلۇت ياكى تۇمان كۆرۈنسە «قۇمۇل تاغلىرىدا قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دېسە، توپا ياغقاندەك هادىسە كۆرۈنسە: «قان تۆكۈلۈۋاتقان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ پاراڭ قىلىشاتتى. هەتتا ئاق قۇشقاچ چۇرۇقلىسىمۇ شۇنىڭغا يۆلەپ: «قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشقىنىغا قارىغاندا بىر گەپ بار»

دىيىشىپ ئۇرۇش ئەندىشىسى پەيدا قىلاتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئىچىدە «ئاچىل» ناخشىسى ئىلـ
گىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق شاۋقۇنلاپ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.
قەيەرگىلا بارسا «ئاچىل»، كىمنىڭلا ئاغزىغا قارىسا «ئاچىل،
گۈل ئاچىل!»، «ئاچىل» نىڭ كۆپلۈكىدىن چىچىلىپ قالغان
بىر سەپرا قېرى «ئاچىل، ئاچىل، سېپىلنىڭ دەرۋازىلىرى يوغان
ئاچىل، گۇندىخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى ئاچىل، كەڭتاشا يوللار ئا-
چىل! بولمىسا نېمىسى ئاچىل؟» دەپ تەنە قىلغانىدى. دەرۋەقە بۇ
ناخشا 31-يىللىرىدىن باشلاپ قوزغاتقۇچ قۇدرەتكە ئىگە ئىجتىمائىي
كەيپىياتقا ئايلانغانىدى. ھەممە ئادەم بۇ ناخشىنى ئىختىيارسىز
ھالدا زوقلىنىپ ئېيتاتتى. كىم ئېيتقان بولسا شۇ ئادەم ئۆزىنى
گويا كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان ئارسلاندەك ھېس قىلىپ قانداق-
تۇر شىددەتلىك جەڭ مەيدانىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى.

پۈتۈن يۇرتقا تاشقىن سۇدەك يامراپ كەتكەن بۇ خىل كەي-
پىياتتىن ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر خاتىرجەم بولالمايتتى. ئۇلار
قولدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ بۇ خىل
كەيپىياتنى بېسىش ۋە چەكلەشكە ئۇرۇناتتى.

بىر جۇمە كۈنلۈكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۇيەر-بۇ يەردە توپ
توپ بولۇپ، خۇددى ماگىنىتقا چاپلاشقان تۆمۈر پارچىلىرىدەك
غۇژمەكلىشىپ، ھۆكۈمەت تەرەپتىن چاپلانغان ئېلان-بۇيرۇقلارنى
ئوقۇشقا باشلىدى. بەزىلەر بىۋاسىتە ئۆزلىرى ئوقۇۋالاتتى.
ساۋاتسىزلار باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. پۈتۈن تاختا سامان
قەغەزگە قومۇش قەلەم بىلەن يوغانراق قىلىپ يېزىلغان ئېلانلار
ئۆز مەزمۇنى بىلەن كىشىلەرنى جەلىپ قىلغانىدى. كىمدۇر بىر-
سى بۇيرۇقنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

## بۇيرۇق:

شۇل تۇغرىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈمكى، بۇ يېقىندىن ئاڭلىسام بۇقرالار ئىچىدە بەزى-
لەر قومۇل تەرەپتە بىر ئەنسىزلىك تۇغۇلغانىمىكىن دەيدىغان خاتىرجەمسىزلىك پەي-



AltunOq

دا بولۇپتۇ. يۇقرالار ئۇنداق ئىغۋا - ئۆسەكلەرگە ھەرگىز ئىشەنمەسۇن، ھۆكۈمەتكە ئىشەنسۇن دەپ بۇيرۇق چىقاردىم، قومۇل تەرەپتە ھېچقانداق ئەنسىزلىك چىققىنى يوق. بەزى جايلاردا بىرقانچە «قاراقچىلار»① پەيدا بولغان بولىشى، ۋاقتىدا ئۇجۇقتۇرۇپ تاشلاندى. ھۆكۈمەت دېگەن قاتتىق تاش، ئوغرى - قاراقچى دېگەنلەر تۇخۇم، تاشقا تۇخۇم قانداقمۇ تەڭ كېلەلسۇن! مەن ئامبال يۇرتقا كۆيۈنۈپ شۇنى بۇيرۇق قىلىمەنكى، ھەر بىر پۇقرا بۇيرۇقۇمنى جان- تېنى بىلەن قوبۇل قىلسۇن، ھەر-گىز خىلاپلىق قىلمىسۇن: بىرىنچى، ھەممە ئادەم خاتىرجەم بولۇپ ئۆز ئوقىتىنى قىلسۇن؛ ئىككىنچى، پىتنە - پاسات، ئىغۋا سۆزلەرگە ئىشەنىچ قىلمىسۇن؛ ئۈچىنچى، بۇندىن كېيىن پۇقرالار بەشلەپ - ئونلاپ بىر يەرگە توپ بولۇپ جەملەنمەسۇن؛ تۆتىنچى، «ئاچىل» دېگەن ناخشا قەتئىي ئېيتىلمىسۇن؛ بەشىنچى، قومۇل تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەر تەقىپ قىلىنسۇن، ئۇنداقلار پىتنە - ئىغۋا سۆزلەرنى قىلسا ھۆكۈ-مەتكە بىتەخىر مەلۇم قىلىنسۇن! يۇقىرىقى بۇيرۇقۇم ئەستە چىڭ تۇتۇلۇپ شەرتسىز ئەمەل قىلىنسۇن! ناۋادا كىمدە كىم خىلاپ قىلىپ ئەمەل قىلمىسا ھەرگىز ئەپۇ قىلىنمايدۇ. قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

ئامبال ×××

مىنگونىڭ 20 - يىلى 5 - ئاي

ئېلاننى ئوقۇپ بولغانلار ئارتۇق سۆز قىلماستىن قوشۇمە-سىنى تۇرۇپ قاپىقىنى سالغان پېتى كېتىپ قالاتتى. بىر توپ كىشى يېڭىلا كەتسە، ئىككىنچى بىر توپ كىشىلەر كېلىپ كۆرەتتى، شۇ كۈنى كەچكىچە، ھەتتا بىرقانچە كۈنگىچە بۇ ئىش شۇ تەقلىدتە تەكرارلانغانىدى.

كىشىلەر ئېلاننى ئوقۇپ بولۇپ ئۆز ئۆيلىرىگە يەتكۈچە، با-زاردىن يەنە بىرمۇنچە جانلىق خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتى:

— تاغلىقلار تاغقا چىقىۋالسىلا بىرى يۈزگە تېتىيدىكەن!

— تاغلىقلار باشقا ئاتىدىكەن، چېرىكلەر تاشقا...

— تاغلىقلار لودۇڭدا 500 چېرىكنىڭ بىرنىمۇ قاچۇرماس-

① قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى ھۆكۈمەت تەرەپ «قاراقچىلار» دەيتتى.

تىن سوقۇپ تاشلاپتۇ!...

بۇ غالىب خەۋەرلەر ئېلانلارنىڭ كۈچىدىن جىق ئۈستۈن تۇراتتى ۋە تەسىرلىك جاراڭلايتتى. شۇڭا ئۇ خىل ئېلانلارنىڭ ھېچقانچە رولى بولمايتتى. خەلق ئوقۇپ ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىنلا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى، خالاس!

«ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى قۇمۇل قوزغىلىڭىغا دائىر خەۋەرلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكلەشكە ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردىن ھەربىي كۈچ ئاجرىتىپ قۇمۇل تەرەپكە يولغا سېلىۋاتقانلىقى ھەممە ئىشنى ئاشكارىلاپ قوياتتى.

ياز ئايلىرى تۇرپان يولىدا، گۇچۇڭ-پىچان يوللىرىدا چېرىكلەر ئۈزۈلمەستىن كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك ئۆتۈپ تۇراتتى. باش-كۆزلىرىنى چاڭ-توزان باسقان پىيادە ئەسكەرلەر توققۇز ئاتار ياكى يالاڭئاتاردىن ئىبارەت ئۇزۇن ھەم ئېغىر قوراللارنى كۆتۈرۈپ شەھەر ۋە ئۆتەڭلەردىن ئۆتكەندە، ئاھالىلەر يول ياقىلىرىغا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرەتتى. بەزى چېرىكلەرنىڭ يېنىدا ئەپيۇن چېكىدىغان ئۇزۇن غاڭزىمۇ بولاتتى. بۇنداقلارنى كۆرگەن خەلق شۇئانلا مەسخىرە قىلىپ:

— بۇلار ئىككى خىل قورال بىلەن مېڭىپتۇ!

— پۇۋۇلۋەتسە ئۇچۇپ كېتىدىغان ئەپيۇنكەشلەر! — دەپ كۈلكە قىلىشاتتى.

دەرۋەقە، شۇ يىللاردىكى چېرىكلەرنىڭ تەگىدىن تولىسى ئەپيۇن چېكىدىغانلار بولۇپ، ياداڭغۇلۇقىدىن پۇۋۇلۋەتسە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئاۋارە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى تاكى قۇمۇلغىچە پىيادە ئېلىپ ماڭغانلىقتىن، يول ئازابىدا مېرىپ-چارچاپ پۈتىنى يۆتكەپ ماڭالمايدىغان ھالەتتە كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئوق-دورا، قازان-قومۇچلىرىنى ۋە باشقا كۆدە-كۆرپە، يۈك-تاقلىرىنى

ئېلىپ يۈرىدىغان ئونلاپ ئات ھارۋىلارمۇ بىللىلا كېلەتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر، زەمبىرەكچى قىسىملارمۇ كېلىپ تۇراتتى. مۇنداق زور ھەربىي قوشۇنلارنى كۈتۈۋېلىش ـ تەمىنلەش مەسىلىسىدە پۈتۈن يۇرت زىلزىلىگە كېلىپ تىترەپ كېتەتتى. ھەر كۈنى يۈزلىگەن دېھقانلار يېزىدىن شەھەرگە ئوتۇن ـ سامان، يەم ـ خەشەك توشۇشقا مەجبۇر قىلىناتتى. يۈزلىگەن دېھقانلار شۇ ناھىيىگە قاراشلىق ئۆتەڭ ـ مەنزىللەرگە ئوزۇق توشۇشقا ھەيدىلەتتى. توخۇ-توخۇملارنىمۇ يۇرتتىن يىغىۋالاتتى. ئونلىغان ناۋايلار نان يېقىپ ئۆلگۈرتۈشكە مەجبۇر قىلىناتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر خىل خىراجەت، پۇل سېلىقى سېلىپ يىغىۋالاتتى. بۇ ئىشلار تەسەۋۋۇرىمىزدەك ئۆز يولى بىلەن سىلىق ئورۇندىلىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى بەگ، يايلارنىڭ قامچا ئويىنىتىپ زۇلۇم سېلىشى بىلەن ئورۇندىلاتتى. بۇ ئۇرۇش شارائىتىدا پەيدا بولغان جەبرى ـ زۇلۇم بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنى جېنىدىن جاق تويغۇزغانىدى. شۇ ۋەجىدىن دېھقانلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقى كۈچىيىپ قارشىلىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى. بۇنىڭ تەتۈرىسىچە قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بولغان ھېسداشلىقى كۈچىيىپ زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئارزۇلىرى ئۇلغىياتتى.

# يىگىرمىنچى باب

## 1

داڭ- داڭلىق قاۋاقخانىسى بۈگۈن ئاخشامۇ ئالدىنقى كۈن-
لەرگە ئوخشاشلا ئىچەرمەن - چېكەرمەن خېرىدارلار بىلەن لىق
تولغانىدى. هاراقنىڭ قاڭسىق بۇسى، تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى
بىلەن قاپلانغان بۇ ئۆيدە گەرچە ئىككى ئورۇنغا چىغ شام يېقىلغان
بولسىمۇ، ئىس - تۈتەكنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئۆي ئىچى يەنىلا گۇڭگا
ئىدى. كاڭ ئۈستىگە توختىتىلغان جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇۋال-
غان بەش - ئالتە كىشى قويۇق پاراڭ - چاقچاقلار ئىچىدە ئۆلپەتلەش-
مەكتە ئىدى:

— قېنى، كۆپچىلىك، هەممىمىز قۇرۇتۇپ ئىچەيلى! — دەپ
ۋارقىرىدى ئۇلاردىن بىرى قولىغا رومكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، — كىم-
كى ئىچمەيدىغان بولسا، ئۆزىنى «مەن بايتال» دەپ ئېلان قى-
لىپ ئارىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن! ئۆزىنى ئوغۇل بالا دەپ هې-
سابلىغانلار ئىچىمىز، تۈگىلاپ ئىچىمىز، پۈتلاپ ئىچىمىز. ئاكاڭ
بۈگۈن قىماردا ئۇتتى. هەممىڭنى مېهمان قىلىمەن. بۈگۈن راۋۇ-
رۇس ئىچىدىغان كۈن. بىز هازىر يىقىلساڭ يۆلىمەيدىغان، ئۆل-
سەڭ تۆلىمەيدىغان، بارساڭ كەلگىلى بولمايدىغان بارسا كەلمەس-
نىڭ يولىغا كېتىۋاتىمىز. بۈگۈن ئاخشام ئىچىشىۋالغىنىمىز غەنىي-

مەت. ئەتىگەنلىككە تاتتارىت دەپ بىر كاناي چالسام، ھەممىڭ مىلتىقىڭنى ئۆشنەڭگە ئارتىپ قومۇلغا قاراپ ماڭىسەن. لېكىن ھەممىڭنىڭ ئالدىدا يەنە مەن كاناي چېلىپ ماڭىمەن. قومۇللۇقلارنى بىزنى ساقلاۋاتىدۇ دەيدۇ. لېكىن ئۇلار ماۋۇنى ئىچىۋەت دەپ ماڭا ئوخشاش كۆڭۈل ئىزدىمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنى كۆرسەتمەستىن يىراقتا تۇرۇپلا تاشقا ئاتماستىن، يەكسان باشقا ئاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن ئاخشام ھەممىڭ راۋۇرۇس ئىچ. بۈگۈن بار ئەتە يوق. بولدى ئارتۇق گەپ قىلمايمەن. ھەممىڭ ئىچىسەن، قېنى خوش...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار تەڭ ئىچىپ پەيزى قىلىشتى، ئاندىن رومكىلارنى كۆرسىتىپ، ئىچىدە بىرەر قەترە ھاراق قالمىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

پەگاھدا تام ياقىلىتىپ قويۇلغان ئۇزۇن بەندىڭدە ئولتۇرغان ئۈچ كىشى ئۇلارغا قوشۇلمايتتى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار باشقا قىسىملارنىڭ چېرىكلىرى بولۇشى كېرەك. جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار ئاقسۇ تەرەپتىن كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. يولنى پىيادە بېسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن تۇرپاندا بىر ھەپتە توختاپ دەم ئالغان بۇ چېرىكلەر تىمىسقىلاپ يۈرۈپ داڭ-داڭنىڭ قاۋاقخانىسىنى تاپقان ۋە بۇ يەردە پەيزى قىلىپ ئىچىشكەنىدى.

دەل شۇ چاغدا قاۋاقخانىغا يېڭى بىر خېردار پەيدا بولدى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش مەيدىسىنى كېرىپ ئەركىن مېڭىپ كىرمەستىن خۇددى ئادەملەرنىڭ سايىسىگە ئوخشاش غىپپىدە كىرىپ ئۇزۇنچاق بەندىڭنىڭ ئىشىك تەرىپىدىكى بۇلۇڭىغا تاقىشاي دەپ قالغان ئۈچىغا قوڭىنى ئارانچە ئىلىپ خۇددى ھازىر ئۇچۇپ كېتىدىغان تۈرك قاغىدەك ئىڭىشىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئەپچىل كىرگەنلىكىنى ھېچكىم سەزمىدى. ھەتتا خوجايىن داڭ-داڭمۇ كۆرمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆرمىگىنى ياخشى

بولدى. ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا، يامان كۆزى بىلەن ئاچ-
چىق ھومايغان بولاتتى. بۇ كىم؟ بۇ قەدەر ئېتىبارسىز ھەم داڭ-
داڭنى بىزار قىلغان خەۋەردار زادى كىم؟

بۇ روزى موللا ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ داڭ-داڭغا بوغۇزى-
غىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، ئىككى سەر ھاراق سېتىۋېلىپ ئىچكۈدەك
ھالى قالمىغان بولسىمۇ قاۋاقخانىغا كېلىش ئادىتىنى تاشلىمى-
غانىدى. شۇڭا ئۇ ھەر ئاخشىمى كېلىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم كەل-
گەندە خۇدۈكسىنىپ ياكى تەمتىرەكلەپ ئىشىك تۈۋىدە بىر پەس
تۇرۇۋالاتتى-دە، قاچان ئۆزىگە ئەپ كەلگەن پۇرسەت تېپىلغان-
دا غىپپىدە كىرىۋالاتتى. بۈگۈن ئاخشام داڭ-داڭ چىراغ تۈۋىدە
بىر خەۋەرداردىن پۇل ئېلىۋاتقان پۇرسەتتە كىرىۋالغان روزى
موللا بەندىڭنىڭ ئۇچىدىن ئارانچە ئورۇن ئېلىپ گويا يەرگە سىڭدەك
سىڭىپ كېتىشنى ئويلاۋاتقاندەك ئېگىشىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئۆي
ئىچىدىكى ئەھۋاللارغا قارىغۇسى كېلەتتى. لېكىن جۈرئەت قىلال-
مايتتى. ئۇ چىدام-غەيرەت بىلەن پۇرسەت كۈتەتتى. ئۇشتۇمتۇت
بەزى تاراق-تۇرۇق ئاۋاز چىقىپ قالسا ياكى ئولپەتلىشىۋاتقانلار
بىر-بىرىنى چاقىرىشقا توغرا كېلىپ ئېتىنى ئاتىماستىن «ھەي-
ھەي» دەپ چاقىرىپ قالسا، شۇنداق چاغلاردا ئۇ چۆچۈگەن قىياپەتتە
بېشىنى كۆتۈرەتتى-دە، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىغان بولۇپ،
ئۆي ئىچىدىكى ئەھۋاللارغا ئانچە-مۇنچە سەپسېلىۋالاتتى. بۇ ئۇ-
نىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئەمەلىي ئەھۋالى، شۇنىڭدەك قاۋاقخا-
نىدا ئولتۇرۇپ ئاشقان-تاشقان ھاراقلار بىلەن ئاغزىنى نەمدى-
ۋېلىشقا تاپقان ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئىدى. قاۋاقخانىدا قولى ئۇ-
چۇق سېخىي كىشىلەر تېپىلماي قالاتتىمۇ؟ ياكى مەستلىكى تەك-
شىلىپ، ئەمدى ئىچسە ئېغىر كېتىدىغىنىنى ئۆزىگە مەلۇم بولغان-
لاردىن بىر-ئىككى رومكا ھاراق ئېشىپ قالمايدۇ دېگىلى بولات-
تىمۇ؟ روزى موللا ئۆزى مۆلچەر قىلغىنىدەك سېخىيلار ياكى ھا-
رىقى ئېشىپ قالغۇچىلار ھەر ئاخشىمى چىقىپ قالاتتى. شۇنداق-

لاردىن بىرى ناۋادا ئۇنى قىچقىرىپ «مە، ماۋۇنى ئىچىۋەت!» دەيدىغان بولسا، ئۇ ئىگىسىنىڭ خەپرۇكىنى يۇتۇپ ئۆگەنگەن كۈچۈكتەك ئىتتىلىپ بېرىپ رومكىنى ئالاتتى-دە، ئاشقان هاراق بىلەن ئاغزىنى نەمدەۋالاتتى. تاما-تاما كۆل بولار دېگەندەك گاهى ئاخشاملىرى شۇ ئۇسۇلدا تويۇنۇپ قالاتتى، گاهى ئاخشاملىرى ئازلىق قىلسا تاكى قانائەت تاپقانغا قەدەر قىمىرلىماستىن، گەپ-سۆزمۇ قىلماستىن قاپىقىنى تۈرۈپ، يەنە قانداقتۇر سېخىيلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتەتتى. قاۋاقخانا خوجايىنى ئۇنىڭغا «كەچ بولدى، چىقىپ كەت» دەيدىغان سۆزنى هەرگىز قىلالمايتتى. ئۇنداق دەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى خوجايىن ياخشى چۈشىنەتتى.

شۇ ئاخشىمى هەممە ئادەم كېتىپ يالغۇز روزى موللا قالغانىدى. ئۇنىڭ كالپۇكى بۈگۈن ئاخشام قانائەتلەنگۈدەك نەمدەلمىگەن بولغاچقا كەتمەي ئولتۇرۇۋالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ «قايتىپ كەت» دېيىشكە جۈرئەت قىلمىغان داڭ-داڭ گەپ-سۆز قىلماستىن بىر پىيالىگە ئىككى سەر هاراق قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى:

— مەن قورقتۇم. ئادەمدە يۈز بولمىسا، جىنلارمۇ قورقىدۇ دەيدىغان بىر گەپ بار. ماۋۇ «سۇڭالە» قىلغاننى ئىچىۋېلىپ كەتكىن. دۇكاننى تاقايمىز! — دېدى.

روزى موللا ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئەمەس بەلكى بىكارغا بەرگەن هاراققا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن قىياپەتتە، پىيالىنى قولىغا ئېلىپ تۆتكە بۆلۈپ ئىچىۋالدى-دە، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، گەپ-سۆز قىلماستىن دەلدەڭشىگەندەك مېڭىپ كېتىپ قالدى.

## 2

«نېمانداق چاپسان... كۈن چىقىدۇ؟ — روزى موللا كۆزىنى ئاچتى، — تاڭ ئېتىپ ئاش ۋاقتى بوپتۇ، نېمانداق چاپسان تاڭ

ئاتىدىكەنا!...»

ئۇنىڭچە، بولغاندا، تاڭ ئاتمىغان بولسا ياخشى بولاتتى. ئۇ ئۇزۇنراق ئۇخلىۋېلىشنى خالايتتى. بىر ئۇخلىغان پېتى ئىككىنچى ئويغانمىسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچسىلا، باش قاتۇرىدىغان ئىش كۆپلەپ كېتەتتى. قورساق مەسىلىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قارا تاماكا① چېكىدىغان ئۆيلەرگە بېرىش، ئاندىن قاۋاقخانىلارغا بېرىش ئىشى پۇلسىز ئادەمگە ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بۇ قىيىنچىلىقلارنى كۆرمەسلىككە، كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئازراق كۆرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا كۆپرەك ئۇخلاش ياكى ئۇخلىغان پېتى ئويغانمايلا قويۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاراملىقتەك تۇيۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئويغىنىپلا تاڭ ئېتىپ قالغىنىغا نارازى بولغانىدى.

ئۇ ئاخشام ئاخىرقى ئىككى سەر ھاراقنى ئىچكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىكى يوق كېمىر ئۆيىدە ئۇخلىغانىدى. بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدىغان بولغىنى ئۈچۈن، ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئۆيىگە تۈگمەنىنىڭ نوردىن چۈشكەن سىزىقتەك چۈشەتتى. لېكىن ئۇ گويا ئۇقۇشماستىن كىرىپ قالغان مېھماندەك تەدرىجىي ئارقىغا ياناتتى. روزى موللا ئويغانغاندا چىقىپ كېتىۋاتقان كونا نۇرى پەگاھقا كېلىپ قالغانىدى. بۇ ئاش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقتىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ يەنە بىر ئاز تېڭىرقاپ ئولتۇرىدىغان بولسا كونا نۇرى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا چۈش بولدى دېگەن سۆز، چۈش دېگەن ئادەتتە ئادەملەر ئىككىنچى قېتىم تاماقلىنىدىغان ۋاقىت. روزى موللا تېخى تۇنجى تاماقمۇ داخىل بولمىغان تۇرسا، بۇ قانداق بولغىنى!؟

ئۇ ئاچچىق ئازابلار ئىچىدە، خىيال سۈرۈپ بىرمۇنچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى ئېغىر بىلىنەتتى. قۇلاقلىرى كەپتەر قوڭ-

① قارا تاماكا — ئەپيۇننىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى.

غۇرۇقىدەك جاڭىلداپ سايراۋاتاتتى. ئاللىقانداق تومۇرلىرى يەنە قانداقتۇر ئىچىملىك ـ چېكىملىكلەرنى تەلەپ قىلغاندەك قىمىلداۋاتاتتى. يەنە قانداقتۇر بىر جايلاردا ئازراق نان تەلەپ قىلىدىغان خىيالمۇ باردەك بىلىنەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تەلەپلىرىدىن قارىغاندا، نان تەلىپى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. بۇ ئۇنىڭدىكى كەيپىنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرسىتەتتى. مەيلى قانداق بولمىسۇن، كۈن چىقىپ تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ بۇ تەلەپلەرنى ھەل قىلىش قىيىنچىلىقى ئۇنىڭ بېشىنى تاشتەك قاتۇرۇۋاتقانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئىشىككە قارىدى. ئىشىك يوق، ئورنى ئۆڭكۈردەك تۇراتتى. ئۇ ئالدىنقى ھەپتىدە ياغاچ ئىشىكنى سېتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز ئويۇقتا قارىدى، ئويۇقتىكى تۆچ ئۈزەڭگىنىمۇ سېتىپ يەپ بولغانلىقىغا ئىچى ئېچىشتى. پۇلغا يارىغۇدەك نېمە بار! ئۇنىڭ كۆزى بىر پۈتى سۇنۇپ كەتكەن كالا جوزىسىغا چۈشتى. بۇنى بىرى ئالارمۇ؟ سېتىۋەتكەن تەقدىردە ناۋادا بىرى خەت يازدۇرغىلى كەلسە خەتنى نەدە يازىمەن؟ جوزىنىڭ ئۈستىدە بىلەي تاشتىن ياسالغان سىيا ئەزگۈچ بىلەن يېرىم پارچە سىيا ۋە بىر تال يۇڭ قەلەم تۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى ساتسام قانداق؟ بىرى ئالارمۇ؟ سىيا ئەزگۈچنى سېتىۋەتسەم، ئۇنىڭ كارى چاغلىق. يۇڭ قەلەم بىلەن سىيا بولسىلا بولۇۋېرىدۇ. بىرى خەت يازدۇرغىلى كەلسە غېرى قاچىنىڭ سۇنۇقلىرىغا سىيا ئېزىپ يېزىۋېرىمەن!... لېكىن بۇ سىيا ئەزگۈچنى كىممۇ ئالار، قانچىلىك پۇلغا ئالار!... ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلغاچ، سىيا ئەزگۈچنى تەۋەككۇل قىلىپ ئېلىپ ماڭدى.

كوچىغا چىققاندا، نومۇس كۈچىدىن سىيا ئەزگۈچنى يەڭنىڭ ئىچىگە تىقىپ يوشۇرۇپ ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا شەرقىي دەرۋازىنىڭ ئاۋات بازار بولىدىغان يېرىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، كىمدۇر بىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا:

«روزى موللا!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاندى.

روزى موللىنى كوچىدا ئۇززۇندىن بۇيان ئىسمىنى ئاتاپ ھېچكىم چاقىرىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئاۋازدىن قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئاۋاز يەنە تەكرار-لاندى. ئۇنى سالاپەتلىك بىر تۇڭچى چاقىرغانىدى.

— يېقىن كەل، ساڭا بىر گەپ بار.

روزى موللا چاقىرغۇچى تۇڭچىنى ئوبدان تونۇيتتى. شۇڭا ئۇ ئانچە ھولۇقماستىن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، تۇڭچى ئەھۋال سوراپ:

— مۇشۇ كۈندە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

روزى موللا نېمىدەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلەلمەي تەمتە-رەكلەپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. تۇڭچى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈ-شەنگەندەك قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن سېنى ئۇززۇندىن بېرى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي دەپ يۈرەتتىم. ئۇ چاغلاردا تۇزۇك ئىش چىقمىدى. ھازىر بىر ئىش بار، بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. شۇنى ئىشلى-سەڭ قانداق؟

روزى موللا بېشىنى لىڭشىتتى، تۇڭچى ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ «تۇرپان ناھىيىلىك يەم-خەشەك پونكىتى» دەپ تاختا ئېسىلغان بىر سارايغا باشلاپ باردى. دەرۋازىدىن كىرگەندىلا ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىشىكى چوڭ بىر يوغان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ئۆيدە-دىكى تۆت پۇتلۇق بىر جوزىنى كۆرسەتتى.

— مانا مۇشۇ جوزىدا ئولتۇرىسەن، قولۇڭدىن خەت كېلىدۇ. ئالدىڭغا ئوتۇن، سامان، ئارپا، قوناق دېگەندەك نەرسىلەر كەل-گەندە، قايسى يېزىدىن كەلدىڭ، كىم ئەۋەتتى؟ جىڭ سانى قان-چە؟ بۇلارنى سوراپ ئەدەتلىق يازىسەن. ئاندىن كىمگە قانچە يۈز جىڭ سامان بېرىلدى، كىمگە قانچىلىك بوغۇز بېرىلدى، بۇلارنىمۇ يازىسەن. ساڭا ئايلىق پۇل بېرىلىدۇ. ياخشى ئىشلىسەڭ

AltunOq

تېخىچۇ جىق بېرىدۇ. قانداق، مۇشۇئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسەن؟
روزى موللىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق ياش كەلگەندى. بېشىغا
بەخت قۇشى قونغاندىمۇ ئارتۇق ھاياجانلانغان روزى موللا ئۇس-
تى-ئۇستىگە بېشىنى لىڭشىتىپ:

— چىقىمەن، چىقىمەن! — دېدى.

تۈگچى ئۇنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى باشقا بىر ئۆيگە
كىرىپ كەتتى. روزى موللا بۇ ئىشقا ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ يۈ-
رىكى گۈپۈلدەپ سوقاتتى. يۈز-كۆزلىرى ئوتقا قاقلىنىۋات-
قاندەك قىزىۋاتاتتى. قولىغا ئايلىق پۇل ئېلىۋاتاتتى. داڭ-داڭنىڭ
قاۋاقخانىسىغا بىمالال كىرىۋاتاتتى، تاماقخانىلاردا پۇتىنى ئالماپ
ئولتۇرۇپ لەززەتلىك تائاملارنى يەۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ئىككى
مىنۇتقا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ ئۈلگۈرگەندى.
تۈگچى يەنە چاقىرىپ قالدى. روزى موللا چاقىرغان ئۆيگە
كىرگەندە، تۈگچى ئۇنىڭغا بىر خەنزۇ ھەربىي ئەمەلدارنى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىشى پونكىت باشلىقى ۋاڭ زەنجاڭ! — دەپ
تونۇشتۇردى.

روزى موللا شۇ ئانلا تەزىم قىلدى. ۋاڭ زەنجاڭ ئۇنىڭ
تەقى-تۇرقىغا سەپسېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، گەپ
سورىمايلا بەش سەر قەغەز پۇل چىقىرىپ ئۇزاتتى ۋە:

— چاچ-ساقىلىنى ئالدۇرۇپ تۈزۈككىرەك بولۇپ كەلسۇن! —
دېدى ... ۋاڭ زەنجاڭ ئۇنىڭ ئەپت-بەشىرىسىدىن
سەسكەنگەندى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## 1

ھېسامىددىن زۇپەر بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان تەرەپتىن چىقىپ يەمشى تاختاكۆۋرۈككە يېتىپ كېلىشىگە ئۇرۇمچى تەرەپتىن مەخسۇت مۇھىتى يېتىپ كەلدى. ئۈچەيلەن تەڭلا ئاتلاردىن چۈشۈپ يول ئۈستىدە قۇچاقلىشىپ سەممىي كۆرۈشتى.

— بۇ تەرەپتىكى توي - مەرىكە قىزىپ كېتىپتۇ، ھەممىڭلارنى تەبرىكلەيمەن! — مەخسۇتباي ھاياجانلانغان ھالدا ئىككى تەرەپنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەستىن سۆزلەيتتى، — موسكۋادا «پراۋدا» گېزىتىدىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپلا، مەرىكىدىن قېپقالماي دەپ قايتىپ كەلدىم، بوپتىمۇ؟

—قايتىپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر خۇشاللىق ئىزھار قىلىپ.

— يىگىت بېشى يوق مەرىكىنىڭ قىزىمايدىغانلىقىنى بىلىپ قايتىپ كەپسىز-دە! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەنالىق قاراپ.

—ياھ ... شائىر دېگەنزە! — دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن شائىرنىڭ مۈرىسىنى قىسىپ، — قېنى شۇنداق بولىدىغانلا بولسا ھەممىمىز بىرلىكتە بۇ مەرىكىنى قىزدۇرايلى! ھازىر بۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ، قېنى؟ — مەخسۇت مۇھىتى دوستلار-

غا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ جاۋاب كۈتتى.

— بۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى ياخشى! — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر، ئۇنىڭ ئۈمىدۋار كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، — خەلق ئويغاندى. ھەممە ئادەم ئاتلىرىنى توقۇپ، قوش ئۇلاغنى تارتىپ تەييار بولدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

— بۇ ياخشى ئەھۋال، ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيەت. خەلقنىڭ ئويغىنىشى ھەممىدىن قىممەتلىك، ئويغانغان خەلق ۋولقاندىن كۈچلۈك، تاغلارنى كۆتۈرۈپ تاشلىۋېتەلەيدۇ! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى چەكسىز خۇشال بولۇپ.

ئۇلار روھلۇق كەيپىيات ئىچىدە ئاتلارغا مىنىپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى.

— ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز...، — دەپ سۆز باشلىدى مەخسۇتباي ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ئاق قاشقىنى سەل ئاستىلىتىپ، — ئويغانغان خەلقنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئارسلان. بىز ئەنە شۇ ئارسلانلارنى تەشكىللەيمىز. ئىككىنچىدىن، قومۇل تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇلارنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىمىز!

ئۇلارنىڭ ئاستىدا بۇلۇتتەك ئۇزۇپ كېتىۋاتقان سېمىز ئاتلار تەبىئىي يوسۇندا يول قىزغىنىپ تاراسلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىدىن قارىغاندا قويۇپ بەرسە يۈگۈرەتتى. شۇڭا ئات ئۈستىدىكىلەر تىزگىننى ئىگىلەپ، يۈرۈشنىڭ سۈرئىتىنى باشقۇرۇپ ئاتلارنى سوۋۇتۇغى بىلەن تەكشى ماڭدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاتلارنى مۇنداق باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى خەلق كۈچلىرىنى تەشكىللەش بىلەن مەنىداش بولغاچقا، مەخسۇت مۇھىتى ئوتتۇرىغا قويغان خەلقنى تەشكىللەش دېگەن سۆزنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەم چۈشەندۈرەتتى، ھەم كۈچەيتەتتى.

— قومۇل بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتىش لازىممۇ؟ — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولۇپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، بىزنىڭكىگە راۋۇرۇس ئىشەنچ-

لىك ئادەمدىن بىرنى ئەۋەتىش كېرەك!
— مەن باراي! — دېدى شائىر، مەخسۇتباينىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا. كېتىۋاتقانلار شۇ چاغدىكى شائىرنىڭ قىزغىن كەيپىياتى ۋە كۆزىنىڭ ئوتتەك چاقناپ تۇرۇشلىرىغا قاراپ تەھسىن ئوقۇشتى.
— سىز بارسىڭىز بولارمۇ؟ — دېدى مەخسۇتباي مەنالىق بىر قاراش بىلەن كۈلۈمسىرەپ.
— نېمىشقا بولمىسۇن. سودىگەر قىياپىتىدە ماڭسام راسا ئەپلىشىدۇ!
— سودىگەر؟
— ھەئە، سودىگەر.
— قۇمۇل يولىدا ئاچ توزغۇندەك كېتىۋاتقان بۇ چېرىكلەر سىز سودىگەرنى تىنچ ماڭدۇرارمۇ؟ قوپاللىق ئىپتىساق ئامان قويارمۇ؟ — مەخسۇت مۇھىتىنىڭ بۇ سۆزى بۇيانقىلارنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئارىدا بىر ئاز جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لېكىن ئانچە ئۇزاققا بارمايلا مەخسۇت مۇھىتى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى:
— شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەرنى، يېزىلاردىكى دېھقانلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقان چېرىكلەر، يولدا كېتىۋاتقان يالغۇز سودىگەرنى ئاباياملا بۇلاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ بىيبەسىڭىز، تەقى-تۇرقىڭىزمۇ خەتەرلىك. سىزگە ئوخشاش ئادەمنى چۆلدە كۆرسە، ئۇ قاراقورساق چېرىكلەر ئۆلتۈرۈپ يەپ كېتىشتىن يانمايدۇ! — مەخسۇتباينىڭ بۇ سۆزى ئىككىيلەننى ئىستىھزا ئارىلاش كۈلدۈردى. كۈلكە ئاخىرلاشقاندا، ئۇ يەنە داۋام قىلىپ، — بۇ تېغىردا ئەترەپلىق ئويلاپ مۇۋاپىق ئادەم تاللاش كېرەك! — دېدى.
سۆز يەنە باشقا جەھەتلەردە قىزىغانلىقتىن ئۇلار شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى.
مەخسۇت مۇھىتى ئۆتكەن يىل (30 - يىل) تىجارەت ھەم ساياھەت قىلىپ روسىيىگە كەتكەنىدى. بۇ يىل (31 - يىلى) ئىيۇل ئايلىرىدا قايتىپ كەلدى. ئۇ، چۆچەك، ئۈرۈمچىدە ئاز ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، ئاۋغۇستتا تۇرپانغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ كىشى

بىلەن كۆرۈشكۈچىلەر، پەتە قىلغۇچىلار ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ئۈزۈلمەي، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىشلار ئالدىراش بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋاقىت ئاجرىتىپ تۇرپان ئامبىلىغا سالام بەرگەچ كۆرۈشۈپ چىقماي بولمايتتى. چۈنكى، مۇنداق ئىشلارنى ئامباللار بەك ئىنچىكىلەيتتى. بولۇپمۇ شۇ يىللىرى ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان چاغلىرىدا، ئامباللار بايلار بىلەن يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى كۆپرەك سىغدىناتتى، ئۇلار ئارقىلىق يۇرتنىڭ تىنچ تۇرۇشىنى خالايتتى.

مەخسۇتباي بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر ئىككىسى سالامغا كىرگەندە، ئامبال داتاڭغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ۋە مەمنۇن ئىدى. مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئوچۇق سۆزلەشتى. مەخسۇتبايدىن روسىيە ئەھۋالىنى ئانچە - مۇنچە سورىغان بولۇپ، ئۆز مۇددىئاسىغا ئۆتتى.

— قۇمۇل تەرەپتە بىر ئاز قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقانسىز؟ — دېدى ئۇ تۇيۇقسىز سوئال قويۇپ.

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، — دېدى مەخسۇتباي ئۇنىڭ سوئالىغا يارىشا.

— ئەلۋەتتە ئاڭلىغانسىز ،خەلق ئىچىدىمۇ گەپ - سۆزلەر كۆپ، مېنىڭ ھەممىدىن خەۋىرىم بار. بەزى نادان، ئەخمەق ئادەملەر ئۇ تەرەپتىن كەلگەن ياۋا سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ خاتىرجەم بولمايۋاتىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر ماڭا بەش قولدەك ئايان، — ئامبال «خۇدامىن» تاماكىسىنى ئۇسنىلەپ چېكىپ ئولتۇرۇپ ئاستا داۋام قىلاتتى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋەزمىن ۋە يۇمشاق ئىدى. ئۇ ئاساسەن چۈشەنچە بېرىۋاتقاندەك تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەيتتى، — ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلغىنى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق. مالىمان چىقارغانلار چوقۇم قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنىش، ھۆكۈمەتكە ئىشىنىش كېرەك. ئۇلار ھۆكۈمەت بىلەن ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ، — سۆز بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاچچىقلانغان

قىياپەتتە مېھمانلارغا كۆز يۈگۈرتەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئويلاپ قويغان تاكتىكىسى ئىدى. يۇرت چوڭلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش، يەل بېرىپ ساختا ھۆرمەت كۆرسىتىش، ئاندىن ئەمەلدارلىق كېمىرىنى ئىشقا سېلىپ، مۇھىم مەقسەتلەرگە كەلگەندە تەلەپپۇزىنى كۈچەيتىش، سۆز ئاھاڭلىرىنى قاتتىق ۋە كەسكىن چىقىرىش. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىتىش ئارقىلىق قورقۇتۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش. بۇ ئۇنىڭ ئاساسىي تاكتىكىسى ئىدى. لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولغان كىشىلەر ئامبالنىڭ بۇ خىل مىجەزىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئامبالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندا، گەرچە ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ھەرىكىتىگە مۇخالىپ بولسىمۇ، سەۋرى قىلىپ قارشى پىكىر بەرمەستىن ئولتۇراتتى. ئامبال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزلەرنىڭ كەلگىنىڭىزلار ناھايىتى ياخشى بولدى. مەنمۇ سىزلەرنى سېغىنىپ ئولتۇراتتىم. سىزلەرگە مەلۇم، مەن ھەرقاچان يۇرتنىڭ تىنچ بولۇشىنى ئىزدەيدىغان ئادەم. يۇرت تىنچ بولسا، پۇقرالارمۇ پۇقرادارچىلىقنى قىلالايدۇ، سىزلەرمۇ سودا-تىجارىتىڭىزلارنى قىلالايسىزلەر. سىزلەر بولسىڭىزلار يۇرت كاتتىلىرى، خەلق سىزلەرنىڭ گېپىڭىزلارنى ئاڭلايدۇ، خەلققە سۆزلىڭىزلار، نەسىھەت قىلىڭىزلار، يۇرت تىنچ بولسۇن، نەدىكى تېگى يوق گەپلەرگە ئىشىنىپ، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇمىز دەپ يۈرمىسۇن!...

2

ھۆكۈمەت ئاللىقاچان خەلق نەزىرىدىن قالغانىدى. شۇڭا، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ھېسامىدىن زۇپەر ئامبالنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ يەنە ئۆز ئىشلىرىنىڭ كويىدا بولدى. چۈشلۈك تاماقنى ھېسامىدىننىڭ ئۆيىدە يېگەندىن كېيىن بىرئاز ئارام ئالايلى دەۋات-

قاندا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن لىتىپ ئەپەندى كىرىپ كەلدى. تۆتەيلەن بىرلىكتە قىزىل قوزغىلاڭچىلىرىغا يېزىلىدىغان ئالاقە-نىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا پىكىر قىلىشىپ بۇ ئىشنى شائىرغا تاپشۇردى.

— خەتنى كىمنىڭ نامىغا يازىمىز؟— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاقەتسىزلىك بىلەن.

— خوجىنىياز ھاجىنىڭ نامىغا يازىمىز، — دېدى مەخسۇتباي قىسقا جاۋاب بېرىپ.

— دەسلەپتە سالى دورغا، قۇربانىياز دورغىلارنىڭ ئىسمى مەشھۇر ئىدى. بۇ يېقىندا خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىسمى مەشھۇر بولدى، — دېدى لىتىپ ئەپەندى تەئەججۈپلەنگەن ئاھاڭدا،— بۇرۇنلاردا بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئانچە ئاڭلىمىغانىكەنمىز.

— جەمئىيەتتە دېگەندە ئىسمى چىقمىغان ھەر - ھەر ئادەملەر بو-لىدۇ، — دېدى مەخسۇتباي بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ. ئاندىن لىتىپ ئەپەندىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى،— ئادەتتىكى چاغلاردا يۇرت دېگەندە بىر قانچە بايلار، موللىلار مەشھۇر بولۇپ كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مەشھۇر كىشىلەردىن قاۋۇل-راق ئادەملەر جەمئىيەتتە تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يوشۇرىدۇ. بىز تونۇماي قالى-مىز. ئەمما بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالغاندا، بۇ خىل ئادەملەر بىردىنلا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا كۆزگە كۆ-رۈنمىگەن ياكى كۆزۈككە ئىلىنمىغان ئادەملەر ئاجايىپ ئىشلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كېتىدۇ. ھەتتا ئىنقىلاب داھىيسى بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، مەن بۇ قېتىم روسىيىدە «چاپايېۋ» دەيدىغان بىر كىنونى كۆردۈم. چاپايېۋ ئەسلىدە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى يىللىرىدا فرونتتىكى ئاددىي سولدات ئىكەندۇق. ئۇ چاغدا ئۇنى كۆزگە كىم ئىلاتتى دەي-سىز! ئۇنداق ئاددىي سولداتتىن نەچچە يۈز مىڭى بار - دە. بىراق ئۇ كېيىن قىزىل ئارمىيە سېپىدە بىردىنلا ئوتتۇرىغا چىقىپ مار-

شال دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ ئارمىيىسى ئاق گۋاردىيىچىلەرنى تارمار كەلتۈرۈشتە ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن چاپايېۋنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن روسىيىنى قاپلاپ كەتتى ... دېمەك گەپنىڭ خۇلاسىسى، جەمئىيەتتە، خەلق ئىچىدە ئاجايىپ قەھرىمانلار باركى، پەيتى كەلگەندە بىردىنلا مەشھۇر بولۇپ ھەممىنى بېسىپ كېتەلەيدۇ! — مەخسۇتباي بىرئاز توختاپ تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — بىزنىڭ خوجىنىياز ھاجى گەرچە دەسلەپتە مەشھۇر بولمىغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئادەم. بىز كىچىكىمىزدە ئاستانە مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ...

مەخسۇتباينىڭ بۇ سۆزى، ئاڭلىغۇچىلارنى تەئەججۈپلەندۈرگەنىدى. ئۇلار ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ ئولتۇرالماي قېلىشقانىدى. مەخسۇتباي بۇ ئەھۋالنى بايقاپ چۈشەنچە بەرمەي بولمايدىغاندەك ھېس قىلدى - دە، كۈلۈمسىرەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئېھتىمال، 1907 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى بولسا كېرەك. مەنمۇ ئاستانە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتاتتىم. بىر كۈنى قومۇللۇق بىر ئايال ئۆزى ئېشەككە مىنىپ 20 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ مەدرىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بىز كۆرۈپ نېمە ئايالدۇر، نەدىن كەلگەندۇر؟ دەپ ھەيران بولدۇق. بۇ ئايالنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن قومۇللۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇ ئايال ئۆزىنى «توقسۇندىن كەلدىم، توقسۇندىكى نىياز شېيزۇننىڭ تۇغقىنى. تۇيۇق غوجامنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىۋىدىم. ئاڭلىسام بۇ يەردە تالىپلار ئوقۇيدىغان مەدرىسە بار دەيدۇ. بۇ بالامۇ بىر - ئىككى يىل مەدرىسىدە ئوقۇغانىدى. يەنە ئوقۇسۇن دېگۈم كېلىپ ئەكەلدىم، قوبۇل قىلىپ ئوقۇتۇپ بەرگەن بولسىڭىزلار، دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ چاغدا مويدىن داموللا مۇدەررىس ئىدى. ئۇ كىشى

ماقۇل كۆرۈپ ئەپقالدى. ئۇنىڭ ئېتى ئىسھاق ئىدى. بىزلەر بىلەن تەڭتۇش بولغانلىقتىن بىر ھۇجرىدا يېتىپ قوپۇپ ئوقۇپ يۈردۇق. ئىسھاقنىڭ بويى پاكار بولغان بىلەن ئۆزى كۈچلۈك، بەدىنى چىڭ ئىدى. گاھى ئۆزئارا چېلىشىپ قالساق، خېلى - خېلى ئادەملەرگە بوي بەرمەيتتى، ئارىدىن ئالتە ئايچە ئۆتكەندە، بىر جۈمە كۈنى لۈكچۈن ۋاڭنىڭ بىر ئادىمى كېلىپ، قىزىل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىنى ئوقۇپ ئاڭلاتتى. ئۇقتۇرۇشتا: «تورپاقلار قوزغىلىڭى باستۇرۇلدى، قوزغىلاڭغا باش بولغانلارنىڭ كاللىسى كېسىلىپ ئىبرەت قىلىندى. لېكىن قولغا چۈشمەي قېچىپ يۈرگەنلەر يوق ئەمەس. تاراتىلىق بەھرەم مەتنىيازنىڭ ئوغلى خوجامنىياز قېچىپ يۈرگەنلەردىن بىرى. ئۇنىڭ بويى پاكار، يېشى 19 ـ 20 ياشلاردا. يۈزى يۇمىلاق، قارا قاش، كۆزى كىچىك، ئوت كۆز. ئىسمىنى يۆتكەپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇ ئادەمنى كۆرۈپ خەۋەر قىلغۇچىغا ئۈچ يامبۇ، تۇتۇپ بەرگۈچىگە 12 يامبۇ ئىنئام قىلىنىدۇ. بۇنى بىلىپ قېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇشبۇ يارلىق چىقىرىلدى» دېيىلگەن. بۇ ئۇقتۇرۇشنى مەدرىسىدە ئوقۇپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بەزى تالىپلارنىڭ كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولدى. ئۇقتۇرۇشتا كۆرسىتىلگەن بەلگىلەر قومۇللۇق تالىپ ئىسھاقتا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزى تالىپلار بۇ توغرىدا سۆزلىشىپ پىچىرلىشىپ يۈردى. يۇرت ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرمۇ بۇنىڭدىن گۇمان قىلدى. شۇنداق كۈنلەردە ھېلىقى تۇمۇللۇق ئايال يەنە پەيدا بولۇپ، بالام ماڭا ھەمراھ بولۇپ ھەرەمگە بارىدۇ، دەپ مەدرىسىدىن ئاجرىتىپ ئەكەتتى.

— ئويلىمىغان يەردىن ھەم قىزىق، ھەم سىرلىق تەرجىمىھال چىقتىغۇ! — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز ھەيرانلىقىنى يېشىۋالالماي.

— ئاخىرى تېخىمۇ سىرلىق، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى باشقىلارنىڭ قىزىقىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، — ئاندىن ئۇ، ھەرەمگە شۇ يىلى يېنىپ بارغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئەرپات قىلالـ

مايدۇ. ئۇ يەردە شىنجاڭلىق ياقۇپ ھاجى دېگەن كىشىنىڭ خور-
ملىق بېغىدا ئىشلەيدۇ، ئىككىنچى يىلى ئەرپات قىلىپ ھاجى بولىدۇ،
ئۇنىڭ ئەسلى ئېتى ئىسھاق بولماستىن خوجىنىياز بولغانلىقتىن
خوجىنىياز ھاجى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەرەمدىن قايتىپ كېلىشىگە
خىراجىتى بولمىغانلىقتىن ئىشلەپ تۆت-بەش يىل تۇرۇپ قالىدۇ.
1912 - يىلى شىنجاڭلىق ھاجىلار بارغاندا، شۇلار بىلەن بىللە
قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى كۆتۈ-
رۈلگەنىدى. تۆمۈر خەلپە خوجىنىيازنى تونۇيدىغان بولغانلىقتىن،
ئۇنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۆز ئەسكەرلىرىگە قورال - ياراغ ئۆگى-
تىشكە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى تۆمۈر خەلپە
قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ. ئىككىنچى يىلى، ياڭزېڭشىن تۆمۈر خەل-
پىنى ئالداپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ ماڭغاندا، خوجىنىياز تاغدا قېپقال-
غان قوزغىلاڭچىلارغا باشلىق بولۇپ قالىدۇ. تۆمۈر خەلپە ئۈرۈم-
چىدە باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى تاغقا ئەسكەر چىقار-
تىپ تاغدا قالغانلار ئۈستىدىن جازالاش ئېلىپ بارىدۇ. ئىككى
ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا تاغلىقلار يېڭىلىپ تار-
قىلىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى قۇمۇلدا تۇرالماي
باركۆل ئارقىلىق ئالتاي تەرەپكە ئۆتۈپ ئىسھاق دېگەن نام بى-
لەن بورچىندا «ئالىپ ئوكورداي» دەيدىغان قازاقنىڭ مېلىنى
باقىدۇ. ئۇ يەردە بىرەر يىل تۇرغاندا، ياڭزېڭشىن بىلەن قۇمۇل
ۋاڭىنىڭ ئوقتۇرۇشى ئالتاي تەرەپكىمۇ يېتىپ بارىدۇ. قازاق
دېگەن سېنچى خەلق، «ئىسھاق» دېگەن مالچىدىن گۇمان قىلىدۇ.
خوجىنىياز ھاجى ئۇ يەردىن قېچىپ چۆچەككە بارىدۇ، چۆچەكلىك
ماھۇتباي دېگەنگە ياللىنىپ، ئۇنىڭ بورتالا قىزىلتۇزدىكى بىر
قوتان مېلىنى يەنە بىر قازاق مالچى بىلەن بىللە باقىدۇ. شۇ
ئارىلىقتا بۇ ئېلان چۆچەك، بورتالاغىمۇ يېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن خوجىنىياز ھاجى بورتالادىمۇ تۇرالماي، سوۋېت يېرى —
ياركەنتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ياركەنتكە بېرىپ ئۆزى بىلەن بىللە



AltunOq

ئېلىۋالغان بۆكەن مۈڭگۈزىنى بازارغا ساتقىلى كىرگەندە، غۇلجىلىق ۋېلىخان باي دېگەن سودىگەر ئۇنى قىممەت باھادا سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى خوجىنىياز ھاجىغا بىر دانە بەشئاتار مىلتىق، بىر دانە ئات بېرىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ قىزىلتۇزدىن بۆكەن ئېتىپ كەل، پۇل تۆلەيمەن، دەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى شۇ ئىش بىلەن بىرقانچە يىللار يۈرۈپ، 1918 - يىلى ۋېلىخان باي بىلەن بىرلىكتە غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردىن قۇمۇلغا كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇ يولدا ئاستانىگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيلەردە بىرەر ئاي تۇرۇپ، ئاندىن قۇمۇلغا كەتكەن.

— بۇ قېتىم چاتاق قىلماپتۇمۇ؟

— ئۇ يەنە ئۆز يۇرتى تەرەپتە يوشۇرۇن يۈرۈپتۇ. كېيىن شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلۈپ، ئورنىغا نەزەر ۋاڭ چىققاندىن كېيىن ئۇنى تېخىمۇ سۈرۈشتە قىلماپتۇ. ئەمما نەزەر ۋاڭ ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز ئايلىرىدا تاغچىلارغا بۆرە، تۈلكە، سۆلەيسۇن ئېتىپ تېرىسىنى تاپشۇرۇشقا بىر - ئىككى ئايلىق مۇددەت بىلەن مىلتىق تارقىتىدىغان بىر يوسۇن چىقىرىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، خوجىنىياز ھاجى توققۇزئاتار مىلتىق بىلەن توققۇز تال ئوقتا توققۇز تېكە ئېتىپ نام چىقىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان نەزەر ۋاڭ سۈرۈشتە قىلىپ، ھېلىقى خوجىنىياز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن: « ئاتامنىڭ ئىشى ئاتامغا ھېساب، مەن ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايمەن. ئالدىمغا كەلسۇن. ئوردىدا خىزمەت بېرىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوردىغا كېلىپ خىزمەت قىلىدۇ، ئوردا ئەسكەرلىرىگە ھەربىي تەلىم بېرىدىغان باشلىق بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئېتى يېڭىباشتىن مەشھۇر بولىدۇ. ئىناۋىتىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ قېتىم قىرغىزلاڭنى سالى دورغا، قۇربانىياز دورغىلار قوزغىغان بولسىمۇ، بۇ ئادەملەر ياشىنىپ قالغان بولغاچقا، بۇ ئىشقا باشلامچى بولۇشنى ھەم ياش، ھەم قاۋۇل خوجىنىياز ھاجىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئادەم مەشھۇر بولۇپ

ئوتتۇرىغا چىقتى...

— سىز ئۇنىڭ يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ھەممە ئىشىنى بىلىدىكەنسىز، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھاياجانلىنىپ.

— بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى روسىيىدىن قايتىپ كېلىپ بىزنىڭ ئۆيلەردە تۇرغاندا سۆزلەپ بەرگەن. بولمىسا مەن نەدىن بىلەي؟ — مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ قانداقتۇر بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك تىرۇۋېلىپ ئاندىن داۋاملاشتۇردى. — بىز تەكلىپ قىلساق ئۇ كىشى ھەرگىز ياق دېمەيدۇ، بىراق بىز بۇ يەردە قانداق قارشى ئالىمىز؟ قانداق ئىشلارنى قىلىمىز؟ ئۇلار يېنىپ چىقسا لايىقىدا ئىش قىلالايمىزمۇ — يوق، گەپ مانا مۇشۇ يەردە!

— ھازىر خەلق قايناپ تېشىپ كېتەي دەپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم خوجىنىياز ھاجى قاچان چىقىدىكىن دەپ ئىنتىزار بولماقتا، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، — ئۇلار تۇرپانغا كېلىدىغانلا بولسا قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتاشقاندەك ھازىرلا ئوت تۇتىشىدۇ. ھازىر خەلق جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولماس، دېيىشىۋاتىدۇ. ھەممىلا يەردە خەلق بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىق، قاتمۇ قات زۇلۇم، خەلقنى شۇنداق تونۇشقا كەلتۈردى. مۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر خوجىنىياز ھاجى كېلىدىغان بولسا بەلكى بىز ئويلاپ يەتمىگەن، بەلكى بىز تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئاجايىپ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا، خەتنى سىز يېزىڭ! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى شائىرغا ۋەزىپە قىلىپ. ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تاشقىرىدىن كىرگەن بىر كىشى دىققىتىنى بۇزۇپ قويدى.

## 3

ھەممەيلەن بۇرۇلۇپ قاراپ، بېشىغا تاقىر تەلپەك، ئۈچىسىغا ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن ماتا كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى بىر تال پار-

چە ئارغامچا بىلەن باغلانغان، پۇتىغا تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ قال-
غان ئۇچلۇق تۇمشۇقلۇق كونا كۆن ئۆتۈك كىيگەن ئاۋارە بىر
ئادەمنى كۆردى. ئۇ ئادەم چوڭ ئىشىكتىن كىرىپ ھولۇققان بىر
قىياپەتتە ئاستا قەدەم تاشلاپ مېھمانخانا تەرەپكە يېقىنلاۋاتاتتى.

ئۇشتۇمتۇت ھويلىدا پەيدا بولغان بۇ ئادەم قىزغىن كېتى-
ۋاتقان سۆھبەتنى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇي-
غاندەك توختىتىپ قويغانلىقىنى، ھەممەيلەنگە خۇش ياقمىغانىدى.
ئۇلار بىر قاراپلا بەلكى بۇ ئادەم ئۇقۇشماسلىق بىلەن كىرىپ قال-
غاندۇر دەيدىغان ئوينى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ
قويۇشتى. مەخسۇت مۇھىتى يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۇر-
قىدىن بۇ ئادەم مەخسۇتبايغا تېخىمۇ خۇش ياقمايتتۇ دەيدىغان چۇ-
شەنچە ئالغان ھېسامىدىن زۇپەر كىرگەن ئادەمدىن بىر - ئىككى
ئېغىز گەپ سوراپ، ئەپلەپ - سەپلەپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدى:

— نەدىن كەلگەن ئادەمسەن. نېمە ئىشىڭ بار؟ — دېدى ئۇ.
مېھمانخانىنىڭ يوغان دېرىزىسىدىن ھويلىدىكى ئادەمگە دىۋىنىپ
قاراپ.

— خوش، ئازراق ئىشىم بارئىدى! — دېدى ئۇ ئادەم ۋە دېرى-
زە ئالدىدىكى ئايۋانچا سۇپىسىغا يېقىنلاپ كەلدى. بۇ ئادەمگە مېھ-
مانخانا ئىچىدىكىلەر تولۇق كۆرۈنەتتى، مېھمانخانا ئىچىدىكىلەرمۇ
ئۇنى تولۇق كۆرۈپ تۇراتتى. ھېسامىدىن زۇپەر بۇ ئادەمنىڭ
قانچىلىك ئىشى بارلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن بولسىمۇ،
تەسەللاسىغىلا ئانچە - مۇنچە سوراپ يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى.

— نېمە ئىش، ئۆزۈڭ نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— مەن ئېشەكچى.

— ئېشەكچى؟! تۇرقۇڭدىن ئېشەك ھەيدىگەن سىن چىق-
مايدۇ. قېنى سۆزلە قانداق ئىشىڭ بار؟

— كىرا بولسا سۆزلىشەي دېۋىدىم.

— قەيەرگە؟

— قومۇلغا.
— قانچە ئېشىكىڭ بار؟
— تۆت.
— تۆت! تۆت ئېشىكى بار ئادەمنى ئۆزىنى ئېشەكچى دەپ بازارغا سالامدۇ! — ھېسامىدىن زۇپەر دىمىقىدا كۈلۈپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنى يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى، — بىزدە تۆت ئېشەككە بەرگۈدەك كىرا يوق. ئەڭ ياخشىسى سەن بېرىپ ئېشەكچىلەرنىڭ شاگيولىرىنى تاپ، شۇلار سېنى يولغا سېلىپ قويسۇن!
— تونۇمايدىكەنمەن! — دېدى ئېشەكچى ئىككى يانغا قاراپ.
ھېسامىدىن مەسخىرە ئارىلاش كۈلدى:
— ئۇنداق بولسا ئىشىڭ چاتاقكەن، — دېدى ئۇ كۈلكە ئارىلاش، — ئېشەكچى بولغىنىڭ قىزىق، ئېشەكچىنىڭ شاگيوسىنى تونۇمىغانلىقىڭ ئاندىن قىزىق. بىزگە نېمە ئامال؟ شاگيولار كېپىل بولمىسا، بىر ئېشەككىمۇ يۈك بېرەلمەيمىز. ياخشىسى سەن بېرىپ شاگيولارنى تاپ، شۇلار ساڭا يۈك تېپىپ يولغا سېلىپ قويسۇن!
ھېسامىدىن زۇپەر گەپ تۈگىدى دېگەننى قىلىپ قايرىلىپ بۇ تەرەپكە قاراپ، بۇ ئادەمنى مۇشۇنداق يولغا سالغىنىم بولدىمۇ دېگەندەك تەرزدە كۈلۈمسىرەپ قويدى.
ئېشەكچى گويا بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك قىياپەتتە كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، مەخسۇتباي بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— توختا! — دېدى.
ئېشەكچى دەرھال توختاپ يەنە ئىلگىرىكى ئورنىغا كەلدى.
— ئېشەكلىرىڭ يۈك تارتىپ مەنزىلگە يېتەلەيدىغان ئېشەكلەرمۇ ياكى ئۇ يەر - بۇ يەردىن تېرىۋالغان تېرىندە ئېشەكلەرمۇ؟ — دېدى مەخسۇتباي ئۇنى توختاتقاندىن كېيىن.
— ئېشەكلىرىم خىل، — دېدى ئۇ.

— يۈك بەرسەك دېگەن يەرگە يەتكۈزەلەمسەن؟

— يەتكۈزگىلى بولۇر.

— بولۇر دەيسەنغۇ! تۇرپانلىقنىڭ «بولۇر» دېگەن سۆزىدىن قورقۇش كېرەك، تۇرپان - توقسۇنلۇقلار «بىر گەپ بولۇر» دەپ چۈك - چوك ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. سەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، «بولۇر» دېسەڭ، بىز ئىشەنچ قىلالمايمىز.

بۇ گەپكە بىرئاز كۈلۈشمەك پەيدا بولدى. شۇ ئارىلىقتا ھېسامىدىن زۇپەر سۆز قىستۇرۇپ ئۈلگۈرگەندى:

— تۇرپان - توقسۇنلۇقنىڭ «بولۇر» دېگىنىدىن، قەشقەرلىكنىڭ «ماقۇل دېگىنىدىن» ھەزەر ئەيلىسە بولىدۇ...

— قېنى باشقىدىن سۆزلە، — دېدى مەخسۇتباي كۈلكىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلاپ.

— چوقۇم يەتكۈزىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئۆيگە كىر، سېنىڭ بىلەن توختام قىلىشىمىز.

ئىشەكچى مېھمانخانىغا تېتىك قەدەم بېسىپ كىرگەندە، مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن تۇرۇپ پەگاھدا قارشى ئالدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى سەممىي قىسىپ:

— راۋۇرۇس، كېلىشكەن ئىشەكچى بوپسەن! — دېدى تونۇشلۇق بىلدۈرۈپ. ئولتۇرغانلار بۇ ئۆزگىرىشكە ھەيران بولۇشۇپ قاراپلا قالغانىدى. مەخسۇتباي ئىشەكچىنى تونۇشتۇردى.

— قۇمۇلغا خەت ئېلىپ ماڭغۇچى يۇسۇپ ئىشەكچى دېگەن شۇ! تونۇشۇپ قويىڭلار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەمدى تونۇغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىدە سەيپۇلىڭ ئۇستامنىڭ ئۆيىدە ئېلى مۇئەللىملەر بىلەن بىرلىكتە بولغانلىقىنى ئەسلەپ، بىرئاز خىجالەت چەككەندەك بولۇپ، سەممىي كۆرۈشتى:

— ئەپۇ قىلىسىز، بىز ياشلىق قىلىشىپتىمىز، — دېدى شائىر ئۆزرىخاھلىق قىلىپ.



AltunOq

بۇيانقىلارمۇ كېلىپ سەممىي قول ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇ-
نى بىساتقا تەكلىپ قىلىشتى.
— قانداق، يۈسۈپ ئېشەكچى پىسەنتىڭىزلەرگە سىغامدۇ؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئۆيدىكىلەرگە تەكشى قاراپ. ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر يارىغۇدەك ئىش قىلغان كىشىنىڭ چىرايىدا بولىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈنەتتى. مەخسۇتباينىڭ ئورۇنلاشتۇرغان بۇ ئىشىغا ھەيران بولغان كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن:
— يارايدۇ، كۆڭۈلدىكىدەك ئېشەكچى بوپتۇ! — دېيىشتى.
— مۇشۇنداق بولغاندا يولدا ئىشەنچلىك ماڭالايدۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئورنىدا باشقا كىشى ماڭسا، مەسىلەن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئەۋەتتۇق دەيلى، — مەخسۇتباي شائىرغا قاراپ داۋام قىلدى، — سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىزدا ھەرقانچە گىرىم قىلساقمۇ ئېشەكچىگە ئوخشىماي قالىسىز. ئۇ چاغدا سىز مەن ئېشەكچى دەپ ماڭسىڭىزمۇ، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە گۇمان تۇغۇلىدۇ. يۈسۈپ ئېشەكچىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەم كۆپ ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، پىشقان قاقباش. ھەرقانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى دەپئى قىلالايدۇ. ئوتقا كىرەلەيدۇ، سۇغا چۆشەلەيدۇ. مەن بۇنىڭ بىلەن ئورۇمچىدە كېلىشىپ قويغان ... ئۇنداق بولسا شائىر سىز خەتنى چاپسان يېزىڭ، بۈگۈن ئاخشام يۈسۈپ ئېشەكچى يولغا چىقىپ كەتسۇن. مەن ئىشقا ئالدىراپ تۇرىمەن، — ئۇ ئاندىن يۈسۈپكە قارىدى، — بىز سىنىڭ ساق - سالامەت يېتىپ بېرىپ پات - ئارىدا ئۇچۇر ئېلىپ چىقىشىڭىزنى كۈتىمىز!...

# يېگىرمە ئىككىنچى باب

## 1

كونىلارنىڭ «كۈلۈپ تۇرۇپ يىغلىغان خوتۇندىن، ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپ چىققان بوراندىن قورق» دەيدىغان تەمسىلى ئورۇنسىز ئەمەس... بۈگۈن سانجاپا يولىدا ھاۋا ئوچۇق تۇرۇپلا كۆتۈرۈلگەن بوران ئەنە شۇنداق ئادەم قورققۇدەك دەھشەتلىك چىققانىدى. بوران پۇرچاقتەك، دادۇردەك تاشلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ باش - كۆزلەرگە قاتتىق ئۇراتتى. بوراننىڭ ئاۋازى گويا پاختىۋەن قىلىپ ئاتقان غايەت چوڭ زەمبىرەكنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاۋازدەك گۆپۈلدەيتتى. بوراننىڭ شۇ تاپتىكى تەلۋە كۈچى ئەگەر ئېشەكلەرنىڭ ئۈستىدە بىر تاغاردىن ئاشلىق بولمىغان بولسا، ئۇلارنى ئاللىقاچان ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولاتتى، ئېشەكچىلەرمۇ ئېشەكلەرنىڭ قۇشقۇنىنى تۇتۇپ ماڭمىغان بولسا، ئۇلارنىمۇ ئۇچۇرۇپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

بۇ قاتتىق بوراندا يۈسۈپ ئېشەكچى بىلەن يەنە بىر ياسىن ئىسىملىك ئېشەكچى يولدا ئىدى. ئىككىسى يەككە ئېشەكچىلەردىن بولۇپ، پىچاندا ئۇچرىشىپ تونۇشقاندىن كېيىن يولدا ھەمراھدارچىلىق قىلىپ ماڭىدىغان سەپەر يولدىشى بولۇشقانىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسى يولدا بوراننىڭ جەبرى - جاپاسىنى تەڭ كۆرۈۋاتاتتى.

ئېشەكلەر ماڭماقتا. ئۇلار بوران تەرەپتىكى كۆزىنى بىىر يۇمۇپ، بىر ئېچىپ دېگەندەك يولدىن ئازماي يول باسماقتا. ئې‌شەكچىلەرمۇ ئېشەكتىن بەتتەر جاپا چېكىپ يول باسماقتا ئىدى. لېكىن ھادىسىلەر ئۇلارنىڭ جەبرى - جاپاسىنى ئاز كۆرگەنـدەك ئۆزىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇقى بىلەن بالا - قازا تەرىقىسىدە پەيدا بو-لۇپ، ئۇلارنىڭ جاپاسىنى كۆپەيتتى.

— ئاپلا! ...

ياسىن كېتىۋاتقان بىر ئېشەكنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن ئېشەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئاندىـن يۈسۈپكە قاراپ: «ئېشەكلەرنى توسۇۋال!» — دەپ ۋارقىراپ قولىنى پۇلاڭشىتتى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى بوران ئاللىقانداق يەر-لەرگە ئۇچۇرۇپ كەتتى. يۈسۈپ ئېشەكچى پەقەت ئۇنىڭ پۇلاڭ-شىغان قول ھەرىكىتىگە ۋە ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئېشەكلەرنى توساپ توختىتىش بىلەن ئاۋارە بولدى. ياسىن ئۆزىنى راسلـ-ۋېلىپ يىقىلـغان ئېشەكنى يۆلەشـكە باشلىدى. ھالسىزلانغان بۇ ئېشەككە ئۇنىڭ ياردەمى ئەسقاتمىدى، ئېشەك بولسا ئىنجىقلاپ كۆزىنى يۇمۇپ يېتىۋالغانىدى.

يۈسۈپ ئېشەكچى، ئېشەكلەرنى تـوسىمەن دەپ نەچچە قېتىم ئۈچۈپ كەتكىلى قىل قالغان بولسىمۇ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈ-رۈپ ئاخىر ئېشەكلەرنى توسۇپ توختىتىۋالدى، ئەمما توختىغان ئېشەكلەردىن يەنە ئۈچىسى يېتىۋېلىپ جاپانى ھەسسىلەپ كۆپەيت-كەندى.

ياسىننىڭ ھېلىقى ئېشەكنى يۆلەپ تۇرغـۇزۇشقا كۆزى يەتـ-مەي، ئۇنى تاشلاپ يۈسۈپ توختىغان يەرگە كەلدى - دە، يەنە ئـۈچ ئېشەكنىـڭ يېتىۋالغانلىقىنى كـۆرۈپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۈچتى:

— ئامال يوق، بوران توختىغۇچە ياتايلى! — دېـدى ئۇ يۈسۈپكە يېقىنلاپ كېلىپ.

مەسلىھەت بويىچە ئۇلار تېخى يېتىشىۋالمىغان ئېشەكلەرنى يولنىڭ چېتىگە ھەيدەپ چىقىپ، ئاشلىق تاغارلىرىنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ چاققانغىنا دالدا تام ياسىدى. ئېشەكلەرنىمۇ شۇ يەرگە توپلاپ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ تۇرغۇزدى. بۇ ئىشلارنى مىڭبىر جاپالار بىلەن ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن يېتىشىۋالغان ئېشەكلەرنى يۆلەشتۈرۈپ ئەكىلىش بىلەن ئاۋارە بولدى. قاتتىق بوراندا بۇ ئىشلارنى ئورۇنداش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى.

— قۇمۇللۇق دېگەننى كۆردىغان بولسام ساقلىنى بىر تالمۇ قويماي يۇلۇپ تاشلايمەن جۇمۇ! — دېدى ياسىن تاغار تامىنىڭ قىسىلچىقىغا بېشىنى تىقىپ تۇرۇپ. يۇسۇپ ئېشەكچى بۈگۈنكى جاپانى بىلگەچكە، ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇنداق ياكى مۇنداق دېمەستىن جىم ياتتى. ئەمما ياسىننىڭ ئاچچىقى بېسىلمىغانىدى، ئۇ يەنە غودۇڭشۇۋاتاتتى:

— شۇ خەق بۇزۇلۇپ تاغقا چىقمىسا، بىزگە بۇ جاپا يوق. كۆردۈڭمۇ، نېمىدېگەن جاپا! . . .

— نان يەمسەن؟ — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭغا ئۆيدە يېتىلغان توقاچ ناندىن بىرنى سۇنۇپ.

بوران شۇ كۈنى توختىمىدى. ياسىن بىلەن يۇسۇپ ئىككىسى تاغارنىڭ دالدىسىدا نان يەۋېلىپ ئۇيقۇغا كەتكەندە، ئېشەكلەرمۇ يېتىپ تەڭ ئارام ئالغانىدى. يېرىم كېچىدىن كېيىن بوران سەل پەسىيىپ تاڭغا يېقىن توختىدى. بۇ چاغدا ئاسمان خۇددى پاكىز سۈرتۈپ تازىلانغان كۈمۈش تاۋاقتەك ئېچىلىپ، يۇلتۇزلار چاراقلاپ كەتكەنىدى.

## 2

ئەزان ۋاقتى بىلەن ياسىن ھېلىقى ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ يۆلەشتۈرۈپ ئەكەلدى. ئاندىن ھەممە ئېشەكنى جەم قىلىپ

ئالدىغا تاغار سېلىپ بوغۇز تۆكتى.

كۈن يېيىلغان بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچى تەرەپتىن كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاتلىق چېرىكلەر پەيدا بولدى. ئۇلار قۇمۇلغا ياردەم ئۈچۈن كېتىۋاتقان چېرىكلەر بولۇپ، ساي يولىدا سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مىڭىش سۈرئىتىگە قارىغاندا، ئالدىراش ۋە جىددىي كېتىۋاتقان قوشۇندەك كۆرۈنەتتى. ئاڭغىچە ئېشەكچىلەرمۇ مىڭىش تەييارلىقىنى قىلىپ ئېشەكلەرگە بىر - بىرلەپ تاغار ئارتىشقا كىرىشكەنىدى. ئەمما بەش - ئالتە ئېشەككە تاغار ئارتىپ بولمايلا، چېرىكلەرنىڭ ئالدى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى سېمىز، قوراللىرى خىل ئىدى. ھەممىسىلا II ئاتار (شىداچاڭ) بىلەن قوراللانغان بۇ چېرىكلەر جىددىي يول باساتتى. ئېشەكچىلەر ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى، يۇسۇپ ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. چېرىكلەر بولسا ئېشەكچىلەرگە تەكشى قاراپ ئۆتەتتى. لېكىن كېيىنكى ئىككى چېرىك ئۇلارغا بىرئاز ئورۇنسىز چاقچاق قىلدى:

— نېمىشقا بۇ يەرگە چۈشكۈن قىلىشىۋالدىڭ؟ سىلەر بۇ ئاشلىقنى ئوغرىلارغا ئاپىرىپ بەرمەكچىمۇ؟ — دېدى چېرىكلەردىن بىرى ۋارقىراپ. ئۇنىڭ مۇنداق ئورۇنسىز گېپى ھەر ئىككى ئېشەكچىنىڭ جېنىغا تەگدى. ياسىن بۇنىڭغا سەل ئىتتىكلىك قىلىپ قويدى:

— ۋاي غوجام، كېچە چىققان بوراننى كۆرمىدىلىمۇ؟ ماڭغىلى بولسا يولۇمغا ماڭماي نېمە قىلاتتىم بۇ يەردە؟ ماڭا بىركىشى ھالۋا ئېتىپ مېھمان قىلىمەن دېگىنى يوق! — دېدى ئۇ قەھرى بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ.

چېرىكلەر ئۇنىڭ مۇنداق سۆزلىرىگە قۇلاق سالامدىغان! ئۇنىڭ قول شىلتىغىنىنى كۆرۈپلا يەنە بىر چېرىك: «ئانىڭنى» دەپ تىللاپ كېلىپ قامچىلاشقا باشلىدى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ياسىننىڭ باش - كۆزلىرىگە زەھەردەك ئاچچىق

قامچا تەگكىلى تۇردى. ئۇ ئەمكان قەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ بېشىغا قامچا تەگكۈزمىگەن بولسىمۇ، باشقا يەرلىرىگە سەككىز - ئون قامچا يېيىۋالدى، تاكى چېرىكنىڭ قولى تېلىپ ئۇرۇشىنى بولدى قىلغاندىلا، ئۇ قامچىدىن قۇتۇلدى. چېرىكمۇ ئېتىنى قايرىدى:

— ھازىر ماڭ، كەينىمىزدىن يېتىپ بارمايدىغان بولساڭ، ئېتىپ تاشلايمەن! — دېدى - دە، ئېتىنى يورۇتۇپ كېتىپ قالدى.

— ماۋۇ گۇيلار... بىكاردىن - بىكار ئۇرۇۋالدى - ھە!... خەپ توختا گۇيلار! — دېدى ياسىن ئەلەمىگە چىدىماي.

كارۋانلار قۇمۇل يولىدا باشقا يوللارنى بىر تەڭ ھېسابلىما، سانجاپانى بىرتەڭ كۆرەتتى. 180 يول كېلىدىغان بۇ مۇساپە سۇسىز چۆل ئىدى. تۇنۇگۇنكىدەك قاتتىق بوران كۆپ چىقاتتى. بوراننىڭ زەربىدىن سايدىكى تاشلار ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەنىدى.

ياسىن بىلەن يۈسۈپ ئىشەكچى بۇ چۆلدە بوراندا قېلىپ بىركېچە ياتقاندىن كېيىن، ئەتىسى ناشتىلىققا زالىمنىڭ قامچىسىنى يەپ يەنە يولغا راۋان بولدى. ماڭماي نېمە چارە!

شۇ كۈنى يولدا كېتىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. يېڭىراقتا ئۆتكەن ئاتلىقلاردىن كېيىن يەنە زور بىر قىسىم ئاتلىقلار يېتىشىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە زەمبىرەكچى قىسىملارمۇ بار ئىدى. ھەر بىر زەمبىرەكنى تۆتتىن ئات سۆرەپ ماڭاتتى. بۇ قىسىمنىڭ ئادەم سانى كۆپ، سېپى ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقتىن، ناھايىتى ئۇزۇن بىر ۋاقىتتا ئۆتۈپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالماستىنلا كېلىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەر، ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك توشۇغۇچى ھارۋىلار، ئېشەكلەر توپى، قاتار - قاتار تۆگە تىزىقلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار يىراق ئۇپۇقتا چېكىت بولۇپ كۆرۈنەتتى.

يولدا يەنە قۇمۇل تەرەپكە ئوزۇق - تۈلۈك ئاپىرىپ قاي-

تېپ كېلىۋاتقان ئات - ئۇلاغ، ھارۋىلارمۇ كۆپ ئىدى. بۇنداق كىشىلەر ماڭدامدا بىر دېگەندەك ئۇچراپ تۇراتتى. ئورۇقلاپ ھالىدىن كەتكەن ئېشەكلەر يۈكسىز سالتاڭ كېلىۋاتقان بولسىمۇ پۇتىنى ئاران يۆتكەپ ماڭاتتى. ھارۋا ئاتلىرىمۇ ئاران بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھارۋىلار يۈكسىز بولمايتتى. كۆپىنچە ھارۋىلاردا ئىككى - ئۈچتىن ياردار چېرىكلەر بولاتتى. بەزىسى بېشىنى تېڭىۋالغان، بەزىسى قولىنى بوينىغا ئېسىۋالغان ياردار- لار ئۈستى ئوچۇق ھارۋىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. بەزى ياردارلارنىڭ ئىڭراپ ۋايساشلىرىمۇ ئاڭلىناتتى.

بۇ ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتقان - كېلىۋاتقان چېرىكلەر، ئات- ئۇلاغلار ۋە ھارۋىلارنىڭ كۆپلۈكى بىر ھېسابتا شۇ بىر كۈننىڭ قىزىقچىلىقى ئىدى. قاراڭ ئەنە چېرىكلەر، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلار، گويا ئۇلارنى قۇمۇللۇقلار مەشرەپكە چىللاپ قويغاندەك كېتىۋاتىدۇ. ئات دېگەننى ئەقىللىق ھېسابلىغانىدىمۇ، بەربىر ھاي- ۋان تېپىغا كىرىدۇ، شۇڭا ئۇلار قۇمۇلغا بارغۇچە بېشىغا ياكى پۇتىغا ئوق تېگىدىغانلىقىنى بىر خىيالىغا كەلتۈرمەي كې- تىۋاتىدىغاندۇر! لېكىن چېرىكلەرچۇ؟ ئۇلار ھەرقانچە قارا كۆ- ڭۈل بولسىمۇ بەربىر ئادەم تېپىغا كىرىدىغان بولغاچقا، بىر- ئاز ئويلىنىدىغاندۇر، لېكىن ئۇلار قولىدىكى يېڭى مىلتىقلارغا ئىشەنسە كېرەك، ئۆزىگە ئوق تېگىپ يىقىلىدىغانلىقىدىن ئانچە غەم قىلمىغاندەك كېتىۋاتاتتى.

قۇمۇل تەرەپتىن يانغان ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئورۇقلۇقتا يې- قىلىپ قالاي دېگەن ئەھۋاللىرى، ياردار چېرىكلەرنىڭ كۆرۈنۈش- لىرى، شۇ كۈنكى قىزىقچىلىقلارنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئىدى. ئات - ئۇلاغلارنىڭ تۇياقلىرىدىن، ھارۋا چاقلىرىدىن زۇلۇمنىڭ ئېغىر توپىسى توكۇلۇپ تۇراتتى. ياردارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇمۇلغا بارغان چېرىكلەرنىڭ ھالاكەتلىك تەقدىرى كۆرۈنۈپ تۇ- راتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كۈننىڭ يول ئۈستىدى-

كى قىزىقچىلىقى بولماي نېمە؟

يۇسۇپ بىلەن ياسىن ئىككىسى قىزىقچىلىقلار ئىچىدە مەنزىلنىڭ تۈگەپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالغانىدى. ئۇلار شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا كېتىۋېتىپ، ئالدى تەرەپتە خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك نۇرغۇن چاقناپ تۇرغان گۈلخانلارنى كۆردى.

— يائاللا، نېمىدېگەن جىق گۈلخان بۇ! — دېدى ياسىن ئۆز ھەيرانلىقىنى بېسىۋالالماي.

— ئالدىمىزدىكى ئەسكەر ئازمىتى! — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

— بىز مۇشۇ ئەتراپقا چۈشەيلى، ئۇ خەققە يېقىنلىساق بالاسى تېگىدۇ، — دېدى ياسىن چۈشكۈن قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، — ئۇلاغلىرىمىزنى ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپ بېقىۋالمايدىغان بولساق، قۇمۇلغا يېتىپ بارالمايمىز. مۇشۇ يەردە بىر توپ قارىياغاچ بار. شۇ يەرگە چۈشسەك سۇغا يېقىن، ئېشەكلەر سۇ ئىچمىگىلى ئىككى كۈن بولدى، بىزدىن بەكرەك ئۇسساپ كەتكەندۇر!

ياسىن بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ئېشەكلەرنىڭ بېشىنى قايرىدى. ئۇلار يولدىن 200 مېتىردەك چەتنەپ، قارىياغاچ تۈۋىگە چۈشكۈن قىلدى. تاغارلارنى چۈشۈرۈپ ئېشەكلەرنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، بوغۇز تۆكۈپ بەردى. تىلسىز بىچارىلەر خۇددى بوغۇرساق يېگەندەك بوغۇزغا كىرىشكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار ئۆز غېمىنى ئويلىشاتتى. ئۇلارمۇ ئىسسىق بىر نېمە ئىچمىگىلى نەق ئىككى كۈن بولغانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تاۋى قانداقتۇر بىر پىيالە ئىسسىق نېمە تەلەپ قىلاتتى.

— مەن سۇ تېپىپ كېلەي! — ياسىن تاغاردىن مىس چۆگۈننى ئېلىپ قانداقتۇر بىر تەرەپكە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

— سۇ يىراقمۇ؟

— ئانچە يىراق ئەمەس. بىر دەمدە كېلىمەن، خۇش ياقسا

بىرئاز ئوتتۇن تېرىپ قوي! — دېدى ياسىن ۋە چاپسانلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كۆزدىن غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئوچۇق ئاڭلىناتتى، — دەنمىغۇ تەرگەچ كېلىمەن، سەنمۇ تېرىپ قوي، چاكاندىلارنىڭ ئەتراپىدىن كۆكلۈم تېپىلىدۇ!

يۇسۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ قانداقتۇر بىر يەرلەرنى پەرق ئەتمەكچى بولغاندەك ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. قاپقارا تۈن قوينىدا نېمىلەرنى كۆرۈپ، نېمىلەرنى پەرق ئەتكىلى بولسۇن!؟ ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ تاپتا ئاسماندا چىمىرلاپ تۇرغان قەددىناس يۇلتۇزلار بىلەن كەڭ سايدا پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان ۋاقىنلىق گۈلخانلارنىڭ يالقۇنلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول تەرەپتە تېخىچە كېلىپ بولالمىغان چېرىكلەرنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ سۆزلەشكەنلىرى ئاڭلىناتتى.

«نېمىدېگەن تولا چېرىك بۇ! ھەممىلا يەردە خەۋپ - خەتەر، بۇلاڭ - تالاڭ، قاچا - زۇلۇم!»

بۇلارنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈۋېتىپ نېمەئۈچۈندۇر يۇسۇپنىڭ بېشى قاتقاندەك بولدى. مۇنداق بولۇشتا مەلۇم سەۋەب بار ئىدى. بۇ سەۋەب ئۇنىڭدىكى ۋەزىپە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ۋەزىپە توغرىسىدا بۇ كەڭگىچە ھېچكىمگە تىنمىغانىدى، سەپەر يولدىشى ياسىنغىمۇ ئېيتقىنى يوق، ئەمما ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئىشىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارغىنى يوق. بۇ ھەقتە ياسىن بىلەن سۆزلەشكۈسى كەلگەنىدى. بىراق ياسىننىڭ ھېلىقى «قۇمۇللۇقنى كۆرسەم...» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ تىلىنى قاتۇرۇپ قويغانىدى. شۇنداق دەۋاتقان ئادەمگە ئۆز ئىشى توغرىسىدا سۆزلەپ مەسلىھەت سوراش قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ!

ياسىن سۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككىسى بىرلىكتە كىچىككىنە گۈلخان ياقتى ... بۇ ئوت ناھايىتى مۇشكۇلدە تۇتاشتى. يۇسۇپ بىلەن ياسىن ئىككىسى تۇماقلىرى بىلەن ئوت

پۈۋلەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان بىر چاغدا يول تەرەپتىن بىر ئىشەكچى ئادەم سالام بېرىپ كەلدى.

— قايسى تەرەپتىن كەلدىڭلار؟ — دېدى ياسىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.

— قۇمۇل تەرەپتىن.

— بىز تېخى ئەمدى كېتىۋاتىمىز! — دېدى ياسىن ئوت پۈۋلەۋېتىپ.

— ئۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — ياسىننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن يوسۇپ سوئال قويدى.

— ئۇ تەرەپتە ئۇرۇش قىزىپ كەتتى، — ئىشەكچى ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — سەككىز ئىشەك، بىر قېچىر بىلەن چىققانىدىم، بەش ئىشەك يولدا ئۆلدى. قېچىرىمنى گاسلىڭنىڭ ئادەملىرى بۇلاپ كەتتى. ماڭا ئاشقىنى ئۈچ ئىشەك. ئۇ ئىشەكلەر ھېلى ئۆلەمدۇ - ئەتىمۇ، خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ، — ئىشەكچى ئۇلۇغ - كىچىك نەپەس ئېلىپ داۋام قىلاتتى، — بۈگۈن نەق ئىككى كۈن بولدى، ئىشەكلەر بىر نېمە يېگىنى يوق. ئۆزۈممۇ تۈزۈك بىر نېمە ئىچمىدىم. ئالدىنقى كۈنى لاۋدۇڭدا ئىشەكلەرنى بىر دەڭگە سولاپ قويۇۋېدىم، شۇ يەردە بەلكى ئانچە - مۇنچە چېچىلغان سامان يېگەندۇر، سامان بولمىسا تېزەك يېگەندۇر. ئەتىسى يەنە ھەيدەپ ماڭدىم. ھەي ... بۇ زۇلۇم ھەممىدىن بەك مۇشۇ ھايۋانلارغا كەلدى. يول بويى ئۆلۈپ كەتكەن ئات - ئىشەكنىڭ ھېسابى بولمىدىغان. ئوقتا ئۆلگەن، سوغۇقتا ئۆلگەن، ئاچلىقتا ئۆلگەن... ھايۋان دېگەن تىلسىز، داتلاپ بىر يەرگە بارالمىغان ياكى تىلەپ بىر نەرسە تاپالمىغان! ... كەلگۈلۈك مۇشۇ جانىۋارلارغا كەلدى ...، — ئۇ ئادەم بىرئاز توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى، — ئىككى چارەكتەك بوغۇز بار ئىدى، شۇنى يېگۈزۈپ پىچانغا يېتىۋالسام، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئامال قىلارمەن

دېمەم، ئالدىنقى كۈنى كەچتە ئىككى چېرىك ئالدىمنى توسۇپ، مىلتىقلىرىنى شاراقلىتىپ ئاشۇ بوغۇزنىمۇ تارتىۋالدى. ئۇلاغلىرىم يولدا نېمە يەيدۇ دەپ ئېسىلسام، ئېتىۋەتكىلى قىل قالدى ...

— ئېشەكلەر قېنى؟

— ئاۋۇ يەردە ياتقۇزۇپ قويدۇم.

— تاغاردا بوغۇز بار، ئېلىپ ئېشەكلىرىڭگە يېگۈز! — دېدى يۈسۈپ.

— ئەتە ئەتىگەندە بېرەي!

— هازىر يېسە، ئەتىلىككە پۈت - قولىغان جان كىرىدۇ. ئېرىنمە!

ئوت گۈللەپ يانمىغانلىقتىن، چۆگۈن تېخىچە قاينىمىغانىدى. لېكىن چۆگۈن قاينىتالمىغان بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى قاراڭغۇ كېچىدە يىراقلارغا كۆرۈنەتتى. شۇنىڭدەك تاغارلار بىلەن ياسالغان تامنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر دائىرىنى يورۇتاتتى. ئېشەكچىلەر چۆگۈننىڭ بەربىر قاينايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇلار نان تاغىرىدىن نان ئېلىپ، چېقىلماس قاچا ھېسابلانغان ياغاچ چۆچەكلەرگە چىلاپ چۆگۈننىڭ قاينىشىغا تەقەززا بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلاردا گۆش - ياغ يوق ئىدى. شۇ شارائىتتا چۆگۈن قاينىسا، نانلارنى يۇمشىتىپ ئىسسىق ئىچىۋېلىشنى، قوي سويۇپ شورپا ئىچكەندىنمۇ ئەۋزەل بىلىشەتتى. بەختكە يارىشا، چۆگۈن شىڭىلدىدى، ھەممەيلەن ئۆز ئىشتىھاسىنى چۆگۈنگە توغرىلاپ ئولتۇرغاندا، ئاسماندىن چۈشكەندەك ئىككى چېرىك پەيدا بولدى.

— كىم سىلەرنى ئوت ياق دېدى؟

بىردىنلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈگەن ئېشەكچىلەر بۇرۇلۇپ قاراپ يېقىنلاپ كېلىپ قالغان ئىككى چېرىكنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يۈزى ئوتنىڭ شولىسىدا بىر قىسمى قارا، بىر قىسمى ئاقۇش مىس رەڭ كۆرۈنۈپ خۇددى گۆردىن چىققان ئۆلۈكلەردەك سۈرلۈك تۇراتتى.

— ئۇت قالاشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟ ياكى سىلەر تاغ-
دىكى ئوغرىلارغا ئۇت يېقىپ بەلگە بەرمەكچىمۇ!

سۆز بىلەن تەڭ مىلتىقلىرىنىڭ جىزىسىنى شاراقلاتقان چې-
رىكلەر دېۋەيلەيتتى.

— ئازراق چاي قاينىتىپ ئىچەيلى دەپتۇق! — دېدى يا-
سىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ.

— قاينىدىمۇ؟ — چېرىكلەردىن بىرى سەل بوش ئاۋاز
بىلەن سورىدى.

— ئاز قالدى! — دېدى ياسىن.

— چاپسان قاينات.

چاينى قاينىتىۋېلىشىمىزغا يول قويغان ئوخشايدۇ دەپ چۈ-
شەنگەن ياسىن ئوتنى شىلاپ تۆمىقى بىلەن يەلپۈپ چۆگۈننى
ئالدىراش قايناتتى.

— قاينىدىمۇ؟

— قاينىدى.

— كۆتۈرۈپ ماڭ! — دېدى بىر ئەسكەر بۇيرۇق بېرىپ.

ياسىننىڭ بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، مىلتىق ئال-
دىدا ياۋاش بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ ئارتۇق
گەپ قىلماستىن تۆمىقى بىلەن چۆگۈننىڭ دەستىسىدىن تۇتۇپ
كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغاندا، چېرىكلەر قالغان ئوتنى تېپىپ
چېچىۋېتىپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئەكەتتى.

چارەك سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلگەن ياسىن ئاچچىقىدا
چۆگۈننى جالاققىدە تاشلىۋەتتى - دە، غودۇڭشىپ:

— سالىدىغان چاي بارمۇ دېۋىدى، ئاچچىقىمدا ئىشەكنىڭ
تېزىكى بار دېگىلى قىل قالدىم، — دېدى.

— ئۇ گەپنى قىلمىغىنىڭ ياخشى بوپتۇ، — دېدى يۈسۈپ
نەسىھەت تەرىقىسىدە، — نەگە ئاپىرىپ بەردىڭ؟

— بارسام ئىككى ھارۋا تۇرۇپتۇ. ئاتلىرى ھېرىپ قالغان

ئوخشايدۇ. ھارۋىلاردا يارىدار چېرىكلەر بارئىكەن. قايناقسۇنى شۇلارنىڭ قاچىلىرىغا قۇيۇۋالدى، — دېدى ئۇ ئاچچىق بىلەن.

— كېرەك يوق، تىنچ - ئامان قايتىپ كەلگىنىڭ ياخشى بولدى.

ئېشەكچىلەر ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن قاتتىق نانلارنى يېيىشكە باشلىدى. بۇلار نان يەپ ئولتۇرۇپ يەنە بىرمۇنچە سۆزلەشتى؛

— قومۇللۇقلار بىلىپ تاغقا چىقىۋالغانىكەن! — دېدى ياسىن قولىدىكى ناننىڭ توپىسىنى پۇۋلەۋېتىپ.

— نېمىنى بىلىپ؟ — يۇسۇپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ سوردى. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىگەنلىكى قاراڭغۇدا بۇيانقىلارغا كۆرۈنمەيتتى.

— نېمىنى بىلەتتى، بۇ خەقنىڭ ئەسكىلىكىنى بىلىپ!

— تونۇگۈن دېگەنلىرىڭ نېمىگە ھېساب؟

ياسىن بۇ سوئالنى چۈشەنگەندى، شۇڭا ئۇ بىرئاز كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ گەپتىن يېنىۋالدىم. مانا ئەمدى قومۇللۇقنى كۆرسەم ساقلىغا تاۋاپ قىلىمەن!

— ھە — ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ! — دېدى يۇسۇپ، ئاۋازىنى ئۇزۇنغۇلۇق چىقىرىپ، — ئۇلار جېنىدىن تويمىسا، ئىسسىق ماكانىنى تاشلاپ تاغقا چىقمايتتى! ...

ھەممەيلەن بىر دەم جىم ئولتۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىكى ناننىڭ غۇرۇسلىغان ئاۋازىلا ئارىلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئەمما ئۈچ ئادەم بۇ جىمجىت شارائىتتا تەڭلا چوڭقۇر خىياللارغا كەتكەنىدى.

— ھېلىقى گۇيلارنىڭ مىلتىقىنى تارتىۋالساق بوپتىكەن!— دېدى ياسىن بىردىنلا ئارمان قىلىپ.

— تارتىۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — يۇسۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سۆزلىتىپ ئاشكارا قىلىۋېتىش ئۈچۈن

سوئال قويغانىدى:

— ئېلىپلا تاغقا كەتمەمدۇق! — دېدى ئۇ يۈرەكلىك بىلەن.

— راست شۇنداق قىلامسەن؟

— قىلىمەن! — دېدى ئۇ قەتئىي ئاھاڭدا، — ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇڭغۇ! بۇ خەققە جىم تۇرۇپ بەرسەك مۇشۇنداق ئازاب سېلىپ ھارام ئۆلتۈرگۈدەك. مۇنداق ھارام ئۆلگۈچە، تاغقا چىقىپ قولۇڭغا قورال تۇتۇپ، دۈشمەندىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزۈڭ ئۆلسەڭمۇ، ھالال ئۆلگەن بولامسەن. ھالال ئۆلسەك نېمە ئارمان! ...

بۇلار نان يەپ بولغۇچە يەنە بىرمۇنچە مۇڭداشتى، ھېرىپ كەتكەن ئېشەكچىلەر ئاخىرى تاغارلارغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ كېتىشتى.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## 1

يايى، جىسالارغا بىر ئىش تېپىلغۇسىز - دە! ئىش تېپىلدىمۇ، بولدى، شەھەر دېگەننى بېشىغا كىيىۋالاتتى، يېزا - سەھرانى يەر تەۋرىگەندەك زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى ... ئۇلار شۇنداق ئۆگەنگەن، ئۇلار ھاۋا گۈلدۈرلىتىپ تېرە تاراقشىتىشقا، ساقىلىنى پۈۋلەپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ ئادەم قورقۇتۇشقا، بۆك ئەكەل دېسە باش كېسىپ كېلىشكە ئىنتايىن ماھىر كېلەتتى.

ئېھتىمال ئۇلارغا ئۈرۈمچىدىن لى زۇڭشىلىڭ كېلىدۇ، دەڭسارايلارنى تازىلاپ تەق قىلىڭلار دەيدىغان ۋەزىپە بەرگەن بولغىنىتتى. ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇلار مۇشۇ ۋەزىپە بويىچە شەھەر دېگەننى ئوڭتەي - توڭتەي قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئۈتتۈر كەلگەن شەھەر ئاھالىسىنى تۈتۈۋېلىپ، دەڭ-سارايلارنى تازىلىتاتتى. يېزىلاردىن ئەۋەتىلگەن ئەمگەك كۈچلىرىنى ھەيدەپ يۈرۈپ ئۆي-ئۆيدىن كات، زىلچا، كىگىز يىغىپ ساراي ئۆيلىرىگە سالدۇراتتى. قازان - قومۇچ ئاستۇراتتى. ئوتۇن، سامان، توخۇ، ئۆردەك ھەتتا تۇخۇمغىچە تاپتۇرۇپ كېلىپ ھەممىنى تەق قىلاتتى. «چاپسان بولۇڭلار، ئۈرۈمچىدىن كېلىدىغان مېھمانلار ئۇنداق - مۇنداق كىشىلەردىن ئەمەس، زۇڭشىلىڭ دېگىنى ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان باش قو-



Altunoq

ماندان دېگەن سۆز، لايىقىدا تەييارلىق كۆرمىسەك، ئىشىمىز چاتاق!» — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ كوچىلارنى بېشىغا كىيىۋالغانىدى.

لېكىن، يۇرت خەلقى ياپىلارنىڭ بۇ خىل داۋراڭلىرىغا ئانچە پىسەنت قىلمايتتى. چۈنكى ئۇلار قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مۇنداق ئېتى ئۇلۇغ سەركەردىلەردىن قانچىسىنى ئۆتكۈزگەن، ئۇلارنىڭ قومۇلغا بىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك تىترەپ قايتقانلىقىنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھەر خىل شاڭخولارنى قىلىشقان ئەمەسمىدى! جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە قانچە يىللار يۇرت سوراپ زالىملىقتا ئات چىقارغان جۇ داۋتەي (ئاقسۇ ۋالىيسى ھەم سىلىڭى جۇرۇيچىڭ) جىن شۇرېننىڭ ئاتاقلىق سەركەردىلىرى لۇ شياۋزۇ، جاڭ زىخېڭ (جاڭ پېيىۋەن) لارنىڭ قومۇل تەرەپكە بىرىشتىكى ھەيۋىسى بىلەن، قايتىشىدا بوراندا قالغان تۈلكىدەك قۇيرۇقىنى چېۋىسىغا قىسىپ ئۆتكەنلىكىنى مەسخىرە قىلغان ئەمەسمىدى! قېنى، بۇ لى زوڭسىيلىڭ قانچىلىك بولار؟ بۇنىڭ ئېتى لى خەيرۇ ئىكەن، لىخەي دېگىنى، يامان، بىڭسى بار دېگەن سۆزغۇ، قېنى بۇنىڭ بىڭسى قانچىلىك بولاركىن! دېيىشىپ ئۆزلىرىنىڭ سىناق تارازىسىغا سېلىپ قويۇشقانىدى.

قوشۇن يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنتىقىسىگە خىلاپ كەلمەستىن، خەلق قوزغىلاڭلىرىنى ھەيۋە، بېسىم، قىرقۇتۇش، ئۇرۇش - سوقۇش، ئېتىش - چېپىش بىلەن باستۇرۇپ تاشلايمىز، دەپ ھەيۋە بىلەن كېلەتتى.

لى خەيرۇ شەرقىي يولنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىنلا كۆرەڭلىگەنىدى. جىن شۇرېن بەرگەن ئۇزىتىش زىياپىتىدە ئۇ قەدەھ سۆزى قىلىپ «ئۈچ ئاي ئىچىدە قومۇل قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش»قا قاتتىق ۋەدە قىلغانىدى. جىن شۇرېنمۇ ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، تولۇق بىر باتالىيون مۇھاپىزەت-

چى قوشۇنىنى ئەنگلىيىدىن سېتىۋېلىنغان 11 ئاتار مىلتىقلار بى-
لەن قوراللاندۇرغاندىن تاشقىرى، بىر روتا زەمبىرەكچى قىسىم
قوشۇپ ھەيۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى. زوڭسىلىڭ يەنە ئوق-
دورا ۋە باشقا تەمىنات بۇيۇملىرىنىمۇ يېتەرلىك ئالغاندىن باشقا،
سەنمۇ (مەسلىھەتچى) ھېسابىدا خې دېڭباڭ (نۇربەگ) ①، مامۇت-
بەگ ②، ناسىربەگ ③، قاتارلىق ئۈچ كىشىنىمۇ بىللە ئېلىۋال-
غانىدى.

بۇ ئۈچ كىشى ئۈرۈمچى سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇش
پۈتتۈرۈپ چىققانلار ئىدى. لى خەيرۇ سىلىڭ ئۇلارنى كېرەك
بولۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن مەشاۋىرلار سېپىگە قوشۇپ بىللە
ئېلىۋالغانىدى.

بۇ ئۈچ كىشى يارامىلىق ئاتلارغا مىنىپ يول بويى ئۆزۈن-
ئۆزۈنغا سوزۇلغان قوشۇنلارنىڭ بىر دەم ئالدىدا، بىردەم كەينىدە، ئىش-
قىلىپ خالىغان يەردە ئەركىن يۈرەتتى. چۈشكۈن قىلغان ئۆتەڭ
ۋە شەھەرلەردە ئۇلار گاھىدا شتابنىڭ ئۆزىگە، گاھىدا شتابقا
يېقىن جايلارغا ياكى پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە چۈشكۈن قىلىپ، ئىم-
كانىيەتنىڭ بولۇشىچە تەمىنات ئورۇنلىرىدىن ئۆز ئالدىغا ئايرىم
تەمىنات ئېلىپ راھەتلىنەتتى. بەزىدە تەمىنات ئورۇنلىرىدىن بى-
رەر پاقلان ئېلىپ ئۆزىنى ياخشى كۈتەتتى. قوماندانلىق شتابى-
دا بۇ ئۈچ كىشىنىڭ زادى قانچىلىك ئىناۋىتى بارلىقىدىن قەت-
ئىينەزەر، پۇقرالار ئۇلارنى ئالاھىدە چوڭ كۆرەتتى. ئۇلارمۇ
لاپ سۆزلەپ ئۆزلىرىنى چوڭ كۆرسىتىشنى بىلىدىغان كىشىلەر
بولغانلىقتىن، بىر گەپنىڭ ئىككىسى بولسىلا، لى سىلىڭ ئۇنداق

① خې دېڭباڭ (نۇربەگ) — ئازادلىقتىن ئىلگىرى خوتەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن ئەكسىيەتچىلەرنى باستۇرۇش ھەرىكىتىدە باستۇرۇلغان.

② مامۇتبەگ — شۆتاڭ مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ خىزمەت قىلغان.

③ ناسىر بەگ — ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتتە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان.

دېدى، لى سىلىڭ مۇنداق دېدى، دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ئۆز-
زىنى كۆرسەتتى.

بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنى جان-
دىلى بىلەن ھىمايە قىلىدىغانلار بولغاچقا، قۇمۇل دېھقانلار قوز-
غىلىڭىغا نىسبەتەن ئۆز ئالدىغا كۆز قاراشقا ئىگە ئىدى. ئۇلار-
چە بولغاندا قوزغىلاڭ چىقماسلىقى لازىم، چىققانىكەن باستۇ-
رۇپ تاشلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ قېتىم قاتتىق غەزەپكە كەلگەن
ھۆكۈمەت پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ مەشھۇر سەركەردە لى
خەيرۇنى باش قوماندانلىققا تەيىنلەپ قۇمۇلغا ئەۋەتكەنلىكىگە ئۇلار
ئۈمىدۋار بولۇپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى بۇ قېتىم چوقۇم باس-
تۇرۇلۇپ كېتىدۇ دەپ قەتئىي ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ پۇرسەت-
تە خىزمەت كۆرسىتىش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى جانجان
مەنپەئەتلىرىنى زىچ باغلاشتۇرۇپ، يول بويى شېرىن تەسەۋۋۇر-
لارغا بېرىلىپ، مەنزىللەرگە قانداق بېرىپ قالغانلىقلىرىنى تۇيماي
قالاتتى.

تۇرپانغا يېقىنلاشقاندا، ئۈچ ئاتلىق مۇشاۋۇر قوشۇندىن ئىل-
گىرىلەپ چىق ئالدىغا كەتكەنىدى. بۇلار يەمشى ئەتراپىغا
كەلگەندە، يولدا سامان باسقان بىرقانچە ھارۋىلارغا يېتىشتى
ھارۋىكەشلەر ھارۋىسىنى چوڭ يولغا سېلىپ قويۇپ پەيزى بىلەن
«ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتىپ ماڭاتتى. نۇربەگ ھارۋىغا يېقىنلاپ
ناخشىغا بىرپەس قۇلاق سالغاندىن كېيىن ھارۋىغا يانداپ كېلىپ:

— ئاداش، ناخشاڭ قالتىسقۇ! — دېدى چىرايىغا كەمتەر
تۇس بېرىپ.

— زېرىكىپ ئېيتتۇق! — دېدى ھارۋىكەش ئۇ ئادەمنىڭ
خۇشخۇي كۆرۈنگەن ئەلپازىغا قاراپ.

— زېرىكىپ ئېيتىۋاتامسەن ياكى مەقسەتلىك ئېيتىۋاتامسەن؟

— بىزدە نېمە مەقسەت بولسۇن، ئەتىگەن ئورنىمىزدىن قوپ-
ساق، شاڭيوڭنىڭ ئادەملىرى كېلىپ، ئۈرۈمچىدىن «لى خەي» سى-

لىك كەلگۈدەك، بىر ھارۋا سامان ئاپىرىپ بەرگىن، دېدى. شۇ-
نىڭ بىلەنلا كېلىۋاتىمىز. بىزدە نېمە مەقسەت بولاتتى دەيسىز!—
دېدى ھارۋىكەش.

— نېمە، نېمە؟ — نۇربەگ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سۆز-
گە ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ يېنىشلاپ سوئال قويدى، —
ئۇرۇمچىدىن كىم كەلگۈدەك؟

— كىملىكىنى نېمە بىلەي، ئۇرۇمچىدىن «لى خەي» سىلىك
كەلگۈدەك دەيدىغۇ؟

— لى خەي دېگىنى نېمىسى؟

— مەن نېمە بىلەي، خەقلەردىن سورىسام «لى خەي» دې-
گىنى «يامان» دېگىنى دەيدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا كېلىۋاتقان سىلىك-
نىڭ بىڭسى بار ئادەم ئوخشايدۇ!

نۇربەگ ئىچىدە: لى خەيرۇ سىلىك يېتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ
بىڭسى بارلىقى تۇرپانغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ چوڭ شوھرەت. بۇنى
سىلىكنىڭ ئۆزىگە مەلۇم قىلىپ خۇش قىلىۋېتىدىغان بولدۇم،
دەپ گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدى.

— لى سىلىك توغرىسىدا يەنە قانداق گەپلەر بار؟ — دې-
دى ئۇ ئىچكىرىلەپ، يەنە بىر ئاز دەسمايە تاپماقچى بولۇپ.

ھارۋىكەشمۇ بوش ئەمەس ئىدى. سورىغۇچىنىڭ تۇرقىغا قا-
راپ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغانلىق-
تىن ئۇنى تېخىمۇ رازى قىلىۋېتىش ئۈچۈن لايىق جاۋاب
بەردى:

— «لى خەي» سىلىك كېلىۋېتىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ خەلق-
لەر ناھايىتى خۇش بولۇشتى. قۇمۇلغا ئاۋۋال بارغان سىلىكلار-
نىڭ ھەممىسىلا كارغا كەلمىدى. بۇ قېتىم بىڭسى بار سىلىك بې-
رىپ، قۇمۇللۇقلارنى چاپسانراق بېسىقتۇرسا، سامان توشۇيدىغان ئىش-
لىرىمىز تۈگەيدۇ، ئارام تېپىپ تىرىقچىلىقىمىزنى قىلغۇدەكمىز،
دەپ ھەممىسىلا خۇشال.

ھارۋىكەشنىڭ ساددا سۆزلىرىگە قانائەت ھاسىل قىلغان نۇربەگ ئارقىدا كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ:

— مامۇتبەگ، ناسىربەگ ماڭسىلا! — دېدى - دە، ئۆزى ئاتنى بېقىنداپ ھارۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مامۇتبەگ، ناسىربەگلەر ئاتلىرىنى دەپشىتىپ نۇربەگكە يېتىشكەندە، نۇربەگ ئۆزى تاپقان گۆھەردەك ئېسىل دەسمايە توغرىسىدا ئېغىز ئاچماستىن سۆزنى باشقا ياقلارغا بۇراپ:

— بېگىم، — دېدى ئۇ بۇيانقى ئىككى ھەمراھىغا تەڭ قاراپ، — بۇ خەق «ئاچىل، گۈل ئاچىل» دەپ بەخۇدۇك ناخشا ئېيتىدىكەن، بۇ قانداق ناخشا؟

— بۇ بىر ناخشىغۇ! نېمە بولماقچى! — دېدى ناسىربەگ ساددا كۆڭۈللۈك بىلەن.

— ياق، ياق، — دېدى نۇربەگ كۆزلىرىنى پال - پال قىلىپ، — بۇ بىكار ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئەمەس! بۇ خەقزە بىكاردىن - بىكار ئاچىل دەمدۇ، نېمىنى ئاچماقچى؟ بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار، تەقسىر!

ناسىربەگ جاۋابلاشماستىن مەغلۇپ بولغان تەرزدە جىم بولۇپ قالدى. مامۇتبەگ سۆزگە قوشۇلۇپ ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان ئىڭايسىزلىقنى تۈزەتمەكچى بولغاندەك:

— ئاچىل - ئاچىل گۈل ئاچىل، ئاچىلغاندا بىر گەپ بار دەۋاتامدۇ! نۇربېگىم ئېيتقاندەك، ئەلۋەتتە بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بار! — دەپ قويدى.

— بۇ ناخشا قومۇللۇقلارنى چىللاۋاتقان ناخشا ياكى ئۇلار چىققۇچە ئۆزلىرى ئېچىلىدىغانغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ناخشا!

نۇربەگ بۇ مەسىلىدە تولۇق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قەتئىيلەشتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىزنى نېمىدەپ سەنمۇ قىلىپ ئەكەلدى؟ بىزدىن كۈتۈۋاتقان مەقسەت بار، ئۇنداق بولمىسا بىز ئۈچ كىشىنى نېمە، قىلاتتى!

بىزنى بىر نېمە بىلىدۇ، بىر ئىشلارنى سېزىدۇ دەپ ئەكەلدى. شۇنىڭغا يارىشا كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، بىر ئىشلارنى سېزىپ، بىرەر خىزمەت كۆرسىتەيدىغان بولساق تاناۋىمىز تارتىلىدۇ جۇمۇ! ...

بۇلار غەپلەت باسقاندەك بىرئاز ۋاقىت سۆزسىز يول باستى. ئۇزايىدىن قارىغاندا ھەر ئۈچىنىڭ ئاللىقانداق خىياللارغا كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، نۇربەگنىڭ كۆزلىرى ئويناپ، روھى تېتىكلەپ، كۆكرىكى كېرىلگەنىدى. چۈنكى ئۇ خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ يېتەرلىك دەسمايىسىگە ئىگە ئىدى. مامۇتبەگ ئوتتۇرىدا ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىرەر دەسمايىسى بولمىسىمۇ نۇربەگنىڭ سۆزىگە قوشۇلغان تەرىپى بولغاچقا بىرئاز خاتىرجەم ئىدى. ناسىربەگ غەمكىن ئىدى. چۈنكى ئۇ، ئەقەللىسى «ئاچىل» نىڭ قانداق ناخشا ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەنمىگەن، سەزمىگەن ھەتتا ناخشىغۇ دەپ سەل قاراپ بۇ جەھەتتە جىق ئارقىدا قالغانىدى. لېكىن بۇ كىشى قورقمايتتى. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق بالايىئاپەتنى ئۆزىنىڭ ياۋاش - مۆمىنلىكى بىلەن يېڭىپ كېتەلەيتتى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن جىمجىتلىقنى ئات تۇياقلىرىدىن چىققان تاۋۇشلار بىلەن ئاتلارنىڭ ئاندا - ساندا پۇرقۇپ قويۇشلىرىلا بۇزاتتى. بۇلار سەيدىخان داۋىنىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ بىر تۈزلەڭلىككە چىققاندا، يولنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قويۇق مەھەللىلەر بىلەن ئاسمان بويلاپ ئۆسكەن باراقسان تېرەكلەر بوستاندەك چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

— ئۈرۈمچىدىن چىقىپ تۇرپانغا كەلگەن ئادەم گويا باغ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىكەن! — دېدى مامۇتبەگ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

— مەن تۇرپانغا كەلسەم، خۇددى ئۆز يۇرتۇم كورلىغا بېرىپ قالغاندەك بولىمەن! — دېدى ناسىربەگ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— مەن ھېلىقى ناخشىنى ئاڭلاپلا، تۇرپاندىن قان پۇراپ تۇرغاندەك ھېس قىلدىم، — دېدى نۇربەگ ئالا - سېرىق بولۇپ،— چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ دې-گەندەك، بۇ خەق ئاچىل دەپ ئېچىلىپ قويۇپ شۇنداق ياخشى باغ - ۋارانلىرىنى خانىۋەيران قىلمىغىيتى دەپ يۈرىكىم ئاغرى-ۋاتىدۇ!

— خۇدا ساقلىسۇن! — دېدى ماھۇتبەگ خالىس پوزىتسى-يە بىلدۇرۇپ.

— ئاغزىمىزنى ئۇششۇتمەيلى بېگىم! — دېدى ناسىربەگ ئۆتتۈنۈش قىلغان ئاھاڭدا.

بۇلار يەنە جىم بولۇپ قېلىشتى، تاكى شەھەر ئىچىگە يەت-كەنگە قەدەر ھېچكىم سۆز ئاچمىدى.

شەھەر كوچىلىرىدا ئاھالە شالاڭ كۆرۈنەتتى. تولا ئادەملەر ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يېزىلارغا چىقىپ كەتكەن-لىكتىن، قېرى - چۈرى، مېيىپ ئادەملەرلا شەھەردەقالغانىدى. شە-ھەردىكى ساراي - دەڭلەرنى «لى خەي» سىلىك كەلگۈدەك دەپ تازىلاپ تەق قىلغان، تەممىنلەش پونكىتىدىن مەزكۇر سارايلارغا ئۇن - گۈرۈچ، ئوتۇن - كۆمۈر يۆتكەپ زاپاس قىلغانىدى.

## 2

ئۈچ ئاتلىق مەسلىھەتچىلەر تۇرپان يېڭىشەھەر ئىچىدە سوراش-تۇرۇپ يۈرۈپ ××× تۇڭچىنىڭ ئۆيىگە چۈشكۈن قىلدى. بۇلار بىر - بىرى بىلەن بۇرۇن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر-بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلىشىپ غايىبانە تونۇش بولغانلىقتىن، قەدىناسلاردەك سەممىمي كۆرۈشتى. ساھىبخان ئۇلارنى مېھمانخانى-سىغا تەكلىپ قىلىپ ئىززەت - ئىكرام كۆرسەتتى. دەرھال چاي تەييارلاپ داستىخان سالدى.

— ئۆزلىرى بەك مەشھۇر ئادەم، — دەپ سۆز ئاچتى نۇر-
بەگ چاي ئۇستىدە، — مەندە ئۇزۇندىن بۇيان بىر كۆرۈشسەم دەي-
دىغان ئارزۇ بار ئىدى، مانا بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ.

— مەن ھەم ھەرقايسىلىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرىنى ئۇ-
زۇندىن ئاڭلاپ كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر مۇخلىس،
بۈگۈن مانا ھەرقايسىلىرىنىڭ كېلىدىغانلىقى، كۆرۈشىدىغانلىقىم
ئون ئۇخلاپ بىر چۈشۈمدە يوق. ئىرادە دېگەن مانا شۇنداق، بۇ
بىر كارامەت دېسىلە، نېمە دېگەن خۇشاللىق، ھازىر مەن يېرىلىپ
كەتكۈدەك خۇشالمەن! — دېدى ساھىبخان گۆشلۈك قولىنى كۆك-
سىگە قويۇپ.

بۇلار چاي ئۇستىدە چارەك سائەتچە پاراڭلاشقاندىن كېيىن
نۇربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تۇۋچى بېگىم، كەچ كىرىپ قېلىۋاتىدۇ، — دەپ سۆز
باشلىدى، ساھىبخان ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا ھەيران قالغاندەك
قاراپلا قالغانىدى. نۇربەگ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز بۈ-
گۈن ئۆزلىرىگە مېھمان ئەمەس، سەپەر ئۈستىدىكى ئادەملەر. مېھ-
مان بولۇش ئۈچۈن ئايرىم كېلىمىز. يۇرت تىنچىقاپ، ھەممە
ئىش جايىغا چۈشكەندە تۇرپانغا ئالاھىدە كېلىپ مېھمان بولۇش-
قا ۋەدە بېرىمەن.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى ساھىب-
خان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. نۇربەگ سۆزىنى يەنە داۋام
قىلدۇرۇپ:

— سىلى بىزگە تەمىنات ئورنىنى كۆرسىتىپ قويسىلا، بىز
بېرىپ تەمىنات ئالدۇرۇپ كېلەيلى، ئاندىن كەڭتاشا ئولتۇرۇش-
ماھدۇق! — دېدى.

— مۇنداق گەپنى قىلغۇچى بولمىسىلا، ھەرقايسىلىرىدەك
كاتتا مېھمانلارنى تۆگە ئۆلتۈرۈپمۇ ئەكەلگىلى بولماس — دې-
دى ساھىبخان قېيىدىغاندەك كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئا-

دىن نۇربەگكە يېقىنلاپ «ئولتۇرسىلا» دەپ ئۇنىڭ ئىككى مۈرە-
سىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ ئۆ-
زى شەھىرى تۇرپان. ھەرقايسىلىرى تۇرپانغا كەلگەن مېھمان، تۇر-
پانغا كەلگەن كىشى ئاۋۋال ئامبالنى سىرايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن
تۈگچىنى. مېنىڭ قانداقلا بولمىسۇن پالانچى تۈگچى دېگەن ئېتىم
بار ئادەم، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۈگۈن مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاشۇنداق
گەپلەرنى قىلساق ماڭا سەت بولمامدۇ! خاتىرجەم ئولتۇ-
رۇشسىلا!

— بېرىپ كەلسەك ياخشى بولاتتى. تەمىنات ئورۇنلىرىنى
كۆزدىن كەچۈرگەچ، شەھەرنىمۇ كۆرسەك دەيمىنا! — دېدى نۇر-
بەگ ئورنىدا قايتا ئولتۇرۇپ.

— ئەتە شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندۇرۇپ تاماشا
قىلدۇراي، بۈگۈنچە خاتىرجەم يېزىلىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىش-
سىلا! — ساھىبخان ئۇلارنى ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىلىپ.
ئاندىن مېھمانلارنىڭ يۆلىنىپ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن لىمتاقتىن
ياستۇق ئېلىپ تاشلىغاچ، — ئاتلىق سەپەردە ئادەمگە بەك ھار-
غىنلىق يېتىدۇ. مەنغۇ بىر كۈن ئاتلىق ماڭسام تۆت-بەش كۈنگىچە
بەدەن - بېشىمنى ئالالماي قالىمەن! — دېدى - دە، ئۆزى سىرتقا
چىقىپ كەتتى...

ناماز دىگەر ۋاقتىدا، تۈگچىنىڭ ئۆيىگە بىر ھارۋىدا ئاش-
لىق، قوي، توخۇ، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق نېمەتلەر كەل-
دى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا روزى موللا يېتىپ كېلىپ تۈگچى بى-
لەن كۆرۈشتى. تۈگچى شۇئانلا ئۇنى مېھمانلارغا تونۇشتۇرماقچى
بولۇپ ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

— ھەرقايسىلىرى ئەسلىدە ئامەتلىك ھەم تەلەيلىك، —
ساھىبخان روزى موللىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشىكتىنلا سۆزلەپ كىر-
دى، — مانا بۇ ئىنىم ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ
ھەممىنى تەخلەپ كەپتۇ، — دېدى ئۇ.

مېھمانلار ئورنىدىن تۇرمايلا روزى موللىغا قول بېرىپ، كۆرۈشۈپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئىلتىپاتى روزى موللا ئۈچۈن كۆتۈرەلىگۈسىز دەرىجىدە خۇشاللىق ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئامانلىق سوراپ چىقتى. بۇ چاغدا ساھىبخان ئۇنى تونۇشتۇراتتى:

— بۇ ئىنىم تۇرپاننىڭ تەمىنات ئىشلىرىنى كۆلنى-كۆلگە كەلتۈرۈپ ياخشى باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزى ناھايىتى ئۇستا خەتتات، يۇڭ قەلەمدە خەت يازسىمۇ شۇنداق چىرايلىق يازىدۇ، ئىسمى روزى موللا.

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى نۇربەگ بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ، — مۇشۇنداق قاۋۇل ئادەملەر بولمىسا يۇرت ئىشى قانداقمۇ يۈرۈشىدۇ؟

ساھىبخاننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مېھمانلارنىڭ سۆزى ياغدەك خۇش ياققان روزى موللا بىردىنلا سەمرىپ، سېمىزلىكىنى كۆتۈرەلمىگەن قويدەك جىم ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا ساھىبخان تاشقىرى چىقىپ كەتتى. بۇ پۇرسەتتە نۇربەگ ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ پىششىق تونۇشۇپ قويماقچى بولۇپ سۆز ئاچتى:

— ئاداش، ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى يامۇلدىمۇ؟ — دېدى ئۇ سۆزنى يېقىنچىلىق بىلەن باشلاپ.

— ھە ئە،... ياق، — دېدى روزى موللا جاۋاب بېرىشتە ھولۇقۇپ، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ھازىرچە تەمىناتقا ياردەملىشىۋاتىمەن.

— ياخشى، ياخشى. ھەرقايسىڭلاردەك قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر ھۆكۈمەتكە ياردەملەشكىنى جىق ياخشى ئىش. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭلار قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغان؟

— بىر مەزگىل مەدرىسىدىمۇ ئوقۇغان. كېيىنچە شۆتاڭدىمۇ ئوقۇدۇم، — دېدى روزى موللا جاۋاب بېرىپ.

— بۇ ياخشى ئىشقۇ، ئىككى بىسلىق پىچاققا ئوخشاش ئۇ


AltunOq

تەرەپكىمۇ، بۇ تەرەپكىمۇ ئۆتسە، بۇ دېگەن ئالاھىدە قابىلىيەت-دە! قاچانلاردا ئوقۇغان؟

— مىنگونىڭ 14 - يىلى.

— ئابدۇخالىق بايۋەچچە بىلەن بىللە ئوقۇغانمۇ؟

— ھە، ئىككىمىز بىر قاراردا، — دېدى ئۇ، ئەمما بۇ جاۋابنى بەرگەندە نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى ئالا - سېرىق بولدى.

— ئابدۇخالىق ئۆزى بارمۇ؟

— بار.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

نۇربەگ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەنزۇچە ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ئالاھىدە ياخشى بولغانلىقىدىن تاشقىرى، يەنە شائىرلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ئاشنالىق ھېسسىياتى تۇغۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەسەت تۇيغۇسىمۇ پەيدا بولغانىدى. شۇڭا ئۇ قىزىقىپ سوراشقا باشلىدى:

— ئۇمۇ ئۆزى بىلگەنچە بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇغۇ!

— نېمە؟ — دېدى نۇربەگ چۆچۈپ، — ئۇ كىشى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ياردەملەشمىدىمۇ!؟

— ئۇ كىشى «ئاچىل» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ! — دېدى روزى موللا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ.

— نېمە دېگەنلىرى بۇ، ئۇمۇ «ئاچىل» دەمدۇ؟

— «ئاچىل» دەيدىغانلارنىڭ باشلامچىسى شۇ، — دېدى روزى موللا ئېچىلىپ، — ئۆتكەن يىللاردىلا مەكتەپ باللىرىغا «ئاچىل» نى ئۆزى ئۆگىتىپ قوشۇلۇپ ئېيتىشىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرتقا تارقاپ كەتتى ...

— بۇ ئىش قاملاشماپتۇ. ئۇنداق قىلسا بولامدىكەن!؟ — نۇربەگ كۆزلىرىنى پال - پۇل قىلىپ يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئىشتىن يامۇلنىڭ خەۋىرى يوقمۇ؟

— بۇ توغرىدا مەن ئامبالغا قانچە قېتىملاپ مەلۇمات ياز-

دىم. يامۇل تەرىپىدىن بۇ ناخشىنى ئېيتماڭلار دەپ ئېلان، ئۇقتۇرۇشلارمۇ چىقاردى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان!...

روزى موللا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ بىر-ئىككى ئەسنەپ قويدى. ئۇنىڭ ئەسنىگەنلىكىگە قاراپ ئەپيۇن خۇمارى بارلىقىنى سەزگەن نۇربەگ، ئانچە ئەيمەنمەستىنلا:

— ئاداش ئۆيدە چىراغ ① بارغا ئوخشىمامدۇ؟— دەپ سورىدى.

— بار، بار. زېرىككەنلەردە ئانچە-مۇنچە تارتىپ قويىمىز، — دېدى روزى موللا مېھمانلارغا قاراپ،— ئەگەر مېھمانلار خالىسا ئاخشاملىقتا بۇ يەرگە ئەكەلسەكمۇ بولىدۇ.

— ياخشى گەپ، ياخشى گەپ. ھاردۇق چىقىدۇ، قانداق مامۇتبەگ، كۆڭۈللىرى تارتامدۇ؟ ...

مامۇتبەگ بىر نېمىدەپ جاۋاب بەرگۈچە ساھىبخان كىرىپ كەلدى. نۇربەگ دەرھال ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

— تۈگچى بېگىم، ئۆزلىرىنى ئاخشاملىقتا بىرئاز بىسەرەمجان قىلىدىغان بولدۇق،— دېدى ئۇ خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ.

— قېنى، قېنى، خوش،— دېدى تۈگچى قولىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن قوشتۇرۇپ،— پەرمەنبەردار، خىزمەتلىرىگە تەييارمىز!...

— ئاغىنىمىز روزى موللا ئاخشاملىقتا بىزگە چىراغ قۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. شۇنىڭغا ئۇلاپ بىرئاز ئولتۇرۇش قىلساق. بۇ ئولتۇرۇشقا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تەكلىپ قىلىپ بىرئاز مۇھەبەتلەشسەك قانداق بولار؟ دېگەن خىيالغا كەلدىم. ئۆزلىرىچە قانداق بولار؟

— ناھايىتى ياخشى خىيال! — دېدى ساھىبخان قىزغىن قارشى ئېلىپ.

## 3

بۈگۈن ئاخشام تۈگچىنىڭ مېھمانخانىسىدا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، قەنت-گېزەك، مېۋە-چىۋە، نان-توقاچلار مول

① ئەپيۇن چېكىشنى يوپۇتۇپ شۇنداق دېيىشەتتى.

تىزىلغانىدى. ئۆينىڭ تۆردىكى بۇلۇڭىغا ئەپيۇن چىرىغى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، روزى موللا بىلەن نۇربەگ ئىككىسى يانپاشلاپ يېتىپ ئەپيۇن چېكىشىۋاتاتتى. نۇربەگ ئادەتلەنگەن ئەپيۇنكەش بولماستىن، كۆرسەم خۇمارى ئىدى. شۇڭا، ئۇ روزى موللىغا ئۇلپەت بولۇپ بىرەر غاڭزا چېكىشكەچ، ئاساسەن ئابدۇ-خالىق ئۇيغۇرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى.

شائىر شام بىلەن خۇپتەن ئارىلىقىدا كەلدى. ساھىبخان توپتوغرا مېھمانخانىغا باشلاپ كىرگەندە، شائىر كىرىپلا تاپسىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى (روزى مول-لىدىن باشقىلىرى) تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى.

— كەلسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە!...

ئورنىدىن قىمىر قىلمىغان شائىر ئۆي ئىچىگە تەكشى قاراپ:

— خاتا كىرىپ قالدىمۇ؟ گويا تىلسىماتتەك بىر يەرگە...— دېدى.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ! — نۇربەگ شائىرنىڭ ئالدىغا كۈلگەن بويى كېلىپ دېدى، —نېمە دەۋاتىلا، شۇنچە يىراق جاي-لاردىن ئالدىلىرىغا كەلسەك، بىرەر قېتىم ئىزدەپ قوياي دېمەك-تە يوق، بىزنى يوللىرىغا قارىتىپ ئىنتىزار قىلدىلا، ئەمدىلىك-تە كېلىپ تىلسىمات دەپ يۈرىدىلا، بۇ زادى قانداق گەپ! كەلسىلە كۆرۈشەيلى، يۇقىرى ئۆتسىلە! — ئۇ شائىرنىڭ قولىدىن تارتتى.

— سىلىنىڭزە بۇلۇڭدىكى چىراغنى كۆرۈپ ئەرۋاھلىرى 40 گەز ئۆرلەپ كەتتىمۇ دەيمەن! — ناسىربەگ، شائىرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقاندەك سۆزلەپ كىلىپ كۆرۈشتى.

— پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى كۆيدۈرىدىغان بۇ نىجىس چىراغ-نى راستتىن ئېيتسام كۆزۈم يوق، — دېدى شائىر بۇ-لۇڭدىكى ئەپيۇن چىرىغىغا ۋە ئۇنىڭ يېنىدا يانپاشلاپ ياتقان

روزى مولليغا نەپرەتلىك قاراپ، ئاندىن كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا
ئولتۇردى ۋە ھايال بولمايلا پاتىھە قىلدى.
— ئۈنچىلىك دەپ كەتمىسەكمۇ بولار! — دېدى نۇربەگ
كۈلۈپ تۇرۇپ، گويا ئۇ ئىككى ئېغىز خالىس گەپ قىلماقچى
بولغاندەك ئۈنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ داۋام قىل-
دى، — بۇ چىراغمۇ لايىقىدا كۆيۈپ تۇرمىسا بولماس، بولۇپمۇ
ھۆكۈمەت خىزمىتى ئىشلەۋاتقان سىلى - بىزگە ئوخشاش ئادەم-
لەر ئەتىدىن كەچكىچە خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ ھارىمىز، چارچاي-
مىز، شۇنداق چاغلاردا بولۇپمۇ ئاخشاملىرى ئىچ پۇشقاندا چى-
راغ يېقىپ بىر غاڭزا، يېرىم غاڭزا تاماكا چېكىپ ھاردۇق چى-
قارمىساق بولامدۇ؟ بۇ تەرەپلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشلارنى تاڭ
كۆرۈپ يامانلاپ كەتكىلى بولماس دەيمەن!
— مېنىڭ چۈشەنچەم ئۈنداق ئەمەس! — دېدى شائىر
كەسكىن رەت قىلىپ، — ھۆكۈمەتكە يۆلىنىۋاتقانلارنىڭ خەلق
خىزمىتىنى قىلىشى ناتايىن. لېكىن ئۇلار خەلققە زۇلۇم سېلىپ،
خەلقنىڭ پايخانلىرىنى چېقىپ يىلىك توپلاپ، ئاخشاملىرى مۇ-
شۇنداق كەيپ - ساپا كۆلخانىلىرىدا، نىجاسەتلىك ئەپيۈن چىراغ-
لىرىنى كۆيدۈرسە، بۇ ئىشلارنى تاڭ كۆرمەي، بۇ ئىشلارغا نەپ-
رەتلەنمەي بولامدۇ! بۇ چىراغقا نەپرەتلىنىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى
پاچاقلاپ كۈكۈم - تالقان قىلىۋېتىش كېرەك! — ئۈنىڭ كۆزى
ئەپيۈن چىرىغىغا غەزەپ بىلەن قادىلىپ قالغانىدى.
— توغرا - توغرا، ئابدۇخالىق ئەپەندىمنىڭ ئېيتقانلىرى
توغرا! — دېدى ناسىربەگ شائىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، چۈن-
كى ناسىربەگ ھېچقانداق كەيپتە يوق ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ،
ئۆز مىجەزىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ شائىرغا قوشۇلغانىدى.
نۇربەگ كەيپىياتتا بۇرۇلۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەم-
لەپ شۇئانلا ناسىربەگكە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. كۆڭلىدە
چىراغ مەسىلىسىدىكى ئۈستۈنلۈكنى بېرىش ئارقىلىق شائىرنىڭ*

كەيپىنى كۆتۈرەلەكچى بولدى.

— تۇرپانغا كېلىپ ئابدۇخالىق ئاغىنىمىز بىلەن كۆرۈشـمەي كەتسەك، خۇددى قەشقەرگە بېرىپ ئاپئاق غوجامنىڭ سەيـلىسىنى كۆرمەي كەلگەنگە ئوخشاش بىر ئىش بولغۇدەك دەپ، تەلەپ قىلىۋىدۇق، تۇگچى بېگىم تەلپىمىزگە يەتكۈزدى. مانا شاـئىر بىلەنمۇ كۆرۈشتۇق، نېمىدېگەن ياخشى. ئەگەر كۆرمەي كەتـكەن بولساق، راستتىن ئارمان بولاتتى! — دېدى سۆزىنى باشـقا ياقتىن باشلاپ. گويا ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن شائىرنىڭ كەيـپىنى ئۇتۇپ كەچلىك ئولتۇرۇشقا پەيزى تاپماقچى بولغانىدى. سۆزىنىڭ ئاخىردا ناسىربەگكە قاراپ، — قانداق دېدىم، بېگىم، گېپىم توغرىمۇ؟ — دەپ سوئال قويغان بولۇپ، ئۇنىڭغا سەنمۇ پىشاك قويۇۋېتىپ بەرگىن دېگەندەك مەنىلىك قاراپ قويدى.

ئەمما، ناسىربەگ ئۇنىڭ غەرىزى بويىچە ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدىكى سەممىي سۆزىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، مەن ئابدۇخالىق ئەپەنـدىمنىڭ ئىسمى ـ شەرىپلىرىنى ئاڭلاپ قانداقراق يىگىتتۇر، بىر كۆرگەن بولسام، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن كۆرـدۈم، — دېدى ناسىربەگ ئېگىز بويلۇق، بەستلىك شائىرغا ئاسمان بويلاپ قاراپ، چۈنكى ناسىربەگ پاكار ئادەم ئىدى، — مانا، يىگەن ـ ئىچكەندەك، قەددى ـ قامەتلىك كېلىشكەن راۋۇـرۇس يىگىتكەن، يارايدۇ، ماڭا ياردى. يەنە مەن ئابدۇخالىق ئەپەندىمنى كاتتا شائىر دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن بىزگە بىر شېئىر ئوقۇپ بەرگەن بولسا بەك ـ بەك خۇش بولاتتىم ـ دە!

ناسىربەگنىڭ تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن ھەممەيـلەن خۇشال بولۇشۇپ شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى.

شائىر كۆپچىلىكنىڭ مۇنداق تەلەپ قويۇشىنى كۈتمىگەنىـدى. شۇڭا، ئۇ بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. كۆپچىلىك

«خوش قىبنى» دەپ گويا شائىرنى تامغا قىستىۋالغاندەك قىستايت-تى. شائىر بىردىنلا سەسكىنىپ مىسلىسىز غەزەپ تۇسىگە كىردى-دە شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى:

قانچىلار ياتسا بۇلۇڭدا ئارىسىز ئەپيۇن شوراپ!
قانچىلار شۇپاڭدا ئىچسە مەست بولۇپ خۇمرا شاراب؟
ئەي چىراغۇ ئەي هاراق، بارمۇ نومۇس؟ بەر جاۋاب!
سەن بىلەن بولمامدىكەن بۇ هالىمىز زەبۇن - خاراب؟

چەكسىز هۇزۇرلانغان مېھمانلار خۇشال بولۇپ كۈلۈشتى. گويا بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىمۇ ئەلنىڭ خاراب بولماسلىقىنى ئىز-دەيدىغان كىشىلەر قاتارىغا ئۆتكەندەك ھېس قىلىشىپ يەنە، يەنە دەپ تەلەپ قىلىشتى. شائىر تېخىمۇ غەزەپ بىلەن داۋامىنى ئوقۇدى:

كەپتۇ دەپ مېھماننى ئاڭلاپ ۋاي ئىسىت كېپ قالغىنىم،
ماڭا ئۆلۈم بۇ هارامغا ھەمشىرىك بوپ قالغىنىم.
تۇرغىنىمدىن ياخشىراقتۇر ئۆيگە كېتىپ قالغىنىم،
ئابدۇخالىق ئولتۇرۇپ ھېچ تاپمىغاي مۇندا ساۋاب! ...

شائىر شېئىرنى تۈگىتىپلا خوش ئېيتىپ قايتىپ كەتتى.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## 1

1932 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى، ئاستانىدە مۇھىتلار ئائىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن سۈننەت تويىدا بېرىلگەن ئوغلاقتا توپلانغان ئادەم بەك كۆپ ئىدى. كەم ھېساب قىلغاندىمۇ ئوغلاقچىنىڭ سانى 400 - 500 ئاتلىقتا يېتەتتى. ئوغلاقچىنىڭ كۆپلۈكىدە بىرىنچى قېتىم تاشلانغان ئوغلاق ئەتىگەنلا پارچىلىنىپ كەتتى. توي ئىگىسى ئىككىنچى بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ بەرگەچكە، ئوغلاق تارتىشىش كەچكىچە داۋام قىلدى. «قارا» تاشلايدىغان يەرگە قىزىل شەلپەر تارتىلغانىدى. ئۇيەردە مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، نەمەت خەلپەت، ھېسامىدىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار يەنە بىر مۇنچە يۇرت چوڭلىرى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە ئولتۇراتتى. ئوغلاقچىلار قارىغا تاشلاشنى كۆزلەپ چۇقان - سۈرەن بىلەن كۈچەپ تارتىشاتتى. ئات تولا، ئوغلاقچى كۆپ بولغانلىقتىن ئوغلاقنى قولىغا ئالغان ھەر قانداق كىشىگە توپنى يېرىپ چىقىپ قارىغا تاشلاش ئاسان چۈشمەيتتى. ئۇڭا تارتىشىش جىددىيلىشىپ خۇددى قاينامدەك بىر ئورۇندا چۆرگىلەپ قالاتتى.

ئوغلاقتا قاتناشقان قاراغوجا - ئاستانىلىكلەر، سىڭگىم -

مۇرتۇقلۇقلار، ياڭخىي، لوكچۇنلۇكلەر، لەمجىنلىكلەر، ھەر قايسىسى
ئۆز ئايماقلىرى بويىچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنگەنىدى. بۇ گۇرۇھلار
ھەرقايسىسى ئۆز توپى بويىچە كۈچ كۆرسىتىپ قارىغا تاشلاش-
نى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ھەر ئادەم ئۆز ئالدىغا ماھا-
رەت كۆرسىتىپ، ئۆز ئېتىنىڭ بىگىنى نامايان قىلماي، توپلى-
شىپ گۇرۇھلار بويىچە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئوغلاق تارتىشنى
تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرگۈزەتتى.

يۇرت دېگەن چوڭ. شۇڭا يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن ئادەم-
لەر بىر - بىرىدىن خىل، بىر - بىرىدىن ساغلام ۋە كۈچتۈڭگۈر
ئىدى. ئاتلارمۇ خۇددى شۇنداق، بىر - بىرىدىن خىل، بىر -
بىرىدىن زور ھەم ئۇچقۇر تۇلپارلار ئىدى. مۇنداق خىللانغان
بىرقانچە يۈز ئاتلىق ئوغلاقچىلارنىڭ پەقەت ئوغلاق تارتىش
مەقسىتىدە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ تەشكىللەنگەنلىكى، ئۆز توپى بو-
يىچە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقانلىقى ھەرقانداق كىشىنى ھەيران
قالدۇراتتى. چەتتە تاماشا كۆرگۈچىلەر ئاتلارغا، ئوغلاقچى ئەزى-
مەتلەرگە، ئۇلارنىڭ غەيرەتلىرىگە، ئاتلارنىڭ قاۋۇل - يارامىلىق
ئىكەنلىكىگە ئاللىقاچان قايىل بولۇشقانىدى.

قارا تاشلىنىدىغان يەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە سوقما تام بو-
لۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تاماشا كۆرگۈچى ئادەملەر شاھىدەك تىزىل-
غانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى چوڭ ياشلىقلار بولۇپ ياشلىقىدا
تالاي قېتىم ئوغلاق تارتقان تەجرىبىلىك پېشقەدەملەردىن ئىدى.
ھازىر ئۇلار گەرچە ئوغلاق تارتىشنى ياش ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ
ئۆزلىرى تاماشا كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوغلاق تارتىشنىڭ
يوللىرىنى، ئېپى - جېپىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار جىددىي
تارتىشماق بولۇۋاتقاندا، ئۆزلىرىنىڭ تام بېشىدا تۇرۇۋاتقىنىنى
ئۇنتۇپ خۇددى ئۆزى ئات ئۈستىدە ئوغلاق تارتىۋاتقاندەك چۇ ن
سالاتتى ياكى يول كۆرسىتىپ ۋارقىراپ كېتەتتى. قامچىسىنى ئاغ-
زىغا چىشلەپ ئىككى قولى بىلەن ئوغلاققا چاپلىشىپ چۇقان -

سۈرەن سېلىپ تارتىشىۋاتقانلارغا تەڭلا قوشۇلۇپ مەدەت بېرەتتى.

بۈگۈنكى ئوغلاق تارتىش ھەقىقەتەن پەۋقۇلئاددە دەرىجىدە قىزغىن ھەم جىددىي ئىدى. ئوغلاق گاھىدا بىرنەچچە يۈز ئاتلىق ئوغلاقچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالغاندا، چۆرىدىۋالغان ئاتلارنىڭ كۆپلۈكىدە سەپنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەلمەي خۇددى دېڭىزغا ئوخشاش ئۆركەشلىنىپ بىر دەم ئوڭغا، بىر دەم سولغا چايقىلاتتى. چۇقان - سۈرەنلەر ئۈزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى:

«تارتە - تارت، ئاتاڭغا يول بەرمە! ...» — دېگەندەك جۇشقۇنلۇق خىتابلار ياڭرايتتى.

قىش كۈنلىرى، دىگەر ۋاقتى بولا - بولمايلا كەچ چۈشۈپ قالغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قانچە يۈز ئاتنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانمۇ مۇھىتنى غۇۋالاشتۇرغانىدى. ئوغلاق يەنىلا جىددىي تارتىلماقتا. بىر چاغدا سىڭگىملىكلەردىن 20 دەك ئادەم توپلىشىپ ئوغلاق تارتىشىۋاتقان توپقا ئۆزىنى ئۇردى. ئۇلار ئەتىگەندىن ئوغلاققا ئۆزىنى ئانچە ئۇرماي چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگەنىدى. ئەمدى بىردىنلا ئوغلاققا ئۆزىنى ئۇرۇپ توپنى يېرىپ كىرىپ تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىپ ئوغلاققا قول سالدى - دە، ئۆملۈكنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە ئوغلاقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇلار خۇددى قارىغا تاشلايدىغان ئەلپازدا ئۇيان - بۇيانغا بىر - ئىككى ئويۇلغۇتۇپ توپنى يېرىپ چىقتىدە، بىردىنلا پىلاننى ئۆزگەرتىپ ئوغلاقنى ئەپقاچتى. ئۇلارنىڭ بۇ پىلانىغا كىشىلەر ھەيران بولۇشقانىدى. بىر توپ ئوغلاقچى ئۇلارنى قوغلاشتى. ئەمما سىڭگىملىكلەرنىڭ ئاتلىرى ئەتىگەندىن ئوغلاققا قاتناشماي زاپاس ھېسابىدا تۇرغانلىقتىن، ھېچكىمنى يېتىشتۈرمەي قارا قۇيۇندەك كۆزدىن غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەلىبە سىڭگىملىكلەرگە مەنسۇپ بولۇپ ئوغلاق تارتىش ئاخىرلاشتى...

## 2

شۇ ئاخشىمى مەخسۇتبايىنىڭ قىشلاق مېھمانخانىسىغا پۈتۈن كۈن ئوغلاق تارتىپ باش - كۆزىنى چاڭ - توزان باسقان ئوغلاقچىلار توپلانغانىدى. ئۇلاردىن باشقا ھېسامىدىن زوپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارمۇ بارئىدى.

مېھمانخانىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان 24 - ئاسما لامپا ئۆي ئىچىنى بىمالال يورۇتاتتى، پەگاھقا ئورنىتىلغان يوغان چۆيۈن مەشكە قالانغان ئوت، ئۆي ئىچىنى تونۇردەك قىزدۇرۇۋەتكەنىدى. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى تۇماقلىرىنى ئېلىۋېتىپ دوپپا بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. مەشكە يېقىن ئولتۇرغانلىرى چاپان - چاردىسىنىمۇ سېلىۋەتكەنىدى. 15 دىن ئارتۇق مېھمان، تۆتىسى بىر، بەشىسى بىر بولۇۋېلىپ، ئوغلاق پارىڭى، ئات پارىڭى سېلىشىپ ئۆزئارا گۇدۇڭلىشىۋاتاتتى، مەخسۇتباي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلارمۇ، مېھمانلارنىڭ خۇش كەيپىنى كۆزدىتكەچ ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بەند ئىدى.

— ئاغىنىلەر! — دېدى ئوغلاقچىلاردىن بىرى ئاۋازىنى يوغان كۆتۈرۈپ، گۇدۇڭلىشىۋاتقانلار بىردىنلا توختىدى، سۆزلىگۈچى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەممىمىزلا ئۆز گېپىمىزنى قىلىشىپ كەتتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىمىزنىڭ ئۆيىمىز يىراق. كەتمىسەك بولمايدۇ، بۈگۈن ئاخشام بىز بۇ يەرگە بىر خىيال بىلەن كەلگەن. ئۇنداق بولغاندىكىن، باشقا پاراڭلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ مەقسەتىكى پاراڭلارنى قىلىشساق، تولىراق چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىساق دەيمەن!

ئۇ، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلارغا ئىنچىكە


AltunOq

بوينىنى سوزۇپ قارىدى.

ئۇنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكى سۆز بولغاچقا، ھەممىسىلا توغرا كۆرۈپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشتى.

— بىز قاچانغىچە جىم ياتىمىز؟ — دېدى ھېلىقى كىشى گەپنى ئەگىتمەستىن ئۇدۇل سۆزلەپ. ئۇنىڭ «قاچانغىچە جىم ياتىمىز؟» دېگەن سۆزىمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكى ئورتاق سۆز ئىدى. شۇڭا كىشىلەر گۇدۇڭلىشىپ توغرا سۆز بولدى، دېيىشتى. ئۇ كىشى سۆزىنى داۋام قىلاتتى، — بۈگۈن توپلانغان ئادەملەرنى كۆردۇقمۇ، ئۇلار نېمىدېگەن جىق، نېمىدېگەن خىل، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن يولۋاس! بىز مۇشۇ ئادەملەر بىلەنلا ئات سېلىپ، چۇقان كۆتۈرىدىغان بولساق بىر چاغقىچە شەھەرلەرنى تۈپتىلاس قىلىۋېتەلەيمىز، شۇنچىلىك كۈچىمىز تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا جىم ياتىمىز؟

كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكىسى بارغانچە ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەپ كۆپچىلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەشتى.

— چوڭلار بىر نېمە دېسۇن! — دېدى بۇلۇڭ تەرەپتە ئولتۇرغان يەنە بىر ئوغلاقچى، كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇيلاپ قاراۋاتقاندا، ئۇ كىشى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىز قومۇللۇقلارنى قاچانغىچە ساقلايمىز؟ ئۇلار يېتىپ چىققۇچە بىزنى بۇ يەردە كاردىن چىقىرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. بىر كۈنى سامان دېگەن، بىر كۈنى قوناق دېگەن، ئالۋان - ياساقنىڭ كۆپلۈكىدە ئىشەكلەر يېغىر بولۇپ كاردىن چىقتى. شۇڭا بىز ئۆز ئىشىمىزنى ۋاقتىدا باشلىمساق بولمامدۇ! چوڭلار بىر نېمە دېسۇن، ئۇلار ھە دەپ بەرسە قالغان ئىشلارنى ئۆزىمىز جايلاپ قىلىۋېرىمىز! — دېدى.

كۆپچىلىك تېخىمۇ گۇدۇڭلىشىپ، دېڭىزدەك چايقالماقتا ئىدى. مەخسۇت مۇھىتى كۆپچىلىكنىڭ بۇ خىل جۇشقۇنلۇق كەي-

پىيالىغا كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى:

— ئاغىنىلەر، سۆزلىرىڭلار توغرا، غەيرىتىڭلار ئۈستۈن. بۈگۈن ئوغلاققا توپلانغان خەلقنىڭ غەيرىتى، يالغۇز ئوغلاقنى ئەمەس بەلكى سىڭگىمدىن لەمجىنگىچە سوزۇلۇپ ياتقان يالقۇنتاغنى تارتىسىمۇ، سوزۇپ قۇمۇلغا تۇتاشتۇرالىغۇدەك ئۈستۈن.

بۇ سۆزگە رازى بولغان كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى مەخسۇتبايىنىڭ خەلقنىڭ غەيرىتىگە بەرگەن يۇقىرى باھاسىغا مەنسۇپ ئىدى. مەخسۇتباي سۆزىنى تەسىرلىك قىلىپ داۋاملاشتۇراتتى:

— ئاغىنىلەر، سىلەرنىڭ غەيرىتىڭلار ئۈستۈن، تەلپىڭلار كۈچلۈك، بىز بۇنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىز بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى كەلمىدى دەيمىز. چۈنكى ھەرقانداق ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى، شەرت - شارائىتى بولىدۇ. ۋاقتى - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە قىلغان ئىشنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ. سىزلەر ھەممىڭىزلار دېھقان، بۇغداينى قاچان تېرىيدۇ، قوناق، كېۋەزنى قاچان تېرىيدۇ، بۇنىڭ ۋاقىتلىرىنى ئوبدان بىلىسىزلەر! ئۆز ۋاقتىدا تېرىلغان زىرائەت قانداق بولىدۇ، ۋاقتىتىن بالدۇر ياكى كېيىن تېرىلسا قانداق بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى پايدا - زىيانلارنى بىزدىن ئوبدان چۈشىنىسىزلەر! ئاندىن ئۇنىڭ يەنە شەرت - شارائىتى بولىدۇ. تېرىقچىلىقتا يەرنىڭ تاۋلىنىشىغا قارايمىز. تاۋلانمىغان يەرگە ياكى تاۋى ئۆتۈپ كەتكەن يەرگە ئۇرۇق چاچساق، ئۇنىڭدىن ھوسۇل ئالالماسلىقىمىز مۇمكىن. ۋاقتىدا، ئۆز تاۋىدا تېرىلغان زىرائەتتىن ئوبدان ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن؟ — مەخسۇتباي كۆپچىلىكنىڭ ماقۇل بولغان — بولمىغانلىقىنى بايقاش ئۈچۈن ھەممىسىگە بىرقۇر نەزەر تاشلاپ يەنە داۋام قىلدى، — قوزغىلىپ بىر ئىش قىلىشنىڭمۇ ۋاقتى - سائىتى، شەرت - شارائىتى بولىدۇ. شەرت - شارائىت

پىشىپ يېتىلگەنـدە قوزغالساق، ئۇچاغدا ۋاقتىدا تېرىلغان زىرا-
ئەتتىن ئوبدان ھوسۇل ئالغىلى بولغاندەك، قىلغان ئىشىمىزدىن-
مۇ نەتىجە ئالغىلى بولىدۇ. مەقسىتىمنى چۈشەنگەنسىزلەر؟

كۆپچىلىك بىردىنلا ئۆزئـارا گۇدۇڭلىشىپ گويا بـېرىل-
گەن چۈشەنچىنىڭ دېھقان تىلىدا سۆزلەنگەنلىكى ۋە ئۇنى چۈشەن-
گەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتاتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق! — دېدى بىـرى سۆز باشلاپ، — تې-
رىقچىلىقتا بۇغدايـنى 3 - ئايـدا، كېۋەزنى 4 - ئايدا تېرىيمىز
دەپ ۋاقتىنى بىلىمىز، ئەمما بۇ ئىشىمىزنىڭ ۋاقتى قاچان بول-
دۇ، ئۇنى بىلمىسەك قانداق بولىدۇ؟

— شەرت - شارائىـت پىشىپ يېتىلگەنـدە ئاندىن ۋاقتـى
بولىدۇ، — دېدى مەخسۇتباي قىسقا قىلىپ.

كىشىلەر يەنە غودۇرلاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قانائەت قىل-
مىـغانلىقىنى چۈشەنگەن مەخسۇتبايغا يەنە سۆز قىلىشقا توغـرا
كەلدى:

— بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىز بىلەن ئوغلاق تار-
تىش ئىككىسى ئىككـى ئىش، ئـات چېپىپ چـۇقان سېلىش
بىلەن بۇ ئىشنى بىر باشقا ئەپچىققىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا پۇخ-
تا تەييارلىق قىلىش لازىم. بىزدە قورال - ياراغ، ئوق - دورا
بولۇشى لازىم، كەم دېگەندە مۇشۇ شەرتـلەرنى پۇختا ئىشلـمەي
تۇرۇپ، غەيرىتىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆردىغان بولساق، نەتىجە
قازىنالمايمىز!

— «كۆپ تۈكۈرسە كۆل تولۇر» دېگەندەك، ھازىـر يۇرت-
نىڭ قولىدا 10 - 20 تال مىلتىق بار، بىر يەرگە توپلىساق بىر
گەپ بولاتتى!.

— تەۋەككۈل دەپ قوزغالساقلا بىر يېرىدىن چىقاتتى!...

كۆپچىلىكتىن پىكىرلەر چۈشـۈپ غودۇراشلار ئەۋج ئالماقـتا
ئىدى. مەخسـۇت مۇھىتنى بۇرۇلۇپ ئابدۇخالىـق ئۇيغۇرغا، سىز

بىر نېمە دەپ چۈشەندۈرۈك دېگەندەك قىلىپ قاردى. شائىر كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كۆپچىلىككە قاراپ:

— يۇقىرىدا مەخسۇت ئاكام ئوبدان سۆز قىلدى، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ۋەزىمىن ئاھاڭدا، — ھازىرقى گەپ شەرت-شارائىت ئۈستىدە مەركەزلەشتى. بىز سۆزلىمەكچى بولغان شەرت-شارائىتنىڭ بىرىنچى مۇھىم قىسمى، قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنىڭ مەقسىتى. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. مېنىڭچە بولغاندا، بىز قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ مەقسىتى زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا، جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنى ئەركىنلىككە، يورۇقلۇققا ئاچىقىشتىن ئىبارەت. ئاغىنىلەر، ھەممىمىزدە مۇشۇ مەقسەت، مۇشۇ تونۇش بولۇشى لازىم.

شائىر سۆزىنى سالماقلىق داۋام قىلاتتى:

— يەنە بىر مۇھىم تەرەپ، تەشكىلىي ئاساسىمىز بولۇشى كېرەك. ھەممىڭىزلار بىردىن ئۆينى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتا-ئانىلار بولغىنىڭىزلار ئۈچۈن، ھەممىمىز بىرلىكتە ئويلاپ كۆرەيلى. بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىز بىر دەمچىلىك ئىش ئەمەس، ئوغلاق تارتىشقاندەك كۈندۈزى تارتىپ، ئاخشىمى تارقاپ كېتىدىغان بىر كۈنلۈك ئىشمۇ ئەمەس. بۇ ئىش ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان خېلى جاپالىق ئىش. ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم ئۆي-ۋاقىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى تاشلاپ، تاغلارغا، چۆللەرگە سەپەر قىلىدۇ، شەھەر سېپىللىرىنى چۆرىدەپ ھەپتىلەپ - ئايلاپ يېتىپ دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىدۇ، ئەگەر 1000 كىشىلىك قوشۇن بار دەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا 1000 كىشىگە ھەر كۈنى 3000 دانە نان كېتىدۇ، 1000 ئاتقا، بىر شىڭدىن ھېسابلىغاندا كۈنىگە ئون دادەن قوناق كېتىدۇ. ھەر ئېيىغا 1000 ئاتلىق تاقا كېتىدۇ. ياتىدىغان ئۆي، چاپان - چارە، كۆڭلەك، تامبال، ئۆتۈك - مەسە ھەممىسى لازىم بولىدۇ. كۆز ئالدىڭىزلارغا كەلتۈرۈۋاتىدىغانسىزلەر، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدىن ئوي-

لايدىغان شەرت - شارائىت. بۇ ئىشلارنى تەخ قىلىمىز دېسەك، ئىشلەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن تەشكىلىي خىزمەتلەر بار. مۇشۇنداق تەرەپلىرى پۇختا ئىشلەنمەيدىغان بولسا، ئادەم كۈچىمىز تۈمەنگە يەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ كۈچنى جارى قىلدۇرالمايمىز. ئاكىمىزنىڭ شەرت - شارائىت پىشىپ يەتمىدى، دېگىنى مانا مۇشۇ. ھازىر ھەممە ئادەم مۇشۇلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمىز.

— قانداق، چۈشىنىشلىك بولغاندۇر؟ — دېدى مەخسۇتباي كۆپچىلىككە قاراپ.

— چۈشەندۇق! — دېدى كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن گۈركىرەپ.

— بىزنىڭ قۇمۇلغا ئەۋەتكەن ئادىمىمىز تېخى يېتىپ كەلمىدى، — دەپ يېڭى سۆز باشلىدى مەخسۇت مۇھىتى كۆپچىلىككە تەكشى قاراپ، — ئەۋەتكەن ئادىمىمىز كەلسە، بىرىنچى قەدەمدە قۇمۇل بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يوليورۇقى ۋە مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ بىر ئىش قىلساق ئوڭ بولامدىكىن دەيمەن، شۇنداق قىلساق توغرا بولامدۇ — قانداق؟

تاماق تەييار بولغانىدى. قولغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ شورپا كەلتۈرۈلدى. ئاندىن تاۋاقلارغا چوڭچا بېسىلغان سېمىز قوي گۆشى كەلتۈرۈلدى.

## 3

ئوغلاقچىلار تاماقتىن كېيىنمۇ بىرمۇنچە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر - بىرلەپ خوش ئېيتىپ كېتىشتى. ئۆيدە قالغان ھېساملىدىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق كىشىلەر ئۆزئارا يەنە ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ تاكى تۈن نىسپى بولغاندىلا، ئاندىن ئارام ئالماقچى بولۇشتى. چوڭ مېھمانخانىغا ئورۇن تۈزەپ ئۈچ رەپىق يېتىش تەرەددۇتى قىلىۋاتقاندا، قانداقتۇر بىر تەرەپتىن جىرىڭلىغان زىل قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭ-


AltunOq

لانغاندەك قىلدى. مەخسۇتباي چۆچۈپ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنـمىگەندەك قايتىدىن تىڭشاپ:

— يۇسۇپ كەلدىغۇ، دەيمەن! — دېدى.

ھەممە ئادەم دىققەت بىلەن تىڭشاپ قانداقتۇر بىر تەرەپتە قوڭغۇراق ئاۋازى بارلىقىنى ئېنىقلاشتى.

— قومۇلدىن قايتقان ئېشەكچىلەر ئادەتتە چوڭ يول بىلەن كېتەتتى، — دېدى مەخسۇتباي ئۆز پەرىزىنى ئالغا سۈرۈپ، — بۇ قوڭغۇراق مەھەللە تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ پەرەز قىلىۋاتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار پاراڭ سېلىشىشنىمۇ قۇلىقى قوڭـغۇراقتا بولۇپ، چارەك سائەتلەر دىققەت قىلـدى. قوڭغۇراق ئاۋاـزى بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىتلار قاۋاشقا باشلىـدى. ئۇـلارنىڭ ھاۋ - ھۇۋلىرى ئارىسىدا قوڭغۇراق ئاۋازى گاھـى ئاڭـلىنىپ، گاھى ئاڭلانماي ئۆيدىكىلـەرنىڭ دىـققىتىنى تېخىـمۇ قوزغىغانىدى.

قوڭغۇراق ئاۋازى يېقىنـلاپ بىردىنلا توختاپ قالـدى. بۇ خۇددى مۇھىتلارنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغاندەكلا ئېـنىق ئىدى.

— كەلدى، چوقۇم شۇ، — مەخسۇتباي ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپلا تاشقىرى چىقتى. ئاڭغىچە دەرۋازا ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاندىن ھېلىقى قوڭغۇراق جىرىڭلاپ كۆرەگە كىرىپ كەلدى.

— قاتتىق ئەنسىرىدىم جۇمۇ، ھېلىمۇ ياخشى سالامەت يېـتىپ كەلدىڭ!

مەخسۇت مۇھىتى، يۇسۇپنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمىگەن پېتى ئۆيگە ئەكىردى. ئۇ تـوڭلىغانىدى، ساقال - بۇرۇتلىرىغا مۇز توڭلىغان. كالپۇكلىرى سوغۇقتىن نېپىزلەپ گەپ قىلالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان، قوللىرى ئەكىلىشىپ قېتىپ قالغانىدى.

ئۇ كىرىپلا ئۇچىسىدىكى ئۆك جۇۋىنى سېلىۋېتىپ ئاندىن ئوتقا يېقىنلاشتى. بىر تەرەپتىن ئوت سۇنۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىگە تونۇش چىرايلارغا يېقىملىق قارىدى. ئولتۇرغانلارمۇ ئۇنىڭ ئوت سۇنۇۋېلىشىغا يول قويۇپ ئانچە گەپ سورىماي جىم ئولتۇرۇشتى، ئائىشەمخان ھاجىخان تابلىق ئىچكىرى ئۆيدىن چاي كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇرۇپ چاي تۇتتى.

— ئىسسىق بىر پىيالە چاي ئىچ، — دېدى مەخسۇتباي ئۇنىڭغا تويۇنماي قاراپ.

— بۈگۈن راسا سوغۇق بولدى، — دېدى يۈسۈپ چاي ئوتلاۋېتىپ، — يولدا يېتىۋالاي دەپمۇ ئويلاندىم، بىراق سىزلەرنى ساقلىتىپ نېمە قىلاي، بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق كۆرۈشەي دەپلا كېلىۋەردىم.

— ھېلىمۇ سالامەت يېتىپ كېلىپسەن!

يۈسۈپ ئىككى ئوتلام چاي ئىچىپ، ساقال - بۇرۇتىدىكى ئېرىگەن مۇزلارنى تازىلاپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— خوجىنىيازھاجى بىلەن كونا تونۇش ئىكەنسىزغۇ! — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— قانداق؟

— ئۇ كىشى خەتنى كۆرۈپلا، ئاستانە مەدرىسەسىدە بىللە ئوقۇغان ۋاقىتتىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى.

— بۇ تەرەپكە كېلىش - كەلمەسلىك توغرىسىدا بىر نېمە دېمىدىمۇ؟

— ھازىرچە چىقمايمەن، ئاۋۋال قۇمۇل تەرەپتىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئاندىن ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتىمەن دەيدۇ، — يۈسۈپ قولىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئۇ تەرەپتىكى ئىشمۇ بەك جىقكەن، ھازىرقى كۈندە قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كەم دېگەندىمۇ 5000 - 6000 غا يېتىدىكەن.

قەيەرگىلا قارىسا ئەسكەر، ھەممە تاغنىڭ ئېغىزلىرىنى توسۇۋاپتۇ.
مېنىڭ ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشۈم، كېيىن بۇ تەرەپكە قايتىپ كېلىشىم
ئىنتايىن قىيىن بولدى جۇمۇ! يولدا ئېتىلىپ كەتكىلى قىل - قىل
قالدىم. ئۇرۇش دېگەنمۇ بولۇپ تۇرىدىكەن. قۇمۇل 12 تاغ بول-
غاندىكىن، ھەرقايسى تاغنىڭ باشلىقلىرى مەسىلەن، ئاراتۈرۈك-
تىن ئابدۇنىياز مىراپ، نېرىنكىردىن سادىق قورمال، نومدىن پا-
زىل دورغا، شوپولدىن سالى دورغا، بارىكۆلدىن باقىنىياز دورغا
دېگەنلەر ھەرقايسىسى ئۆز تەۋەلىرىدىن بىرەر يۈزدىن پالۋانلار-
نى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ توسۇپ سوقۇش قىلىدىكەن. بۇنىڭ ئى-
چىدە يولۋاس، بېشىر ۋاڭ دېگەنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭمۇ 100 - 200
ئاتلىق پالۋانلىرى بارئىكەن. كۆچ ئەنە شۇنداق پارچە-
پارچە بولۇپ يول ئارىسى يىراق بولغانلىقتىن، بىر يەرگە ئاسان-
لىقچە جەم بولالمايدىكەن. ئەگەر جەم بولسا، بىرەرمىڭ ئاتلىق
كۆچ بولىدىكەن. يەنە بارىكۆل قازاقلىرىدىن ئايامەت، نۇرغالى
دېگەنلەرنىڭمۇ بىرەر يۈزدىن ئادىمى بولۇپ، بەزىدە خوجىنىياز
ھاجىغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىدىكەن. قۇمۇلنىڭ ئۇمۇمىي ئەھۋالى
ئەنە شۇنداق تارقاق ئەھۋالدا ئىكەن ...

— تاغ يېرى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ.

— تاغلىقلار ئاراتىدا بىر يىغىن ئېچىپ خوجىنىيازھاجىنى
ئۆزلىرىگە باش قوماندان قىلىپ سايلاپتۇ. ھەممە ئادەم خوجىنى-
يازھاجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز دېسە، يولۋاس دېگىنى
بىرئاز گەدەنكەشلىك قىلىدىكەن. ئۆزى شەرقىي تاغدا تۇرۇۋې-
لىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈپ يول توسۇپ، كارۋانلارنى بۇ-
لاڭ - تالاڭ قىلىپ يامان تەسىر قوزغاپتۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر ئاڭلاپ
يولۋاسنى تۇتۇپ كېلىپ خوجىنىياز ھاجىغا ئىتائەت قىلدۇرۇشقا
قەسەم قىپتۇ.

— گاسلىڭ دېگىنىچۇ، ئاڭلىساق ھازىر قايتىپ كېتىپتۇ
دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ — مەخسۇتباي بۇ توغرىدا ئېنىق مەلۇمات

ئالماقچى بولۇپ سورىدى.

— ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا 17 ياشتا يىگىجاڭ بولغان، 20 يېشىدا سىلىڭ بولغان ياش بالىكەن، شۇڭا ئۇنى «گاسىلىڭ» (بالاسىلىڭ) دېيىشىدىكەن. ئۆزى كىچىك بولغان بىلەن ئۇرۇشقا كەلگەندە جىگىرى بار يامان نېمىكەن. لېكىن ئۇنىڭ بىر يامان يېرى ئۆزىگە بەك تەمەننا قىلىدىكەن، ئاندىن ئۇنىڭ ئادەملىرى ئاچ قالغان بۆرىدەك ئولجىغا بەك ئامراقكەن.

— ئادەم سانى جىقمىكەن؟

— دەسلەپتە 200 دەك ئادەم 90 نەچچە تال قورال بىلەن چىققانىكەن، — دېدى يۈسۈپ ما جۇڭيىڭ توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپ، — ئۇنىڭ يامانلىقىنى شۇ يەردىن بىلىشكە بولىدۇكى: 200 دەك ئادەمنى بىر قانچە زۇڭدۇيلەرگە ئايرىپ، تۇەنجاڭ، لۈيجاڭ دېگەنلەرنى تەيىنلەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەرنى ئاق ئاتلىق، قارا ئاتلىق دەپ تۈرلەرگە ئايرىپ، ئازنى جىق كۆرسىتىپ ھەيۋە بىلەن چىقىپ، شۇ كېچىسىلا قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ، ئاندىن خوجىنىيازھاجى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن جاڭ لياڭچىڭ، خې جىڭكۇي ئىسىملىك ئىككى تۇەنجاڭ 2000 غا يېقىن ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ ئاراتۈرۈككە باستۇرۇپ كېلىپ قالىدۇ. تاغلىقلار ئۇلارنى ئۇمۇر تېغى ئىچىگە ئالداپ ئەكىرىپ غول ئىچىدە تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ يوقىتىشقا مەسلىھەتلىشىدۇ. دۈشمەن ئالدىنىپ غول ئىچىگە كىرگەندە، تاغلىقلار تەرەپ - تەرەپتىن توسۇپ زەربە بېرىدۇ. ئۇرۇش ئۈچ سائەتچە داۋام قىلىدۇ، دۈشمەن چىداشلىق بېرەلمەي ئالاقزادە بولۇپ چېكىنىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرى كېلىپ قېلىپ توسۇپ زەربە بېرىدۇ. تورۇق ئاتلىقلارنىڭ تۇەنجاڭى ماجىڭخەي دېگىنى قولىغا ئىككى تال ماۋزۇر ئېلىپ تاراسلىتىپ ئېتىپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىدۇ. پىيادە قىسىملار بىرئاز چېكىنىپ قالاي دېگەندە، ماجۇڭيىڭ ئۆزى

قولىغا تاپانچا ئېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. دۈشمەن تەرەپتە جاڭ
تۈەنجاڭ دېگەنگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. ئۇرۇش ناھايىتى جىددىي
بولىدۇ. تەرەپ - تەرەپتىن بولغان شىددەتلىك ھۇجۇم ئارقىسى-
دا، خې تۈەنجاڭ دېگىنى ئاق بايراق چىقىرىپ1000 دىن ئارتۇق
ئەسكىرى بىلەن تەسلىم بولىدۇ. بۇلارنى ما جۇڭيىڭ تالاپ،
ئەپيۈن چېكىدىغانلىرىنى بىر تەرەپكە چىقىرىۋېتىپ، ئەپيۈن چەك-
مەيدىغانلىرىنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوشۇۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ،
ما جۇڭيىڭ ئادەملىرىنى كۆچەيتىپ، قوراللىرىنى خېلىلا
تولۇقلىۋاپتۇ.
— لودۇڭ سوقۇشىدا ما جۇڭيىڭ ياردار بولدى دەيدۇغۇ؟ —
مەخسۇت مۇھىتى ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېچكىرىلەپ سورايتتى.
— ئۇرۇمچى تەرەپ جياڭ تۈەنجاڭ، خې تۈەنجاڭلارنىڭ
تارمار بولغانلىقىنى، بارىكۆلنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ
لۇ زىخۇي (شاۋزۇ)نى قوماندان قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ قارىمىقىدا
دۇ جۇڭگو بىرىگادىسى (لۈيى) — ئون روتىدىن (ليەندىن)
تەركىب تاپقان كۈچلۈك قىسىم بار ئىكەن. بۇلار لودۇڭدا ئاكوپ
قېزىپ تەييارلىق كۆرۈپتۇ. خوجىنىياز ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ
ئىككى تەرەپتىن قوماندانلىق قىلىپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قوزغايدۇ.
مۇشۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭنىڭ يوتىسىغا ئوق تېگىپ ئاتتىن ئۈچۈپ
چۈشىدۇ، دۈشمەن تەرەپ ئۇنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىغا قاراپ
گاسىلىڭ ئۆلدى دەپ خۇش بولىدۇ. گاسىلىڭنىڭ ئەسكەرلىرى
قوماندانىمىز ياردار بولدى دەپ روھسىزلىنىپ سەل بوشاپ ئار-
قىغا چېكىنمەكچى بولغاندا، ما جۇڭيىڭ ياردار بولغىنىغا قارىماي
ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ، ئىككى قولىغا ئىككى ماۋزۇر ئېلىپ
تاراسلىتىپ ئېتىپ يەنە ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇ تەرەپتىن خوجىنىياز-
ھاجىمۇ قاتتىق ھۇجۇم قوزغاپ، دۈشمەننىڭ بىرىنچى سېپىنى بۇزۇپ
تاشلايدۇ. ئىككىنچى سەپتە دۈشمەننىڭ بىرىگادا سەنمۇجاڭى فېي
جەندېگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دۇ جۇڭگو بىرىگادىسى


AltunOq

ئالاقزادە بولۇپ، يەتتە قۇدۇق تەرەپكە قاچىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن ئۇلارغا يەنە بىر قىسىم تاغلىقلار توسۇپ زەربە بېرىدۇ. موڭغۇل تۆەنجاڭ ناسىڭ باتۇرغىمۇ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. بىرىگادا باشلىقى دۇجژگو بۇ مەغلۇبىيەتكە چىدىماي ئۆزىنى - ئۆزى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى پۈتۈنلەي تار مار بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ما جۇڭيىڭ تېخىمۇ جىق ئولجىغا ئىگە بولىدۇ. توققۇز دانە پىلىموت، ئىككى دانە زەمبىرەك، نەچچە يۈز تال مىلتىق، نۇرغۇن ئوق - دورا غەنىيمەت ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچنېمىگە قارىماستىن ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاراتۈرۈكتىكى سوقۇش بىلەن لودۇڭدىكى ئىككى سوقۇشتا قولغا چۈشكەن قوراللارنى ئىچكىرىگە ئەكەتكەنلىكىگە قۇمۇللۇقلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قاپتۇ.

— ئەسلىدە خاتا بولغان. گاسىلىڭنى باشتىلا كىرگۈزمەسلىك لازىم ئىدى، — دېدى مەخسۇتباي كەسكىن ھۆكۈم قىلىپ، — گاسىلىڭ بۇ يەرگە بىزگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئولجا ئالغىلى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلغىلى كەلگەن. قىزىل موڭغۇلدىن ئادەم كەپتۇ دېگىنى قانداق گەپ؟ كىم كەپتۇ؟

— جاڭسىن دورغا دېگەن بىر موڭغۇلنىڭ باشچىلىقىدا ئاباۋ (قازاق)، نىياز (ئۇيغۇر)، قاسىم قازاق، ئىسمايىل داتۇ، زوردۇنئاخۇن دېگەن كىشىلەر بىرمۇنچە سوۋغا - سالام بىلەن كېلىپ، خوجىنىيازھاجى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. جاڭسىن دورغا: «بۇرۇن بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئېزىلگەنىدۇق، ئاخىرى ئىنقىلاب قىلىپ ئازاد بولدۇق. شورالار ھۆكۈمىتى بىزگە جىق ياردەم قىلغان، سىلەرگىمۇ ياردەم قىلىدۇ» دەپ جىق چۈشەنچە بېرىپتۇ، ئاندىن ئۆزىمۇ خوجىنىيازھاجى بىلەن بىرلىكتە بىرقانچە قېتىم سوقۇشقا قاتنىشىپ، تاغلىقلارنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى كۆرۈپ خۇش بوپتۇ. ئۇ كىشى ئىتتىپاق بولۇشنى كۆپرەك تەكىتلەپتۇ. كېيىن جاڭسىن دورغا قايتقاندا، خوجىنىيازھاجى، ئىسمائىلئاخۇن، زور-

دۈنئاخۇن، سالى دورغا قاتارلىق كىشىلەرنى ۋەكىل قىلىپ تاش-
قى موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىپتۇ، بۇ ۋەكىللەر تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ
بىلەن سۆزلىشىپ مىلتىق، ئوق، يامغۇر كىيىمى، ئۆتۈك، ئېگەر
قاتارلىق ماددى ياردەملەر ئېلىپ قايتىپ كەپتۇ، شۇنىڭدىن كې-
يىن تاغلىقلار خېلى كۈچلىنىپ قاپتۇ، بۇرۇن ئوق يېتىشمەي
كۆپ قىينالغانىكەن.

— بىز يازغان خېتىمىزدە قىزىل موڭغۇلدىن، شورالار ھۆ-
كۈمىتىدىن ياردەم قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغا-
نىدۇق، ئۇ توغرىدا گەپ - سۆز قىلمىدىمۇ؟

— جىق رەھمەت ئېيتتى، — دېدى يۈسۈپ، ئۇنىڭ كۆز-
لىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئازماستىن دۇرۇس
جاۋاب بېرەتتى، — تۇرپانلىقلارنىڭ، مەخسۇتبايىنىڭ ھىممى-
تىگە جىق رەھمەت. كېيىنچە يەنە ياردەم ئالغاندا مەخسۇتبايىنىڭ
ھېسابىغا ئۇدۇل قىلايلى دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىسسىنغان ۋە شورپا ئى-
چىپ تەرلەنگەن يۈسۈپ، قۇمۇل ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ جايىدا
سۆزلەپ بېرىۋاتسىمۇ، بەدەن بېشى بوشاپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كې-
تىۋاتاتتى. مەخسۇت مۇھىتى ئېشەكچىگە ئارام بېرىشنىڭ زۆرۈر-
لۈكىنى بىلسىمۇ، لېكىن قۇمۇل تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈ-
شىنىش ئۈچۈن قىزىقىپ ئارقىمۇ ئارقا سوئال قويۇپ تۇراتتى:

— ھەممىدىن مۇھىمى تۇرپان تەرەپكە چىققان بولسا ياخ-
شى بولاتتى! — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر ھەسرەت چېكىپ.

— ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئەسكىرى قۇمۇلغا مەركەزلەشتى، —
دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مۇھاكىمىلىك پىكىر يۈرگۈزۈپ، —
ئارقا تەرىپى بوش ھەم قالايمىقان. مۇنداق شارائىتتا خوجىنى-
ياز ھاجى بىر قىسىم ئادەملەرنى تاغدا قالدۇرۇپ ئازراق ئادەم
بىلەن چىققان بولسا، دۈشمەن ئەسكىرى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنەت-

تى. بۇ چاغدا مەركەزلەشكەن كۈچ پارچىلىنىپ ئاجىزلايتتى.

— ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى تەكىتلىگەچ، بۇ تەرەپتە خەلقنىڭ تەييار بولۇپ كەتكەنلىك ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي يېزىپ يەنە خەت ئەۋەتەيلى، — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر.

— بۇ قېتىم مەن باراي! — دېدى شائىر يەنە ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ.

— سىز بۇنىڭدەك كېلىشكەن ئېشەكچى بولالمايسىز! — دېدى مەخسۇتباي كۈلۈمسىرەپ ھەم كۆزى بىلەن يۈسۈپنى ئىشارەت قىلىپ، ئەتراپتىكىلەر بىردىن بۇرۇلۇپ قارىغاندا، يۈسۈپ ئاخۇن ئولتۇرغان ئورنىدا قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— ھېرىپ كېتىپتۇ! — دېدى مەخسۇتباي ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزمۇ ياتايلى! تاڭ ئېتىپ قالاي دەپتۇ!

ھېسامىددىن زۇپەر دەررۇ قويۇن سائىتىنى چىقىرىپ:

— سائەت ئۈچتىن ئېشىپتۇ! — دېدى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## 1

شەرقىي يولنىڭ باش قوماندانى شىڭ شىسەي ئۆز كابىنېتىدا قولىنى ئارقىغا تۇتقان پېتى شامالدەك يېنىك قەدەم تاشلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئېقى چوڭ بىر جۈپ كۆزى خۇددى يېڭىلا تۆشۈكتىن چىققان چاشقاننىڭ كۆزلىرىدەك غىلدىرلاپ، ساراسىمىلىك بىلەن بىر دەم تامدىكى خەرىتىگە، بىر دەم ئۈستەل ئۈستىدىكى دالا تېلېفونىنىڭ تۇرۇبكىسىغا قارايتتى. ئۇ قانداقتۇر قىلغىلى قىلىق تاپالمايۋاتقان بالىلاردەك ئالاڭغىرايتتى.

ئۇ خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ خىيالى شۇ تاپتا مىسلىسىز شېرىن ۋە تاتلىق ئىدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكتىن كۆتۈرۈلگەن غاچىلداق سادالار گەرچە كابىنېت ئىچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېرىن خىيالىغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى.

ئۇ خىيال سۈرەتتى. شىنجاڭغا چىقىپ ئۈچىنچى يىلى يەنى 1932 - يىلى 7 - ئايلاردا، ئۇ ئىلگىرىكى ئەسكىرى يوق شتاب مۇشاۋىرلىقىدىن بىرلا ئۆرلەپ شەرقىي يولغا باش قوماندان بولغانىدى. نېمىدېگەن خۇشاللىق، نېمىدېگەن ئامەت - هە!

ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ھازىر جاڭ يۈشۈ①، فۇ چۈەن②، ياڭ جىڭجۇڭ③ بىرىگادىلىرى، باپىنگورت④، قوماندانلىقىدىكى پولكقا تەڭ ئۈچ باتالىيون ئاق رۇس ئەسكەرلىرى، شۈن فايۇ ⑤ بىرىگادىسى، بەيسى ئۈيان ⑥ قوماندانلىقىدىكى موڭغۇل ئاتلىق پولكى، تۆمۈر كوڭكا (زىرىھلىق ئاپتوموبىل) ۋە زەمبىرەكچى قىسىملار بولۇپ، جەمئىي 8000 دەك ھەربىي كۈچ بار ئىدى. بۇ نېمىدېگەن زور قۇۋۋەت - ھە!

بۇ كۈچ شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، ئاز كۈچ ئەمەس ئىدى. بۇنى چۈشەنگەن شېڭ شىسەي ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى قىران بۈركۈتتەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ھازىر گويا ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا پەرۋاز قىلىپ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن جاڭگاللارنى، ئورمانلارنى كۆزىتىۋاتقان بۈركۈتكە ئوخشاش، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كەڭ زېمىنغا قانداقتۇر سۈيىقەست، قانداقتۇر تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان يامان غەرەزلەر بىلەن نەزەر تاشلايتتى. نۆۋەتتە ئۆزىنى قىزىقتۇرۇۋاتقان ئاساسىي ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئويلىغانسېرى لەززەت بېغىشلايدىغان، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىدە ھاياجانلاندۇرىدىغان شېرىن خىياللارغا كېتەتتى.

ياپونىيە قۇرۇقلۇق ارمىيە مەكتىپىدە بىر يۇرۇش ھەربىي تەلىم - تەربىيە كۆرگەن شېڭ شىسەينىڭ شۇ تاپتىكى خىيالى، ئىختىيارىغا بېرىلگەن بۇ قەدەر زور كۈچنىڭ رولىنى جارى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قانداق كۆرسىتىش، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قانداق تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتكە مەركەزلىشەتتى:

بىرىنچى قەدەمدە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئۈزۈل-كېسىل باستۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق، ھەممە ئادەم قايىل بولىدىغان، ھەممە ئادەم چۆچۈيدىغان، ھەممە ئادەم ئەيمىنىدىغان

①②③④⑤⑥ — 1932 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا قاتناشقان ھەربىي ئەمەلدارلار.


AltunOq

ھەيۋە تىكلەشنى ئويلايتتى. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا، تېررورلۇق يۈرگۈزۈپ بوغۇزغىچە قان كېچەلەيدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئوت قويۇپ، شەھەرلەرنى، يېزا - قىشلاقلارنى كۈلگە ئايلاندۇرۇپ خانىۋەيران قىلالايدىغان، زۆرۈر تېپىلغاندا، ھېيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ تىنچلىق كەپتەرلىرى ئۇچۇرالايدىغان سېھىرلىك ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىش توغرىسىدا پىلان قىلاتتى.

ئۇ، ئاردىلاپ خەرىتىگە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى، قوشۇنلار ئورۇنلاشقان جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئوت كۈچى، كوماندىرلارنىڭ قابىلىيىتى، ئارقا سەپ تەمىناتى قاتارلىق بىر تۈتاش ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلاتتى. زەمبىرەكچى قىسىم ۋە تۆمۈر كۆككا قاتارلىقلاردىن قانداق پايدىلىنىش، رولىنى قانداق جارى قىلىش مەسىلىلىرىنىمۇ ئويلىناتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى كاللىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن چېچەن ۋە سەزگۈر ئىدى، ئىلگىرىكى باش قوماندان جۇرۇيچىڭ، لۇ شاۋزۇ، جاڭ پېيىۋەن (جاڭ زىخېڭ) قاتارلىقلارغا مەسلىھەتچى بولغان ۋاقىتتىكىدەك پاسسىپ بولماستىن، بەلكى جىق ئاكتىپ ئىدى.

ئۇ بىردىنلا خەرىتىدىن قايرىلىپ يەنە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى قۇمۇل ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ما جۇڭيىڭنىڭ كونا ئۇۋىسىغا قايتىپ كەتكىلى بىرەر يىل بولۇپ قالغانىدى. قۇمۇل تاغلىرىدا بولسا، خوجىنىيازھاجى قوماندانلىقىدىكى بىرەر مىڭ كىشىلىك قوزغىلاڭچىلارلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۈچ شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغ دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن، شۇنىڭدەك ھەر بىر تاغ يەنە بىر قانچە كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئومۇمەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچى بىر يەردە بولماستىن تارقاقلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق تارقاق بولۇشى شېڭ شىسەي ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرەتتى. ئەگەر 8000 كىشىلىك مۇنتىزىم قوشۇن بىلەن

ھۇجۇم قوزغايدىغان بولسا، ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ پايدىلىق شارائىتنى مۇھاكىمە قىلىپ مۇقىملاشتۇرغان شىڭ شىسەينىڭ خىيالى قانداقتۇر چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قوزغاش، دولقۇنسىمان ئارقىمۇ ئارقا زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش كۆزلۈك ھۇجۇم پىلانىغا تاقالغانىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى بىردىنلا تېزلىشىپ ھەرىكەتتى جىددىيلەشتى. ئۇ خۇددى بۆزچىنىڭ موكىسىدەك ئۇياقتىن - بۇياققا تېز بېرىپ، تېز قايتاتتى. ھەر قېتىم بۇرۇلۇپ ئارقىغا قايتقاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ ئارقىغا قايرىغان، خۇددى قاۋاننىڭ يايلىسىدەك يىرىك چاچلىرى شامالغا ئېسىپ قويغان داسمالدەك سىلكىنەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۇستەلنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بىردىنلا توختىدى - دە، قوڭغۇراق باستى. قوڭغۇراق ئاۋازى توختاش بىلەن تەڭلا تاشقىرىدىن مەھرەملەردىن بىرىنىڭ رۇخسەت تىلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— رۇخسەتمۇ؟

— كىر!

مەھرەم كىرىپ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ چاس بەرگەندىن كېيىن بۇيرۇق كۈتتى.

— بۇيرۇق! — دېدى باش قوماندان جىددىي قىياپەتتە، — باتالىيوندىن يۇقىرى قوماندانلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىنسۇن. ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە شتابتا مەجلىس ئېچىلىدۇ!...

ئەتىسى شتاب مەجلىسخانىسى كوماندىرلار بىلەن تولغانىدى. باش قوماندان شىڭ شىسەي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— قاراڭلار! — دېدى ئۇ قولىدىكى تاياقچىنى تامدىكى ھەربىي خەرىتىگە قوندۇرۇپ، — قوزغىلاڭچىلار شەرقىي تاغ ۋە غەربىي تاغ دەپ ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنگەن. ھەر بىر تاغ يەنە بىرقانچە پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تارقاق ھەم رەتسىز بولسىمۇ، شەرقىي تاغدىكىلەر يولۋاسقا، غەربىي تاغدىكىلەر خوجىنىيازغا مەركەزلىشىدۇ. بىز ئەمدى ئۆردەك كاۋىپىنى

پارچىلاپ يېمەكچىمىز. ئالدى بىلەن قاناتنى بىر پۇت بىلەن قوشۇپ يەيمىز، قالغان قىسمىغا تەگمەيمىز. بۇ دېگىنىمىز خوجىنىيازغا تەگمەستىن، يولۋاسنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش دېگەن سۆز. يولۋاس قۇۋ ھەم قورقۇنچاق. بۇ ۋەزىپە جاڭ يۇشۇ بىرىگادىسىغا تاپشۇرۇلدۇ. غەلىبە قىلمىغان قوماندان بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايمەن!

— ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىمەن! — دېدى جاڭ يۇشۇ چاس بېرىپ.

— فۇ چۈەن بىرىگادىسى غەربىي تاغنى داۋاملىق مۇھاسىرە قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى قوزغىلاڭچىلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىك، ئىمكان قەدەر بىخۇدلاشتۇرۇش كېرەك. خوجىنىياز ھەم قۇۋ، ھەم باتۇر، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش ئانچە ئاسانغا توختىمايدۇ. مەن خوجىنىيازنىڭ قوزغىغان ئىشىغا ھېسداشلىق قىلىمەن، ئىتتىپاقلىشىپ بىللە خىزمەت ئىشلەشنى خالايمەن، مۇشۇ ئاساستا ۋەكىل ئەۋەتىپ سۆھبەتلىشىپ كۆرۈش كېرەك! — ئۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا چىرايىغا قانداقتۇر بىر خىل ياسىما تۈس بېرىپ كۆپچىلىككە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشىدىن كۆز چىمچىقلاتمىسىمۇ يالغان سۆزنى راستتەك قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى...— ۋەزىپە ئېغىر! — دېدى ئۇ چىرايىغا يېڭىباشتىن جىددىي تۈس بېرىپ، — جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ھەممە سەپلەر بويىچە ئىلگىرىلەشكە رۇخسەت، چېكىنىشكە يول قويۇلمايدۇ. قوزغىلاڭچىلارنى بىرنىمۇ قويماي يوق قىلمىغۇچە توختىماسلىق كېرەك...

پىلان بويىچە، شەرقىي تاغقا بولغان ھۇجۇم 1932-يىل 10-ئاينىڭ باشلىرىدا باشلاندى. جاڭ يۇشۇ بىرىگادىسىدىكى ئۈچ پولك ئەسكەر ئۆزئارا زىچ ماسلىشىپ چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم ئۇرۇشى قوزغىدى. شەرقىي تاغ قوزغىلاڭچىلىرى دۈشمەن-

نىڭ زور تۈركۈمدىكى مۇنتىزىم قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇپ
چوڭ - كىچىك 30 قېتىمدىن ئارتۇق جەڭ قىلغان بولسىمۇ،
قىسمەن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ، تاغ ئىچىگە ئىچكىرىلەپ چې-
كىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئومۇمەن بۇ ئۇرۇشتا ھۆكۈمەت ئەس-
كەرلىرى ئۈستۈن كېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن، قوزغىلاڭچىلار
تاغ ئىچىگە چېكىنگەن بىر ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. قوزغىلاڭچىلار
ئەڭ ئاخىردا باغداشقا چېكىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەت ئەس-
كىرىنىڭ ئىزچىل قوغلىشى ئارقىسىدا ئۇ يەردىمۇ تۇرالماي، يول-
ۋاسىنىڭ باشلامچىلىقىدا شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىپ گەنسۇ تە-
ۋەسىگە ئۆتۈپ كەتتى.
بىرىنچى قەدەمنى ئوڭۇشلۇق باسقان شىڭ شىسەي 12-
ئاينىڭ باشلىرىدا 2 - قېتىملىق قىشلىق ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ
ھۇجۇم پىلان بويىچە غەربىي تاغدىكى خوجىنىياز ھاجىغا قارى-
تىلغانىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ فۇ چۈەن ۋە ياڭ جىڭجۇڭ بىرىگا-
دىلىرىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ئون باراۋەر ئۈستۈن كۈچ بىلەن
تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغىدى. قوزغىلاڭچىلار، دۈشمەننىڭ
ھۇجۇمىغا قارىتا مۇناسىپ ھالدا قارشىلىق كۆرسەتتى، لېكىن
ئۇلار ئوق - دورىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى ۋەجىدىن، بىر
تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ بىر تەرەپتىن چېكىنىش تاكتىكىسى قول-
لىنىشقا مەجبۇر بولغانىدى.
— شورى قۇرۇغۇرلار، سىڭدىشىپ يېقىنلاپلا كېلىۋاتىدۇ، —
دېدى ئۇزۇن بويلۇق، ئۇچلۇق ساقال كەلگەن مىرول ئىسىملىك
بىر پالۋان، بۇ كىشى خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېچە - كۈندۈز
بىللە يۈرىدىغان يۈرەكلىك ئادەم ئىدى.
— لوھودىلارنىڭ ئوق يېگۈسى كەلگەندۇر! — دېدى خو-
جىنىياز ھاجى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىپ، ئاندىن ئاتىنىڭ
تىزگىنىنى تارتىپ توختىدى. ئۇلار ئانچە ئېگىز بولمىغان تاش
داۋان ئۈستىدە ئىدى. داۋانغا يېتىپ چىقمىغانلار داۋاملىق چى-

قىۋاتاتتى. خوجىنىياز ھاجى ئاتىنىڭ بېشىنى قايرىپ داۋان ئاس-تىدىكى ئېقىنغا دۇربۇن سالدى. قومدەك تولا دۈشمەن ئەسكەر-لىرى خۇددى چۈمۈلىدەك بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېلىشۋاتاتتى.

— بىز يەردە 20 چە ئادەم قالسۇن، قالغانلار كېتىشۋەر-سۇن! — دېدى ئۇ دۇربۇننى كۆزىدىن چۈشۈرۈپ ۋە شۇئانلا ئۆزى ئاتتىن چۈشتى.

خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىللە يۈرىدىغان 80 نەچچە ئات-لىق مۇھاپىزەتچىلەر ئىچىدىن 20 ئادەم داۋان ئۈستىدە قالدى. قالغانلار توختىماستىن كېتىشۋەردى. ئوزۇق - تۈلۈك ۋە قورال-ياراغلارنى ئېلىپ ماڭغۇچى قىسىملار ۋە باشقا قوشۇنلار ئالدى-دا كەتكەنىدى. خوجىنىياز ھاجى تەييەممۇم قىلىپ پېشىن ئوقۇ-دى. ئۇ كىشى ھەرقانداق ۋاقىتتا نامازنى تەرك قىلمايتتى. ئاڭغىچە قالغان ئادەملەر ئاتلىرىنى جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى مۇۋاپىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ دۈشمەنىنىڭ داۋانغا چىـ قىشىنى كۈتۈشتى.

بۇ ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى 400 - 500 مېتر ئارىلىقتا كۆزىگە ئېلىنغان ھەرقانداق نەرسىنى زايە قىلماستىن ئېتىپ تاشلىيالايدىغان خىل مەرگەنلەر ئىدى. ئۇلارغا ئوق زايە قىل-ماڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرۇش كەتمەيتتى. دۈشمەن قوشۇنى بار-غانسېرى يېقىنلاشماقتا. ئۇلار ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ ئارىلاش-ما ھالەتتە داۋانغا ياماشماقتا ئىدى. داۋان يولى تەخمىنەن 300 مېتردەك كېلەتتى. نامازنى ئوقۇپ بولۇپ ھاجى داۋانغا ياما-شىپ چىقىشۋاتقان دۈشمەنلەرگە مەنسىتمىگەن بىر قىياپەتتە نە-زەر تاشلاپ:

— ئاشۇ ئاق تاشتىن ئۆتمىگۈچە ھېچكىم ئوق چىقارمىسۇن! — دېدى ئۇ 25 مېترچە نۆۋەندە چوقچىيىپ تۇرغان يېرىم ئۆي-دەك چوڭلۇقتىكى ئاق تاشنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، ئاندىن



Altun0q

ئۆزىمۇ ئەپچىل بىر يەردىن ئورۇن ئالدى. دۈشمەنلەر داۋانغا ئۆرلەپ چىقماقتا. تاكى ئۇلار مۆلچەر قىلىنغان دائىرە ئىچىگە كىرگەندىلا، خوجىنىياز ھاجى «ئات» دەپ بۇيرۇق قىلدى. مەرگەنلەر تاراسلىتىپ ئېتىپ كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا 20 - 30 دەك دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. دۈشمەن سېپى بۇزۇلدى. ئارقا سەپ قالايمىقانلاشتى. ئېقىن ئىچىدە كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر تەرەپ - تەرەپتىن كاناي چېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشكە قوماندا بېرەتتى. ئۇلار كانايغا ماسلىشىپ «شا...شا...» دەپ داۋانغا ئۆزىنى ئۇراتتى. تاغلىقلار كۆزىگە ئىلىنغاننى تېرىپ سالاتتى.

جەڭ قىزىپ كەتكەندە خوجىنىياز ھاجى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى قول ئاستىدىكىلەر بىلەتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا داۋاندىن پەسلەپ ھېلىقى ئاق تاش تۈۋىگە چۈشۈۋالدى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. مىرول ئوق سېلىپ ئۈلگۈرتەتتى. ئۇ مىلتىققا بەش تال ئوقنى سېلىپ تەييار قىلغۇچە خوجىنىياز ھاجى قولىدىكى مىلتىقنىڭ بەش تال ئوقىنى ئېتىپ تۈگىتەتتى. ئۇنىڭ ئوقى بىر تالمۇ زايە كەتمەيتتى. قىزىپ كېتىپ: «ھە، ھە چاپسان بول» دەپ مىروانى ئالدىرىتىپ ئېتىشنى داۋام قىلاتتى. يېرىم سائەتچە داۋام قىلغان بۇ جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. دۈشمەن مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن ئۈزلۈكسىز ئوق ئېتىپ تاغ ئىچىنى خۇددى پوجاڭزا ئاتقاندەك جاراڭلىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقى تاشقا تېگەتتى. تاغلىقلارنىڭ ئاتقان ئوقى باشقا تېگىپ، دۈشمەننىڭ 100گە يېقىن ئادىمىنى نابۇت قىلدى. دۈشمەن سېپى قالايمىقانلاشتى. ھولۇققان دۈشمەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى...

لېكىن دۈشمەن بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالغىنى يوق. ئۇلار ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلەتتى. تاغلىقلار ئەپچىل جايلاردا دۈشمەننى توسۇپ، ئاشۇ تەقلىدتە زەربە بېرىپ، يەنە بىر تەرەپ-

تىن چېكىنەتتى. ئۇلارنىڭ يولى قارلىق تاغقا يەتكەندىلا توسۇ-
لۇپ قالدى. ئالدىن يۈرگەن قىسىملار مۇز تاغقا يەتكەندە، تاغ
ئېتەكلىرىدىكى غىلتاڭ مۇزلاردىن ئات - ئۇلاغلارنى ئۆتكۈزۈش
ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن ئۇلار ئىككى ئادەم ئەۋەتىپ خوجى-
نىياز ھاجىغا ئەھۋال ئىنكاس قىلغانىدى. دۈشمەن ھامان قىس-
تاپ كەلمەكتە. قانداق قىلىش كېرەك! بۇ ئەمەلىي قىيىنچىلىق
خوددى مۇز تاغقا ئوخشاش ھەممە ئادەمنىڭ بېشىنى
قاتۇرغانىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مىرول بېشى قاتقان ھالدا.

خوجىنىياز ھاجى ئانچە ئويلىنىپ تۇرمايلا:

— ئاق بايراق چىقىرىڭلار! — دېدى بۇيرۇق قىلىپ.

بۇيرۇقنى ئاڭلىغان تاغلىقلار غۇدۇراپ ئاق بايراق چى-
قىرىشقا نارازى بولۇشتى، لېكىن ھەممەيلەن ھاجىنىڭ مىجەزى
چۇس ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ھېچكىممۇ ئاشكارا قارشى چىقىشقا
جۈرئەت قىلالمايتتى. خوجىنىياز ھاجى باشقىلارنىڭ پىكرى تو-
غۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، چۈشكەن بۇيرۇقنى كۈچەيتىش ئارقىلىق
ھەممىنى بېسىپ تاشلىماقچى بولدى - دە:

— مىرول، ئۆزۈڭ بېرىپ ئاق بايراق چىقار! — دەپ
ۋارقىرىدى.

مىرول گەپ قىلماستىن، دۈشمەننى توسۇپ تۇرۇۋاتقان
بىرىنچى سەپكە بېرىپ بايراق چىقاردى.

خوجىنىياز ھاجى خەۋەر ئەكەلگەن ئىككى ئادەمگە
بۇرۇلۇپ:

— قۇربانىنىياز دورغىغا ئېيتىڭلار، مۇزنى چاپتۇرۇپ
ئۇلاغ ماڭغۇدەك يول ئاچسۇن، يامان يەرلەرگە كىگىز سېلىپ
ئۆتكۈزسۇن! — دېدى.

ئاق بايراق چىقىرىپ دۈشمەن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش
تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قولغا كەلتۈرگەن ۋاقىت ئىچىدە قوز-

غۇلاڭچىلار مۇز تاغدىن سالامەت ئۆتۈپ تاشقى موڭغۇلىيە چېگرىسى تەرەپكە كەتكەنىدى.

## 2

1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى پىچان شەھىرىدە باشقىچە تاڭ ئاتتى.

بامداتقا ئەزان چىقىشتىن ئىلگىرى ئارقىمۇ ئارقا ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى. ئوق ئاۋازى سەھەرلىكتىكى تىنىق ھاۋادا دەھشەتلىك شارقىراپ پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ئاھالىلەرنى ئويغاتقانىدى. ھەممە ئادەم چۆچۈپ ئەتراپقا قۇلاق سالاتتى. ئارىدىن بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەنىدە، ئوق ئېتىش يەنە باشلاندى. بۇ قېتىم ئېتىلغان ئوق خۇددى يوغان قازاندا قوماچ قورۇغاندەك پاراسلاپ ئۇزۇن داۋام قىلدى، چۆچۈپ ئويغانغان خەلق ئەمدى قورقۇشقا باشلىدى: «يا ئاللا، نېمە بالا بولدى، ئۇرۇش بۇ يەرگە كېلىپ قالغانمۇ؟» ھەممە ئادەمنىڭ خىيالىدىن بۇ مەجھۇل سوئاللار ئۆتەتتى. ئەمما ھېچكىم جاۋاب تاپالمىغان ئەھۋال ئاستىدا تېڭىرقاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قوياتتى. ئېتىشىش داۋام قىلماقتا. ئوق ئاۋازى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ قازان قاينىغاندەك ۋاراقلىماقتا. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. قانداقتۇر بىر جايلاردا ئات تۇياقلىرىنىڭ تاراقلىغان تاۋۇشلىرى، قانداقتۇر ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ سۆرەنلىرى ئاڭلانماقتا. بىر ئاتلىق كىشى ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى مەھەللە ئىچىگە كىرىپ: «قۇمۇلدىن خوجىنىيازھاجى چىقتى. مۇسۇلمان بولساڭلار جەڭگە تەييار بولۇڭلار!» — دەپ توختىماي ۋارقىراپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كىشى باشقا مەھەللىلەردىمۇ شۇنداق جار سالغانىدى.

«ھە... خوجىنىيازھاجى چىقىپتۇ - دە! زالىملاردىن ئەمدى

قۇتۇلغۇدەكمىز!» شۇ ئەتىسى ھەممە ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يورىغان، ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر كۈچ ـ قۇۋۋەت توپلانغاندەك بولۇپ كوچىغا چىقىشتى، بىرى ئىككى، ئىككىسى تۆت بولۇپ ئىختىيارسىز ھالدا سوقۇش بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

پارقىراپ كۈن چىقتى. سوقۇش بولۇۋاتقان يەرگە مىڭلىغان ئادەملەر توپلانغانىدى. ھەممە ئادەم خوجىنىيازھاجىنى كۆرىمىز دەپ تەلمۈرەتتى... بىر ـ بىرىدىن سۈرۈشتە قىلاتتى، ئىزدىشەتتى. ئەمما ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەسىلە ئايدىڭلاشقانىدى.

— خوجىنىيازھاجى ئۆزى چىقماپتۇ، ئۆزى ئورنىدا تۆمۈر بوتۇك بىلەن ما شىمىڭنى ئەۋەتىپتۇ!...

دەرۋەقە شۇ كېچىسى ما شىمىڭ بىلەن تۆمۈر بوتۇك ئىككىسى 50 ئاتلىقچە ئادەم بىلەن پىچانغا يېتىپ كېلىپ شەھەرگە ھۇجۇم باشلىغانىدى. ئۇلار خوجىنىيازھاجى قوشۇنىنى باشلاپ قارلىق تاغقا چېكىنىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا، يول ئۈستىدە قوشۇنىدىن ئايرىلىپ تاغ ئىچى بىلەن پىچانغا چىققان، ئۆزىنى «خوجىنىيازھاجى ئەۋەتتى» دەپ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەمايىسىگە ئىگە بولۇپ، شۇ ئەتىسى سەھەرلىكتە ھۇجۇم قوزغىغانىدى. ئۇرۇش داۋام قىلماقتا، شەھەر ئىچىدە تۇرۇشلۇق بىر پولك پىيادە ئەسكەر بىلەن بىر باتالىيون ئاتلىق ئاق رۇس ئەسكەرلىرى دەرۋازىلارنى چىڭ تاقاپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلماقتا ئىدى...

«پىچانغا خوجىنىيازھاجى چىقىپتۇ!» بۇ يارقىن خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە قاراغوجا ـ ئاستانە، تۇرپان ـ توقسۇنغىچە يەتكەنىدى. ئالدى بىلەن ئاستانە خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا توقسۇنلۇقلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ توقسۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، قاراشەھەر، كورلا تەرەپكە قاراپ ھەرىكەتلەندى. شۇنداق قىلىپ 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1933 ـ

يىلىنىڭ بېشى بولۇپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، پىچان تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرى بىر تۇتاش قوزغىلاڭ رايونىغا ئايلاندى.

بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان جىن شۇرېن قومۇلدا تۇرۇۋاتقان باش قوماندان شېڭ شىسەيگە، ئۈچ ناھىيىدىكى قوزغىلاڭنى جىددىي باستۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق ئەۋەتىدۇ. بۇ بۇيرۇق شېڭ شىسەينىڭ شۇ كۈنلەردىكى مۇددىئاسىغا دەل كەلگەنىدى. چۈنكى ئۇ، قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى گەنسۇغا، بىر قىسمىنى تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپكە ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ئەمدى ئۇلار باش كۆتۈرۈپ چىقالمايدۇ. كېيىنكى قەدەمدە ئۈرۈمچىگە قايتىپ بېرىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشىم كېرەك، دەپ ئويلاۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، قىرغىنچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان شۈن فايۇ بىرىگادىسىنى پىچانغا ئالدىن يولغا سالدى. بۇ قوشۇن چاقماق تېزلىكىدە كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ پىچانغا كېلىپلا، ما شىمىڭنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. تۆمۈر بوتۇك شۇ ئۇرۇشتا ئۆلدى. ما شىمىڭ قېچىپ دىغايغا① بېرىۋالدى. شۈن فايۇ قوشۇنى شەھەرنى ساقلاپ تۇرغان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ پىچان ناھىيىسىدە ئۈچ كۈن چاپ - چاپ قىلدى②.

ما شىمىڭنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ئاق رۇس ئەسكەرلىرى مۇرتۇققا كەلگەندە «پىچانغا خوجىنىياز ھاجى چىقىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ كېتىۋاتقان 70 - 80 ئاتلىق توقسۇنلۇق پۇقرالارغا دۈچ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ قورالسىزلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى③.

---

① دىغاي — تۇرپاننىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان چەتتىكى بىر رايون.

② تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شۈن فايۇ پىچاندا يۈرگۈزگەن قىرغىندا ئۆلگەنلەر 3000 — 4000 غا يېتىدۇ.

③ توقسۇنلۇقلار ھازىرغىچە يىلدا بىر قېتىم مۇرتۇققا كېلىپ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ توپىسىغا دۇئا قىلىدۇ.


AltunOq

دەل شۇ كۈنلەردە تۇرپاندا تۇرۇشلۇق مالۇيجاڭ (ما دا، خەنزۇ) ئاستانىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتكەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ جازا قوشۇنىغا قارشى تۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. بۇ مەسلىھەتتە ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەخمۇت مۇھىتى، سەمەت ھاجى، نەمەت خەلپەت قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار جازا قوشۇنىغا قارشى تۇرماسلىق ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر دېگەن تونۇشقا كەلگەنىدى. ھەمدۇللا ئاخۇنۇم يۇرت خەلقىنى جەڭگە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ دۇئا بەردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاستانە خەلقى ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان جازا قوشۇنىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەييارلاندى. مەخمۇت مۇھىتى ۋە سەمەت ھاجىلار قولىدا قورالى بار بىر تۈركۈم پىدائىيلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بازارنىڭ ئىككى بېشىغا ئورۇنلاشتى. قورالى يوق پۇقرالارمۇ قوللىرىغا ئارا - كەتمەن ئېلىپ ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۆگزىلەرگە يوشۇرۇندى.

چۈشكە يېقىن بىر ۋاقىتتا، ئاتلىق - پىيادە بولۇپ 100 گە يېقىن ئادەمدىن تەشكىللەنگەن جازا قوشۇنى ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇلار بازار بېشىغا كېلىپلا، ئاسمانغا قارىتىپ 10 ـ 20 پاي ئوق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بازار ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدى - ئارقى بازار كوچىسىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھۇجۇم باشلاندى. پىدائىيلار دۈشمەننىڭ ئالدى - ئارقىدىن ئېتىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئېچىش ئارىلىقىدا نۇرغۇن دۈشمەننى يەر چىشلەتتى. ئۆگزىلەرگە يوشۇرۇنغان خەلق چالما - كېسەكلەرنى ئېتىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى زەخىملەندۈردى ۋە قايمۇقتۇرۇپ ئالاقزادە قىلىۋەتتى، گاڭگىراپ قالغان دۈشمەن نېمە قىلىشىنى بىلمەي پېتىراپ قېچىشقا ئۇرۇندى. قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار خالتىغا سولىنىپ قالغانىدى.

خەلق بىر چۇقان بىلەن، تاياق ـ توقماق، ئارا ـ گۈرجەكلىرىنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇر كالتەك، سوق كالتەك قىلىپ دۈشمەن ئەس-
كەرلىرىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلدى. ئۇلاردىن پەقەت ئىككى
ئەسكەرلا ئاتلىق قېچىپ قۇتۇلدى.

بۇ قېتىمقى غەلىبە ئارقىلىق 100 تالادىن ئارتۇق قورالغا
ئىگە بولغان قوزغىلاڭچى ئامما كۆزگە كۆرۈنگۈدەك كۈچلۈك قو-
شۇن بولۇپ قالغانىدى. ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ بۇ شانلىق
غەلىبىسى ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى.
قاراغوجا، لۈكچۈن، ياڭخىي، مۇرتۇق ۋە باشقا كەنتلەرنىڭ خەل-
قى گويا قومۇرۇلۇپ كەتكەندەك تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىپ
ئۇلارغا قوشۇلۇشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن، كىشىنى ھەي-
ران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى تېز كۆپىيىپ، ئادەم سانى
1000 ـ 2000 غا يەتتى.

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## 1

زور گەۋدىلىك تۆمۈرجىساھاجى تۆگىدەك چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەندە، ئۆي ئىچىدە ئولتۇرغانلار ئەينەك دېرىزىدىن كۆرۈپ، ئەزەلدىن مۇنداق ئالدىراپ ماڭمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ بۈگۈن ئالدىراپ كىرىپ كېلىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار دەپ تۇرۇشقا، ئۇ ئادەم مېھمانخانا ئىشىكىنى جالاقىدە ئېچىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئۇكىلىرىم، خۇش خەۋەر، مالۇيجاڭ ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئاران ئىككى چېرىك قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. قالغانلىرىنى ئاستانىلىقلەر تولۇق يوقىتىپ، قورال - ياراغلىرىنى تارتىۋاپتۇ!...

— بارىكاللا! بارىكاللا!...

مېھمانخانىدا ئولتۇرغان ھېسامىدىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لېتىپ ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن بارىكاللا ئېيتىپ تەنتەنە قىلىشتى.

ئۆي ئىچىنى غەلىبە تەنتەنىسى — خۇشاللىق كەيپىياتى قاپلىغانىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايى ئېچىلغان، ھاياجاندىن قىزارغان يۈزلىرى غەلىبە نۇرىدىن يالتىراپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— مېنىڭچە ئۇلارنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك! — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر كۆپچىلىككە قاراپ، — ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىساق ئۇلار پىچان تەرەپكە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن.

— ھازىرقى شارائىتتا پىچانغا ھۇجۇم قىلىش پايدىسىز، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۆز ئېلىپ ھېسامىددىن زۇپەرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ داۋام قىلدى، — پىچاندا ھازىر ھۆكۈمەت ئەسكىرى كۆپ، قۇمۇل تەرەپتىنمۇ بىر لوي ئەسكەر كېلىپ ئۇ يەرگە جۇغلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرپان شەھىرىنى ئېلىشىمىز كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، بىز بۈگۈن كېچىدىلا ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرىغا خەۋەر يەتكۈزەيلى.

— خەت يازايمۇ؟

— يېزىڭ! — دېدى ھېسامىددىن زۇپەر بۇيرۇق تەرىقىسىدە شائىرغا قاراپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەت يېزىشقا كىرىشتى:

«سىزلەرنىڭ قىلغان غالىب جەڭلىرىڭىزگە، قولغا كەلتۈرگەن غەنىيمەتلىرىڭىزگە بارىكاللا... مالۇيجاڭ قانىتى ئاستىغا چۈجىسىنى بېسىپ ياتقان مېكىيانىدەك كونىشەھەردە ياتتى. تۇرپان يېڭىشەھەردە ئاران بىرلىيەن ئەسكەر بار. مالۇيجاڭ بىزگە بەرگەن 30 تال قورال بىلەن خەلق ئەسكىرى تەشكىل قىلىپ شەھەر مۇداپىئەسىگە ياردەملىشىۋاتىمىز. سىزلەر پىچانغا بارماستىن تۇرپانغا كېلىڭىزلار. بىز شەھەر ئىچىدىن ماسلىشىپ ئاسانلا شەھەرنى قولغا ئالىمىز. ۋاقتى جۈمە يانغان كېچىسى بولسۇن، بىز كۈتىمىز! شەھەرنى ئېلىش قىيىنغا چۈشمەس، ئىنشائاللا!»

خەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇردا ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

— بوپتۇ، مەقسەت ئوچۇق يېزىلىپتۇ، — ھېسامىددىن زۇپەر تۆردە ئولتۇرغان تۆمۈر جىسا ھاجىغا قاراپ، — ھاجى ئاكا، بۇ خەتنى ئۆزىڭىز يەتكۈزىسىز، پۇختا ئىشەنچلىك ئادەمدىن ماڭدۇرۇڭ! بارغان ئادەم ئوچۇق جاۋاب ئەكەلسۇن! — دېدى.

— غەم قىلماڭلار! — دېدى ئۇ ساقىلىنى تاراشلاپ

ئۆلتۈرۈپ، — مۇنداق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ھەر ئەزىمەتلەر بار!
— بۇگۈنلا ماڭسۇن، بۇگۈن كېچە ئۇلارغا خەت تەگمىسە بولمايدۇ!
— ھازىرلا ماڭىدۇ، غەم قىلمىڭىزلار دېدىمغۇ، ئەتىگەن ناماز ۋاقتىغىچە جاۋابىمۇ كېلىدۇ! — تۆمۈرجىسا ھاجى ئورنىدىن تايىنىپ تۇردى. ئۇ ھەقىقەتەن زور گەۋدىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىككى تەرەپكە چايقىلىپ ماڭغاندا، ھەرقانداق كىشى: بۇ ئادەم ئىشىككە پاتماي قالامدىكىن! دەپ ئويلاپ قالاتتى. لېكىن ئۇ خەتنى ھازىرلا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ئەپچىل مېڭىپ ئىشىككە تاقاشماستىنلا چىقىپ كەتتى.

## 2

شەھەر قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئاي قاراڭغۇسىدا يۇلتۇزلار چاراقلاپ ياناتتى. يانۋار كېچىسى. قەھرىتان سوغۇق سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. لېكىن قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قىزغىنلىقنى ھەرقانداق ئاچچىق سوغۇقمۇ توسۇپ قالالمايتتى. شۇڭا، بۇ كېچە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن تۇرپان يېڭىشەھەر ئەتراپىغا يېتىپ بېرىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان ئاستانە قوزغىلاڭچىلىرى قاتتىق سوغۇققا پىسەنت قىلماستىن تۈن نىسپىغىچە شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ بولغانىدى.
بامداتقا ئەزان چىقىش بىلەن تەڭ، شەھەرگە ھۇجۇم باشلاندى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپمىغان ھۆكۈمەت تەرەپ قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان باغرى، بۇيلۇق، يار، يەمشى، يارغول قاتارلىق شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدىكى ئامما ئۇخلىمىغانىدى. ئۇلار ئۆزلۈكىدىن پەدائىيلارنى تەشكىللەپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىپ قوزغىلاڭ-

چى قوشۇنلارغا قوشۇلاتتى. بۇيرۇقتا بىنائەن ھېچكىم ۋاراڭ -
چۇرۇڭ قىلمايتتى. توپلانغان نەچچە مىڭ ئادەم خۇددى بىر ئا-
دەمدەك تەرتىپلىك ئىدى.

يەمشىلىك 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق پىدائىيلارنى باشلاپ كەل-
گەن ئابدۇسەمەي باي سالام بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن
قوماندانلىق شتاب ئورنىغا كەلگەنىدى. ئۇ كىرىپلا ھەمدۇللا
ئاخۇنۇم، مەخسۇتبايلار بىلەن كۆرۈشۈپ تاۋۇزۇلۇق بىلەن:

— ئاخۇنۇم، بىز كېچىكىپ قالدۇق، — دېدى ئارقىغا ئىك-
كى قەدەم چېكىنىپ، — بىزنىڭ يەمشى بەك تارقاق. ئادەملەر-
نىڭ ئالدى - كەينى يىغىلىپ بولغۇچە جىق ۋاقىت كەتتى.

— ھازىر كېلىپ بولدىڭىزلارمۇ؟ — دېدى ئاخۇنۇم سىلىق
سوئال قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن مەنالىق قاراپ قويى-
دى. چۈنكى ئۇ شۇ تاپتا خېلى جىددىي كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ تۇر-
قىدىن ئادەتتىكى كونىلارگە ئوخشاش بايۋەچچىلىك ئەمەس، بەلكى
جىددىي جەڭگە تەييارلىق كۆرگەن ئاددىي پىدائىي جەڭچىدەك ئەس-
تايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھازىر يېتىپ كەلگىنىمىز 117 ئاتلىق. سەككىز تال
قارا مىلتىق، بىر تال بەلدەڭگە، ئون قىلىچ بار. قالغانلىرى
تاياق - توقماق. كەينىمىزدىن كېلىدىغانلار يەنە بار.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئاخۇنۇم بېشىنى تەسىرلىك
لىڭشىتىپ.

گەپ ئۈستىگە يەنە ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار شاپ-
تۇللۇقتىن① كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئالدىراشتەك كۆ-
رۈنەتتى. سالام بېرىپلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنىڭ شاپتۇللۇقتا گۇچۇڭ تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەر
كەلدى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى سۆزلەپ، — ئۇلار يوغانتېپ-
رەكتىن چۈشۈپتۇ. سۈرۈشتە قىلساق، تۇرپاندىكى مالۇيجاڭغا يار-

① شاپتۇللۇق — شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر كەنت.

دەملەشكىلى كەلگەنىكەن.

— جىقمۇ؟ — مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى كۆتۈرۈپ سوئال قويدى.

— بىزنىڭ ئۆي يول ئۈستىدە. پەنجىرىدىن قاراپ ئولتۇرسام خېلى جىق ئۆتتى. ھەممىسىلا پىيادە. ساناپ ئولتۇردۇم، كېيىنچە ئادىشىپ قالدىم، ئاڭلىساق، بىر يىلىك ئەسكەر دەيدۇغۇ! ئۇلار نەچچىگە بۆلۈنۈپ چۈشكۈن قىلدى. خەلقلەرنىڭ ئوتۇن - ياغاچلىرىنى قالاپ ...

... ھەمدۇللا ئاخۇنۇم بىلەن مەخسۇتباي ئىككىسى قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ كۆز ئۇچراشتۇردى.

بۇ خەۋەر قوزغىلاڭچىلارنىڭ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. ئالدى بىلەن ئۇلار يوقىتىلمىسا تۇرپاندىكى ھۆكۈمەت قوشۇنى كۈچىيىۋېلىشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا باشلىقلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن شاپتۇللۇقتىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، ئاندىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش قارارىغا كېلىشتى ...

شاپتۇللۇقتىكى ئۇرۇش ناھايىتى قاتتىق ۋە شىددەتلىك بولدى. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى. قوزغىلاڭچى ئامما جاننى تىكىپ پىدائىيلارچە شىددەتلىك ھۇجۇم قىلاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتە نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى.

لېكىن قوزغىلاڭچىلار تەرەپتە بىر ئادەم چىقىم بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا نەچچە ئادەم ئىز بېسىپ كۆپىيەتتى. غەيرەت، روھ ئۇسسۇن ئىدى. دۈشمەن تەرەپتە بولسا بىر ئادىمى ئۆلسە، بىرى كېمىيىپ، روھى جەھەتتە چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايتتى. قوزغىلاڭچىلار قورال جەھەتتە ئاجىز بولسىمۇ، ئادەم كۈچى جەھەتتە نەچچە باراۋەر ئۇستۇن تۇراتتى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈپ، ئاخىر غەلىبە قازاندى. مەغلۇپ بولغان دۈشمەن جەڭ مەيدانى-

دا يۈزلەنگەن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ناھايىتى ئاز قىسىملا جېنىنى قوغداپ كونىشەھەردىكى مالۇيجاڭ قىسىملىرىغا بېرىپ قوشۇلدى.

بۇ ئۇرۇشتا 200 تالدىن ئارتۇق قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئېلىندى. تۇغۇلۇپ ساپان قولىقىدىن باشقا نەرسىنى تۇتۇپ كۆرمىگەن دېھقان باللىرى شاپتۇللۇقتىكى ئۇرۇش ئارقىلىق قورال - ياراغقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر كىشى ئۆزىنى شىر - يولۋاستەك باتۇر ھېس قىلىشقانىدى.

قوزغىلاڭچى ئامما شاپتۇللۇقتىكى جەڭگە ئۇلاپلا تۇرپان يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم باشلىدى. شەھەر ئىچىدە ھېسامىدىن زۇپەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشچىلىقىدىكى ئاممىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا شەھەر ئاسانلا پەتىھ قىلىندى. بۇ يەردە تۇرۇشلۇق دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولدى. ناھايىتى ئاز قىسىملا قېچىپ كونىشەھەرگە كىرىۋېلىپ جېنىنى ساقلاپ قالدى.

تۇرپان يېڭىشەھەر رايونى تولۇق ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، كونىشەھەرنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسى تۇراتتى. ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەسكىرى خۇددى كۆزگە قادالغان مىخنەك ھەممە ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇراتتى. بۇ مىخ يۇلۇپ تاشلانسا تۇرپان رايونى تولۇق ئازاد قىلىنغان بولاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدۇللا ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، ھېسامىدىن زۇپەر، ماشىمىڭلاردىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىندى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شتابنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە ھەم كاتىبات ئىشلىرىغا تەيىنلەندى. ھېسامىدىن زۇپەر شەھەر مۇداپىئە ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

شتاب خىزمىتى تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. قوشۇنلارنى رەتلەش، تەرتىپكە سېلىش، كۆزەتچىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاش، بولۇپمۇ كونىشەھەر ئەتراپىغا ئەۋەتىلگەن ئادەملەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاش، تەمىنات مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ... بۇ

ئىشلارنىڭ كۆپلۈكىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەچ كىرىپ ئەل يا-
تار ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالاتتى. ھېسامىدىن زۇپەر
كىچىلىك شەھەر مۇداپىئە ئىشلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن
چىقىپ كەتكەنىدى. تېخى قايتىپ كەلگىنى يوق. شائىر يېزىش-سىزىش
بىلەن بەند. ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ئۆيگە قايتىپ كەتكەن. مەخسۇت
مۇھىتى قانداقتۇر ئىشلار توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىپ خىيال سۈرەتتى.

— شۇنداق قىلىپ تۇرپان ئۆزىمىزنىڭ بولىدىمۇ! — دې-
دى شائىر ئاخىرقى بىر خەتنى يېزىپ تۈگىتىپ ۋە ئورنىدىن
تۇردى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىر
كۈن ئىچىدە بولغان ئۆزگىرىش، مىڭلىغان قوراللىق قوشۇن، دې-
ڭىزدەك شاۋقۇنلانغان روھ، پەلەكنى ئۆرتىگىدەك غەيرەت - جاسا-
رەت، شەھەرگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى، جۇشقۇنلۇق ئىشلار ...
نېمىدېگەن چوڭ ئۆزگىرىش بۇ!...

مەخسۇت مۇھىتى شائىرنىڭ سۆزلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ
ئاڭلايتتى.

— شەھەرلەرنى ئوبدانلا باشقۇرالايدىكەنمىزغۇ. ھەممە ئىش-
لار گويا بىر كۈن ئىچىدىلا يېڭى تۈس ئېلىپ، ئەلگىرىكى كۆ-
ڭۈلسىزلىكلەر كۆڭۈللۈك ھالەتكە ئايلىنىپ، رەتكە چۈشكەندەك بول-
ماقتا. بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئۆزگىرىش! — شائىر سۆزىنى داۋام
قىلاتتى، — بۇ بىر تارىخ دەڭا، ئۆز كۈچىمىز بىلەن، ئۆز قۇد-
رىتىمىز بىلەن ياراتقان تارىخ!...

ھويلىغا كىرگەن ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ سۆزنى
ئۈزۈپ قويدى. ئۆيگە ھېسامىدىن زۇپەر كىرىپ كەلدى.

— ھەممە تەرەپ تىنچ، دەرۋازا كۆزەت قىلىۋاتقانلار نۆۋەت
بىلەن كۆزەت قىلىپ ھوشيار تۇرۇپتۇ. ئادەملىرىمىز ئىككى شەھەر-
نىڭ ئارىلىقىدا خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ كەپتۇ. ئۇ تەرەپمۇ تىنچ، —
دېدى ئۇ شەھەر مۇداپىئە ئەھۋالىدىن دوكلات بېرىپ.

ھويلىغا يەنە بىر ئاتلىق كىرىپ كەلدى. 20 ياشلار چامى-

سىدىكى بىر پەدائىي ئۆيگە كىرىپ:

— ئۈرۈمچى تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، سىزنى كەلسۇن دەيدۇ، — دەپ دوكلات قىلدى. ھېسامىدىن زۇپەر تېخى ئولتۇرمىغانىدى. ئۇ شۇئانلا ماڭماقچى بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شائىر: «مەنمۇ باراي» دەپ چىقىپ كەتتى.

بۇلار غەربىي دەرۋازىغا كەلگەندە، شەھەرلىك تەرەپتىكى كونا يولدا كېلىۋاتقان ماشىنا چىرىغى تۈن قاراڭغۇسىنى چاقماقتەك تىلىپ يېقىنلاۋاتاتتى.

— يالغۇز ماشىنىدەك قىلىدۇ، — دېدى شائىر يىراقلارغا بويلاپ قاراپ.

— يېقىنلاپ كەلسۇن. ئەگەر يالغۇز بولسا شەھەر ئىچىگە باشلاپ كىرىپ يىغىشتۇرىمىز، — دېدى ھېسامىدىن زۇپەر.

ماشىنا گۈرۈلدەپ كەلمەكتە. شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ھارۋىكەش دەڭلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز لەمپىلەر بىلەن يېپىلغان كوچىغا كەلگەندە، لەمپە ئاستىدىكى كوچا، ئۆيلەر ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ماشىنا بۇرۇلۇپ مەسچىت ئالدىدىن يەنە قايرىلىپ سېپىل ياقىلاپ قۇرۇلغان كالتە بازار بىلەن كېلىپ سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. كابىنكىدىن چۈشكەن بىر ئوفىتسېر سېپىلغا قاراپ:

— دەرۋازىنى ئېچىڭلار! — دەپ ئاچچىق ۋارقىرىدى.

— سىلەر كىم، نەدىن كەلدىڭلار؟ — سېپىل ئۈستىدىن بىرى راۋان خەنزۇ تىلى بىلەن سوئال قويدى.

— بىز ئۈرۈمچىدىن كەلدۇق. ئېچىڭلار، چاپسان بولۇڭلار، مالۇيجاڭغا ياردەم قىلغىلى كەلدۇق، چوڭ قىسىم كەينىمىزدە كېلىۋاتىدۇ. چاپسان ئېچىڭلار! — دېدى ئوفىتسېر.

ماشىنا ئۈستىدە ئونغا يېقىن ئەسكەر جۇۋىغا پۈركىنىپ ئولتۇرغانلىقى بايقالدى. شۇڭا ھېسامىدىن بىلەن شائىر ئىككىسى دەر-


AltunOq

ۋازنى ئىچىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزلىرى ئويماندەڭ تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەتتى.

ماشىنا دەرۋازىدىن كىرىپ ئاستا سۈرئەت بىلەن ئىچكىرىلەپ كەتتى. ئۈستى يېپىقلىق تاركوچىدا ماشىنىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ غۇلدۇراپ لەمپە تۈۋرۈكلىرىنى تىترىتەتتى. ماشىنا ئاقسارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، چوڭ ئاشخانا تەرەپكە قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئويمان دەڭنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، تاراس - تۇرۇس ئوق ئېتىلدى - دە، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئويماندەڭدە تەييار تۇرغان قوزغىلاڭچىلار ماشىنا ئۈستىدىكى چېرىكلەرنى ھەش - پەش دېگۈچە يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ماشىنىغا بېسىلغان ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالدى.

3

چوڭ قىسىم رەسمىي تاڭ ئاتقاندا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يېڭىشەھەرنىڭ قوزغىلاڭچىلار قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ بېرىپ، كونىشەھەردىكى مالۇيجاڭ قىسىملىرىغا قوشۇلۇۋالدى. بۇ تولۇق ئىككى باتالىيون پىيادە ئەسكەر ئىدى.

ئىككى كۈچ بىرلەشكەندىن كېيىن، ئەتىسىدىن باشلاپ قوزغىلاڭچىلارغا قارشى ھۇجۇم قوزغىدى. دۈشمەن «شا» دېسە، «شا» دەپ ھۇجۇم قىلىپ شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋالغانىدى. قوزغىلاڭچىلار سېپىل ئۈستىدىن ئوق ئېتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، دۈشمەن چېرىكلىرى پەسەنت قىلماي، گويا قوزغىلاڭچىلارنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك: «زىۋازىلار، مىلتىقىڭلارنى تاپشۇرۇپ تەسلىم بولۇڭلار!» — دەپ ۋارقىراپ خولىگەنلىك قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ مۇنداق گەپلىرى، خورلۇققا چىدىماي قوزغىلاڭ

كۆتۈرگەن خەلق ئاممىسىغا قاتتىق ئازاب بىلىنەتتى. ئۇلارنىڭ زەر-دىسى قايناپ تىت - تىت بولاتتى. ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن تەلەپ قويۇپ:

— ھىسامىدىن ئاكا، دۈشمەنلەر بىلەن بىر ئېلىشىپ باققان بولساق، بىزنى يامان تىللاپ كېتىۋاتىدۇ، دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ راۋۇرۇس تۇتۇشمىغىچە قورساق كۆپۈكىمىز چىقمايدۇ جۇمۇ!...— دەپ ۋارقىرىشاتتى.

دۈشمەننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ جاجىسىنى بېرىپ قويۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەن ھىسامىدىن زۇپەر بىر دۇكان ئالدىدىكى كاتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆپچىلىككە سۆز قىلدى:

— قېرىنداشلار، پىدائىيلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوت-لىرى چاقناپ تۇراتتى، — دۈشمەنلەرگە ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قو-يۇش پەيتى كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، سېسىق ئۆ-چەيلىرىنى چۇۋۇپ تاشلىشىمىز كېرەك! چىقىمىزمۇ؟

— چىقىمىز، چىقىمىز!...

يۈزلىگەن پىدائىيلار بىردەك ۋارقىراپ ئۇنىڭ خىتابىغا ئا-ۋاز قوشتى.

دەرۋازا ئېچىۋېتىلدى. تەخ بولغان 200 دەك ئادەم تومدىن چىققان سۇدەك ئېتىلىپ چىقىپ دۈشمەنگە ئۆزىنى ئۇردى. دۈش-مەنلەر يامغۇردەك ئوق ياغدۇرغانىدى، بىرمۇنچە پىدائىيلارغا ئوق تەگدى. پىدائىيلار توختاپ قالغىنى يوق، بەلكى قايغۇنى كۈچ-كە ئايلاندۇرۇپ، دۈشمەن سېپىنى دىسسەپ - چەيلەپ ۋەيران قىلىۋەتتى. قالدۇق دۈشمەنلەر جىنىنى ئەپقېچىپ كونىشەھەرگە ئاران كىرىۋېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كونىشەھەردىكى دۈشمەنلەر ئۇۋىسىدىن چىقىپ قوزغىلاڭچىلار تۇرغان يەرگە ھۇجۇم قىلىشقا زادى جۈرئەت قىلالمىدى.

شېھىتلەر دەپنە قىلىندى.

بۇ قايغۇلۇق كۈنلەردە ئۇرۇمچىدىن مۇسۇل مۇھەممەتى ئەۋەتكەن بىر پارچە خەت ھەممە ئادەمنى يەنە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. خەتتە: «تۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شى داليەن دەپ ئاتالغان ئون روتا ئەسكەر كەتتى. ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار!» دېيىلگەنىدى.

دەرۋەقە، شۇ كۈنلەردە، ئادەم سانى 500 دىن ئارتۇق قىرغىنچى قوشۇن 50 - 60 دەك تارانچى ھارۋىسىغا ئوق - دورا ۋە جادۇ بېسىپ: «تۇرپانلىق زىۋازىلارنى جادىغا بېسىپ توغراپ تاشلايمىز!» — دەپ چوڭ داۋراڭ بىلەن يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى جادىغا بېسىپ توغراش، خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى دەپ ھېسابلايتتى. ئەمما بۇ چارە قوزغىلاڭچى ئاممىنى قورقۇتالىغىنى يوق، بەلكى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغاپ، ئۇلارنى ياكى ئۆلۈم. ياكى كۆرۈم دەيدىغان قەتئىي نىيەتكە كەلتۈرگەنىدى. غەيرەتكە كەلگەن خەلق بۇ قوشۇننى يارغولدا ئوبدان كۈتۈۋالدى. ئۇلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، بىرمۇ دۈشمەننى قاچۇرۇپ قويماستىن تەلتۆكۈس يوقىتىپ، نۇرغۇن قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالدى.

شائىر بۇ قاينام ئىچىدە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئەك قاۋۇل دوستى ھېسامىدىن زۇپەردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قايغۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبە ۋە غەنىيمەتلەردىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ جىددىي ۋە ئالدىراش ۋەزىيەت ئىچىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ، «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ چىققانىدى.

## مۇزلىدى

سوغ زىمىستان - قەھرىتاندا يولدا داۋان مۇزلىدى،
پوتلا چېرىك يولغا چىقتى، چىقتى بوران مۇزلىدى،
قار - شىۋىرغان ئۇردى - سوقتى، بولدى سەرسان مۇزلىدى،

لىيەنجاڭۇ يىڭجاڭى جىڭگوك① بولدى ۋەيران مۇزلىدى،
دوغدىيىپ چاپان ئىچىدە جايى پىنھان مۇزلىدى.

جىن شۈرىن غەزەپ بىلەن ھەربىيگە بۇيرۇق قىپتۇمىش،
«تۇرپانلىق زىۋازىلار» نى جادىغا باس دەپتۇمىش،
ئەللىك ھارۋا، دادۇي رىنما ② جادىلەرنى ئاپتۇمىش،
بۇ بۇيرۇقنىڭ ئىجراسىغا بەش يۈز چېرىك كەپتۇمىش،
ياۋغا قارشى سوغ كۆچەيدى نەچچە چەندان مۇزلىدى.

مۇسىل مۇھىت ئاڭلاپ بۇنى، ئۈرۈمچىدىن ماڭدى شۇئان،
چىقتى چىغدەڭدىن چېرىك ساي ئوپىدا سوقتى بوران.
كەلدى تۇرپانغا خەۋەر چېرىك ئاشقۇنچە داۋان،
رۇسلىنىپ «قارشى ئېلىش»قا چىقتۇق ئالدىغا تامان،
تاڭ سەھەر يارغول ئارا بۇ ھەربىي پەرمان مۇزلىدى.

تاقابىل تۇرۇشقا بىزدە نەيزە ـ ئورغاق بارئىدى.
جاللاتلارنىڭ ئالدىدا بىزگە ھەقىقەت يار ئىدى.
جان تىكىپ ئاتلاندى يۇرت، توسماق ئۇنى بىكارئىدى،
«توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن قەدىم سۆز بارئىدى،
ئالدىدۇق دۈشمەننى بىز ئۇر ـ ئۇردا چاشقان مۇزلىدى.

بامدات بىرلە رىپىق ھېسامىدىن بولدى شېھىت،
«ۋەكەفا بىلاشەھىت» دەپ رۇسۇلۇم ئاللاغا ئەيت.
ئەھلى تۇرپان ھازىدا ئايرىلدى ئوغلىدىن ئىسمىت،
ھەقىقەتنىڭ قۇربانىسەن ئاللا نېسىپ قىلسۇن بېھىش،

---

① لىيەنجاڭ، يىڭجاڭلىرى ئەپيۇنكەش.
② قوراللىق ئەسكەرلەر دېمەكچى.

كۆڭلىمۇ بولدى مۇسىبەت تۇتۇلدى ئاسمان مۇزلىدى.

ئاقارغان تاڭ سىزىقىغا چۈشتى قىزىل قان جىلۋىسى،
ئۈجۈقۈپ بولدى شۆكەم پالەچ چېرىكنىڭ ھەممىسى،
پاك - پاكىزە چۈشتى قولغا ئوق ۋە مىلتىق دورىسى،
قالدى جان قايغۇسىدا لويى، ئامبال، تۇڭچىسى
مىسلى كەچكۈزدە چىۋىندەك ھال - پەرىشان مۇزلىدى.

1933 - يىل فېۋرال تۇرپان.

## 4

تۇرپان كونىشەھەر سېپىلى پۇختا ھەم ئېگىز ئىدى. ئەتراپى خەندەك بىلەن ئورالغان بولۇپ، خەندەك بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئېشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە مالىيجاڭ (ماداخېنزە) نىڭ بىر بىرىگادا ئەسكىرى كۆچى پېتى بۇزۇلماي تۇرۇۋاتاتتى. بۇ قارا كۈچنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈۋېتىش نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. بۇنى يوقاتمىغۇچە تۇرپان ۋولۇق ئازاد بولغان ھېسابلانمايتتى.

قوزغىلاڭچىلار بىر قاتار تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلغاندىن كېيىن، بىر كېچىسى تاڭ سەھەردە ھۇجۇم باشلىماقچى بولدى. بۇ جەڭگە ھەممە ئادەمنىڭ غەيرىتى يېتەرلىك ئىدى. ئۇلار تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى قەھرىتان سوغۇققا قارىماي شەھەرنى قامال قىلىپ بۇيرۇق كۈتتى. مەخمۇت مۇھىتى، سەمەت ھاجىلار قوماندانلىق قىلىدىكى پىدائىيلار غەربىي دەرۋازىدىن، ماشىمىڭ، پولات تۈەنجاڭ باشچىلىق قىلىدىكى پىدائىيلار شەرقىي دەرۋازىدىن ھۇجۇمغا تەييار تۇراتتى. ئەزان بىلەن تەڭ بىر پاي ئوق ئېتىلدى. بۇ ھۇجۇم سىگنالى ئىدى. دۈشمەنلەر سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇمغا

AltunOq

ئۆتۈپ سېپىلغا يېقىنلىشاتتى. ئېتىشىش بىرەر سائەت داۋام قىلدى. ئوق ئاۋازى داش قازاندا ئۇماچ قاينىغاندەك پۇرۇقلاپ قاينايتتى.

پىلاندا، شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت قويۇش بەلگىلەنگەنىدى. ئوتنى قانداق يېقىش مەسىلىسى ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم مۇشكۇل ۋەزىپە ئىدى. مەخمۇت مۇھىتى قوماندانلىق ئورنىدا تۇرۇش ۋەزىپىتىنى كۆزىتىپ، دەرۋازىغا ئوت قويۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا،ئۇنىڭغا يېقىن ياشلار مەن بارىمەن دېسە، مەن بارىمەن دەپ ۋەزىپىنى تالىشىپ بارىكاللا ئېيتقۇدەك قىزغىنلىق كۆرسەتتى. مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق باشلىقلار پىدائىيلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىدىن ھاياجانلانغان ھالدا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ياش ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ بىر تۇڭ كىرسىننى كۆتۈرۈپ بىردىپ ئەپچىللىك بىلەن خەندەككە دومىلىدى. قوزغىلاڭچىلار دەرۋازا ئەتراپىدىكى سېپىل تۆشۈكلىرىگە قويۇق ئوق ئېتىپ ئابدۇللاغا ياردەم كۆرسەتتى. شۇنداق بولسىمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئابدۇللاغا ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ پەيت كۈتەتتى. مۇنداق خەۋپ - خەتەر ئاستىدا كېلىدىغان پەيتنى پەم - پاراسەت ۋە غەيرەت بولغاندىلا تاپقىلى بولاتتى. ئابدۇللا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆلۈك سىنىدا جىم يېتىۋالغانىدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭغا ئوق تەگدى دەپ ئاغرىنغان بولسا، دۈشمەن تەرەپ ئۆلدى دەپ بىخۇدلاشقانىدى. شۇنداق ۋاقىت ئىچىدىن كۆزنى يۇمۇپ ئېچىش ئارىلىقىدا قولغا كەلگەن پەيتتىن پايدىلانغان ئابدۇللا ئىككى سەكرەپ دەرۋازا تۈۋىگە بېرىۋالدى.

ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا دەرۋازا چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. قوزغىلاڭچىلار خۇشاللىقىدا چۇقان سېلىشىپ بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. ئوت يېرىم سائەتچە كۆيگەندىن كېيىن دەرۋازا قاناتلىرى سىڭايان بولۇپ يىقىلىشقا ئاز قالغانىدى. شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرگۈچى پىدائىيلار تەخ بولۇپ بۇيرۇق كۈ-

تەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدىن ئاق بايراق كۆرۈندى. بۇ بايراق ئىككى تەرەپكە چايقىلاتتى. بۇ تەسلىم بولۇش ياكى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئېتىلىۋاتقان ئوقلار بىردىنلا توختاپ خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بېسىلدى. بۇ تەرەپتىن مەھمۇت مۇھىتى بۇيرۇق بېرىپ، بىر خادىغا ئاق لاتا باغلىتىپ بەلگە بەردى. ئاندىن چارەك سائەت ئۆتكەندە، مالۋىجاك ئىككى ئادىمىنى ئەگەشتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى.

مالۋىجاكنىڭ ئىسمى ما فۇمىن، لەقىمى ماداخەنزە، ئۇ ئېگىز بويلۇق، ساددا ئادەم ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا كوچىغا چىقىپ كىشىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرەتتى. ئات تاقىلاۋاتقان تۆمۈرچى دۇكانلىرىغا كېلىپ، تۆمۈرچىلەر بىلەن چاقچاقلىشاتتى. ئۇ ئەسلىدە چۆچەكتە تۇراتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۆتكەن يىل (1932 ـ يىل) ئۇنى يۆتكەپ كېلىپ، تۇرپاننى مۇداپىئە قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى.

ئۇ ھازىر ئىككى ئادىمى بىلەنلا ئۆزى كەلمەكتە. بۇ تەرەپتىن مەھمۇت مۇھىتى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. چۈنكى ئۇلار ئىلگىرىمۇ تونۇش ئىدى. ماداخەنزە بىلەن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بوي بەستى تەڭ دېگۈدەكلا ئىدى. لېكىن ماداخەنزە ئىنچىكە ئېگىز، مەھمۇت مۇھىتى ئۇستىخانلىق ئېگىزلىكى بىلەن پەرقلىنەتتى.

شۇ كۈنى ئۇلار بىر مەسچىتتە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەتكە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتى، ما شىمىڭ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار قاتناشقانىدى.

جىق مۇزاكىرىلەر ئارقىلىق مەسىلىنى تىنچ ھەل قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. كېلىشىمدە، مالۋىجاك تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ. قوزغىلاڭچى ئامما كونىشەھەر ئىچىگە كىرىپ قالايمىقان ھەرىكەتلەردە بولمايدۇ، مالۋىجاك قوزغىلاڭچىلار سېپىلگە قوشۇلۇپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى قوبۇل قىلىدۇ.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## 1

دەھشەتلىك ئىشلارنى تولا ئاڭلاپ بېشى قاتقان-دەك ھېس قىلغان سارىخان موماي بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئىسسىق كاڭغا ياستۇق تاشلىدى. ئاندىن بىر كىشىلىك ئاق جايناماز كىگىزنى ئۈستىگە تارتىپ يېپىنىپ ياستۇققا باش قويدى. «ئۇھ، بىردەم بولسىمۇ جانغا ئارام!» — دېدىيۇ، لېكىن كۆزىنى يۇمىلا يەنە خىيالغا كەتتى...

«پېچانىدا نەچچە مىڭ ئادەم، مۈرتۇقتا نەچچە يۈز ئادەم... مۇنداق جىق ئادەم ئۆلگىلى تۇرسا، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرى قانداق قىلىشۋاتىدىغاندۇر. قانچىلىك يىغا - زار قىلىشۋاتقاندۇر، تۆۋا، تۆۋا، ھە ئۇلۇغ خۇدايىم، بەندەڭگە مۇشكۇل، ئۆزۈڭگە ئاسان، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! ... ئادەمنى - ئادەم قانداق ئۆلتۈرىدىغاندۇ! قاراپ تۇرۇپ - ھە! قانداقمۇ قولى بارىدىغاندۇ! تۆۋا قىلدىم خۇدايىم، ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە مۇشكۇل ... شۇن لۈيجاڭ دېگىنى قانداق بىر نېمىدۇر، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەيدۇ، رۇسلارمۇ بىزنىكىلەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۇلار قانداق بىر نېمىلەردۇر!؟ ئۇلارمۇ ئادەمدۇ ياكى ئادەم ئەمەس بىر نېمىلەرمۇ - يا! تۆۋا ... قانداق بىز ئىش

بۇ! ... تۇۋا!
مومای خىيال بىلەن ئۇزۇنغىچە ئۈيقۇ تاپالمىدى. بىرۋاختتا
يەتكەندە، ئەمدىلا ئۈيقۇ تاپاي دەۋاتاتتى، يەر تېگىدىن قانداق-
تۇر بىر خىل گۈرۈلدىگەن غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. يۈرى-
كى جۇغغىدە قىلىپ ئاغرىغاندەك بولدى. «ۋاي خۇدايىم، بۇ
نېمە بالا!» ئۇنىڭدا بىردىنلا چۆچۈش پەيدا بولدى. ئۈيقۇ قاچتى.
يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك، نەپەس ئېلىشى قىسىلدى.
ھازىرلا قىلغان خىياللىرىنى چاقماق تېزلىكىدە يەنە بىر قېتىم كۆز
ئالدىغا كەلتۈردى - دە، بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ، تەنلىرى
جۇغۇلداپ تىترەشكە باشلىدى. بۇ ئاۋاز گويا ئۇنىڭغا بىر ئازاب
بولغانىدى. بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ كېتەي دېگەندەك ياستۇقتىن
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئاۋاز يەنە دۈرۈلدەپ بىر دەم تام-
دىن، بىر دەم تورۇستىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ
تېخىمۇ بىئارام بولدى. يۈرىكى سىيلىپ بەدەنلىرى تىكەنلەشتى.
تالاغا چىقسام بېسىلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاندى - دە، ئورنى-
دىن تايىنىپ تۇرۇپ تالاغا چىقتى. تام تۈۋىدە ئاپتاپسىنىپ
ياتقان توخۇلار مومايدىن بىھۇدە ئۈركۈپ قاقاقلاشتى. شۇ ئارد-
امقتا مومای ھېلىقى ئاۋازنى ئاڭلىماي قالدى. «بېشىڭنى يېگۈر-
لەر» دەپ توخۇلارنى قاغاپ قويدى. ئۇلار چاپسانلا بېسىقىپ
يەنە ئۆز جايىغا كېلىپ دۈغدايدى. مومای قۇلاق سالدى. بۇ
ئاۋاز تالادىمۇ ئوخشاشلا ئاڭلاندى.
«ئۇلۇغ خۇدايىم، ئۆزۈڭگە ئاسان، بەندەڭگە مۈشكۈل.
ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!»
مومای بۇ سۆزلەرنى كۆپ قېتىم تەكرارلاپ، ئۇياق - بۇ-
ياققا مېڭىپ ئەنسىزلىك قىلىۋېدى، بەزىلەر: ئادەم قېرىسا ئەن-
سىز بولۇپ قالىدۇ دېگىنى راست گەپ ئىكەن! دەپ ئويلاشتى.
— سوغۇقتا نېمە قىلىپ يۈرىسىز، ئىسسىق ئۆيدە ئارام
ئېلىپ ياتسىڭىز بولمامدۇ! — دېدى بىرى ئۇنىڭ ئەنسىزلىك

قىلىپ يۈرگىنىگە ئىچى پۇشۇپ.

— ئۆيدە ئەنسىرەپ ياتالمىدىم، — دېدى موماي كۆزلىرىنى چەمچىقلىتىپ، — ياتسام بىر نېمە گۈرۈلدەيدۇ. قۇلىقىم گۈرۈلدەپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ تالاغا چىقسام، تالادىمۇ ئوخشاشلا گۈرۈلدەۋاتىدۇ. سەنمۇ ئاڭلاۋاتىدىغانسەن!

ئۇ بالا مومايىنىڭ گېپىدىن كېيىن تىڭشاپ كۆردى. بۇنى تېخىمۇ ئېنىقلاش ئۈچۈن يېتىپلا قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ تىڭشاپ:

— راستتىن بىر نېمە گۈلدۈرلەۋاتىدۇ، — دېدى-دە، يۈگۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىپ سىڭگىم ئېغىزى تەرەپكە قاردى. شۇ تەرەپتىن سەرەڭگە قېپىدەك قاپقارا بىر نېمىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، — «كوڭكا كېلىۋاتىدۇ، كوڭكا»! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئادەملەر ئېگىز ئۆگزىلەرگە چىقىپ يولغا قاراشتى. مومايىنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلدى، بىراق ئۇ ئۆگزىگە چىقالمايتتى. ئۇ چۇقچىلىقتا چىقىپ سىڭگىم ئېغىزى تەرەپكە قاراپ كۆردى. ئۇنىڭ كۆز نۇرى يىراقلارغا قانداق يەتسۇن؟ لېكىن ئۇ پىچان تەرەپتىكى ئاسمان بوشلۇقىدا خۇددى توپا ياغقانغا ئوخشاش كۆڭۈلسىز سارغۇچ رەڭلىك تۇماننى بايقاپ ئەنسىرىدى:

— توۋا ... تېخىچە قان تۆكۈلۈۋاتىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلار تېخى قانغا تويمىدىمىكىن! — دەپ غودۇڭشىپ كەينىگە ياندى ئۇ.

سەرەڭگە قېپىدەك كۆرۈنگەن نەرسە يېقىنلاپ قارا ئوغلاقتەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ياسالمىغان يوللاردا ئۇ گەرچە ئاستا ماڭسىمۇ ئات-ئۇلاغ ۋە هارۋىلاردىن بەرىبىر ئىلدامراق ماڭىدىغان بولغاچقا، چاپسانلا يېقىنلاشقانىدى. مەھەللە ئادەملىرى «كوڭكا»نى كۆرمەكچى بولاتتى. ئۆگزىلەرگە چىقىپ قوناق شاخلىرىنىڭ دالدىسىدا ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ ئورۇنلاشقانىدى. بەختكە يارىشا «كوڭكا» كېلىپ دەل شۇ مەھەللىنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ قالدى. بۇ ماشىنىدا كېتىۋاتقان ئادەم يېڭىلا موماي تىلغا ئېلىپ قارغى-



AltunOq

غان شۇن لۆيجاك ئىدى. ئۇ تۇرپانغا كېتىۋاتاتتى.

تۇرپاندىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ كېتەلمىگەن مالۆيجاكقا ئۇنىڭ نارازىلىقى بار ئىدى. پىچانداك بىر ناھىيىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە خۇددى كۆل سۈيىدەك تىنچلاندۇرۇۋەتتىم، مالۆيجاك نېمە ئۈچۈن تىنچلاندۇرالمايدۇ، دەپ تىت-تىت بولۇپ تۇرغاندا، يۇقىرىدىن تۇرپانغا بېرىپ مالۆيجاكقا ياردەم بېرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا بۇيرۇق كەلدى. شۇن فايۇنىڭ شۇ ئانلا تۇرپانغا يېتىپ بارغۇسى كەلدى-دە، ئالدىراشچىلىقتا ئۇچۇپ بارغۇدەك قاناتنىڭ يوقلۇقىغا ئۆزىچە مەيۈسلەندى.

ئات شۇ زاماننىڭ ئەڭ تېز قاتناش قورالى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۈرئىتى شۇن فايۇنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئاپتوموبىل بىلەن چاپسانراق يېتىپ بارماقچى بولدى.

بىر باتالىيون ئاق رۇس ئەسكەرلىرىگە تۇرپانغا بېرىشقا بۇيرۇق بەرگەن شۇن فايۇ ئەڭ يېقىن مەھرەملىرىدىن 10 ئادەمنى ئېلىپلا ئالگىرىلەپ يۈرۈپ كەتتى. ئاپتوموبىل نورمال كېتىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ بۇ سۈرئەتكە ھامان رازى بولمايتتى پات-پاتلا:

— چاپسان، چاپسان ھەيدە، خوت يۈتكە! — دەپ شوپۇرنى ئالدىرىتاتتى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغانىدى. بۇرنىغا ئىسسىق قان ھىدى ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ھەپتە بۇرۇن پىچاندا ئىچكەن قاننىڭ داۋامىنى تۇرپاندا ئىچىشكە ئالدىرايتتى. تۈز ۋە سىلىق ساي يوللىرىغا كەلگەندە، ماشىنا تېزرەك ماڭسا، چاقپىلەكتە ئۇچقان بالىدەك ئېچىلىپ كۆزلىرى ئويناپ كېتەتتى، توپىلاڭ، لاققىسى يامان كاتاڭ يوللاردا سۈرئەت ئاستىلاپ قالسا، پاتقاققا پاتقان ئېشەكتەك روھسىزلىنىپ پەرىشان بولاتتى.

«مەن ئالدىرايمەن يەتكىلى، ئېشىكىم ئالدىرايدۇ ياتقىلى» دېگەندەك، ماشىنا دەل شۇ يەردە توختاپ قالدى. شوپۇر كاپىت-

كىمدىن ئالدىراش چۈشۈپ قولىغا چىلەك ئالغاندا، شۈن لۈيجاڭ جىلە بولۇپ:

— نېمە بولدى؟ — دەپ ئاچچىق ۋارقىرىدى.

— سۈيى تۆكەپ قالدى! — دېدى شوپۇر قائىمدە بويىچە ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ قاتتىق تۇرۇپ.

— ۋۇ ... ئاناڭنى ...

شۈن لۈيجاڭ شوپۇر-نى ئەللىغان پېتى يەرگە چۈشتى. ماشىنا ئۈستىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرمۇ سەكرەپ چۈشۈپ مۇۋاپىق ئورۇن تۇتۇپ قاراۋۇللۇققا تۇردى. يولنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىدە يولدىن 500 مېترچە يىراقلىقتا دۈغدىيىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ قىشلىق مەنزىرىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىر چېلەك سۇ بولسا بولاتتى، — دېدى شوپۇر، قىيىنچىلىقنىڭ ھەل بولۇش تەرىپىنى ئېيتىپ.

— ئاناڭنى ...، — شۈن فايۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى غەزەپتىن ئوتتەك ياناتتى، — سىز بار يەردە نېمىشقا جىق قاچىلاۋالمىدىڭ! يەتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ خومسا!

— يول ئەسكى، سۇ تولا قايناپ ...

— ئاغزىڭنى يۇم! ھېلى ئېتىپ تاشلايمەن! ...

شۈن فايۇ تاپانچىسىنىڭ دەستىسىگە قولىنى يېقىنلىتىپ يەنە توختاپ قالدى. قورقۇپ كەتكەن شوپۇر قاتۇرۇپ قويغاندەك قاتتىق تۇراتتى.

— نەدىن بولسىمۇ سۇ تاپ. تاپمىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن!— شۈن فايۇ لۈيجاڭ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ قاتتىق توۋلايتتى.

شوپۇر چېلەكنى ئېلىپ مەھەللىگە بارماقچى بولدى. لۈيجاڭ ئۇنىڭغا ئىككى ئەسكەر قوشۇپ: «چاپسان كېلىڭلار!» دېدى. ئۈچ كىشى مەھەللىگە قاراپ 50 مېتردەك ئۈزىغاندا، شۈن لۈيجاڭ بىردىنلا ۋارقىراپ:

— قايت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

لۇيجاڭ ئۇلارنى مەھەللىگە ئەۋەتىشنى لايىق كۆرمىگەنىدى. مەھەللىلەرنى خەتەرلىك ھېسابلايتتى. ئوغرى گۇمانخور دېگەندەك، ئۆزىنىڭ قىلغان - ئەتكەن ئىشلىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر سېزىدىغان شۇڭ فايۇ ھەممىلا يەردىن گۇمانلىناتتى ۋە قورقاتتى. ئەگەر مەھەللىدە قوزغىلاڭچىلار بولسا ياكى مەھەللىدىكىلەر بۇزۇلۇپ شوپۇر بىلەن ئىككى ئەسكەرنى تۇتۇۋالسا، ئۇچاغدا ماشىنا ھەيدەيدىغان ئادەم يوق. قانداق قىلغۇلۇق، دېگەندەك قورقۇنچلۇق خىياللارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋالغانىدى.

— ئارغامچا بارمۇ؟ — شۇڭ لۇيجاڭ قايتىپ كېلىۋاتقان شوپۇردىن سورىدى.

— بار، — شوپۇر يەنە بىر قېتىم قاتتىق تۇرۇپ قائىدىنى ئىجرا قىلدى.

— سۇنى قۇدۇقتىن تارتىڭلار! چاپسان!

بۇيرۇققا بىنائەن ئۈچ-تۆت ئەسكەر ماشىنا ئۈستىدىن كۆرەك ئېلىپ يول ياقىسىدىكى كارىز قۇدۇقىغا يەتتى - دە، ئۇنىڭ ياپمىسىنى ئېچىشقا كىرىشتى. ئۇلار قۇدۇققا توپا چۈشۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاۋايلاپ ئېھتىيات بىلەن ئىشلەيتتى.

شوپۇر بىر تال ئىنچىكە تاننى ئېلىپ چېلەكنىڭ بېشىغا پۇختا باغلاپ قۇدۇق بېشى تەرەپكە باردى. لۇيجاڭ يەنە بىر قېتىم:

— چاپسان، تېز بولۇڭلار! — دەپ ئالدىرىتىپ قويدى.

شوپۇر چېلەكنى قۇدۇققا سالدى. ئەتراپتىكى ئادەملەر دالدەك ئېگىلىشىپ قۇدۇق ئىچىگە قاراشماقتا. شوپۇر ئارغامچىنى بىرئىككى چايقىغاندەك قىلىپ، ئاندىن غۇلاچلاپ سېيرىپ يۇقىرىغا تارتتى. بىر ۋاقىتتا، چېلەكنى يوق قۇرۇق چىققان تانا ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

— ئاناڭنى ... خۇمسا، نېمىشقا چىڭ چەگمىدىڭ! ... — شۇڭ لۇيجاڭ غەزەپ بىلەن شوپۇرنى بەش- ئالتە تەستەك ئۇرۇپ دېك

تۇرغۇزۇۋەتتى. دەرھال تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ئىتتىۋېتىدىغاندەك شوپۇرنىڭ مەيدىسىگە تىردى. ئەمما ئوق چىقارمىدى. ئاندىن تاپانچا بىلەن نەچچىنى ئۇردى ۋە كۆتىگە بىرقانچىنى تەپتى ...

......

مەھەللە خەلقى ئۆگزىلەردە تۇرۇپ كېڭكا ئەتراپىدا بولغان ئىشلارنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ بولغانىدى.

— سۈيى تۆگەپ قالغان ئوخشايدۇ.

— چېلەك كۆتۈرۈپ مەھەللىگە كېلىدىغان بولدى.

— ئارقىغا ياندۇردى. قورققان ئوخشايدۇ.

— قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان بولدى.

— قانچىنچى قۇدۇق؟

— بىر، ئىككى، ئۈچ ... 17 - قۇدۇق ...

ئامۇر بوتۇڭنىڭ ئوغلى گايىت تىلما ئىچى بىلەن 17 - قۇدۇقنىڭ تەكتىگە ئاللىقاچان يېتىپ بولغانىدى. چېلەك چۈشكەن ھامان ئۇ، چېلەكنى يېشىۋېلىپ ئېلىۋالغانىدى.

گايىت چېلەكنى غەنىيمەت ئېلىپ ئۆگزىگە چىققاندا كىشىلەر بۇ چېلەكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈشتى.

— ئارغامچىنى بىر تارتقان بولسام بىر ئادىمى قۇدۇققا موللاق ئېتىپ چۈشەتتى، — دېدى گايىت خۇشال كەيپىياتتا.

— نېمىشقا تارتمىدىڭ؟

— كارىز سۈيى ھارام بولۇپ قالمىسۇن دەپچۇ!

ئۆگزىدىكىلەر ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.

— ئۇنداق قىلغان بولسا ئىش چوڭلاپ كېتەتتى، — دېدى بىرى ئەندىشە قىلغاندەك قىلىپ.

— نېمە قورقۇش. كەلسە جايلايتتۇق! — دېدى ياشلاردىن بىرى جۇشقۇنلۇق سۆزلەپ.

## 2

شۇن فايـۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ پىچان تەرەپكە قارايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلمەكچى بولغان بىر باتالىيون ئاتلىق ئاق رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ چاپساراق يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. بەلكى ئۇلار لەمجىن يولى بىلەن كېلىۋاتقاندۇر ... كۈن كەچ كىرمەكتە، فېۋرال ئېيى، كۈندۈز كۈننىڭ بەرىكىتى قاچىلىك بولاتتى! ... ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇماقتا.

دەل شۇ چاغدا تۇرپان تەرەپتىن بىر دانە ماشىنا چىقىپ كەلدى. ماشىنا ئۈستىدە بىر دانە بايراق لەپىلدەيتتى. بۇ بايراق ھۆكۈمەت ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ بايرىقى ئىدى. شۇن لۈيجاڭ نىجاتلىق تاپقاندەك خۇشال بولغانىدى. ماشىنا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىلەكلىرىگە قىزىل بەلگە تاقىغان 20 دەك ئادەم سەكرەپ چۈشكەندە، شۇن لۈيجاڭنىڭ خۇشاللىقى ئۆزگىرىپ قانداق قىلىشىنى ئويلاپ يەتكۈچە، زور گەۋدىلىك، قارا ساقاللىق بىر ئادەم يېقىنلاپ كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— بىزنى ما لۈيجاڭ ئەۋەتتى. لۈيجاڭنىڭ ماشىنىسى توختاپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئالدىڭىزغا ماشىنا چىقاردى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىش ئارىلىقىدا يېقىنلاشقان ئادەملەر بىرلا ھۇجۇم بىلەن شۇن فايۇ بىلەن بىرگە يەنە بىرنەچچە ئادەمنى قامالاپ تۇتۇۋالدى. يەنە بىرقانچىسىنى نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈردى. شۇن فايۇنى باغلاتقان ھېلىقى ساقاللىق ئادەم گۈركىرەپ:

— تۆمۈر جىسا ھاجى دېگەن مەن بولىمەن، تونۇپ قوي جاللات! — دېدى.

شۇ ئاخشىمى شۇن فايۇ قوماندانلىق شتابىغا تاپشۇرۇل-


AltunOq

دى. قوماندانلىق شتابى ئۇلارنى ھەمدۇللا ئەلەمنىڭ مەدرىسەسىدە بىر كېچە ساقلاپ، ئەتىسى شەھەر ئىچىدە سازايى قىلدى.

شۇ كۈنى شەھەر كوچىلىرى مىڭلىغان خەلق ئاممىسى بىلەن تولغانىدى. پىچانىدا 3000 ـ 4000 غا يېقىن بىگۇناھ خەلقنى قىرغىن قىلىپ ناھەق قان تۆككەن شۇن فايۇ بۈگۈن خەلق ئالدىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك تىترەپ تۇراتتى. خەلق توپى ئۇنىڭغا غەزەپ ۋە لەنەت ياغدۇراتتى:

— قىيما ـ قىيما قىلىۋېتىش كېرەك!

— 3000 ـ 4000 پۇقرانىڭ قېنىنى تۆككەن جاللاتقا ھەر قانداق جازا بەرسەكمۇ دەردىمىز چىقمايدۇ.

— لەنەت ساڭا! ...

خەلقنىڭ لەنەتلىك سۆزلىرى دەريادەك شاۋقۇنلايتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاددىي بولسىمۇ، يۈزدە يۈز پاكىت ئاساسى بار ھەققانىي سۆزلەر ئىدى. ھېچكىم قارشى سۆز قىلمايتتى. ئەگەر جىن شۇرېن ئاما ئىچىدە بولغاندا ئۇ ھەم قارشى سۆز قىلالمىغان بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قانچە مىڭ بىگۇناھ پۇقرانى قىرغىن قىلغانلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن زور جىنايەت ـ دە! ...

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## 1

3 ـ ئاينىڭ باشلىرى ئىدى. باش قوماندان مەخسۇت مۇ-
ھىتى، مەھمۇت سىجاڭ، ما سىجاڭ (ما شىمىڭ) باشچىلىقىدىكى تۇر-
پان قوزغىلاڭچىلىرى پىچان شەھىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن داغ-
دۇغىلىق يولغا چىقتى. 2000 غا يېقىن ئاتلىق قوشۇن ھەرقايىسى
تۈەن (پولىك)، يىڭ (باتالىيون)، لىيەن (روتا) لەر بويىچە ئىك-
كىدىن بولۇپ شېئىر (مارش) ئوقۇپ ماڭاتتى. بەزى قىسىملار:

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ئويلىساڭچۇ،
بىر ئۆيدە ئىككى باش قالمىسۇنچۇ!

مارشنى ھەيۋەتلىك ئوقۇپ ماڭسا، بەزى قىسىملار «ئاچىل»-
نى مارش ئورنىدا ئوقۇپ يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى.
جەڭگە ماڭغان ھەر بىر پىدائىيىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ،
غەيرىتى ئۈستۈن ئىدى. بىرەر ئادەمنىڭ چىرايىدا قايغۇلۇق كۆ-
رۈنمەيتتى. ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدا قورال، بېلىدە ئوق، بە-
زىبىرلىرى قىلىچ ئېسىۋالغان. ئومۇمەن باشتىن ـ ئاياغ قوراللان-
غان ئىدى. ھەممە ئادەم مىلتىقىنى ئوڭ يوتىسىغا قوندۇرۇپ
تىك تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ ئۇ-
زاتقۇچى ئامما بىلەن ئامانلىشىپ مەردانىلەرچە خەيرلىشەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىككى شەھەرنىڭ ئارىلىقىغىچە ئۇزۇ-
تىپ چىقىپ يولنىڭ ياقىسىدىكى بىر دۆڭلۈكتە ئۆز ئادەملىرى
بىلەن قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. پىدائىيلار بىلەن سالام-
لىشىپ كۆرۈشەتتى ۋە قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشاتتى.

بەشى قىسىملىرىنىڭ ئالدىدا بۆرە ياقىلىق جۇۋىغا ئورال-
غان ئابدۇسەمەدى يىڭجاك كېلەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىنچىكە پۇت-
لۇق ئارغىماق قېتىش كۆرەك ئات ئويناقشىپ شوخ ماڭاتتى. شا-
ئىر ئۇنى كۆرۈپلا:

— يول بولسۇن ئابدۇسەمەي ئاكا. نۇسرەت تىلەيمىز! —
دەپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوش ئېيتتى. ئۇ ھەم كۆتۈرەڭگۈ روھ
بىلەن ۋارقىراپ:

— ئىنىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، پىچانىنى ئالغۇچە كەلمەي-
مىز! — دەپ ئۆتۈپ كەتتى.

«دورۇستۇ! — دېدى شائىر ئۆز-ئۆزىگە ئىچىدە: «ھەر-
قانداق كالتەك ئىتنى ئۇرۇشقا يارايدۇ»، دېگەندەك، ئابدۇسە-
مەدەك ئادەملەرمۇ ئىشقا ياراپ قاپتۇ!»

تۇرپان قىسىملىرى ئۆتكەندە سالى قۇمۇللۇق سەپتىن ئايرىلىپ
چىقىپ شائىر بىلەن سالاملاشتى ۋە ئالدىراپ ئاماللاشقاندىن كېيىن:

— جىم ياتقىلى بولمىدى، 3-قېتىم يەنە ئاتقا
مىندىم! — دېدى ئۇ خۇشال كۈلۈپ، — ياشىنىپ قالدىم، بۇ
قېتىم چىقماسمەن دېسەم، مۇمكىن بولمىدى، پۈتۈن يۇرت تەۋرەپ
كەتكەندە جىم يېتىۋالغۇسى كەلمەيدىكەن كىشىنىڭ. مەھەللىدىكىلەر سالا
قىلىپ لىيەنجاڭ بولۇپ بەر دېدى، نېمە ئامالىم بار، ماقۇل دېدىم.

— تۇرپان قىسىملىرى ئىچىدە سالى لىيەنجاڭ دېگەن بىر
ئىسىم بار. سىز ئىكەنسىز-دە! — دېدى شائىر.

— مەنمۇ ئاڭلىدىم. سىزنى سىجاڭلار بىلەن بىللە بولۇۋات-
دۇ، دەپ ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ ئويلىدىم. چولام
تەگمىدى. 60 دىن جىق ئادىمىم بار. ئىش تولا، ۋاقىت چىقار-

غىلى بولمىدى.

ئاگغىچە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆتۈپ بولغانىدى. سالى ليەنجاڭ ئالدىراپ خەيرلەشتى - دە، ئېتىنى يورۇتۇپ سەپنىڭ ئالدىغا كەتتى .... شائىر ياشانغان بۇ ئادەمنىڭ غەيرىتىگە قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا ئۇزۇنغىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇزاتتى.

بۇ قوشۇن شۇ كېچىسى پىچان شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ ئەتىسى بامداتتىن ئىلگىرى شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. مەھمۇت سىجاڭ قىسىملىرى شەھەرنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىدىن ئۈرۈمچى - تۇرپان يولىنى كونترول قىلىپ ھۇجۇم قوزغىدى، ما شىمىڭ قىسىملىرى شەرقىي تەرەپتىن قومۇل يولىنى توسۇپ شەرقىي بازاردا شتاب قۇرۇپ ھۇجۇم قىلدى.

شەھەردە بىر بىرىگادا پىيادە ئەسكەر ۋە ئىككى باتالىيون ئاق رۇس ئەسكەرلىرى بار ئىدى. ئۇلار تۇيۇقسىز بولغان ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ تاقاپ، سېپىل تاملىرىنى دالدا قىلىپ قاتتىق مۇداپىئە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوت كۈچى ئۈستۈن ئىدى، مىلتىق ۋە پىلىموتلاردىن ياغمۇردەك ئوق ياغدۇرۇپ، ھەر قېتىملىق ھۇجۇمنى توساتتى.

قوزغىلاڭچىلار دەسلەپكى قىزغىنلىق بىلەن سېپىلغا بىرقانچە قېتىم ئۆزىنى ئۇرۇپ كۆردى. لېكىن ھەر قېتىملىق قىلىنغان ھۇجۇملار كۆپلىگەن قۇربانلارنى بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتى. ھەر بىر ھۇجۇمدىن كېيىن، ھەرقايسى پولك، باتالىيونلاردىن قۇربان بولغانلارنىڭ سانى قوماندانلىق شتابقا مەلۇم قىلىنىپ تۇراتتى.

2 - كۈنى قىلىنغان بىر ھۇجۇمدا مەھمۇت سىجاڭ قىسىملىرىدىنلا بېرىلگەن قۇربان 60 دىن ئاشقانىدى.

— بولمىدى، پىيادىلەرنى مۇنداق بىرۋەرگىلى بولمايدۇ!— دېدى نەبەت خەلپەت. ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا گەدەن - قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاچچىق ئەمما ئېغىر- بېسىقلىق

بىلەن داۋام قىلدى، — شەترەنج ① ئويۇندا، «پىيادە مات» دەي-
دىغان بىر ئويۇن بار. بۇ پىيادىنىڭ كۈچى بىلەن شاھنى مات
قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن سۆز. بىز ھازىر بۇ يەردە بىھۇدە زىيان
چېكىۋاتىمىز. دۈشمەننى كۆرەيلا تامغا سوزۇۋاتىمىز. ئەگەر ۋاق-
تىدا ئادەملىرىمىزنى توسۇۋالماي ھەدەپ قويۇپ بېرىدىغان بولساق،
يەنە نۇرغۇن زىيان تارتىۋېلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى مۇنازىرىسىز ماقۇل بولۇپ، قوماندانلىق
شتابىنى ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلتۈردى.
شۇنىڭدىن كېيىن، دەسلەپكى كۈنلەردىكىدەك چۇقان سېلىپ، ئات
چاپتۇرۇپ بېرىپ ئۇرۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماستىن، پەم
بىلەن سېپىلغا يېقىنلاپ بېرىپ سېپىل تۆشۈكلىرىگە ئوق ئېتىپ
زەربە بېرىش جېڭى ئېلىپ باردى. بۇ ئۇسۇلدا چىقىم ئانچە كۆپ
بولمىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ، دۈشمەن كۈچىنى
ئاجىزلاشتۇرۇشقا پايدىلىق ئىدى.

سېپىل تۆشۈكلىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىل سىرتى-
نى كۆزىتىدىغان ۋە تاشقىرىدىن بولغان ھۇجۇمغا قارشى ئوق ئاتى-
دىغان ئورنى بولۇپ، ئادەتتە نۇر ئۆتۈشۈپ ئاق كۆرۈنىدىغان،
ئادەم كەلگەندە قاراكۆرۈنىدىغان خىسلەتكە ئىگە ئىدى. قوزغىلاڭچىلار
سېپىلغا يېقىنلاپ ئۆزلىرىنى پۇختا ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن،
سېپىل تۆشۈكلىرىنى ماراپ ياتاتتى. ناۋادا قايسىبىر تۆشۈك
قارا بولۇپ كۆرۈنسە، دۈشمەن ئەسكىرى كەلدى دەپ پەرەز قى-
لىناتتى-دە، شۇ تۆشۈككە دەرھال ئوق ئېتىلاتتى. ئوق ئېتىلغان
ھامان تۆشۈكتىكى قارا يوقىلاتتى. بۇنداق ئەھۋال كۆرۈنسىلا
ئاتقان ئوقىمىز دۈشمەنگە تەگدى، ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشتى، دەپ
ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە ئاتقان ئوق راست تەگدىمۇ-تەگمىدىمۇ
بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

دۈشمەن تەرەپمۇ قۇۋ ئىدى. ئۇلار تۆشۈككە كېلىشتىن

---

① شەترەنج — شاھمات.

بۇرۇن، ماتىقنىڭ ئۇچىدا قولاقچىسىنى ياكى بىر پارچە قارا كېگىزنى ئېلىپ تۆشۈككە تۇتۇپ كۆرەتتى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قارا كۆرۈندى دەپلا كۆپلەپ ئوق ئاتاتتى. دۈشمەن بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق - دورىسىنى كۆپلەپ خورىتاتتى.

ئۇرۇش شۇ تەقلىدتە بىرقانچە كۈن داۋام قىلدى. ئۇرۇش ئەمەلىيىتىدە، تۈزلەڭلىكتىن چۇقان سېلىپ بۇ ئېگىز قەلئە سېپىللىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ دۈشمەننى بىتچىت قىلىۋېتىش تەسەۋۋۇرىگە سىغمىغاندەك، سېپىل تۆشۈكلىرىگە كەلگەن دۈشمەننى بىر - بىرلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈش يولى بىلەن مىڭلىغان دۈشمەننى يوقىتىپ بولۇشمۇ ئەقىلغە سىغمايتتى. شۇنىڭدەك سېپىلغا ۋە سېپىل ئۈستىدىن ئېتىلىۋاتقان يامغۇردەك ئوقلارغا قارشى كۆكرەك كېرىپ يۈگۈرۈشنىڭ ئۆزى قارىملىق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ، ئەڭ ياخشىسى تاكتىكا جەھەتتە باشقىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلاتتى.

كۆپچىلىك بۇ جەھەتتە باش قاتۇرۇپ چارە - تەدبىر تەقدىم قىلاتتى، مەسىلەن، شوتا ئارقىلىق سېپىلغا چىقىش، لەخمە كولاپ سېپىلنى پارتىلىتىش، دەرۋازىغا ئوت قويۇش، ئوقيا ياساپ ئوتلۇق ئوق ئېتىش، سالغا بىلەن تاش ئېتىش ... بۇلارنىڭ ھەممىسى چارە ئىدى ... لېكىن قايسى چارە قانچىلىك ئۈنۈم بېرىدۇ، ئۇنى ئەمەلىيەت بەلگىلەيتتى.

قوزغىلاڭچىلار كېچىلىرى ئوچۇق دالادا تۈنەيتتى، گۈلخان يېقىپ نۆۋەت بىلەن ئوت سۇنۇپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. مارت ئايلىرىدىكى ئۇزۇن ھەم سوغۇق تۈنلەرنى شۇنداق ئۆتكۈزمەي مۇمكىنمۇ! ... قىيىنچىلىق بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى.

ھەر كۈنى تاڭ قاراڭغۇسىدا ما شىمىڭ قىسىملىرى تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقا كانايلار چېلىپ ئۇرۇش قوزغايتتى. بۇ تەرەپتىنمۇ تەڭلا ھۇجۇم باشلىناتتى. سېپىل ئىچىدىكى دۈشمەنلەر

قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى پەرق ئەتمەي قارىسىغا ئوق ئېتىپ تاڭ قاراڭغۇسىنى ئوت ئۇچقۇنلىرى بىلەن يورۇتاتتى. پىلىموتلاردىن ئەجدىھادەك ئوت پۈركۈيتتى ... تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇرۇش ئاستا - ئاستا بېسىلىپ قالاتتى ... ئاش ئاقتى - چۈشكە يېقىن يەنە بىرمۇنچە كالتە جەڭلەر باشلىناتتى. بۇنىڭمۇ ئاخىرى چىقماي توختاپ قالاتتى.

شەھەرگە قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ 9-، 10 - كۈنلىرى كېچىدە تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلانغان قوزغىلاڭچىلار بىرقانچە ئورۇنغا شوتا قويۇپ تۈيدۇرماستىن سېپىلغا ياماشتى. لېكىن دۈشمەن تەرەپ سېزىپ قېلىپ قوزغىلاڭچىلارنى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراتتى. ئەتىسى كېچىدە قوزغىلاڭچىلار چۇقان - سۈرەن بىلەن ئاشكارا ھۇجۇم قوزغاپ شوتا قويۇپ سېپىلغا ئېسىلدى. دۈشمەن ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، شوتا قويۇلغان ئورۇنلارنى قويۇق ئوققا تۇتتى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار قۇربان بېرىشلەرگە قارىماي جاسارەت بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. جەڭ داۋام قىلماقتا. قوزغىلاڭچىلار پىچاننى ئىشغال قىلىش ئىرادىسىدىن قايتماي ئېغىر تەھدىت سېلىپ تۇرماقتا ئىدى.

شۇ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە، قەشقەردىن باشقا شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن، شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى ھېسابلانغان پىچان ناھىيىسى ئېغىر تەھلىكە ئاستىدا قالغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. بۇ ۋەزىيەتتىن ئالاقزادە بولغان جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شەرقىي يولنىڭ «غالىب سەركەردىسى» شېڭ شىسەينى قايتۇرۇپ كېلىپ پىچان، تۇرپان، توقسۇندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىدىكى قوزغىلاڭنى باستۇرۇپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاشقا بۇيرۇق بەردى.

بۇيرۇق تاپشۇرۇۋالغان شېڭ شىسەي قومۇلدا بىر قىسىم كۈچ قالدۇرۇپ 4500 كىشىلىكتىن ئارتۇقراق مۇنتىزىم كۈچنى ئېلىپ ئالدىراش يولغا چىقتى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇنىڭ ئۇرۇزە-

چى ئەتراپىغا قايتىپ كېلىش مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇ-ڭا ئۇ كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى پىچاننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاننىڭ 12 - كۈنى پىچان ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ قىسىملىرى كېلىپلا توپ - زەمبىرەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىلگە شەرقتىن ھۇجۇم باشلىدى. ئۇلار-نىڭ تۆمۈر كوككىلىرى سەپنى يېرىپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ شىددەت-لىك ئوت ئاچاتتى، ئاتلىق ئەسكەرلەر يىراقتىن ئوراپ كېلەتتى، پىيادە قىسىملار ئوتتۇرىدىن ۋە يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى، ئۇرۇش ناھايىتى شىددەتلىك بولدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ھەر-قايسى سەپلەردە قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىپ قاتتىق سو-قۇشلارنى قىلدى ...

«ما شىمىڭ قېچىپتۇ!»

بۇ بىر كۆڭۈلسىز سوغۇق خەۋەر ئىدى. خەۋەرچى كېلىپ دوكلات قىلغاندا مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار چۆ-چۈپ كەتتى

— قاچان قېچىپتۇ؟

— تاڭغا يېقىن.

— مەسلىھەتمۇ قىلماي، گەپ - سۆزمۇ قىلماي، نېمە قىل-غىنى ئۇ؟ — مەھمۇت مۇھىتىنىڭ شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

بۇ سوغۇق خەۋەر ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە قاتتىق تەسىر كۆر-سەتكەنىدى. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغان دۈشمەن تېخىمۇ كۆ-رەڭلەپ ئۇرۇشنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. شەھەر ئىچىدىكى دۈش-مەنلەرگىمۇ جان كىرىپ ھەتتا شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلدى. ئەھۋال بارغانسېرى ئېغىر-لاشقانىدى.

— بىزمۇ چېكىنەيلى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى، ساقال-

سىز ئېڭىكىنى چىمدىپ تۇرۇپ، — بەلكى ما شىمىڭ تاغ ئارقىسىدا① بىزنى ساقلاپ ياتىدىغاندۇر، بېرىپ مەسلىھەتلىشىپ بىر ئىش قىلمامدۇق!

— ئۇ ئەسقاتمايدۇ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ غەرىزى باشقا، — دېدى مەھمۇت مۇھىتى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— ئۇنىڭ ئەسقاتمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ كېپىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى، قېنى ئۇ نېمە دەيدىكىن!

— چېكىنسەك، چېكىنەيلى.

مەھمۇت سىجاڭ ئۆزىنىڭ خىللانغان 100 ئادىمى بىلەن ھەممىنىڭ كەينىدە چېكىنىپ لەمجىن، خاندۇلاردا قوغلاپ كەلگۈچى دۈشمەن قىسىملىرىنى توسۇپ ئىككى مەيدان قاتتىق جەڭ قىلىپ ئاستانىگە كەلگەندە، مەۋسۇل مۇھىتى ۋە مەخسۇت مۇھىتىلار ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىدا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى يانچۇقىدىن بىر پارچە خەت چىقىرىپ:

— ما شىمىڭ قاراشەھەرگە مېڭىپتۇ. مانا ئۇنىڭ ئەۋەتكەن خېتى، — دەپ سۇندى.

خەتتە: «مەن قاراشەھەرگە بارىمەن، ئۇ يەردە كۈچ توپلاپ باشقىدىن كېلىمەن. سىلەرمۇ بارساڭلار، بىرلىكتە ئىش كۆرسەك! » دېيىلگەن.

— مەن تېخى مۇشۇ ئەتراپتا بارمىكىن دەپتىمەن! — دېدى مەھمۇت مۇھىتى غەزەپ بىلەن چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— مەسلىھەتلىشەيلى. ئاۋۋال تاماق يەۋېلىڭلار. ئاخشاملىققا توپلىنىپ مەسلىھەت قىلايلى، — دېدى مەۋسۇلباي.

① تاغ ئارقىسى — يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبى — قاراغوجا، ئاستانە، لۈكچۈن قاتارلىق جايلارنى دېمەكچى.

شۇ ئاخشىمى باش قوماندان مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆيىدە جىددىي مەسلىھەت ئۆتكۈزۈلدى. مەسلىھەتكە ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇم، مەۋسۇل ھاجى، ئىمىن ھاجىلاردىن باشقا، مەھمۇت سىجاڭ، تۇرپان قىسىملىرىنىڭ تۇەنجاڭى ئابلا داموللا، ئاستانە قىسىملىرىنىڭ باشلىقى نىياز تۇەنجاڭ، قاراغوجىدىن پولات تۇەنجاڭ، لۇكچۈن قىسىملىرىدىن ئىبراھىم تۇەنجاڭ، يەمشى قىسىملىرىدىن ئابدۇسەمى يىڭجاڭ، سەمەت ھاجى، نەمەت خەلپەت قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقانىدى.

مۇزاكىرە ئۈستىدە ھەممەيلەن بىردەك ما شىڭنىڭ يېردىم كۈچىنى باشلاپ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن چېكىنگەنلىكىنى ئەيىبلىدى. لېكىن چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئاندىن نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئىككى قارارغا كېلىشكەنىدى.

بىرىنچى، مەخسۇت مۇھىتى پولات تۇەنجاڭنىڭ بىر پولك ئەسكىرى بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجىنى تەكلىپ قىلىپ تۇرپانغا باشلاپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى، مەھمۇت سىجاڭ ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ ۋاقىتلىق قاراشەھەرگە چېكىنىدۇ.

## 2

نەچچە كۈنلەردىن دەك - سارايلارغا، چوڭ قورا-جايلارغا، جامە، مەسچىت ھۇجرىلىرىغا سىغىشماي قالغان قوزغىلاڭچى قوشۇنلار، ئۇلارنىڭ ئاتلىق ھەيۋەتلىك مارش ئېيتىپ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشلىرى، ئۆشنىسىگە مىلتىق، يېنىغا قىلىچ ئاسقان پىيادىلەرنىڭ ئۇياقتىن - بۇ ياققا روھلۇق قەدەم تاشلاپ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشلىرى بۈگۈن كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار پىچان ئۇرۇشىغا كەتكەنىدى.



AltunOq

ئۇلار پىچانغا يېتىپ باردۇ. قانلىق جەڭلەرنى قىلدۇ. تۇرپاندا قىلغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭلەردە خەلق كۈچلىرىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ ئاجايىپ جەڭ نەتىجىلىرىگە ئىگە بولغان پىدائىيلار، پىچاندىمۇ ئۆز جاسارىتىنى كۆرسىتىپ شەھەرنى ئالدۇ، غالىبىيەت خەۋەرلىرىنى چاپسانلا ئەۋەتتىدۇ... دۇكانلىرىنى ئېچىپ سودا قىلىۋاتقان مەيدە تىجارەتچىلەر، سودا-سېتىق قىلىۋاتقان ئاھالىلەر بولسۇن، سەندەل بولقىلىرىنى جاراڭلىتىپ تاقا سوقۇۋاتقان تۆمۈرچىلەر بولسۇن، ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقى پىچان تەرەپتە، قەھرىمانلاردىن كېلىدىغان خۇشخەۋەرلەردە ئىدى.

شەھەر گارنىزون شتابىغا ئادەملەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. كەلگۈچىلەرنىڭ بەزىسى ئەھۋال ئىنكاس قىلاتتى. بەزىسى يوليورۇق سورايتتى. بەزىلىرى تەمىنات مەسىلىلىرى توغرىسىدا كېلەتتى. ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرمۇ بولاتتى. شتاب خىزمىتى بىلەن قالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كەلگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىپ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ھال ئېيتقۇچىلارغا رازى بولغۇدەك جاۋاب بېرەتتى، ھەل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى دەرھال ھەل قىلاتتى...

نۇرغۇن كىشىلەر روزى موللا ئۈستىدىن ئەرز-شىكايەت قىلىپ كېلەتتى. خەلقنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ يوق قىلىۋەتكەن، يەپ-ئىچىپ تۈگىتىۋاتقانلىقى جەھەتلەردە ئەرز قىلىپ، ئۇنىڭدىن تۆلىتىپ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى.

روزى موللا قېنى؟ ئۇ ئۆلگەنمۇ ياكى قېچىپ كەتكەنمۇ!؟ ئۇنىڭ دېرىكى چىقمايۋاتاتتى. شەھەرنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان تۆمۈر جىسا ھاجىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلالمىغانىدى. شائىر ئۇنىڭ ئۈستىدە ئەرز قىلىپ كەلگۈچىلەرگە: «بىز سۈرۈشتە قىلىۋاتىمىز، ئۇنى تېپىپ چوقۇم ھېساب ئالىمىز!»— دەپ جاۋاب بېرەتتى...

تۈلكە قويرۇقىدىن تۇتۇلغاندەك، روزى موللا ئەپيۇننىڭ

كاساپىتى بىلەن تۇتۇلدى.

توختىقارى بىر ئىش بىلەن ئۆگزىسىگە چىقىپ، قوشنا ھويلا تەرەپتىن بورقۇپ چىققان ئەپيۇن پۇرىقىنى سېزىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ قاتتىق گۇمانىنى قوزغىغانىدى. قوشنىسى ئەزەلدىن مۇنداق كەيپ قىلغان ئادەم ئەمەس، ئۇنداق بولسا ئەپيۇن پۇرىقى نەدىن پەيدا بولدى؟...

ئۇ، ئوغلى ۋاھىتجاننى ئىشقا سېلىپ شۇ كېچىسىدىلا روزى موللا ئەپيۇن چېكىپ ياتقان گەمە ئۆيىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئەتىسى بىر توپ جامائەت باشتۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى گەمە ئۆيىدىن سۆرەپ چىقتى. ئەپيۇن چىراغلىرىنى بويىنىغا ئاستى، كوچىغا تارتىپ چىقىپ ئۇر - ئۇر قىلىشقا باشلىدى.

قوزغىلاڭ كۈنلىرىدە ئەپيۇنكەشلەرگە، جازانىخورلارغا، گۆرۈكەشلەرگە رىئايە قىلىنمايتتى. ئۇنداقلارنى ئامما ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، سوراق كەلمەيتتى.

خەلق توپلىنىشقا باشلىدى. تەرەپ - تەرەپتىن: «ئۇرۇڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار!» — دەيدىغان غەزەپ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قېرى ياشلىق ئاياللارمۇ توپنى يېرىپ كىرىپ روزى موللىنى شاپىلاقلاپ ئۇراتتى، كىچىك باللارمۇ ئۇرۇپ - توپا چېچىپ تىللىشاتتى. روزى موللا خۇددى ئۇر - ئۇردا قالغان چاشقاندەك ئۇسال بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ قانچە قېتىملاپ تىزگۈلۈپ يېتىۋالدى، ھازىر ئۆلىدىغاندەك ھۆركىرەپ يىغلىدى. ئۇششۇقلۇق قىلغانسېرى، ئاممىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەيتتى.

تۆمۈر جىسا ھاجى ئۈچ-تۆت ئادىمى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئۇتىگە كېلىپ ئارىلاشتى. ئۇ ئاممىغا ۋارقىراپ ئۇنى ئاجرىتىپ شىتابقا ھەيدەپ ماڭدى، لېكىن ئامما ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا شىتابقا بېسىپ كەلگەنىدى:

— بۇنىڭ يۇرتقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ھەيدەپ چىقىپ ئېتىۋېتىش كېرەك!

— جىڭگوكچىنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇۋەتسە بولىدۇ.

ئامما ئىچىدىن ھەر خىل سادالار ياڭرايتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىتابتىن چىقىپ ھويلىدا دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان ئاممىغا سۆزلەشكە باشلىدى:

— بولىدۇ، بولىدۇ، سىزلەرنىڭ تەلىپىڭىزلارنى يەردە قويمايمىز!

كۆپچىلىك بىرئاز بېسىلدى. ئۇلار شائىرغا ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىگە ئىشىنەتتى. يەنە قانداق گەپلەر بولىدىغانلىقىنى ئاڭلايمىز دېگەندەك قىلىشىپ بارغانسېرى جىم بولۇشتى. شائىر سۆزىنى داۋام قىلدۇردى:

— بىزدە ھازىر قۇماندانلىق شىتاب بار. باش قوماندانىمىز، سىجاڭلىرىمىز بار. ئۇلار ھازىر پىچاندا جەڭ قىلماقتا. پىچاننى ئالغاندىن كېيىن، ھەممىسى قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا قۇماندانلىق شىتابى سىزلەرنىڭ ھەممە ئىشىڭىزلارنى، تەلەپلىرىڭىزلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئىنقىلاب قىلىشنىڭ مەقسىتى خەلقنىڭ تىلەكلىرىنى ھەل قىلىش، خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر چېلىقلارنى يېنىكلىتىشتىن ئىبارەت. پۈتۈن ئىشلار ئوڭشىلىدۇ. روزى موللىنى بىز تاپشۇرۇۋالايلۇق. بۇنىڭدىن سوراپ بىلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار بار. شۇ ئىشلار ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئاندىن سىزلەرگە جاۋاب بېرەيلۇق، ھازىر قايتىپ تۇرىڭىزلار!

ئامما بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

روزى موللا قاتتىق قورققانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قان قاچقان، خەلقنىڭ مۇشت - شاپىلاقلىرى تەگكەن بەزى يەرلىرى كۆكەرگەن، ئىششىغانىدى. ئۇ ھازىر گۆردىن ئىچىۋالغان مۇردىدەك كۆرۈنەتتى.

— قورقما! — دېدى شائىر ئۇنى تارتىپ ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن. ئۇ ھازىر «ساۋاقداشلىق» ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەيتتى، — بىزنىڭ ئادەملىرىمىز سېنى خەلقنىڭ غەزىپى ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇنى بىلىشىڭ كېرەك. ئەگەر خەلقنىڭ

قولىدا قالغان بولساڭ ئىش باشقىچە بولغان بولاتتى. بۇنى خەلققە زۇلۇم سالغانلىقىڭ ئاقىۋىتى، خەلقتىن ئاجراپ قالغانلىقنىڭ ئالامىتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشىڭ كېرەك!

روزى موللا تېخىچە ئىسىگە كەلمىگەنىدى. بىرەر سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ ئۇزۇن تىن تارتتى - دە، قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى نەمدىگەندەك قىلىپ:

— ئازراق سۇ ئىچىۋالغان بولسام،— دېدى ئارانچە سۆزلەپ.

— چاي بار،— دېدى شائىر ئىشارەت قىلىپ.

پىدائىيلاردىن بىرى ئۇيانقى ئۆيدىن بىر پىيالە چاي كۆتۈرۈپ چىقتى. روزى موللا چاينى بىر - ئىككى ئۇتلام ئىچكەندىن كېيىن شائىرغا قاراپ:

— جېنىم ئابدۇخالىق، بىر بولسەڭ سەندىن، ئىككى بولسەڭ سەندىن، سېنىڭ بىلەن ساۋاقداش ئەمەسمۇ! — دېدى - دە، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ شائىرنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۇنداق قىلما، سەت بولىدۇ،— شائىر دەرھال ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ پۇتىنى ئاجرىتىۋالغاندىن كېيىن سۆزلىدى،— ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا، ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ سۆزلە. ئۇيات بولىدۇ.

— مەن سۆزلىسەم، نېمە دەيمەن قېنى! — دېدى ئۇ باش ئايىغى يوق، يۇمىلاق - تولۇمىلاق قىلىپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىر تەرەپتىن خەلق ئالدىدا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمىگەنلىكى كۆرۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن بولار ئىش بولدى، ئۆزۈمنى ئاقلىيالىغۇدەك گەپ - سۆزۈم يوق دېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شائىر بۇ ئەھۋالنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاقلىغۇدەك ھېچقانداق سۆزى يوقلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ نەسىھەت قىلدى:

— سەن ئەمدى ئۆزۈڭنى تۈزىتىپ خەلق مەيدانىغا كېلىپ

تووۋا قىلىشىڭ كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەلق سېنى، ئەپۇ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوبدان ئويلانغىن. ھازىرچە مېنىڭ يېنىمدا تۇر. بىز نېمە يېسەك سەنمۇ شۇ، ياخشى ئويلىنىپ خەلق مەيدانىغا ئۆتۈشۈڭ كېرەك. «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ» دېگەندەك، ئۆتەر-كېچەر، كېلىپ-كېتىۋاتقان يىلتىزى يوق بىر نېمىلەر ساڭا ئەسقاتمايدۇ. تۇرپان قالىدۇ. خەلق قالىدۇ، ساڭا بەربىر خەلق ئەسقاتىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تونۇشۇڭ كېرەك.

## 3

ما شىمىڭنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغان شېڭ شىسەي ئۇنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپىغا بېرىپ ئۈرۈمچى نەنسەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ئۈرۈمچىگە تەھدىت سېلىۋاتقان ما چۈەنلۇ، مادېشياڭلار بىلەن بىرلىشىۋېلىشىغا يول قويماسلىق، ئىمكان قەدەر ئۇنى جەنۇب تەرەپكە كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، ئۆز قىسىملىرىغا جىددىي ئىلگىرىلەش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ھەرقايسى يوللاردا جىددىي ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مەيلى چوڭ يول بىلەن، مەيلى كىچىك يول بىلەن ماڭغانلار بولسۇن تۇرپانغا قاراپ سۇدەك ئاقاتتى. شېڭ شىسەينىڭ ئاتلىق قىسىملىرى، ئەنسىكوۋ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ئاق رۇس ئەسكەرلىرى، بەيسىنويان تۈەنجاڭلىقىدىكى 400 كىشىلىك ئاتلىق موڭغۇل ئەسكەرلىرى، خۇاڭخۇزا دەپ ئاتالغان ئاتلىق ئەسكەرلەر يوللارغا سىغىشماي كېلەتتى. بۇ ئەسكەرنىڭ كۆپلۈكىدە بىرنەچچە كۈنگىچە يولنىڭ يۈزى ئېچىلماي قالدى دېسىمۇ بولاتتى.

قوزغىلاڭچىلار ئاستانىدىن كېچىلەپ يۈرۈپ دىغايغا كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى چاتقال، پاقابۇلاق تەرەپلەرگە يەتكەنىدى. مۇنداق ئەھۋالدا دۈشمەن قىسىملىرى چوڭ يولدا


AltunOq

تۇسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ تۇرپان ئىككى شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

شەھەرنىڭ كۆپ ئادەملىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلارىيىراق يېزىلارغا قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، مەيدە تىجارەتچىلەر ۋە قېرى - چۈرىلەر شەھەردە قالغانىدى.

شەھەر جانلاندى، تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى ئىشقا چۈشكەنىدى. ئۇلار ئالدىراش تاقا سوقاتتى ۋە دۈشمەن ئاتلىرىنى تاقىلايتتى. بىرقانچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، قارا قاغىلاردەك ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇلارغا يەم - خەشەك، بېدە - سامان توشۇغۇچى ھارۋىلار، ئېشەكلەر توپ - توپ بولۇپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. مەيدىسىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغان شاڭيو - جىسالارنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كوچىدا روزى موللا پەيدا بولدى. ئۇ ھەم مەيدىسىگە قىزىل لاتا ئېسىۋالغانىدى. بۇ، دۈشمەن شتابى تەرىپىدىن خەۋپسىز دەپ قارالغان كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىلگەن بەلگە ئىدى.

روزى موللا ××× پولك شتابى ئورۇنلاشقان ساراي ئالدىغا بېرىپ پوستتىكىلەرگە بەلگىسىنى كۆرسىتىپ شتابقا كىرمەكچى بولدى:

— قايدا بارىسەن؟ — دېدى ئەسكەرلەردىن بىرى ئۇنى توسۇپ، ئۇ ئەسكەر رۇس سالداتى ئىدى.

— پولكوۋنىك بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى ئۇ، جىددىي بىر ئىشقا كەلگەندەك ئۆندەرەپ.

— قانداق جومۇس① بار؟

— سۆز بار.

— قانداي سۆز، ياخشى سۆز ئايتاسەن، يامان سۆز ئايتاسەن؟

— ياخشى سۆز بار.

— قانداي جاقسى سۆز؟

---

① جومۇس — ئىش مەنىسىدە.

روزى موللا دەرھال جاۋاب بىرەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. گويا ئۇ، بىر مۇھىم سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقان قىياپەتتە ئوڭايسىزلانغانىدى.

دەل شۇ چاغدا شىتاب ئىچىدىن تونۇيدىغان بىر كىشى چىقىپ قالدى-دە، ئۇنى باشلاپ ئەكىرىپ كەتتى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## 1

— بۇ قانداق قىلغىنى، تۇرپاننى تاشلاپ، خەلقنى بالايى-ئاپەتكە تۇتۇپ بېرىپ نەگە بارغۇددەك!؟

ئاخشام كەلگەن ماشىنىنىڭ بۈگۈن ئەتىگەنلىكتە توقسۇن تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇ غەزىپىگە پايلىماي سۆزلەيتتى:

— شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن ۋاقىتتا 30 ـ 40 ئاتلىق ئادەم بىلەن چىقىپ، ئۆزىنى خوجىنىياز ھاجى ئەۋەتتى دەپ كۆرسىتىپ پىچانغا ھۇجۇم قوزغاپ قويۇپ، كۈچ ئىلىشالماي قېچىپ دىغايغا بېرىۋالدى. ئۇنىڭ بالاسىغا قالغان پىچان خەلقى قىرىلدى. ناھەقتىن ـ ناھەق 3000 ـ 4000 ئادەم ئۆلۈپ تۈگىدى. بۇنىڭ ئۇۋالچىلىقى كىمگە؟ مانا ئەمدى قاراشەھەرگە قاچىدۇ، بۇ نېمە قىلغىنى؟ ئوغرىدەك كېلىپ ئوغرىدەك قېچىپ يۈرسە بولامدىكەن! تۇرپاندىمۇ نەچچە مىڭ ئادەمنى قىرىپ تاشلىسا، بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟ — ئۇ ئاچچىقىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا تىترەپ كەتكەنىدى.

كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئېغىر ـ بېسىق، سالماقلىق كەلگەن

شائىرنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاچچىقى كەلگەن ۋاقتىنى تولا كىشىلەر ئۇچراتمىغانىدى. ھەتتا ۋالىدەسى نىياز خېنىممۇ كۆرمىگەنىدى. بۈگۈن ئۇ بۇ ئاچچىقى بىلەن ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇرغان، ھەممە ئادەمگە ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان دەھشەتلىك كۈنلەرنى چۈشەندۈرگەنىدى.

— بولمايدۇ، توسۇش كېرەك. ھازىرلا توقسۇنغا ئادەم ماڭسۇن. ماشىنىڭنى قايتۇرۇپ كەلسۇن!

خەت يېزىپ توقسۇنغا ئادەم ماڭدۇرۇش ئارىلىقىدا، مەخسۇت دۈھتىنىڭ قۇمۇلغا كەتكەنلىكى، مەھمۇت سىجاڭنىڭ چېكىنگەن قىسىملىرىنىڭ پاقابۇلاق، چاتقال، دىغاي قاتارلىق چەت رايونلاردا چېچىلىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ئاڭلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن، شېڭ زىخۇينىڭ ئاتلىق قوشۇنلىرى كەلكۈندەك بېسىپ كېلىۋاتقان خەۋەرلەرمۇ كېلەتتى. بۇ ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە كۆرۈلگەن جىددىي ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنى گاڭگىرىتىۋېتەتتى.

شائىر ئەھۋالنى ئوڭشاشقا غەيرەت قىلدى. توقسۇنغا خەت يېزىپ ئادەم ماڭدۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە مەھمۇت سىجاڭغىمۇ خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتكەنىدى.

ئات شۇ زاماننىڭ ئەڭ تېز ماڭىدىغان قاتناش ۋاسىتىسى ئىدى. ئادەملەر خەۋەرلىشىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئاتلىق چاپاتتى. تۇرپاندىن توقسۇنغا بېرىپ كېلىش، تۇرپاندىن دىغاي كەنتىگە بېرىپ بىر خەۋەر يەتكۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىق ماڭغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بىر كۈن، يېرىم كۈن ۋاقىت كېتەتتى. چاقماق تېزلىكىدە بولۇۋاتقان ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىدە بىر كۈن، يېرىم كۈن ئىچىدە يەنە باشقىچە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كۆڭۈلدىكى پىلاننى بۇزۇپ تاشلىۋېتەتتى.

— مانا، توقسۇنغا كەتكەن ئادەمدىن خەۋەر يوق، دىغايغا كەتكەن ئادەممۇ جىم بولۇپ كەتتى.، قانداق قىلىش كېرەك!

شائىر تىت - تىت بولۇپ ئۆيدىن تالاغا چىقاتتى، يەنە ئۆيگە قايتىپ كىرەتتى، ئۇنىڭ بېشى كەسكىن زىددىيەتلەر ئىچىدە تاشتەك قاتقانىدى. قانداق قىلىش كېرەك. تۇرپاننى تاشلاپ نەگە باردۇ! . . . پۇقرا قانداق قىلىدۇ! . . . نېمە ئۈچۈن چېكىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يول - يولدا توسۇپ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش كېرەكقۇ! شاپتۇلۇقتا، يارغولداغەلىبىلىك سوقۇشلارنى قىلغانىدۇققۇ! مانا ئەمدى قانداق بولدى. ماشىمىڭنىڭ كاساپىتىدىن كۈچ چېچىلىپ كەتتى. بۇ ئىش ياخشى بولمىدى! . . .

ئەتىياز ۋاقىتلىرى، كەچقۇرۇن تەرەپلەردە ئۇشتۇمتۇت بوران گۈرۈلدەيدۇ. ئادەملەر بوران چىقتىمىكىن دەپ چۆچۈشىدۇ. ئۇياق - بۇياققا قاراپ ئاخىر قانداقتۇر بىر تەرەپلەردىن كېلىپ كەچ قالغان قاغىلارنىڭ ئاسمان بوشلۇقىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. قاغىلار ئوقيا ئوقىدەك ۋىشىلداپ شۇڭغۇپ تېرەكلىك باغلارغا، سۆگەتلىك ئورمانلارغا قونىدۇ. بۇ قاغىلارنىڭ چۈشكۈن قىلغانلىقى ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ يىل تۇرپان باغلىرىغا قاغا كەلگىنى يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا شىڭ زىخۇينىڭ جاللات قوشۇنلىرى قاغا سۈرئىتىدىنمۇ تېز كېلىپ قونغانىدى. ئەسكەرنىڭ كۆپلۈكىدە تۇرپان ئىككى شەھەرنىڭ ھېچ يېرى ئاق قالمىدى.

شائىر شەھەرگە يېقىنلا بىر ئۆيدە خەت - چەكلەرنى، قول يازمىلارنى يىغىشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋاتاتتى.

— جېنىم بالام، مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى نىياز خېنىم ئوغلىنىڭ خىرامان تۇرغىنىغا ئىچى پۇشۇپ.

— نېمىشقا؟ — شائىر ئانىسىنىڭ ئەنسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ خەق قارا قاغىدەك كېلىۋەردى. شۇڭغا قاراپ دەيمىنا!

— ھېچ ۋەقەسى يوق! — دېدى شائىر تەمكىنلىك بىلەن.


Altunoq

— قىنى شۇنداق بولسىغۇ! — نىياز خېنىم بىر ئاز توختاپ ئوغلىغا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — مەن يەنىلا ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاتىلىرى بولسىغۇ بۇنچىلىك قىلماستىم ①.

— ئاتام يوق بولسىمۇ غەم قىلمىسىلا!

ئانا بېسىلىپ جىم بولۇپ قالدى. شائىر ھۆججەتلەرنى، قول يازمىلارنى خالتىلارغا قاچىلايتتى. كىتابلارنى رەتلەپ باغلاشقا تەييارلايتتى. نىيار خېنىم كۆزىگە ياش ئالدى.

— جېنىم بالام، مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بىر تەرەپكە كەتكەن بولسىلا ياخشى بولامدىكىن دەيمەن! — دېدى ئۇ.

— مېنىڭ ھېچ يەرگە كەتكۈم يوق! — دېدى ئۇ قەتئىي ئاھاڭدا. كېيىن ئانىسىنىڭ كۆزلىرىدە پارلىداپ تۇرغان ياشنى كۆرگەن شائىر چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى - دە، ئۆزىنىڭ ھېچ يەرگە كەتمەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنىڭ ئۆزلىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇم يوق، ئاتىلىرىمىز، ئانىلىرىمىزنى ئوت ئىچىدە قالدۇرۇپ قېچىپ قەيەرگە باراتتۇق؟ بۇ نۆۋەتما شىمڭنىڭ قاچقانلىقى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزنىڭكىلەرنىڭ چېكىنگەنلىكى پۈتۈنلەي خاتا. ئۆزىمىزنىڭ شەھىرىمىزنى، ئاتا - ئانىلىرىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم ئىدى.

نىياز خېنىم شائىر ئوغلىنىڭ بۇ ئاجايىپ سۆزلىرىگە قايىل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئاڭلاۋاتاتتى. شائىر يەنە داۋام قىلدى:

— دۈشمەن تۇرپاندىمۇ، پىچاندىكىگە ئوخشاش قىرغىنچىلىق يۈرگۈزسە، بۇنىڭ ئۇۋالى كىمگە؟ بىر خىيالىمدا شېڭ زىخۇيىنىڭ ئالدىغا كىرمەكچى بولۇۋاتىمەن!

— ئا - ئاتتام! — چۆچۈپ كەتكەن نىياز خېنىم گويا

① شائىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇراخمان مەخسۇم شۇ چاغدا قۇمۇلدا ئىدى.

يۈرىكى يېرىلىپ كەتكەندەك سەسكىنىپ كەتتى، — نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟

— كىرسەم نېمە بولغۇدەك! شىڭ زىخۇيمۇ ئادەمدۇر؟ ئاز-تولا بولسىمۇ يول بىلىدىغاندۇر! ...

— يول بىلسىغۇ قېنى! — ئانا بىرئاز تۇختىۋالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى، — ئاتىلىرى ھەمىشەم: «ئۇيناشنىڭ ئەرباب بىلەن، جايلاپ سالۇر ھەر باب بىلەن» دېگەن سۆزنى تولا قىلاتتى. ئىچىم پۇشۇپ نېمە دېگەنلىرى بۇ، دېسەم، ھەربىي ئەمەلدار-لارغا يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزى يوق دەپ جاۋاب بېرەتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزلىرى ئالدىغا كىرمەن دېگەن شىڭ زىخۇيىنىڭمۇ يۈزىدە تۈكى بار بىرنېمە بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قاراپ تۇرۇپ بۆرىنىڭ ئالدىغا بارغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالامسىمۇ!

— ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ گۇناھسىز خەلقنى قىرغىن قىلمىغىن، يۇقىرىلاردا گۇناھ يوق دېگەن سۆزنى قىلسام، ئۇ چاغدا مەن قانچىلىك ئالىيجاناب ئادەم بولىمەن، ئەگەر ئۇ مېنىڭ بۇ سۆزۈمنى ئاڭلىماي ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىنى قىلىۋەرسە، ئۇ چاغدا ئۇ قانچىلىك پەسكويىغا چۈشكەن بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى شۇنچىلىك خۇلاسىلەنسە كۇپايە ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا ئۆي ئەتراپىنى دۈشمەن ئوراپ بولغانىدى. ئوندەك ئەسكەر ھويلىغا بېسىپ كىرىپ توپتوغرا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بار ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن نىياز خېنىم ھوشىدىن كەتكەندەك قېتىپلا قالدى. شائىر ھويلىغا چىقىپ:

— كېلىڭلار، كىمنى ئىزدەۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روزى موللا بار ئىدى. ئۇ ئالدىغا چىقىپ، خۇددى ياز كۈنلىرى گەمىدە ئۇخلاپ چىققان ئادەم بىر مەزگىل كۈن نۇرىغا قارىيالمىغاندەك، ئابدۇخالىققا تىك بېقىپ

قارىيالماي، خۇدۇكسىرىگەن ھالدا دۇدۇقلاپ:

— سېنى تۈەنجاڭ قىچقىرىپ كېلىڭلار دەپتىكەن، ماڭا يول باشلاتقۇزۇپ كەلدى! — دېدى.

— ئۆزۈڭ باشلاپ كەلمىگەنلا بولساڭ بولدىغۇ! — دېدى شائىر ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇۋاتقۇدەك دەرىجىدە ئاچچىق قاراپ.

— ياق، ياق، مەن ئۇنداق قىلمەنمۇ! — تاتىرىپ كەتكەن روزى موللا شائىردىن كۆزىنى يوشۇراتتى.

— كۆزۈڭنى يوشۇرما! — مەندىن يوشۇرغان بىلەن ئۆزۈڭنىڭ ۋىجدانىڭدىن قانداق يوشۇرۇپ كېتەلەيسەن؟ ۋىجدان ئالدىدا ساڭا ئوخشاش بىر قېتىم خۇدۇكسىرەپ ئازاب چەككەندىن، ئۆلۈمنىڭ شەربىتىنى ئىچكەن ئەلا! بۇنى بىلىپ قوي! — دېدى شائىر غەزەپ بىلەن.

روزى موللا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا نە خاپا بولۇشنى ياكى ئىلگىرى كۆرۈشكەن ۋاقىتلاردىكىدەك ھىجىيىپ كۈلۈشنى بىلمەي ئوڭايسىزلانغانىدى.

30 دەك ئەسكەر شائىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەيدەپ چىقىپ كەتتى.

## 2

1933 - يىلىنىڭ مارت ئېيى، ھاۋانىڭ ئوزايىي تولىمۇ كۆڭۈلسىز ئىدى. بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئاسماننى قىزغۇچ تۇمان قاپلىغان، گويا قان ئارىلاشقان قىزىل توپا ياغىدىغاندەك باشقىچە كۆرۈنەتتى.

شەھەرنى نېمە ئۈچۈندۇر ۋەھىمە قاپلىغان، كىشىلەرنىڭ باش-كۆزلىرى سېلىنغان، ئۇلار قانداقتۇر بىر ۋەھشەتتىن ئەندىشە قىلىۋاتقاندەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئاندا - ساندا مەشئۇم قاغىلارنىڭ قاق... قاق... قىلغان مۇدھىش ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قا-

لاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇ خىل سۆرلۈك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق كىشى يۈرىكى ئاغرىپ ئىختىيارسىز ھالدا بەدەنلىرىگە تىترەك ئولاشقاندەك بولاتتى.

شەھەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تۇتۇپ كېتىپتۇدەك، تۆمۈرجىسا ھاجىنى تۇتۇپتۇدەك... دېگەندەك سۆزلەر كەڭ تارقالغانىدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭمۇ يۈرەكلىرى گويا يېرىلىپ كەتكەندەك جۇغۇلداپ ئاغرىيتتى ۋە بويىغا تىترەك ئولىشاتتى. ھەممىلا جەھەتتىن ۋەھشەت قاپلىغان بۇ شەھەر گويا ھېلىتىنلا مازارىستان سۈرىگە كىرىپ قالغانىدى.

ئۇياقتىن - بۇياقتا مېڭىپ يۈرگەن چېرىكلەر ۋە ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تەرى بۇزۇق، ئوزايىي يامان كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق بەتبەشىرە كۆرۈنۈشى، پۈتۈن شەھەرنى مازارىستان سۈرىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنىڭ مەنبەسى ئىدى. ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ خۇي قىلىشىدىن، قاراملىق قىلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

بىر كۈنى پېچان تەرەپتىن بىر دانە تۆمۈر كوڭكا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرمۇ كەلگەنىدى. شۇ كۈنىسىلا، شىڭ زىخۇي تۆمۈر كوڭكىغا ئولتۇرۇپ تۇرپانغا كېتىپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنى يامان جاللات، كۆڭلى قارا قانخور دەيدۇ، دېگەن سۆزلەرمۇ كەڭ تارقالغانىدى. بۇنىڭدا ئۇلدىنىپلا خەلق ئىچىدە قولغا ئالغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈدەك دەيدۇ، دەيدىغان مىش - مىش گەپ پەيدا بولدى. بۇ ھەممىسىلا دەھشەتلىك خەۋەرلەر بولۇپ شەھەرنى تىترىتەتتى.

خەلق ئىچىدە پەيدا بولغان بۇ سۆزلەر ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. تۆمۈر كوڭكىدا شىڭ شىسەي كەلگەنلىكى راست ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان بولغاچقا، ئۆزى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا شەھەرگە كىردى. ئۇ پىچاندىمۇ شۇنداق قىلغانىدى.

شىڭ شىسەي ماشىنىدىن چۈشۈپلا بوراندەك تېز مېڭىپ قى-

ھاندانلىق شىتابقا كىرىپ دوكلات ئاڭلىدى. دوكلات جەريانىدا «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ ئاپتورى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ قولغا چۈشتى دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان شېڭ شىسەي چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە شۇئان: «مەن ئۇنى كۆرەي!» — دېدى.

«ئاچىل» ناخشىسىنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرى، خەلق قوزغىلىڭىدا ئوينىغان رولى توغرىسىدا كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلىغان شېڭ شىسەي خېلى بۇرۇنلا ئاپتورنى كۆرۈش نىيىتىدە بولغانىدى.

ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەردە قوزغاتقۇچى كۈچ خاراكتېرىگە ئىگە نادىر ناخشا شېئىرلار ۋە مارشلارنىڭ ئادەتتە كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى شېڭ شىسەي بىلمەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. پارىژ كوممۇنىسى ۋە ئىنتېرناتسىئونال شېئىرىنىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى چۈشەنمەيدىغان شېڭ شىسەي، شىنجاڭدىكى قوزغىلاڭدا «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ رولىنى كەم ھېسابلىمايتتى. ئاپتورنى كۆرۈپ، ئىككى ئېغىز سۆزلەشكۈسى كەلگەن شېڭ شىسەي شتابىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى ئانچە ئېگىز بولمىغان سۇپىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ماۋزۇر تۇتقان ئونلىغان مۇھاپىزەتچىلەر ماۋزۇرنىڭ ئاغزىنى ئالدى تەرەپتىكى كىچىككىنە مەيدانغا قارىتىپ ھازىر ئوق چىقىرىدىغاندەك تۇراتتى، ئىككى تەرەپكە ئىككى دانە تەخسىلىك پىلىموتنىمۇ قۇرۇپ قويغانىدى.

قاماقخانا تەرەپتىن سەككىز نەپەر چېرىك ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەيدەپ كېلەتتى. شائىرنىڭ قولى ئارقىغا قىيىشتۇرۇپ چىڭ باغلانغان، پۇتىغا ئېغىر كىشەن سېلىنغانىدى. ئۇ قامەتلىك بەستى بىلەن كۆكرىكىنى كېرىپ مەردانە كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. شېڭ شىسەي ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، نەۋقىران ياش قىياپىتى ۋە جاسارەتلىك تۇرقىغا يىراقتىنلا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نېمە ئىزلەۋاتقاندەك چىڭ سەپسالغانىدى. ئەپسۇسكى شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن سۇغىرىلغان

قورقماس، ئىگىلمەس پولاتتەك ئىرادە ۋە قەھرىمانلىق ئالامەتلەر كۆرۈنگەندىن باشقا، ھېچقانداق نۇقسان كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھەممە جەھەتتىن ئۇلۇغۋار كۆرۈنەتتى. مۇنداق ئۇلۇغۋار قامەت ئالدىدا ئۆزىنى زەئىپ ھەم تۆۋەن ھېس قىلغان شېڭ شىسەي، ئۆز ئاجىزلىقىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن چىرايىغا غەزەپ تۈسى بېرىپ:

— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سوئال قويدى.

— ئېتىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، — دېدى ئۇ مەردانە جاۋاب بېرىپ.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— 32 گە.

— «ئاچىل» ناخشىسىنى سەن يازغانمۇ؟

— ھەئە، مەن يازغان.

— بۇ ناخشاڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدى شېڭ شىسەي خۇپسەنلىك قىلىپ.

— باھار بولۇشنى، گۈللەرنىڭ ئېچىلىپ تىرىلىشىنى ئىزدىمەكچىمەن! — شائىر بۇ سۆزلەرنى خەنزۇ تىلىدا راۋان سۆزلەپ جاۋاب بېرەتتى.

— كۈلكىلىك گەپتۇ! — دېدى شېڭ مەسخىرە ئارىلاش خىرىلداپ، ئاندىن كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قەستەن ئۇياق - بۇياققا قارىدى، — مارت ئايلىرىدا گۈل ئېچىلامدىكەن!

— ئاپرېل - ماي ئايلىرىدا نېمىشقا گۈل ئېچىلمىسۇن! — دېدى شائىر مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ،

— خام خىيال، چۈش كۆرگەنلىك! — دېدى شېڭ ئاچچىق ۋارقىراپ. ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن شائىرنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى بېسىپ تاشلىۋەتمەكچى بولاتتى. ئاندىن ئۇياق - بۇياققا بىر - ئىككى مېڭىۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا توختاپ، — ئۇنداق قۇرۇق ئىسنەكاسلىرىڭنى تاشلاپ، گۇناھىڭنى تونۇپ ئەپۇ

سىراشنى ئويلىشىڭ كېرەك! — دېدى.

— مەن ئويلاپ بولدۇم، — دېدى شائىر كەسكىن جاۋاب بېرىپ، شۇ ئارىلىقتا قۇرۇپ كەتكەن تامىقىنى نەمدەۋالماقچى بولۇۋېدى، شېڭ شىسەي سۆز ئارىلاپ:

— ياخشى، — دەپ قويدى.

— مەن شۇنى ئويلاپ بولدۇمكى، — دېدى شائىر تەمكىن سۆزلەپ، — بىگۇناھ خەلق ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلسام، بۇ تەلەپكە شېڭ زىخۇي كاپالەتلىك قىلسا، بۇ مېنىڭ بىردىنبىر تىلىكىم.

— بۇ مېنىڭ ئىشىم — دېدى شېڭ شىسەي بويۇن تولغاپ، ئاندىن يەنە شائىرغا قاراپ، — سېنىڭ باشقا سۆزۈڭ يوقمۇ؟ — دېدى.

— سۆزۈم بار، — دېدى شائىر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — خەلقنىڭ باھار بولۇشىنى ئىزدىگەنلىكى ھەرگىزمۇ خام خىيال ياكى چۈش كۆرگەنلىك ئەمەس، خەلقنىڭ ئىستىكى بەربىر ئەمەلگە ئاشىدۇ. ياۋۇزلارنىڭ جاللاتلىق تەبىئىتىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ دەپ قاراش، ئۇلاردىن شەپقەت كۈتۈش، مېنىڭچە چۈش كۆرگەنلىك بولىدىكەن. ئۇلار ھامان يىرتقۇچ، ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتۈش بىھۇدە ئىش بولغاندەك، ئەپۇ سوراشمۇ بىھۇدە ھەم نومۇس ئىش!

— ياخشى!...، — دېگەن شېڭ شىسەي بۇرۇلۇپ تېز مېڭىپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئېيتقان «ياخشى» سۆزى پۈتۈنلەي زەھەر بىلەن تولغانىدى.

# ئوتتۇزىنچى باب

ھاۋا تۇمانلىق ئىدى، پارقىراپ كۈن چىقمىغان بولسىمۇ ۋاقىت ئاش ۋاقتى بولغانىدى.

نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن تۇرپان يېڭىشەھەر كوچىلىرىدا ئەسكەر كۆپىيىپ قالدى. شەرقىي ۋە غەربىي دەرۋازىلاردا پوستلار كۆپەيتىلدى. ھەر بىر دەرۋازىدا 30 دىن ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى سېپىل ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى، 100 ئاتلىق ئاق رۇس ئەسكەرلىرى ۋە 100 ئاتلىق موڭغۇل ئەسكەرلىرى شەھەر سىرتىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىككى شەھەر ئارىلىقىدىمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ يۈرۈشەتتى. بۇ كۆرۈنۈشلەر قانداقتۇر ۋەھشەتنىڭ ئالدىنقى بىشارىتىدەك قىلاتتى.

ئاش ۋاقتى بولغان چاغدا، قوماندانلىق شتاب تەرەپتىن بىر توپ چېرىكلەر كۆرۈندى. ئۇلار، قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ئوراپ ھەيدەپ كېلەتتى. ئۇلار شۇ كۈنى قەتل قىلىنماقچى بولغان 17 نەپەر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، تۆمۈر جىسا ھاجى، نەمتۇل ھاجى، ئاۋۇت ئاكا، ئاقشو تۇنگان، نىياز چوقۇر قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سەپنىڭ ئالدىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا زەررىچە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئەكسىچە ئۇ-

نىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر خۇشخۇيلۇق نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ شەھەر كوچىسىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كۆرۈنگەنلا نەرسىلەرگە، ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان كوچىلارغا تويۇنماستىن چەكسىز مۇھەببەت بىلەن قاراپ كەلمەكتە، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن مارىلاپ كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكىدەك باتۇر، كۆركەم قىياپىتى ھېچقاچان كۆرۈلگەن ئەمەس دەپ ھەيران بولماقتا...

تۆمۈر جىسا ھاجى كەڭ كۆكرىكىنى خۇددى پىرىستاندا يېڭى توختىغان كېمىدەك ئىككى تەرەپكە چايقاپ سۆزلەپ كەلمەكتە:

— ئاغىنىلەر، يۇرتداشلار، تۇغقانلار، قېرىنداشلار، رازى بولۇڭلار، ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلۇم سىلەر ئاخۇننىڭ باللىرىغا مىراسىمدىن بىر ئوغۇللۇق بېرىڭلار، بۇ مېنىڭ ۋەسىيىتىم، ئاڭلاپ قېلىڭلار: بۇ ناھەقچىلىقلارنى كۆرۈپ قېلىڭلار!...

جاللاتلار بۇ 17 ئادەمنى ھەرسەككىز-ئون مېتر ئارىلىقتا بىردىن باغلاپ قاتار قىلغانىدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ئىككىدىن جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇراتتى.

شتاب تەرەپتىن بىر توپ ئوفىتسېرلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار تاماشاغا چىققان ئاق رۇسلار ئىدى. ئۇلار ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختاپ، باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ ئۆزئارا بىر نېمىلەر دېيىشىپ كۈلۈپ ئۆتەتتى. باغلانغانلارنىڭ ھەر بىرى گويا بىردىن ئارسلاندەك غەزەپكە تولغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن ئوفىتسېرلارغا قارشى بەلكى ئۇلاردىن غالىب بىر روھ بىلەن قاراپ تۇراتتى.

يان قورال ۋە قىلىچ ئاسقان، گەلەپى شىم ۋە خۇرۇم ئۆتۈكلەر كىيگەن بۇ ئوفىتسېرلار خۇددى قار دەسسىگەن ئېيىقلاردەك غاچىلداپ قەدەم بېسىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «پوئېت، پوئېت ①» دېيىشىپ ئۇزاقراق توختاشتى.

① شائىر دېگەن مەنىدە.

قارا قاش، قارا كۆز، يۇمىلاق يۈزلۈك، زور گەۋدىلىك، كې-لىشكەن قامەتلىك شائىر زەررىچە قورقماستىن ئادالەت، ھەققانى-يەت نۇرى بىلەن قۇياشتەك چاقناپ تۇرغان كۆز نۇرىدا ھەربىر ئوفىتسېرغا قاقشاتقۇچ نەيزە ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئوفىتسېرلار ئۆزئارا بىر نىمىلەر دېيىشىپ، شائىرغا يې-قىنلاپ كەلدى. ئۇلاردىن ئېگىز بويلۇق، شاپ بۇرۇتلۇق بىرى ئالدىغا چىقىپ شائىرغا قاراپ «پوئېت» دەپ قولىدىن قاس چى-قىرىپ مەسخىرە قىلغاندەك بىر ھەرىكەت قىلدى. ئۇنىڭ تۈكلۈرۈپ تاشلانغان بىر چېكىم ناستەك تۇرغان كۆك كۆزىدىن زەھەر چې-چىلىپ تۇراتتى.

— ئاچىل، ئاچىل، چىتۇ ئاچىل؟ — دېدى ئۇ قادىلىپ تۇرۇپ.

— ئاچىل - ئاچىل، گۈل ئاچىل! — دېدى شائىر تەپتارتماس-تىن جاسارەت بىلەن.

— قانداي گۈل ئاچىل؟ — ئاق ئوفىتسېر ئەسەبىيلىك بى-لەن ۋارقىراپ سورىدى.

— قىزىلگۈل ئاچىل! — دېدى شائىر يۇكسەك ئاۋازدا.

سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قۇرۇلغان قىزىل ھا-كىمىيەتكە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىدە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، سوۋېت يېرىدە تۇرال-ماستىن زېمىنىمىزگە قېچىپ كېلىپ جان ساقلاپ قالغان بۇ ۋەتەن-سىز قاچاقلارغا «قىزىل» دېگەن سۆزنىڭ تېگىدىغانلىقىنى بىلمىگەن-غان شائىر «قىزىلگۈل ئاچىل» سۆزىنى ئۇرغۇلۇق ئېيتقانىدى. دەرۋەقە بۇ سۆز ئۇلارنىڭ جېنىغا قاتتىق زەربە بولدى. ھېلىقى ئوفىتسېر چىداپ تۇرالماي قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چاپماقچى بولدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى.

تېخى بۇيرۇق چۈشمىگەنىدى.

دەھشەتلىك مىنۇتلار يېقىنلاشماقتا. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلى-



AltunOq

غان جاللاتلار تەقەززالىق بىلەن بۇيرۇق كۈتمەكتە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن خۇنخورلۇقنىڭ ئۇچقۇنلىرى تۆكۈلۈپ تۇرماقتا.

بۇيرۇق...

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرغان جاللات زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— مانا ئاچىل! — دېدى.

شائىرنىڭ ئەتلىك، خۇددى خانىقا تۈۋرۈكىدەك يوغان بويىنى بىر قىلىچ بىلەن ئۈزۈلۈپ چۈشكىنى يوق.

شائىر بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— گۈل ئاچىل! — دېدى.

بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىدە ياڭراتقان ئۇلۇغۋار جاراڭلىق ساداسى ئىدى. بۇ سادا تۇرپان شەھىرىنىڭ ھەر بىر كوچىسى، ئۆي - ئىمارىتى، دەل - دەرەخلىرى، ھەر بىر ئادەملىرىگىچە مەڭگۈ ئۇنتۇلماس يادنامە بولۇپ سىڭگەنىدى.

دۇكان يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغۇچىلار بۇ ۋەھشەتكە چىداپ تۇرالماي كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. شائىرنىڭ جەڭگىۋار سۆزى، جاراڭلىق تاۋۇشى تېخى ئاخىرلاشمايلا «گاچ، گاچ» قىلىپ يەنە ئىككى قېتىم چېپىلغان قىلىچ ئاۋازى ئاڭلاندى، خەلق تاقەت قىلالماي كۆزنى ئاچقاندا، شائىرنىڭ بېشى مۇبارەك تېنىدىن جۇدا بولغان، شەھەر كوچىسى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى!...

# خاتىمە

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قۇمۇلدىن خوجىنىياز ھاجىنى تەكلىپ قىلىپ تۇرپانغا ئاچىققان ۋاقتى 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئىدى.

بۇ جەرياندا، شېڭ شىسەينىڭ جازا قوشۇنى تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق 17 كىشىنى، يەنە بىر مۇنچە بىگۇناھ ئادەملەرنى قەتلى قىلدى. ئۇنىڭ توقسۇنغا ئەۋەتكەن جازا قوشۇنى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقى توختى ئېلىنى ۋە 700 گە يېقىن بىگۇناھ پۇقرانى قەتلى قىلىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

خوجىنىياز ھاجى تۇرپانغا چىقىپ لۈكچۈن شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھۆكۈمەت تەرەپ پىچاندا تۇرۇشلۇق باتالىيون ئاق رۇس ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتىپ خوجىنىياز ھاجىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. بۇ يەردە ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىر خوجىنىياز ھاجى تەرەپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چېكىنىپ كەتمەكچى بولۇپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن ئات سېلىپ چىققاندا، مەخسۇت مۇھىتىغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. ھەمدۇللا ئاخۇنۇم ھەم شۇ نۆۋەتتە قۇربان بولدى.

دېمەك 1932 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 1933 - يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرغىچە قىسقىغىنا ئۈچ ئاي داۋام قىلغان تۇرپان،

پىچان، تـوقسۇن قـاتارلىق جـايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى شۇ تەقلىدتە بىر تۇتاش باشلىنىپ، بىر تۇتاش باستۇرۇپ تـاشلاندى. بۇ قوزغىلاڭدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن تارتىپ مەخسۇت مۇھىتىغىچە، ھەمدۇللا ئەلەم ئاخۇنۇمدىن تارتىپ توختى ئېلغىچە مىڭلىغان ئادەم-لەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى تۆكۈلۈپ، 1933 - يىلىنىڭ شانلىق تا-رىخىدا مەڭگۈ ئۇنتۇلماس، قانلىق سەھىپە بولۇپ ئـورۇن ئالدى. قوزغىلاڭ جـەنۇبتا جۇش ئۇرۇپ داۋام قىلماقتا ئىدى!...

1983 - يىلى 3 - ئاي.

**早觉醒的人**　（维吾尔文）
海维尔·铁木尔　著
责任编辑：库尔班·巴拉提

新疆青少年出版社出版　（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本　12.75印张
1987年2月第1版　1987年8月第1次印刷
印数：1 —— 5,100

ISBN7—5371—0157—X/I—62
统一书号：10.24·289　定价：（精装）3.30元

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: شادىيە

ISBN7 — 5371 — 0157 — X /I — 62
كىتاب نومۇرى: M10124.289

باھاسى: 3.30 يۈەن (قاتتىق مۇقاۋا)

AltunOq